مەھمۇت قەشقەرى

# تۈركى تىللار دىۋانى

## ئۈچىنچى توم

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مەھمۇت قەشقەرىي

# تۈركىي تىللار دىۋانى

2008 خەلقئارا مەھمۇت قەشقەرى يىلىنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز

ئورخۇن ئۇيغۇر تارىخى تور بېتى

http://www.orkhun.com/bbs

محمود كاشغری

# دیوان لغات الترك

جلد
٣

ئېل كىتاب تەييارلىغۇچى: ئورخۇن ئۇيغۇر تورىدىن ياۋۇز

اورومچی ١٤٠٣

http://www.orkhun.com/bbs

مەھمۇت قەشقەرى

# تۈركىي تىللار دىۋانى

## (دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك)

ئۈچىنچى توم

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۈرۈمچى 1984

نەشرگە تەييارلىغۇچىلار:
(ئېلىپبە تەرتىۋى بويىچە)
ئابدۇسالام ئابباس، ئابدۇرشىت قادىر سابىت، خەلىل سالىخ، ئوسمان مەھەممەتنىياز، سابىت روزى، ئىبراھىم مۇتىئى (مەسئۇل مۇھەررىر)، مىرسۇلتان ئوسمانوۋ (مۇھەررىر).

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمْ

ئايىنغۇچى، كويۇنگۇچى تەڭرىنىڭ ئېتى بىلەن باشلايمەن

# مىسال ئىسىملار بولۇمى

# ئىككى ھەرپلىكلەر بابى

يَبْ yap دۇگىلەك. ھەرقانداق دۇگىلەك نەرسە. يَبْ يَرْماقْ يُوقْ *yap yarmak yok* — يىنىمدا دۇگىلەك (يەنى پۇتۇن) يارماق يوق.

يَبْ yap جاۋىغا. يُونْكْ يَبْ *yuŋ yap* — يۇڭ - جاۋىغا.

يِبْ yïp يىپ.

يِبْ yïp ئات باغلايدىغان ئۇزۇن ئارغامچا. تانىمۇ «يِبْ *yïp*» دېيىلىدۇ.

يَتْ yat يادا. بۇ بىر خىل سېھىرگەرلىك بولۇپ، يامغۇر، شامال

ۋە باشقىلارنى تىلەش ئۈچۈن مەخسۇس تاشلار (يادا تاشلار) ياردىمى بىلەن سېھىر قىلىنىدۇ. بۇ ئادەت ئۇلارنىڭ ئارىسىدا كەڭ تارقالغان، مەن بۇنى ياغمىلاردا ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم، ئۇ يەردە بىر يانغىن بولغاندا، يانغىننى ئۆچۈرۈش ئۈچۈن شۇنداق قىلىنغان ئىدى، خۇدانىڭ ئەمرى بىلەن يازدا قار ياغدى، كۆز ئالدىمدا ئوت ئۆچۈرۈلدى.

يَرْ yar شولگەي، شال. آنِكْ يَرِى آقْتِي *anïŋ yarï akti* — ئۇنىڭ شولگىيى ئاقتى.

يِرْ yïr ئىر ~ جىر، ناخشا، كۈي. اُلْ يِرْ يِرْلادِي *ol yïr yïrladi* — ئۇ ئىر ئىرلىدى، يەنى ناخشا ئېيتتى. بۇ سۆز كۆپىنچە ناخشىغا نىسبەتەن قوللىنىلىدۇ. بۇ سۆزدىكى «ى - يا» ھەرپى «ا - ئەلىف» قا ئالماشتۇرۇلۇپ «اِرْ *ïr*» شەكلىدىمۇ ئېيتىلىدۇ.

يَشْ yax ئوتياش، كۆكتات. يَشْ اُتْ *yax ot* — يېشىل ۋە ياش ئوت. بۇ سۆز «يَشْ يُشْ *yax yux*» شەكلىدە جۈپ سۆز قىلىپمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

يُشْ yux① قىستىلىش. ئوغۇزچە. بُدُونْ يُشْ بِلْدِي *bodun* —

① بۇ سۆز يازما نۇسخىدا «يِشْ» شەكلىدە يېزىلغان. بىز سۆزلەرنىڭ تەرتىۋىنى نەزەردە تۇتۇپ ۋە بېسىم ئاتالايىنىڭ بۇ يەردىكى كەسرىنىڭ كېيىن قويۇلغانلىقى توغرىسىدىكى

yux boldi خەلق قىستا - قىستاڭ بولۇپ كەتتى.

يِشْ yïx ئېگىزلىك.① آرْتْ يِشْ art yïx — ئور ۋە ئېنىش.

اِينْ ən — ئەن، ئېنىش. آرْتْ art — داۋان.

يُقْ yuk يۇق، قاچا يۇقى. بۇ سوز «يُقْ يَقْ yuk yak — يېقى - يۇقى» شەكلىدە جۈپ سوز بولۇپمۇ كېلىدۇ.

يُقْ yok يۇقۇرى، ئېگىز، دوڭ. يُقْ يِرْ yok yər — ئېگىز يەر، دوڭ يەر.

يُكْ yük يۈك، ئارتىق. بِرْ يُكْ بُغْدايْ bir yük buqday — بىر ئارتىق بولغۇدەك بۇغداي. بۇ سوز ئېغىرلىق ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش مەنىلەردىمۇ كېلىدۇ.

يُلْ yul بۇلاق. چُقْرَما يُلْ qokrama yul — قاينار بۇلاق، سۈيى ئېتىلىپ چىقىدىغان بۇلاق.

---

ئىزاھىنى مۇۋاپىق كورۇپ، زەممىنى ئىناۋەتلىك ھېساپلىدۇق.

① «يِشْ» yïx سوزى بۇ يەردە «الصُعودْ - ئېگىزلىك» دەپ، يازما نۇسخا 506 - بەتتە ۋە «آرْتْ يِشْ» جۈپ سوزدە «الهُبُور - ئېنىش» دەپ ئىزاھلانغان. بۇ يەردە «اِينْ ən — ئېنىش» نىڭ «يِشْ» ئورنىدا كەلتۈرۈلۈشى ئۇنىڭ ھەقىقەتەن «ئېنىش» مەنىسىدە ئىكەنلىكىنى كورسەتسەمۇ، بىز ئەينىنى ساقلىدۇق.

يِلْ yil يىل. بِرْ يِلْ كَچْتِي bir yil kəqti — بىر يىل ئۆتتى.

يَمْ yam خەس، ئەخلەت. كُوْزْكا يَمْ تُشْتِي kɵzgə yam tüxti — كۆزگە خەس چۈشتى.

يَمْ yəm ئىشتىقۇ، دورا - دەرمەك. اُوتْ يَمْ ot yəm — دورا-دەرمەك. بۇ سۆز يالغۇز ئىشلىتىلمەيدۇ، جۈپ سۆز بولۇپ كېلىدۇ.

يِنْ yin يىن. قُوىْ يِنِي koy yini — قوي يىنى.

يِنْ yin ئىن. اَرْسْلَانْ يِنِي arslan yini — ئارسلان ئىنى.

تۈلكە ۋە باشقا يىرتقۇچلارنىڭ ئىنىمۇ «يِنْ» «yin» دېيىلىدۇ. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: تِلْكُو اُوزْ يِنِكَا اُورْسَا اُذُوزْ بُلُورْ tilkü ɵz yinigə ürsə uzuz bolur — تۈلكە ئۆز ئىنىغا ھۈرسە قوتۇر بولۇر. بۇ ماقال ئۆز قەبىلىسىنى ياماندىغۇچىلارغا نىسبەتەن ئېيتىلىدۇ. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

قُشْ قُرْتْ قَمَغْ تِرِلْدِي

اَرْلِكْ تِشِي تِيرِلْدِي

قالنى سۇرتۇشۇپ بەردى. خەتنى قىرىپ ئۆچۈرۈش ۋە ھەرقانداق بىر سۈيۇق نەرسىنىڭ بىر نەرسە ئۈستىدىكى ئىزىنى يوقىتىش ئۆچۈرلمۇ مۇشۇ سوز ئىشلىتىلىدۇ (يۇشۇر ـ يۇشماق *yožuxur - yožuxmak*).

**يدشدى** yïdïxdï يىدىشتى، سىپسىدى. يدشدى نانىڭ *yïdïxdï* — *nəŋ* نەرسە يىدىشتى، يەنى بىر نەرسىنىڭ تەركىۋى چىرىدى (يدشۇر ـ يدشماق *yïdïxur - yïdïxmak*)[1].

**يدشدى** yədixdi: اُل مَنكا يَنكاك يدشدى — *ol maŋa yətgək*[2] *yədixdi* ئۇ ماگا خورجۇنىنىڭ چورىسىگە كەشتە تىكىشىپ بەردى. بوخچا ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنىڭ چورىسىگە كەشتە تىكىشكىمۇ مۇشۇ سوز ئىشلىتىلىدۇ (يدشۇر ـ يدشماك *yədixür - yədixmək*). بۇنىڭ ئالدىدىكى پېئىلنىڭ مەنىسى «ق ـ *k*» بىلەن كەلگەن «يدشماق *yïdïxmak*» دۇر.

---

① يازما نۇسخىدا بۇ پېئىلنىڭ كەلگۈسى زامان ۋە مەستىرى بېرىلمىگەن. بىز ئاپتورنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى پېئىلنىڭ ئاخىرىغا بەرگەن ئىلاۋىسىگە ئاساسەن، كەلگۈسى زامان ۋە مەستىرىنى بېرىپ قويدۇق.

② بۇ سوز يازما نۇسخىدا «يَنكاك» شەكلىدە يېزىلغان بولسىمۇ، بىز يازما نۇسخا 477 ـ بەت ۋە 632 ـ بەتلەردىكى شەكلىگە ئاساسەن، ترانسكرىپسىيەدە «*yətgək*» دەپ ئالدۇق.

يڭشدى yüžüxdi يۇدۇشتى. اُل اِكّي تَرِغ يڭشدى — *ol ikki tarīq yüžüxdi* ئۇ ئىككىسى بۇغداي يۇدۇشتى، يەلى بۇغداي يۇدۇشتە بىر-بىرىگە ياردەملەشتى. باشقىلاردىمۇ شۇن-داق. بەسلىشىشكىمۇ مۇشۇ سوز ئىشلىتىلىدۇ (يڭشور- يڭشماك *yüžüxür - yüžüxmək*).

يَرَشدى yaraxdi ياراشتى، كېلىشتى. اُلار اِكّي يَرَشدى — *olar ikki yaraxdi* ئۇلار ئىككىسى بىر ئىشتا بىر-بىرى بىلەن كېلىشتى (يرشور- يرشماق *yaraxur - yaraxmak*). شېىردا مۇنداق كەلگەن:

اُرتَق بُلُب بِلشدى
مَنِك تَوَر سَتِشدى
بِستا بِلا يَرَشتى
كِزلَب تُتار تايِمي

*ortak bolup bilixdi*
*məniŋ tavar satīxdī*
*bistə bilə yaraxtī*
*kizləp tutar tayïmï*

[ئورتاق بولۇپ تونۇشتى،
ماللىرىمنى سېتىشتى،
بىستە بىلەن كېلىشتى،
تېپىمنى يوشۇرۇپ قويدى.]

ياراشقاندىن كېيىن ۋاپاسىزلىق قىلغان كىشىنى تەسۋىرلەپ شۇنداق دەيدۇ: ئۇ مەن بىلەن تونۇشۇپ دوست بولدى، ماللىرىمنى سېتىشىپ بەردى، كېيىن بىستە بىلەن بىرلىشىۋېلىپ، مېنىڭ تېپىمنى يوشۇرۇپ قويدى. بىستە — ئۇيىگە چۈشكەن سودىگەرلەرنى قوندۇرىدىغان سارايۋەن. ئۇ سودىگەرلەرنىڭ ماللىرىنى سېتىشىپ بېرىدۇ، قويلىرىنى يىغىشىپ بېرىدۇ ۋە سودىگەرنى كۈتىدۇ. سودىگەر كېتەر ۋاقتىدا خىزمەت ھەققى ئۈچۈن يىگىرمە قوي ھېساۋىغا بىر قوي ئالىدۇ. توخسى، ياغما، چىگىل قەبىلىلىرىدە مەن بۇنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم.

**يَرِشْدى** yarixdi چېپىشتى، بەيگىگە چۈشتى. اُلْ اَنِكْ بِرْلا اَتْ يَرِشْدى — *ol aniŋ birlə at yarixdi* ئۇ ئۇنىڭ بىلەن ئات چېپىشتى (يَرِشُورْ - يَرِشْماقْ *yarixur - yarixmak*).

**يَرِشْدى** yarixdi بولۇشتى. اُلْ اَنِكْ بِرْلا تَڤَارْ يَرِشْدى — *ol aniŋ birlə tavar yarixdi* ئۇ ئۇنىڭ بىلەن مالنى تەگمۇ-تەڭ بولۇشتى. مىراس بولۇشۇشقىمۇ مۇشۇ سۆز ئىشلىتىلىدۇ (يَرِشُورْ - يَرِشْماقْ *yarixur - yarixmak*).

يُرِشْدِي yorïxdi يۈرۈشتى؛ تارالدى. اُلْ مَنِكْ بِرْلا يُرِشْدِي ol məniŋ birlə yorïxdi — ئۇ مېنىڭ بىلەن يۈرۈ-
شۈپ باقتى، يەنى يۈرۈشتە بەسلەشتى. تُرْقُو يُرِشْدِي torku yorïxdi — تورقا (يول-يول بولۇپ) تارالدى.
باشقىلاردىمۇ شۇنداق. يىپەك رەخت چىرىشكە باشلى-
غاندا شۇنداق بولىدۇ (يُرِشُورْ-يُرِشْماقْ yorïxur - yorïxmak).

يِرِشْدِي yərixdi يېرىلدى؛ ھەجايدى. يِرِشْدِي نانِكْ yərixdi — nəŋ نەرسە يېرىلدى، ئايرىلدى. آرْ يِرِشْدِي ər — yərixdi ئادەم ھەجايدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق
(يِرِشُورْ-يِرِشْماكْ yərixür-yərixmək).

يِرِشْدِي yirixdi ئاجىزلاشتى. اِتْ تِيشِي يِرِشْدِي ït tïxï — yirixdi ئىتنىڭ چىشى ئاجىزلاشتى. باشقىلاردىمۇ
شۇنداق.

يَزِشْدِي yazïxdi يېشىشتى. اُلْ آنكارْ تُكُونْ يَزِشْدِي ol — aŋar tügün yazïxdi ئۇ ئۇنىڭغا تۈگۈن يېشىشىپ
بەردى. بۇ ئىشتا بەسلىشىشكىمۇ مۇشۇ سۆز ئىشلىتىلىدۇ
(يَزِشُورْ-يَزِشْماقْ yazïxur-yazïxmak).

يَزِشْدى yazïxdi: اُلْ مَنكا يا يَزِشْدى — *ol maŋa ya yazïxdi* ئۇ ماگا يانىڭ كىرىچىنى چىقىرىشىپ بەردى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (يَزِشْور - يَزِشْماق *yazïxur - yazïxmak*).

يَغُشْدى yaquxdi يېقىنلاشتى. بِرْ نانىڭ بِرْكا يَغُشْدى — *bir nəŋ birgə yaquxdi* بىر نەرسە بىر نەرسىگە يېقىنلاشتى (يَغُشُور - يَغُشْماق *yaquxur - yaquxmak*).

يِغِشْدى yïqïxdi يىغىشتى، دۈۋىلەشتى. اُلْ مَنكا بُغْداى يِغِشْدى — *ol maŋa buqday yïqïxdi* ئۇ ماگا بۇغداي يىغىشىپ بەردى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (يِغِشُور - يِغِشْماق *yïqïxur - yïqïxmak*).

يُفُشْدى yüfüxdi ياردەم قىلىشتى. اُلارْ اِكّى يُفُشْدى — *olar ikki yüfüxdi* ئۇلار ئىككىسى بىر - بىرىگە ياردەم قىلىشتى، بىر - بىرىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشتى (يُفُشُور - يُفُشْماكَ[①] *yüfüxür - yüfüxmək*).

---

① بۇ پەيل يازما نۇسخىدا «يُفُشْماكَ» شەكلىدە بېرىلگەن. دىققەت بىلەن قارىغاندا بۇ سۆز ئاۋال «ق - *k*» بىلەن يېزىلىپ، كېيىن «ك - *k*» گە ئۆزگەرتىلگەن. بىز مۇشۇ ئۆزگەرتىشنى توغرا ھېساپلاپ، «*yüfüxmək*» دەپ ترانسكرىپسىيە بەردۇق.

يُقْشدى yuvuxdi يۇيۇلۇشتى. الار بير بيركا تپق يُقْشدى
olar bir birgə topik yuvuxdi — ئۇلار بىر-بىرد-
گە توپ يۇيۇلۇشتى (يُقْشور - يُقْشماق - *yuvuxur*
*yuvuxmak*).

يَقْشدى yakïxdi يېقىشتى؛ يېقىنلاشتى؛ ال آنكر يَقِغ
يَقْشدى *ol aŋar yakïq yakïxdi* — ئۇ ئۇنىڭ
جاراھىتىگە مەلھەم يېقىشىپ بەردى. انِڭ كلماكي يَقِشدى
*anïŋ kəlməki yakïxdi* — ئۇنىڭ كېلىشى يېقىنلاشتى.
ھەرقانداق بىر نەرسىنىڭ كېلىشىنىڭ يېقىنلىشىشىغىمۇ
مۇشۇ سۆز ئىشلىتىلىدۇ. چاققان ۋە چىرايلىق سۆزلەيدى-
غان ئادەمنىڭ ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي تېز سۆزلىشىگە
«آنڭ ايرني يَقِشماس — *anïŋ ərni yakïxmas*
ئۇنىڭ ئېرنى (كالپۇكلىرى) بىر-بىرىگە تەگمەس» دېيىش-
مۇ شۇنىڭدىن ئېلىنغان (يَقِشور - يَقِشماق - *yakïxur*
*yakïxmak*).

تُقْشدى yukuxdi يۇقۇشتى. اذز تُقْشدى *użuz yukuxdi* —
قوتۇر يۇقۇشتى، يەنى نەملىك سەۋەبىدىن قوتۇر
بەدەننىڭ بىر يېرىدىن يەنە بىر يېرىگە يۇقۇشتى

(تُقْشُوزْ - تُقْشْماقْ yukuxur - yukuxmak)①.

يِقِشْدِي yïkïxdi يىقىشتى. اُلْ انكَزْ تام يِقِشْدِي ol — aŋar tam yïkïxdi ئۇ ئۇنىڭغا تام يىقىشىپ بەردى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (يِقِشُوزْ - يِقِشْماقْ yïkïxur - yïkïxmak).

يِلِشْدِي yïlïxdi يىلىدى~ئىلىدى. سُفْلارْ قمُغْ يِلِشْدِي suvlar kamuq yïlïxdi — ھەممە سۇلار ئىلىدى، يەنى ئىسسىدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (يِلِشُوزْ - يِلِشْماقْ yïlïxur - yïlïxmak).

يِلِشْدِي yalïxdi②: اُلارْ بِيرْ اَكِنْدِيكا اغْرِي يِلِشْدِي olar — bir əkindigə oqrï yalïxdi ئۇلار بىر - بىرىگە ئوغرى

---

① يازما نۇسخىدا بۇ پېئىلنىڭ باش ھەرپى «ت - t» بىلەن يېزىلغان. بۇ، بۇ يەردىكى سۆزلەرنىڭ كېلىش تەرتىۋىگە ئۇيغۇن ئەمەس. بىز بۇنى مەنىسىگە ئاساسەن، يازما نۇسخا 471 - بەتتىكى «يُقْدِي yukdi» پېئىلىنىڭ ئوملۇك دەرىجىسى دەپ ھېساپلاپ، ترانسكرىپسىيىدە باش ھەرپىنى «ي - يا» بىلەن ئالدۇق.

② يازما نۇسخىدا بۇ پېئىلنىڭ بىرىنچى ھەرپى ئۆتكەن زامان شەكلىدە كەسرىلىك كەلگەن. كەلگۈسى زامان ۋە مەستىرىدە بولسا ھەرىكىسىز بېرىلگەن. بىز ئەرەپچە مەنىسىگە ئاساسەن

اُكُرْ آلِپْ تَرِلْدِي
يِنْقا يَنا كِرْكُسُوزْ

*kux kurt kamuoq tirildi*
*ərkək*① *tixi tərildi*
*ügür alīp tarīldī*
*yïnka yana kirgüsüz*

[قۇش - قۇرۇتلار ھەممىسى تىرىلدى،
ئەركەك - چىشىلىرى توپلىنىشتى،
ئۈيۈر بولۇپ تارقىلىشتى،
يەنە ئىنىگە كىرمەس بولۇشتى.]

باھارنى تەرىپلەپ شۇنداق دەيدۇ: قۇش - قۇرۇتلار باھارنىڭ يۇمشاق شامىلى بىلەن يەنە قايتا تىرىلدى، ئەركەك - چىشىلىرى توپلىنىشتى، توپ - توپ بولۇپ

① بىسىم ئاتالايىنىڭ ئىزاھىغا قارىغاندا، بۇ سۆز يازما نۇسخىدا ئەسلىدە «اَرْكَكْ» يېزىلىپ، كېيىن «اَرْلِكْ» قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن ئىكەن. بىز بۇ سۆزنىڭ «نِشِي *tixi*» سۆزى بىلەن قارىمۇ - قارشى مەنىدىكى سۆز ئىكەنلىكىنى ۋە ئەرەبچە «فَاجْتَمَعَ الذَّكَرُ وَالأُنْثى» ئىبارىسى بىلەن بېرىلگەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، ترانسكرىپسىيىدە «*ərkək*» دەپ ئالدۇق.

تارقىلىشتى، ئۇلار ئىنىگە قايتىپ كىرمەيدىغان بولدى.

بۇ سوزلەرنىڭ ھەممىسىنى يېزىقتا مەنقۇس بابىغا كىرگۈزۈپ، تەلەپپۇزدا يۇمشىتىش مۇمكىن بولسىمۇ، توغرىسى مۇشۇ[1].

# فَعْل fi'l، فُعْل fu'l، فِعل fə'l

## شەكىللىرىدە ئوتتۇرا ھەرپى ساكىنلىق سوزلەر بابى

**يَرْبْ** yarp مەھكەم، پۇختا. يَرْبْ نانىڭ *yarp nəŋ* — مەھكەم، پۇختا نەرسە.

**يَرْبْ** yarp ئادەم خوشاللانغاندا پەيدا بولىدىغان يۈز ئوچۇقلۇغى. آنِڭ يَرْبِي يَزِلْدِي — *anïŋ yarpï yazïldï* — ئۇنىڭ چىرايى ئېچىلدى، يەنى خۇشاللىقىدىن ئۇنىڭ يۈزىدىكى قورۇقلار يوقاپ كەتتى.

**يُرْت** yurt يۇرت؛ كونا ئىمارەت ئىزلىرى، خارابە.

---

① بۇ يەردە يۇقۇرىدىكى «يت، يب، ير، يل، ين» شەكلىدە بېرىلگەن سوزلەرنى «يات، ياب، يير، ييل، يين» شەكلىدىمۇ يېزىش مۇمكىنلىگى، لېكىن ئاپتورنىڭ قىسقا شەكلىنى مۇۋاپىق تاپقانلىغى كورسىتىلگەن.

**يَلْتْ** yalt تىك. يَلْتْ قَيا *yalt kaya* — تىك قىيا. ھەر-
قانداق تىك نەرسىگىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ.

**يۇرْچ** yurq خوتۇنىنىڭ ئىنىسى، يەنى ئەرنىڭ قېيىن ئىنىسى.
ئەرنىڭ ئىنىسى بىلەن خوتۇنىنىڭ ئىنىسى پەرقلەندۈرۈلىدۇ،
خوتۇنغا نىسبەتەن، ئەرنىڭ ئۆزىدىن كىچىك ئۇكىسى
«انِي *ini*» بولىدۇ، يېشى ئۆزىدىن چوڭ بولسا، «اِچِي
*iqi*» دېيىلىدۇ، ئەرنىڭ ئۆزىدىن كىچىك قىز قېرىندىشى
«سِنِگِلْ *siŋil*» دېيىلىدۇ، ئۆزىدىن چوڭ قىز قېرىندىشى
«آكا *əgə*» دېيىلىدۇ. ئەرگە نىسبەتەن خوتۇنىنىڭ ئۆزى-
دىن كىچىك قىز قېرىندىشى «بَلْدِزْ *baldiz*» بولىدۇ،
ئۆزىدىن چوڭ قىز قېرىندىشى «آكا *əgə*» دېيىلىدۇ.

**يۇنْدْ** yund ئات، يىلقا. بۇ «توگە» دىگەن سۆزگە ئوخشاش
بولىشىكىمۇ، كۆپلۈكىمۇ ئىشلىتىلىۋېرىدىغان ئورتاق
ئىسىم. يۇنْدْ آتِي يِبارْ *yund əti yipar* — ئات گۆشى
ئىپار، يەنى ئات گۆشى ئىپاردەك خۇشپۇراق. پىشۇرۇ-
لۇپ سوۋۇتۇلغاندا، ئۇنىڭدىن ئىپاردەك بىر خۇشپۇراق
كېلىدۇ.

**يۇنْدْ** yund يۇند. تۈركلەرنىڭ يىلنامىسىدىكى ئون ئىككى مۇچەل

يىلىدىن بىرىنىڭ ئېتى. بۇ «يُنْدْ يِلي *yund yïli* — ئات يىلى» دېيىلىدۇ.

بۇ باپ تىل ئۇچى تاۋۇشلىرى ۋە لەۋ تاۋۇشلىرى (ب، م، و، ر، ل، ن) دىن تەركىپ تاپقان. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ خىلدىكى ئىسىملار ئاز.

## فَعَلْ fəəl، فَعُلْ fəul، فَعِلْ fəil

## شەكىللىرىدە ئوتتۇرا ھەرپى ھەرىكەتلىك سۆزلەر بابى

يُزُتْ yużut كىرەكسىز؛ پەسكەش، ئەبلەخ. يُزُتْ نانْكْ *yużut nəŋ* — كىرەكسىز نەرسە، بىر ئادەمنى تىللىغان-دىمۇ «يُزُتْ *yużut*» دېيىلىدۇ.

يَشُتْ yaxut يوشۇرۇن. يَشُتْ نانْكْ *yaxut nəŋ* — يوشۇ-رۇلغان نەرسە. بۇ سۆز «يَشُتْ بَكُتْ *yaxut bəküt* — يوشۇرۇن - ياپتا» شەكلىدە جۈپ سۆز قىلىپمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

يِكِتْ yigit يىگىت. ھەر نەرسىنىڭ ياخشى.

يَمَتْ yəmət ھەئە، ماقۇل مەنىسىدىكى بىر سۆز. «ى - يا»

هەرپى «١ - ئېلىق» قـا ئـالماشتۇرۇلۇپ «أَمَتْ *amət*»
دەپمۇ ئېيتىلىدۇ.

يَنُتْ yanut بەدەل. بىرنەرسىنىڭ باراۋىرىگە بېرىلگەن ھەق.

يَسِجْ yasiq ئوقيا ئوقىنىڭ ياپىلاق ۋە ئۇزۇنچاق ئۇچى.

يِغَجْ yïƣaq يىغاچ ~ ياغاچ.

يِغَجْ yïƣaq ئەر كىشىنىڭ تاناسىل ئەزاسى.

يِغَجْ yïƣaq ياغاچ ~ ئاغاچ (كونا يول ئۆلچىمى)، پەرسەخ.

بِرْ يِغَجْ يِرْ — *bir yïƣaq yər* — بىر پەرسەخ يەر.

يِغَجْ yïƣaq ياغاچ، دەرەخ. «اُزُمْ يِغَاجِي — *üzüm yïƣaqï* — ئۈزۈم ياغىچى(تەك)»، «يَغَاقْ يِغَاجِي — *yaƣak yïƣaqï* — ياڭاق دەرىخى» دېيىلگەن سۆزلەرمۇ مۇشۇنىڭدىن ئېلىنغان. بۇنى «١ - ئېلىق» بىلەن «يِغَاجْ» شەكلىدە يېزىش تېخىمۇ ياخشى.

يُغَجْ yuƣaq دارىنىڭ، ئېقىننىڭ ئۇ قىرغىقى، نېرىقى قېتى. ئادەم بىر تەرەپتە تۇرغاندا، ئۇنىڭ روپپۇرىسى «يُغَجْ *yuƣaq*» بولىدۇ. «يُغَجْ كَجْتِمْ — *yuƣaq kəqtim* — ۋادىنىڭ ئۇ

تەرىپىگە ئۇتتۇم» دېگەن سۆز مۇشۇنىڭدىن ئېلىنغان.

يَغِرْ yaqïr يېغىر. ھايۋانلارنىڭ دۈمبىسىدە بولىدىغان يېغىر.

يَغِرْلِغْ اَتْ *yaqïrlïq at* — يېغىر ئات، يېغىرى بار ئات.

يُكُرْ yügür جۇگۇر. «اُكُرْ *ügür*»مۇ دېيىلىدۇ.

يُمُرْ yumur ھايۋانلاردا بولىدىغان سوقۇر ئۈچەي.

يُلَرْ yular جۇلار، نوختا. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: يُنْدْ باشِنْ يُلارْلَبْ كُنْكْلدِي — *yund baxïn yularlap kəŋildi*① ئاتنىڭ بېشىنى نوختىلاپ يە. ئاتنىڭ بېشىنى پىشۇرۇپ يەمەكچى بولساڭ، قاچماسلىقى ئۈچۈن ئاۋۋال ئۇنى نوختىلاپ باغلا، ئاندىن ئۇنى يېگىن. بۇ ماقال ئاتنى پايدىلىنىش ئۈچۈن ئاۋۋال ئۇنى پۇختا ساقلاشقا، بوش قويماسلىققا ئۈندەپ ئېيتىلىدۇ.

يَتِزْ yatïz ئەنلىك. ھەرقانداق كەڭ نەرسە. «يَتِزْ قَدِشْ — *yatïz kazïx* ئەنلىك قېيىش»، «يَتِزْ يِرْ — *yatïz* —

① بۇ سۆزنىڭ يېزىلىشىدا ئېنىقسىزلىق بار. بېسىم ئاتالاي بۇ سۆزنى «باغلا، زەنجىرلە» مەنىسىدىكى «كَنْكَلدِي» بولسا كېرەك دەپ پەرەز قىلىدۇ.

*yər* ئېتىز يەر، كەڭ يەر» دېگەن سۆزلەر مۇشۇنىڭدىن ئېلىنغان.

يَغِزْ yaƣïz قوڭۇر. قىزىل بىلەن قارا ئوتتۇرىسىدىكى بىر خىل رەڭ. يەرنىڭ رەڭگى شۇنىڭغا ئوخشىتىلىپ، «يَغِزْ يِيرْ» «*yaƣïz yər*» دېيىلىدۇ. يَغِزْ اَتْ — *yaƣïz at* قوڭۇر ئات، قارا تورۇق ئات.

يَغُزْ yafuz ياۋۇز، يامان.

يُمُزْ yumuz①: يُمُزْ اَرْ *yumuz ər* — دوغىلاق ئادەم.

يَمِزْ yamïz يېرىق. دوۋسۇنىڭ ئىككى يېنى، ئىككى ساغرىنىڭ قوساقىغا تۇتاشقان يېرى.

يَرِشْ yarïx بەيگە، ئات بەيگىسى. اُلْ اَتْ يَرِشْتِي — *ol at yarïxtï* ئۇ ئات چاپتۇرۇشتى، ئات بەيگىسىگە چۈشتى.

يَرِشْ yarïx تۈلىشىش. ئىككى كىشىنىڭ ئوتتۇرىسىدا مال تۈلىشىش.

يَغِشْ yaƣïx قۇربانلىق. يەنى ئىسلامدىن بۇرۇنقى تۈركلەر-

---

① يازما نۇسخىدا بۇ سۆزدىكى «م - *m*» ھەرپىنىڭ ھەم زەممىلىك، ھەم كەسرىلىك يېزىلغىنىدىن قارىغاندا، ئىككى خىل يەنى «*yumuz*، *yumïz*» دەپ تەلەپپۇز قىلىنسا كېرەك.

ئىلك بىرەر ئىش يۈزىسىدىن ياكى تەڭرىگە يېقىنلىقنى بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن بۇتلارغا ئاتاپ سويىدىغان قۇربانلىقى.

**يَقَشْ** yavax ياۋاش ~ يۇۋاش. يَقَشْ كِشِي *yavax kixi* — يۇۋاش كىشى. كونۇك ھايۋانلارغىمۇ مۇشۇ سۆز ئىشلىتىلىدۇ. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

قُلْدَشْ بِلا يَرَشْغِل قَرْشِبْ اَدِنْ اُدُرْما
بَكْ تُتْ يَقَشْ تَقاغُو سُقْلِنْ يَزِنْ اَدَرْما

*koldax bilə yaraxqīl karxip adīn üdürmə*
*bək tut yavax takaqu süvlin yazīn ədərmə*

[قولداشىڭنى ھۆرمەت قىل، باشقىلارنى ئۇنىڭدىن ئۈستۈن قويما،
ياۋاش توخۇيۇڭنى چىڭ تۇت، جاڭگالدىكى قىرغۇلنى ئىزدىمە.]

نەسىھەت قىلىپ شۇنداق دەيدۇ: بىر كىشى بىلەن ھەمسۆھبەت بولساڭ، ئۇنىڭغا ھۆرمەت قىل، ھەممە ئىشتا ئۇنىڭغا مۇۋاپىقلاشقىن، ئۇنىڭ بىلەن قارشىلاشما، باشقىلارنى ئۇنىڭدىن ئۈستۈن كۆرمە؛ ئۆيۈڭدىكى توخۇغا ئوبدان قارا، ئۇنى قاچۇرۇپ قويۇپ جاڭگالدىكى قىرغۇلنى ئىزدەپ يۈرمە.

يُفُشْ yüfüx يېقىن كىشىلەرگە مال ۋە كىيىم ـ كېچەك بىلەن ياردەم بېرىش. بۇ ئىش كۆپىنچە كېلىن يوتكەلگەندە بولىدۇ. يەنى كېلىننى جابدۇپ ئۇزىتىدىغان چاغدا ئۇنىڭ يېقىنلىرى كېلىننىڭ ھۆرمىتى يۈزىسىدىن ئۆزلىرىگە چۈشكەن سوغىلارنى ئۇنىڭغا بېرىدۇ. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: يُفُشْلِكْ كَلِنْ كُذَاكُو يَفَشْ بُلُورْ — *yüfüxlig kəlin küzəgü yafax bulur* تارتۇقلانغان كېلىن يۇۋاش كۈيەۋ تاپار. ئۆز يېقىنلىرىنىڭ بەرگەن سوۋغىلىرى بىلەن ئەزىزەتلەنگەن كېلىن خۇشخۇي ۋە ئېغىر ـ بېسىق كۈيەۋگە ئىگە بولىدۇ. چۈنكى ئۇ، مالدار كېلىننى تاپقانلىقتىن ئۇنىڭغا ھۆرمەت كۆرسىتىدۇ.

يُمُشْ yumux ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ كىشى ئوتتۇرىسىدىكى ئەلچىلىك. پەرىشتەنى «يُمُشْجِي *yumuxqi*» دېيىشىمۇ مۇشۇ سۆزدىن كەلگەن. چۈنكى پەرىشتە مەنىسىدىكى «مەلەك» سۆزى ئەرەبچە ئەلچىلىك مەنىسىدىكى «اَلُوكَةٌ» سۆزىدىن ئېلىنغان. تۈركلەر «مەلەك» دېگەن ئىسىمنى پۈتۈنلەي بىلمەيدۇ.

يَمِشْ yəmix يېمىش، مېۋە. بۇ ئورتاق ئىسىم بولۇپ، ئومۇمەن دەرەختىكى مېۋىگە يەنى ھۆل مېۋىگە ئېيتىلىدۇ.

يَتِغْ yatïq ياتاق، ياتىدىغان جاي. اَنِي يَتِغِنْدَا تُتْغِيلْ

ئۇنى ياتىقىدا تۇت، يەنى ئۇنى ئۇخلاۋاتقان ئورنىدا تۇت. — anï yatïqïnda tutqïl

**يِذِغْ** yïzïq يىدىغ، سېسىق. ھەرقانداق سېسىق نەرسە.

**يِذِغْ** yïzïq: يِذِغْ اُتْ — yïzïq ot ئادراسمان. قەشقەر تىلىدا، ئۇچ ۋە بارسغان تىللىرىدا «الذُرك aldrük[①]» دېيىلىدۇ. ئوغۇزلار «يوزْ اَرْلِكْ yüz ərlik» دەيدۇ.

**يُذْغْ** yuẓuq كاساپەت، بىراۋنىڭ كاساپىتىگە كېتىش. اَنِكْ يُذْغِي تُقِنْدِي — anïŋ yuẓuqï tokïndi ئۇنىڭ كاساپىتى ئۇنىڭغا تەگدى، يەنى بىراۋنىڭ گۇناھىدىن باشقا بىراۋ بالاغا قالدى.

**يُذْغْ** yuẓuq بالىلارنى تىللىغاندا ئېيتىلىدىغان بىر سۆز، پەسكەش، ئەبلەخ. كەنچەكچە، بۇ سۆز «يُذُتْ yuẓut» سۆزىگە ئوخشاش.

**يَرَغْ** yaraq پۇرسەت، ئىمكان، پەيت. ماقالىدا مۇنداق كەلگەن:

---

① بۇ سۆز بۇ يەردە «الذُرك» شەكلىدە يېزىلغان بولسىمۇ، يازما نۇسخا 622 - بەتتە «الدرك» شەكلىدە بېرىلگەن. بىز كېيىنكىسىگە ئاساسلىنىپ «aldrük» دەپ ترانسكرىپسىيە بەردۇق. چۈنكى بۇ يەردىكى ۋەزن ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى ھەرپلەرنىڭ ساكىنلىق بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

ايش يَراغِنْدا سَرْتْ آسِغنْدا — *ïx yaraqïnda sart asïqïnda* ئىش پەيتىدە، سودىگەر پايدىدا. ئىش پەيتىگە باقىدۇ، سودىگەر پايدىغا. سودىگەر پايدىنى كۆرسە، ئەڭ ياخشى كۆرگەن نەرسىسىنىمۇ سېتىۋېتىدۇ.

يِشْغ yïxïq قېيىش، تاسما؛ قېيىشتىن ئۆرۈلگەن ئارغامچا.

يَقُغْ yavuq يۇقۇرىدىن قىيان دومىلىتىپ چۈشۈرگەن تاش پارچىلىرى. ئادەم ياكى ھېيۋان تاغ ئۈستىدە ماڭغاندا پەسكە دومىلاپ چۈشكەن تاش پارچىلىرىغىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ.

يَقِغْ yakïq مەلھەم، زىمات. ئېششىق ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش جاراھەتلەرگە يېقىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ماي دورا.

يَلِغْ yalïq قۇش تاجىسى. «تَقُقْ يَلِغِي — *takuk yalïqi* خوراز تاجىسى» دېگەن سۆز شۇنىڭدىن ئېلىنغان.

يَلِغْ yalïq يايل ~ يال، ئاتنىڭ يالى. «يال *yal*»مۇ دېيىلىدۇ. توغرىسى «يِيلْ *yəl*»دۇر.

يُلُغْ yuluq پىدا. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

مِنِكْ كِشي يُلُغِي بُلُبْ اُوزُنْكا
بِرْكَلَرْ اُوزُنْ آنِكْ كُوزِنْكا

*miŋ kixi yuluqi bolup əzüŋə*
*bərgələr əzün aniŋ kəziŋə*

[مىڭ كىشى پىدا بولۇپ (ئۇنىڭ) ئۆزىگە،
بەرگەنسىدۇر ئۆزىنى (جېنىنى) ئۇنىڭ كۆزىگە.]

مىڭلاپ كىشىلەر ئۇنىڭغا ئۆزلىرىنى پىدا قىلىدۇ،
ئۇنىڭ كۆزلىرىنى كۆرۈش بىلەن جانلىرىنى بېرىدۇ.
«اُوزْ *øz*» سۆزى بۇ شېردا «جان» مەنىسىدە كەلگەن.
بۇ سۆزنىڭ خەلق تىلىدا قالىداق مەنىلەردە ئىشلىتىلىشىنى
ئۆز ئورنىدا بايان قىلىمىز.

يِلِغْ yïlïoq ئىلىق، ئىلمان. يِلِغ سُوْ *yïlïq suv* — ئىلمان سۇ. ئىسسىق بىلەن سوغۇق ئارىسىدىكى ھەرقانداق ئىلىق نەرسىگىمۇ مۇشۇ سۆز ئىشلىتىلىدۇ.

يَلِغْ yalïoq ئېگەرنىڭ ئالدىنقى ۋە ئارقا قاشلىرى. بۇلارنى بىر - بىرىدىن ئايرىش ئۈچۈن ئالدىنقى قاش «اُنْكُدُنْكِي يَلِغْ *øŋdünki yalïq*»، كەينى قاش «كِيدِنْكِي يَلِغ *kədinki yalïq*» دېيىلىدۇ.

يَنِغْ yanïoq قۇسۇق. اَلْ يَنِغ يَنْدِي *ol yanïq yandï* — ئۇ كۆپ قۇستى.

يَنِغْ yanïoq يېنىش، تەھدىت. بَكْ يَنِغِنْدا تِشْما *bəg yanï-* —

بەگىنىڭ qinda tuxma تەھدىدىگە (غەزنەۋىگە) ئۈچرىماي، دۈچ كەلمە. باشقىلاردىمۇ شۇنداق.

يَتُقْ yatuk ئىككى خىل نەرسىدىن توقۇلغان رەخت. بۇنىڭ ئورۇشى يۇڭ يىپتىن، ئارقىقى پاختا يىپتىن بولىدۇ.

يَتُقْ yatuk تاشلانغان، ئۇنتۇلغان. يَتُقْ نانْڭ yatuk nəŋ — تاشلانغان ۋە ئۇنتۇلغان نەرسە. ھورۇنلارنى «يَتُقْ كِشي «yatuk kixi» دېيىش شۇنىڭدىن كەلگەن. ئوغۇزلار ئارىسىدا ئۆز شەھىرىدىن باشقا يەرگە چىقمايدى-غان، ئۇرۇش قىلمايدىغان بىر قىسىم كىشىلەر بار. بۇلارمۇ «يَتُقْ» «yatuk» دېيىلىدۇ، «تاشلانغانلار، ھورۇنلار» دېگەن بولىدۇ.

يَتِقْ yatik ياتاق. ياتىدىغان ۋە ئۇخلايدىغان جاي. آني يَتِقِنْدا تُتّي — ani yatikinda tutti ئۇنى ياتىقىدا، ئۇخلاۋاتقان يېرىدە تۇتتى.

يَرُقْ yaruk يورۇق. يَرُقْ يِرْ yaruk yər — يورۇق يەر. يَبْ يَرُقْ نانْڭ yap yaruk nəŋ — يوپ-يورۇق نەرسە.

يَرُقْ yaruk يېرىق. يەر، تام، تاغ، ئەينەك ئوخشاش نەرسە-لەر ۋە باشقىلاردىكى يېرىق، دەز. بُو اَيَقْنِڭ يَرُقِي بار

bu ayakniŋ yaruki bar — بۇ ئاياق (قاچا)
نىڭ يېرىقى بار.

يَرِقْ yarik جەگلەردە كېيىلىدىغان زەنجىرلىك ۋە تەگكىلىك
ساۋۇتنىڭ ھەر ئىككىسىگە ئىشلىتىلىدىغان ئورتاق ئىسىم.
بۇلار پەرقلەندۈرۈلۈپ، زەنجىرلىك ساۋۇت «كُبا يَرِقْ
«küpə yarik، تەگكىلىك تومۇر ساۋۇت «ساىْ يَرِقْ
«say yarik دېيىلىدۇ.

يُرِقْ yorik ماھىر، ئۇستا. يُرِقْ تِلْ yorik til — راۋان
تىل، ماھىر تىل، سۆزمەن.

يُرِقْ yorik خۇلق، مىجەز، خۇي - پەيل، مۇئامىلە. آنِكْ يُرِقِي
نَتَكْ كِشِي بلا anïŋ yoriki nətəg kixi bilə —
ئۇنىڭ خۇلقى، كىشىلەر بىلەن مۇئامىلىسى قانداق؟

يُرِقْ yorik يۈرۈش؛ ئېقىش. آتْ يُرِقِي نَتَكْ at yoriki —
nətəg ئاتنىڭ يۈرۈشى قانداق. سۇ ۋە باشقىلارنىڭ
ئېقىشىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ.

يَرِقْ yarik يېرىق. يوتىنىڭ گەۋدىگە، ئىككى يانپاش سۆڭىكى-
نىڭ توققۇز كوزگە تۇتاشقان يېرى. بۇ «يَرِلْدِي نانكْ
yarildi nəŋ — نەرسە يېرىلدى» ئىبارىسىدىكى

«يَرِلْدِى *yarildi*» سوزىدىن ئېلىنغان. بۇ يەردە ئىككى پۈتۈنلۈك بىرى ئوڭغا، بىرى سولغا ئايرىلىدۇ.

يَزَقْ yazak ئوتلاق، يايلاق. ياغما ۋە توخسى تىللىرىدا.

يَزُقْ yazuk يېشىك، يېشىكلىك. يَزُقْ آتْ — *yazuk at* يېشىكلىك ئات، باغلاقتىن يېشىلىپ كەتكەن ئات. ھەرقانداق نەرسىنىڭ باغلاقتىن يېشىلىپ كېتىشىگە ۋە كىشەندىن بوشاپ كېتىشىگىمۇ مۇشۇ سوز ئىشلىتىلىدۇ.

يَزُقْ yazuk: يَزُقْ آتْ *yazuk at* — كۆزدە ھەرخىل دورا-دەرمەكلەر بىلەن قۇرۇتۇپ قويۇلۇپ، ئەتىيازدا يېيىلىدىغان قاق گوش. بۇ «يازْ اُقْ يِى *yaz ok yə* — ئەتىيازدىلا يە» دىگەن سوزدىن ئېلىنغان. چۈنكى، ئەتىيازدا ماللار ئورۇقلايدۇ، مۇشۇنداق گوشى بار كىشى ئەتىيازدىمۇ سېمىز گوش يەيدۇ.

يَزُقْ yazuk گۇنا. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: اُوتْ تُتُنْسُزْ بُلْماسْ يِكِتْ يازُقْسُزْ بُلْماسْ — *ot tütünsüz bolmas* ئوت تۈتۈنسىز بولماس، *yigit yazuksuz bolmas* يىگىت گۇناسىز بولماس. يىگىتلەر گۇنا ئوتكۈزۈپ جەمە-لەنمەكچى بولغاندا، مۇشۇ سوز بىلەن ئۆزۈر سورىلىدۇ.

يَسِقْ yasik يا قېپى. تۈركچە. بۇ سوزنى ئوغۇز ۋە قىپچاقلار

بىلمەيدۇ. ئۇلار بۇنى «قُرْمانْ kurman» دەيدۇ. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: اُبْرَقْ يَسِقْدِنْ تُوزْلُغْ يا جِقارْ — uprak yasikdin tozluƣ ya qikar ئۆپرىسفان يا قېپىدىن مەزمۇت يا چىقىدۇ. بۇ خۇددى ئەرەپلەرنىڭ «تَرى الرَّجُلَ النَّحيفَ فَتَزْدَرِيه وَفي أَثْوابِهِ أَسَدٌ مَرِيدٌ» دېگىنىگە ئوخشايدۇ.

يُلَقْ yulak كىچىك بۇلاق. «يُلْ يُلَقْ yul yulak» سۆزى شۇنىڭدىن ئېلىنغان. بۇنىڭدا «ل - l» غا «ق - k» ھەرپى قوشۇلغان[1]. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

اَقْتُرُرْ كُوزُمْ يُلاقْ
تُشْ قِلُرْ اُرْدَكْ يُغاقْ

*akturur kɵzüm yulak*
*tüx kilur ɵrdək yuƣak*

① بۇ ھەقتە بېسىم ئاتالاي باسما ۋە يازما نۇسخىلاردا «يُلَقْ» نىڭ ئەرەپچە ئىبارىسى «وَالْقافُ مُلْحَقَةٌ بِاللامِ» شەكلىدە يېزىلغان، بۇنىڭدىن ھېچ مەنە ئۇقۇلمايدۇ، توغرىسى «وَالْقافُ مُلْحَقَةٌ بِاللامِ — "ل - l" غا "ق - k" قوشۇلغان» بولۇشى كېرەك، دەپ ئىزاھ بەرگەن. بىز بۇ پىكىرنى توغرا تېپىپ، شۇنداق تەرجىمە قىلدۇق.

[كوزۇمدىن (ياش) بۇلاق (بولۇپ) ئاقىدۇ،
(ئۇنىڭغا) ئۆدەك - يۇغاق (لار) چۈشىدۇ.]

كوزۇمدىن بۇلاقتەك ئاققان ياش كوللەرگە ئايلىنى-
دۇ، ئۇنىڭغا ئۆدەك ۋە باشقا سۇ قۇشلىرى چۈشىدۇ.

يُلَقْ yolak چىغىر يول. چول - باياۋانلاردا بولىدىغان يالغۇز
ئاياق يول.

يُلَقْ yolak يوللۇق. يُلَقْ بَرْچِنْ *yolak barqïn* — يوللۇق
يىپەك رەخت. شۇنىڭدەك ھەرقانداق سىزىقلىرى ۋە يول-
لىرى بولغان نەرسىمۇ «يُلَقْ *yolak*» دېيىلىدۇ. بۇنىڭ
ئەسلى «يُولَقْ *yolak*» دۇر.

يِتُكْ yitük يۈتكەن، يوقالغان نەرسە. ماقالدا مۇنداق كەلگەن:
يِتُكْلِكْ اَناسِي قُويُنْ اَجار — *yitüklig anasï koyun*
*aqar* نەرسە يوقاتقان (كىشى) ئانىسىنىڭ قويىنىنىمۇ
ئاختۇرىدۇ. بۇ ماقال نەرسە يوقاتقان كىشىنىڭ ئۆزىنى
ھەرقانداق يەردىن ئىزلەشكە ھەقلىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈ-
رۈپ ئېيتىلىدۇ.

يِتِكْ yitig ئۆتتىك. يِتِكْ بِچاكْ *yitig piqək* — ئۆتتىك پى-
چاق. قىلىچ ۋە قىلىچقا ئوخشاش ئۆتتىك نەرسىلەرگىمۇ
مۇشۇ سۆز ئىشلىتىلىدۇ.

يېتك yətik يېتۈك. يېتك آر *yətik ər* — قولىدىن ئىش
كېلىدىغان ئادەم، ھەر ئىشقا يېتىشىدىغان، چېۋەر ئادەم.

يۈرك yürək يۈرەك. يۈركلك *yürəklig* — يۈرەكلىك،
قورقماس.

يۈرك yərük ئۆرۈك، تەبىر. تۈش يۈركى *tüx yərüki* —
چۈش ئۆرۈكى، چۈش تەبىرى.

يۈرك yərük تەبىر. سۆزنىڭ تەبىرى، مەنىسى، سۆز-
نىڭ چۈشەندۈرۈلۈشى. سۆز يۈركى *səz yərüki* —
سۆز تەبىرى، سۆز مەنىسى.

يۈرك yərük يېرىق، دەز. يۈرك اِشلار *yərük ixlər* —
يېرىلغان ئايال، پاسىلى بۇزۇلغان ئايال. يۈرك نانك
*yərük naŋ* — يېرىلغان، دەز كەتكەن نەرسە، ئۈزۈنىسىغا
يېرىلىپ ھوسنىنى يوقاتقان ھەرقانداق نەرسە.

يۈرك yərük كەمتۈك، پۇچۇق.

يۈزك yüzük ئۈزۈك. بارماققا سېلىنىدىغان ئۈزۈك.

يزاك yəzək قوشۇننىڭ ئالدىدا يۈرىدىغان چارلىغۇچى قىسىم،
ئاۋانگارت ئەترەت.

يَنِكْ yənik يېنىك.

يَسُلْ yasul يېسا، ياپىلاق. يَسُلْ تاغْ *yasul taq* — ياپىلاق تاغ. يۇقۇرىدىن تۈۋەنلەپ چۈشكەن كەڭ يالپاق يەرمۇ «يَسُلْ *yasul*» دېيىلىدۇ.

يَشِلْ yaxïl يېشىل. توق يېشىلغا «يَبْ يَشِلْ *yap yaxïl* — ياپ-يېشىل» دېيىلىدۇ. بۇ سۆز «يُشُلْ *yuxul*» سۆزى بىلەن قوشۇلۇپ «يَشِلْ يُشُلْ *yaxïl yuxul*»مۇ دېيىلىدۇ.

يَزِمْ yazïm كورپە، توشەك. تُولُكْ يَزِمْ *tülüg yazïm* — يۇڭلۇق كورپە. بۇ تۈپ سۆز ئەمەس.

يَرِمْ yarïm يارىم~يېرىم. اَلْمِلا يَرِمِي *almïla yarïmï* — ئالمىنىڭ يېرىمى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق.

يَرِمْ yarïm يېرىندا، ئۇزۇنسىغا يېرىلغان نەرسىنىڭ ھەرقايسى بولەكلىرى. بُتِقْ يَرِمِي *putik yarïmï* — شاخ يېرىندىسى. بۇنىڭ ئەسلى «يېرىلماق»دۇر.

يِشِمْ yixim ساپما. سوغۇق ئۆتمەسلىكى ئۈچۈن ئاياق كىيىم ئۈستىگە تىزغىچە كىيىۋالىدىغان ئوتتۇكقا ئوخشاش نەرسە.

يِغِمْ yiqïm يىغىم، دۆۋە. يِغِمْ تُبْرَاقْ *yiqïm toprak* —

يىغىم تۇپراق، يىغىلغان، دۆۋىلەنگەن توپا، «م - *m*» ھەرپى «ن - *n*» ھەرپىنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ كەلگەن.

يَلِمْ yalim: يَلِمْ قَيا *yalïm kaya* — تىك قىيا، ماقالدا مۇنداق كەلگەن: تَلِمْ سُوزُكْ اُقْسا بُلْماسْ يَلِمْ قَيا يِقْسا بُلْماسْ *təlim sɵzüg uksa bolmas yalïm kaya yïksa bolmas* — كۆپ سوزنى چۈشەنگىلى بولماس، تىك قىيانى يىقىتقىلى بولماس. بۇ ماقال سوزنى ئۇزارتماسلىقتا ئۈندەپ ئېيتىلىدۇ.

يَلِمْ yəlim يېلىم. پەي ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنى يېپىشتۇرىدىغان يېلىم. بېلىق يېلىمى «يِرُقْ يَلِمْ *yaruk yəlim*» دېيىلىدۇ.

بَيِنْ yəpin[①] توق قىزىل، قېنىق قىزىل. لەيلىقازاق گۈلىنىڭ

---

① بۇ سوز يازما نۇسخىدا «بَيِنْ» شەكلىدە يېزىلغان. مۇشۇ جايدىكى سوزلەرنىڭ «ب» بىلەن باشلانمىغانلىقىنى نەزەردە تۇتقاندا، بۇ سوز خاتا يېزىلغان بولۇشى ئېھتىمال. بېسىم ئاتالاينىڭ ئىزاھىدا «بۇ سوز "يِكْبِنْ" ياكى "يِكْلْ" سوزىدىكى "ك" ھەرپى چۈشۈپ قالغاندىن كېيىنكى شەكلى بولۇشى ئېھتىمال» دېيىلگەن. بىز بۇ سوزنىڭ كەلگەن ئورنى ۋە باش ھەرپى فەتھەلىك يېزىلغىنىغا قاراپ بۇ يەردە «ي - يا» بىلەن «ب - *b*» نىڭ ئورنى ئالمىشىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن، دەپ ھېساپلاپ، ئۇنىڭ «*bayïn*» ئەمەس،

رەڭگىدىكى ھەرقانداق نەرسىگىمۇ بۇ سۆز ئىشلىتىلىدۇ. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: قِلِنُو بِلْسا قِزِلْ كَذارْ يَرانُو بِلْسا يَشِلْ كَذارْ — kīlīnu bilsə kizil kəżər yaranu bilsə yaxil kəżər قىلىقلىنىڭ دىسە قىزىل كىيەر، يارىنىڭ دىسە يېشىل كىيەر①. خوتۇنلار ئېرىغا جىلۋىدىلىنىپ كورۇنمەكچى (قىلىق چىقارماقچى) بولسا، قىزىل يىپەك كىيىم كىيىدۇ؛ ئەركىلەپ يارانماقچى بولسا، يېشىل يىپەك كىيىم كىيىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئەر خوتۇنىنى ياخشى كورىدۇ، دىمەكچى.

يَتَنْ yatan ئوق ئېتىش ئۇچۇن ياغاچتىن ياسالغان ياي، كامالەك.

يَتَنْ yatan ياتاق. پاختا ئاتقۇچىنىڭ ياتىگى.

يَرِنْ yarin تاغاق سوڭىگى. تۇركلەردە شۇنداق بىر ماقال بار: يَرِنْ بُلْغَنْسا اِيِلْ بُلْغَنُورْ — yarin bulqansa əl bulqanur تاغاق سوڭىگى بۇلغانسا، يۇرتقا يارا كەلىدۇ.

---

بەلكى «yəpün» ياكى «yəpin ~ yəbin» بولۇش ئېھتىمالى چوڭ دىگەن خۇلاسىگە كەلدۇق ۋە «yəpin» دەپ ترانسكرىپسىيە بەردۇق.

① مىسال قىلىپ ئېلىنغان ماقالدا «yəpin» سۆزى يوق. بەلكىم ماقالدىكى «قِزِلْ» سۆزىنى بۇ سۆز بىلەن مەنىداش دەپ ئىشلەتكەن بولسا كېرەك.

چىلىك چۈشىدۇ①.

يرن yurun يۇرۇن ~ ژۇرۇن، يىپەك رەخت پارچىسى. «يرن يقا *yurun yuka*» دېگەن سۆزمۇ مۇشۇنىڭدىن ئېلىنغان②.

يشن yaxïn چاقماق. تۈركلەردە كمنك بلا قاش بلسا يشن يقماس — *kimiŋ bilə kax bolsa yaxïn yakmas* كىمنىڭ يېنىدا قاش تېشى بولسا، ئۇنىڭغا چاقماق تەگمەيدۇ، دېگەن بىر ھېكمەتلىك سۆز بار. قاش تېشى ئاق، سۈزۈك بولۇپ، كىشىلەر ئۇنى ئۈزۈك قىلىپ سالىدۇ. بۇ ئۈزۈكنى سېلىۋالغان كىشىگە چاقماق تەگمەيدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ تەبىتى شۇنداق، بۇ تاشنى بوزغا ئوراپ ئوتقا تاشلىغاندا، بوزمۇ، تاشمۇ كۆيمەيدۇ. بۇ سىنالغان. ئۇسسىغان ئادەم بۇنى ئاغزىغا سالسا، ئۇسسۇزلۇقىنى باسىدۇ.

---

① يازما نۇسخىدا بۇ ماقالىدىكى «يرن بلقنسا *yarïn buloqansa*» ئىبارىسىنىڭ تەرجىمىسى بېرىلمىگەن. بىز تېكىست بويىچە تەرجىمىسىنى قوشتۇق.

② بۇ سۆزگە مىسال قىلىپ كەلتۈرۈلگەن «يرن يقا *yurun yuka*»نىڭ تەرجىمىسى بېرىلمىگەن. بىز بۇ ئىككى سۆزنى مەنىداش تەركىپلەردىن قۇرۇلغان جۈپ سۆز دەپ قارىدۇق. «يۇرۇن ~ ژۇرۇن» سۆزى تىلىمىزدا ھازىرمۇ «ئۈزۈنىغا يېرىلغان رەخت ياكى يىپەك رەخت پارچىسى» مەنىسىدە ئىشلىتىلىدۇ ۋە كۆپىنچە پىرىدخۇنلۇق لېكسىكىسى دائىرىسىدە كۆرۈلىدۇ.

يِغِنْ yiqin يىغىن، دۆۋە. يِغِنْ تُپْراق yiqin topraḳ — يىغىن توپراق، يىغىلغان، دۆۋىلەنگەن توپا. باشقىلاردىمۇ شۇنداق.

يَقِنْ yaḳïn يېقىن. يَقِنْ يِرْ yaḳïn yər — يېقىن يەر.

يَقِنْ آرْ yaḳïn ər — يېقىن ئادەم، تۇققانلاردىن يېقىنى. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

يَقِنْ يَغُقْ كُرْمَدِبْ نانْكْنِي كُذُرْ
قَذَشْ تَبا اِتْ كِبِي قِينْكْرُو بَقارْ

*yaḳïn yaquḳ kөrməżip nəŋni kөżür*
*ḳażax taba ït kəbi ḳïŋru baḳar*

[يېقىن - يوۋۇقلىرىنى كورمەستىن مالنى كورىدۇ،
ئوز قېرىندىشىغا ئىتقا ئوخشاش ھومىيىپ قارايدۇ.]

كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ۋاپانىڭ ئازىيىپ كەتكەنلىكى ئەرىپلىنىپ شۇنداق دېيىلىدۇ: ئادەملەر يېقىنلىرىنى، تۇققانلىرىنى نەزەردە تۇتمايدۇ، مال ۋە دۇنياغىلا بېرىلىپ، سوگەكتىن قىزغانغان ئىتقا ئوخشاش، ئوز يېقىنلىرىغا قىڭغىر كوز بىلەن قارايدۇ.

يِكَنْ yikən يىكەن.

يَلِنْ yalïn يېلىن، يالقۇن. اُوتْ يَلِنِي ot yalïni — ئوت
يېلىنى، ئوت يالقۇنى.

يُلُنْ yulun يۇلۇن.

يِلِنْ yəlin يېلىن. بايتال يېلىنى. ھەممە تۇياقلىق ھايۋانلار-
نىڭ يېلىنلىرىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ.

## بۇ باپتىكى باشقا بىر تۇر

يَيِغْ yayïq ئالاڭغۇ. يَيِغْ كِشِي yayïq kixi — ئالاڭغۇ
ئادەم، ھېلى ئۇنىڭغا، ھېلى بۇنىڭغا مايىل بولۇپ تۇرى-
دىغان ئادەم.

يَيِقْ yayïk: يَيِقْ كِشِي yayïk kixi. بۇ سۆزمۇ يۇقۇرىدىكى
مەنىدە. بۇ سۆز خۇددى «بِشِغْ اَتْ» «pïxïq at» ئىبارىسى-
دىكى «بِشِغْ» «pïxïq» سۆزىنىڭ «بِشِقْ» «pïxïk» دېگەن
شەكلى بولغىنىغا ئوخشايدۇ.

يەتىم yitim① زىغىر تۈرۈكى. بۇ كۈنجۈتكە ئوخشايدۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن قىزىلراق بولىدۇ، يېغى چىراققا ئىشلىتىلىدۇ.

## باش ۋە ئاخىرى ھەرپى ئىللەتلىك سۆزلەر

يَبا yaba ھول ۋە نەم نەرسە، ئوغۇزچە.

يَپى yapï ئەمدەي، ئېگەر ياستۇقى. چىگىلچە.

يَرُو yaru: يَرُو يَلِم *yaru yəlim* — يارىيېلىم.

يُرا yɵrə چورە، بىر نەرسىنىڭ چۆرىسى، ئەتراپى. ئوغۇزچە.

يَزِى yazï يېزىق، يېزىق يەر، بوشلۇق، ئوچۇقچىلىق.

يَسِى yasï يېسا، ياپىلاق. يَسِي نانْكْ *yasï nəŋ* — يېسا نەرسە.

يَغِى yaoï يېغا، دۈشمەن.

① يازما نۇسخىدا بۇ سۆزنىڭ 2-ھەرپىگە چېكىت قويۇلمىغان. بىز بېسىم ئاتالاينىڭ شىمالىي تۈركىي تىللاردا بۇ سۆزنىڭ «*yitin*» شەكلىدە ساقلىنىۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى ئىزاھىنى مۇۋاپىق كۆرۈپ، «*yitim*» دەپ ئالدۇق.

یَڤا yava یاڤا، ئوغۇزلارنىڭ بىر قەبىلىسى. بۇ سۆزنىڭ «و- ۋاۋ» بىلەن «یَوا *yawa*»، «ا-ئېلىپ» بىلەن «آڤا *ava*» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدىغان شەكىللىرىمۇ بار.

یَفا yafa ئاق تىكەن.

یَفا yafa: یَفا یِرْ *yafa yər* — سوغۇق تەگمەيدىغان يەر، ئىللىق يەر، دالدا يەر.

یَقا yaka ياقا. كىيىمنىڭ ياقىسى.

یَقِی yakï: یَقِي بُقِي آرْ *yakï yukï ər* — يېقى-يۇقى ئادەم. خوشامەتچى، يالاقچى ئادەم.

یَقُو yaku يامغۇرلۇق. بۇنىڭ ئەسلى «ياغقُو *yaƣku*» بولۇپ، ئاددىيلاشتۇرۇلغان.

یِكِی yigi: یِكِي یِغاچْ *yigi yïƣaq* — شاخلىرى بىر-بىرىگە چىرمىشىپ ئۆسكەن دەرەخ. بەزىدە «ك-*g*» چۈشۈرۈلۈپ «یِي یِغاچْ *yi yïƣaq*» شەكلىدىمۇ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.

یِكِي تِيشْ *yigi tïx* — ئاراشىسىز، زىچ چىش. تُونْ یِكِي تِكْ *ton yigi tik* — توننى زىچ قىلىپ (قىسىپ)

تىك. تىكشكە «يِ yi» دېيىلىدۇ. بۇنىڭ ئەسلى «يِكِي yigi» دۇر.

**يَلا** yala يالا، تۆھمەت. ئېپىز قاتىلىما ئانىمۇ «يَلاچِي يغا yalaqi yuqa — تۆھمەتچى نان» دېيىلىدۇ. بۇ ئاننىڭ ئېپىزلىگىدىن قول تېگە - تەگمەيلا ئۇششۇلۇپ، ئۇۋۇلۇپ كېتىشكە قاراپ ئېيتىلغان. شۇڭا ئاۋاي كىشىلەرنى بۇنى سەن سۇندۇردۇڭ دەپ ئەيىپلەيدۇ.

**يُلا** yula چىراق. شېردا مۇنداق كەلگەن:

تَگْما اِيَتْ اَشْقا كُرُبْ تُرْغِلْ اَلا
جَقْمَق جَقِبْ اِيفْسا قَلِي اُذُنورْ يُلا

*təgmə əvət ïxka*[1] *kərüp turoqïl ala*
*qakmak qakïp əvsə kalï užïnur*[2] *yula*

---

① بۇ سۆز يازما نۇسخىدا «اَشْقا axka» شەكلىدە يېزىلغان بولسىمۇ، ئەرەپچە مەنىسىگە ئاساسەن «اِشْقا ïxka» بولغىنىنى توغرا تاپتۇق.

② بۇ سۆز يازما نۇسخىدا «اُذُنورْ» شەكلىدە «ن - n» ھەرپى چېكىتسىز يېزىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ «ئوچىدۇ» دىگەن مەنىسىگە ئاساسەن «užïnur» دەپ ترانسكرىپسىيە بەردۇق.

[(بىر) ئىشنى كۆرگىنىڭدە ئالدىراپ كېتىشمە، ئويلىنىپ
تۇرۇۋال،
(چۈنكى) چاقماق چېقىپلا (چىراق يېقىشقا) ئالدىرىساڭ،
چىراق ئۆچۈپ قالىدۇ.]

ئالدىراشلىق بىلەن بىر ئىشقا كىرىشمە، ئىشقا كىرىشىشتىن ئەۋۋەل پەيتنى پايلاپ ئويلىنىۋال، چاقماق چېقىپلا چىراقنى ياقماقچى بولغان كىشى ئالدىرىغانلىقتىن چىراقنى ئۆچۈرۈپ قويىدۇ.

يەلۈ yəlü يەلى. قۇلۇنلارنى باغلايدىغان ئارقان. يايلاقتا بىيە سېغىلىدىغان چاغدا قۇلۇنلار ئەشۇنداق ئارقانغا باغلاپ قويۇلىدۇ، بىيىلەر سېغىلىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرىدۇ.

يەمۇ yəmu «جۇمۇ» دېگەن مەنىدىكى بىر سۆز. سەن بارغىل يەمۇ — *sən barqil yəmu* — سەن بارغىن جۇمۇ. بۇنىڭ ئەسلى «يەھ» *yəh* بولۇپ، «ماقۇل» دېگەن مەنىدە، «مۇ» *mu* سوئال قوشۇمچىسى.

يەنا yana يانا ~ يەنە. يەنا كەلدى *yana kəldi* — يەنە كەلدى.

## بۇ باپتىكى باشقا بىر تۈر

يايا yaya ساغرا. بۇ سۆز پەقەت ئادەمنىڭ ساغرىسىغىلا ئىشلىتىلىدۇ.

يَوا yawa ئاق تىكەن. بۇ بىر خىل ئۇسۇملۇك بولۇپ، سۇيىنى تۇتماچقا قۇيسا، تۇتماچقا رەڭ بېرىدۇ. يۇمشاق «ۋ - v» بىلەن «يَڤا yava»مۇ دېيىلىدۇ.

يَوا yawa ئوغۇز قەبىلىلىرىدىن بولغان «يَڤا yava»نىڭ يەنە بىر خىل ئېيتىلىشى. شۇنىڭدەك ئوغۇزچە سوغۇق تەگمەيدىغان دالىدا يەرگىمۇ، مەن يۇقۇرىدا ئېيتىپ ئۆتكەندەك، «يَفا يِرْ yafa yər» دېيىلىدۇ. بۇنىڭدا «و - ۋاۋ» ھەرپى يۇمشاق «ف - f»غا ئالماشتۇرۇلغان.

## فَعْلَلْ fə'ləl شەكلىدىكى

## سۆزلەر بابى

يَتّى yətti① يەتتى ~ يەتتە. ساناقتا يەتتە. «يَتّى قَتْ كُوكْ — يەتتە قات ئاسمان» yətti kat kɵk دېگەن سۆز مۇشۇنىڭدىن ئېلىنغان.

---

① بۇ سۆز يازما نۇسخىدا ئاۋال تەشدىتلىك يېزىلىپ، كېيىن تەشدىت قىرىپ ئۆچۈرۈلگەن. بىز بۇنىڭ بۇ باپقا مۇۋاپىق كەلمەيدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۆچۈرۈلۈشتىن ئالدىنقى شەكلىنى توغرا تېپىپ «yətti»دەپ ترانسكرىپسىيە بەردۇق.

## فَوْعَل fəw’əl شەكلىدىكى

### سوزلەر بابى

يُولِجْ yoliq تۆۈت.

يُوغا yuoqa قاتلىما تان①.

يَيغُقْ yayoquk بايتال ئەمچەكلىرىنىڭ ئۇرپى. بەزىلەر بۇنى «يَزغُقْ *yazoquk*»مۇ دەيدۇ. قىپچاقچە.

## فَعالْ fəal شەكلىدە ھەرخىل ھەرىكىلىك

### سوزلەر بابى

يَنُوتْ yanut جاۋاپ. سُوزْ يَنُوتِي *söz yanuti* — سۆزنىڭ جاۋابى.

---

① «فَوْعَلْ *fəw'əl*» ۋەزنىگە ئاساسەن بۇ ۋە بۇنىڭدىن ئالدىنقى سوزنىڭ ئىككىنچى ھەرپى بولغان «و - ۋاۋ» ساكىنلىق كېلىشى كېرەك ئىدى. مەسىلەن، «*yowliq*»، «*yuwoqa*» دىگەندەك. «قاتلىما تان» مەنىسىدىكى بۇ سوز بىرقانچە ئورۇنلاردا «*yuoqa*» شەكلىدە كەلگەن. بىز بۇ يەردە ھەر ئىككىلا سوزنىڭ ئىككىنچى ھەرپىنى ساكىنلىق ئالمىدۇق.

يَنُوتْ yanut بەدەل. بىر ئەرسىنىڭ باراۋەرىگە بېرىلگەن ھەق.

يِغاجْ yïqaq يىغاچ ~ ياغاچ. تۇت تىلدا. بۇنىڭ «يِغَجْ» شەكلىمۇ بار.

يِپارْ yïpar ئىپار (قاتتىق «ب - *p*» بىلەن).

يُلارْ yular جۇلار، نوختا.

يَمارْ yamar يامار. بىر يەرنىڭ نامى. بۇ يەردىن «يَمارْ سُوۋِي» *yamar suvi* ئاملىق بىر دەريا ئېقىپ ئۆتىدۇ. بۇ ياباقۇ چوللىرىدىكى چوڭ بىر ۋادى.

يَداغْ yadaq ياياق، پىيادە.

يَراغْ yaraq پۇرسەت، ئىمكان، پەيت. اِيشْ يَراغِي *ix* — *yaraqi* ئىشنىڭ پەيتى، يۈزلىنىشى①. بۇنىڭ «يَرَغْ» شەكلىمۇ بار.

يَماغْ yamaq ياماق. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: يَرْجِنْ يَماغِي

---

① بۇ مىسال ئەرەبچىدە «انظر فرصة الامر وجهته» — ئىشنىڭ پەيتىگە ۋە يۈزلىنىشىگە قارا» دېيىلگەن. بىز تەرجىمىدە تۈركى تېكىستنى ئاساس قىلدۇق.

بَرْجِنقا قَرِش يَماغي قَرِشقا — *barqīn yamaqī* يىپەكلىك ياماق *barqīnka karix yamaqī karixka*
يىپەك رەختكە، يۇڭ ياماق يۇڭ رەختكە (لايىق كېلىدۇ).
بۇ ھەر نەرسە ئۆز جىنسىغا لايىق بولۇشى كېرەك،
دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ.

يِراقْ yīrak يىراق. يِراق يِيرْ — *yīrak yər* — يىراق يەر.
تۇققان ۋە باشقىلارنىڭ يىراق بولغانلىقىنى بۇ سۆز
ئىشلىتىلىدۇ. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

اُغْرَغِم كَنْدُو يِراقْ
بُلْنَدِي مانِي قَراقْ

*oqraqīm kəndü yīrak*
*bulnadī məni karak*

[نىشانىم ئۆزى يىراق (ئىدى)،
قارا كوزلەر مېنى ئەسىر قىلدى.]

نىشانىم (بارىدىغان يېرىم) يىراق ئىدى، سويۇم-
لۇكۇمنىڭ قارا كوزلىرى مېنى ئەسىر قىلىپ، يولۇمنى
توسۇپ قويدى.

يَغاقْ yaqak ياڭاق.

يَغُوقْ yaoquk يېقىن. يَغُوقْ يِرْ *yaquk yər* — يېقىن يەر،
تۇققانلار (يىراق ـ يېقىن تۇققانلار)غىمۇ «يَقْ يَغُوقْ *yak yaquk*» دېيىلىدۇ.

يُناقْ yonak ئېشەك، ئۇي ۋە شۇلىنغا ئوخشاش ھايۋانلارنىڭ
ئۇچىلۇغىنىڭ ئاستىغا قويۇلىدىغان نەرسىلەر.

يَماكْ yəmək يەمەك. تۈركىي قەبىلىلەردىن بىرى. بىزنىڭ
نەزىرىمىزدە ئۇلار قىپچاقلار، ھالبۇكى قىپچاق تۈركلىرى
ئۆزلىرىنى باشقا بىر قەبىلە دەپ ھېساپلايدۇ.

يَغانْ yaoqan پىل. ئىككى تىلنىڭ بىرىدە. ئادەملەرگىمۇ
«يَغانْ تِكِينْ *yaqan təgin* — ياغان تېگىن» دەپ
ئات قويۇلىدۇ.

يُغُونْ yooqun يوغان. ھەر نەرسىنىڭ يوغىنى.

يِلانْ yilan يىلان. اُقْ يِلانْ *ok yilan* — ئوق يىلان.
ئادەم ۋە باشقىلارغا ئۆزىنى ئاتىدىغان يىلان.
يِلانْ يِلِي *yilan yili* — يىلان يىلى. تۈركلەرنىڭ
يىلنامىسىدا ئون ئىككى مۇچەل يىلىدىن بىرىنىڭ ئېتى.

يَمانْ yaman يامان. ھەر نەرسىنىڭ يامىنى. يَمانْ اِيكْ
*yaman ig* — موخو كېسىلى.

## فَعْلی fə'la شەكلىدە ئوتتۇرا ھەرپى ساكىنلىق سوزلەر بابى

يَلْبِي yalpi يالپا، يالپاق ~ ياپىلاق. يَلْبِي نانلىڭ *yalpi nəŋ* — ياغاچتىن ئويۇپ ياسالغان، تېيىز تاۋاققا ئوخشاش ياپىلاق نەرسە.

يَرْتُو yatru تارىشا. شۇنىڭغا ئوخشىتىلىپ، ئۇستىگە خەت يېزىلىدىغان تاختىمۇ «يَرْتُو *yartu*» دېيىلىدۇ.

يِرْجُو yərqü قەۋرە.

يُرْجِي yorqi يولباشلىغۇچى، يولچى.

يِنْجُو yinqü ئۈنچە. كېنىزەكلەرمۇ «يِنْجُو *yinqü*» دېيىلىدۇ.

ماقالدا مۇنداق كەلگەن: اُوتْلُكْ يِنْجُو يِرْدا قَلْمَاسْ *ɵtlüg yinqü yərdə kalmas* — توشۇك ئۈنچە يەردە قالماس. يەنى توشۇك مارجان يەردە قالمايدۇ، ئۇنى ئالىدىغان بىرى چىقىدۇ. بۇ ماقال كېنىزەكلەر قىز پېتىچە تۇرۇۋەرمەيدۇ، ئۇلارغىمۇ ئۆيلىنىدىغان ئادەم چىقىدۇ، دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ. ئوغۇز ۋە قىپچاقلار

«جنجو» ئالماشتۇرۇپ «ج - q» غا «ى - يا» ھەرپىنى

دەيدۇ. «qinqü»

يغدو yooqdu جوغدا. توگمەرنىڭ ئىگىگى ئاستىدىكى گۈزۈن يۆگى.

يگدا yigdə جىگدە.

يمدو yamdu دوۋسۇن.

يندى yundi يۇندا ~ يۇيۇندا.

يبرى yapri تۈز، تۈزلەڭ. يبرى يير yapri yər — تۈز ۋە

تەكشى يەر.

يبرى yapri سالپاڭ. يبرى قلاق yapri kulak — سالپاڭ

قۇلاق.

يشرو yaxru يوشۇرۇن. ال يشرو كلدي ol yaxru kəldi —

ئۇ يوشۇرۇن كەلدى. يشرو ايش yaxru ix — يوشۇرۇن

ئىش.

يغرو yooqru توگىنىڭ ئۈزۈن يۇگىلىرى. بەزىدە «يغروى

«yooqruy» دەپمۇ ئىپتىلىدۇ. بۇ سوزدىكى «ر - r» ھەرپى

«د - d» نىڭ ئورنىغا ئالماشقان. بۇ خۇددى ئەرەپ-

چىدىكى «عَكَرَة ۋە عَكَدَة» دىگەنگە ئوخشاش.

**يغْرو** yaoqru يېقىن؛ ئوپ-چۆرە، يېقىن ئەتراپ. اُلْ آنگَرْ يغْرو يُريماس — ol aŋar yaoqru yormias — ئۇ ئۇنىڭغا يېقىن يولىمايدۇ. بۇ سۆزنىڭ ئەسلى «يقْرو» yakru شەكلىدە «ق-k» بىلەن كېلەتتى، «غ-oq» بىلەن «ق-k» نىڭ چىقىش ئورنى بىر-بىرىگە يېقىن بولغانلىقتىن، «غ-oq» ھەرپى «ق-k» نىڭ ئورنىغا ئالماشقان. بۇ خۇددى ئەرەپچىدىكى «يقْرب» سۆزىنىڭ «يقْرو» دەپ ئېيتىلىشىغا ئوخشاش. بۇنىڭدىمۇ «و» ھەرپى «ب» نىڭ ئورنىغا ئالماشقان.

**يغْرى** yooqrï قاچا. ماقالىدا مۇنداق كەلگەن: آشْ تَتِغى تُوز يغْرِينْ يِماسْ — ax tatīqī tuz yooqrïn yəməs — ئاشنىڭ تاتقى تۇز بىلەن، لېكىن تۇزنى قاچىلاپ (بىر قاچىغا ئايرىم قويۇپ) يېگىلى بولماس. بۇ ماقال كىشىلەرنى ھەرقانداق ئىشتا تېجەشلىك بولۇشقا ئۈندەپ ئېيتىلىدۇ.

**يَقْرى** yakri ئىچ ماي. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

بِشْرِلُورْ يَقْرى قِياقْ
تُشْغُرُرْ يغْرى جَناقْ
*pïxrïlur yakri kiyak*
*toxoqurur yooqrï qanak*

[ئۈچ ماي، قايماقلار ئېرىتىلىدۇ،
قاچا - ئاياقلار توشقۇزۇلىدۇ.]

ئۈچ ماي، قايماقلار ئېرىتىلىدۇ، قاچا - ئاياقلار توشقۇزۇلىدۇ.

يَخْشي yahxï ياخشى. ھەرنەرسىنىڭ ياخشىسى. يَخْشِي نانْكْ — yahxï nəŋ ياخشى نەرسە. يَخْشِي اِيشْ — yahxï ïx ياخشى ئىش.

يَرْشي yarxï بىر نەرسىنىڭ يېرىمى تېگىدىغان ئادەم؛ بۇ سۆز بىر نەرسىنىڭ يېرىمىنى بىلدۈرىدۇ. اَنِكْ يَرْشِيسي بُو — aniŋ yarxïsï bu — بۇ ئۇنىڭ يېرىمى. اُلْ مَنِكْ بِرْلا تامْ يَرْشِي — ol məniŋ birlə tam yarxï — ئۇ مەن بىلەن تام خوشنا، ئۆيلىرىمىزنى تام ئايرىپ تۇرىدۇ.

يَغْقو yaƣqu ياغقۇ. ئاددى خەلقتىن بولۇپ، خاقاندىن ئىككى دەرىجە تۆۋەن تۇرىدىغان كىشىگە بېرىلىدىغان ئۇنۋان.

يَغْقو yaƣqu ياغقۇ. بارسغانغا يېقىن بىر شەھەرنىڭ ئېتى. بۇ شەھەرگە يېقىن بىر داۋاننى «يَغْقو آرْتْ — yaƣqu art ياغقۇ ئارت» دېيىلىدۇ.

يُفْغا yufoqa ئاسراندى ئوغۇل.

يَلْغا yaloqa: قَرا يَلْغا *kara yaloqa* — قارا يالغا. تۈرك يۇرتى
بىلەن پەرغانە ئوتتۇرىسىدىكى تىك داۋان. ماقالدا مۇنداق
كەلگەن: قَرا مُونكْ كَلْمَكِنْجا قَرا يَلْغا كَجْما — *kara
muŋ kəlməginqə kara yaloqa kəqmə*. قارا كۈن
كەلمىگۈچە قارا يالغا كەچمە. بېشىڭغا قارا كۈن چۈش-
مىگۈچە قارا يالغادىن ئۆتمە، چۈنكى ئۇ يەر تىك بولۇپ،
ھەر ۋاقىت قار-مۇز بىلەن قاپلىنىپ تۇرىدۇ.

يَلْغُو yaloqu ئاخماق. ئوغۇزچە.

يَلْفِى yəlvi سېھىر. يَلْفِيجِى *yəlviqi* — سېھىرچى، سېھىرگەر.
شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

يَلْفِنْ آنِكْ كُوزِى
يَلْكِنْ آنِكْ اُوزِى
تُولُنْ آيِنْ يُوزِى
يَرْدِى مَنِنْكْ يُوراكْ

*yəlvin aniŋ kezi*
*yəlkin aniŋ ezi*

*tolun ayïn yüzi*
*yardï mənin̡ yürək*

[ئۇنىڭ كوزى سېھرلىك،
ئۇنىڭ ئوزى مۇساپىردۇر؛
يۈزى تولۇن ئايدەك،
(ئۇنىڭ بېقىشلىرى) مېنىڭ يۈرىگىمنى ياردى.]

سويۇملۇكنى تەرىپلەپ شۇنداق دەيدۇ: ئۇنىڭ كوزلىرىدە سېھىر بار، ئۇ شۇنىڭ بىلەن (مېنى) ئوۋلايدۇ، ئوزى مۇساپىردۇر، يۈزى تولۇن ئايدەك، بېقىشلىرى بىلەن مېنى ئېتىپ، يۈرىگىمنى ياردى.

**يُڤْقَا** yuvka يۇپقا ~ يۇققا. ماقالدا¹ مۇنداق كەلگەن: آناسي تَڤْلُكْ يُڤْقَا يَپَارْ اُغْلِي تَتِكْ قُشَا قَپَارْ — *anasï təvlüg yuvka yapar oqlï tətik koxa kapar*

ئانىسى ھىلىگەر يۇپقا ياپار، ئوغلى زىرەك قوشلاپ ئالار. ئانىسى ئوغلىنى ئالداپ ھىلە ئىشلىتىپ، نانىنى يۇپقا ياپىدۇ، ئوغلىمۇ زىرەكلىك بىلەن يۇپقا نانىنى (ئاغزىغا) قوشلاپ سالىدۇ. بۇ ماقال ئىككى زىرەك كىشىنىڭ بىر-بىرىگە تەڭ كەلگەنلىكىگە ئىشارەت قىلىپ ئېيتىلىدۇ.

**يُپْقَا** yupka يۇپقا ~ يۇققا. بۇنىڭ «ف-f» بىلەن ئېيتىلىدىغان شەكلىمۇ بار. «ب-p» ھەرپى «ف-f» ھەرپى

بىلەن ئالماشقان. بۇ خۇددى ئەرەبچىدىكى «اسرف»

سۆزىنىڭ «اسرب»، «مصطبة» سۆزىنىڭ «مصطفة»

شەكلىدە كەلگىنىگە ۋە «پانىذ» نىڭ ئەرەبچىلەشتۈرۈلۈپ

«فانيذ» قىلىنغانلىقىغا ئوخشاش.

**يِلْقِى** yïlki ئىرقارا. چوڭ ماللارغا بېرىلگەن ئورتاق ئىسىم.

**يَرْما** yarma يارما. يَرْما بۇغا *yarma yuqa* — بىر خىل

قاتلىما نان. ئۈزۈلىسىغا يېرىلغان ھەرقاندااق نەرسىگىمۇ

مۇشۇ سۆز ئىشلىتىلىدۇ.

**يَغْما** yaqma ياغما. تۈركلەرنىڭ بىر قەبىلىسىنىڭ ئېتى.

بۇلار «قَرا يَغما — *kara yaqma* قارا ياغما» دەپمۇ

ئېيتىلىدۇ.

**يَغْما** yaqma ياغما. تىرازغا يېقىن بىر يېزىنىڭ ئېتى. بۇ

سۆز يۇقۇرىدىكى سۆزدىن كەلگەن.

**يَلْما** yalma يېپىنچا، يامغۇرلۇق. پارسلار بۇنى تۈركلەردىن

ئېلىپ «يَلمه *yəlmə*» دەپ تەلەپپۇز قىلىدۇ. ئەرەبلەر

پارسلاردىن ئېلىپ «يَلْمَقْ» شەكلىدە قوللىنىدۇ. ئەرەب-

لەر «ھ - *h*» نى «ق - *k*» غا ئايلاندۇرغان. بۇ خۇددى

ئەرەبچىدە «كَنْدَه» سۆزىنى «خَنْدَق»، «بَرَه» سۆزىنى

«يرق» دېگەنگە ئوخشاش. ئەرەپ شائىرلىرىدىن ذُوالرُمّةنىڭ «كَأنَّهُ مُتَقَبِّي يَلْمَقٍ» مىسراسىدا بۇ سۆز ئەرەبچىلەشتۈرۈلگەن. ھېچكىم بۇ سۆزنى تۈركلەر پارس-لاردىن ئالغان دېيەلمەيدۇ. چۈنكى مەن بۇ سۆزنى ئەڭ يىراق چېگرىدا! ياشىغۇچى قارا تۈركلەردىنمۇ ئاڭلىغان ئىدىم. ئۇلارنىڭ يۇرتىدا قار-يامغۇر كۆپ ياغقاچقا، ئۇلار باشقىلارغا قارىغاندىمۇ يامغۇر يېپىنچىلىرىغا كۆپرەك مۇھتاج ئىدى.

يَزْنا yəznə يەزنە. ئاچىسىنىڭ ئېرى.

يِگْنا yignə يىگنە. تومۇنە «تَمَنْ يِگْنا *təmən yignə*» دېيە-لىدۇ.

## بۇ باپتىكى باش ۋە ئاخىرى
## ھەرپى ئىللەتلىك سۆز

يُمْغِي yumoqi توپلانغان، كۆپ؛ ھەممە. يُمْغِي نَنْكْ *yumoqi nəŋ* — توپلانغان، كۆپ نەرسە. كِشِي يُمْغِي كَلْدِي *kixi yumoqi kəldi* — كىشىلەرنىڭ ھەممىسى توپلىشىپ كەلدى.

## فَعالى fəali شەكلىدە ھەرخىل

## ھەرىكەتلىك سوزلەر بابى

يَلاجى yalaqï يالىچى، يالىخور، يالا چاپلايدىغان. يَلاجى اَر yalaqï ər — يالا چاپلايدىغان ئادەم. قاتلىما قالىنىڭ بىر خىلىغىمۇ «يَلاجى يوُغا yalaqï yuoqa» دىيىلە-دۇ. چۈنكى ئۇ بىرەر نەرسىگە تېگە-تەگمەيلا ئۈشتۈلۈپ، سۇنۇپ كېتىدۇ.

يُباغُو yubaoqu① يوپۇتۇلىدىغان. يُباغُو اِيشْ yubaoqu ix — يوپۇتۇلىدىغان ئىش، بىلمەسلىككە سېلىنىلىدىغان ئىش.

يُرِيغُو yorïoqu يولەك. يُرِيغُو يِير yorïoqu yər — يۈرىدىغان يەر، يولەك. بۇ سوز ئورۇن-جاي ئىسمى بولۇپمۇ كېلىدۇ، ۋاقىت-چاغ ئىسمى بولۇپمۇ كېلىدۇ.

يِراغُو yïraoqu چالغۇچى، سازەندە؛ ناخشىچى.

---

① بۇ سوز يازما نۇسخىدا «يُباغُو» شەكلىدە بېزىلغان. بىز بۇ سوزنى بۇ يەردىكى سوز تەرتىۋى ۋە مەنىسىگە ئاساسەن، يازما نۇسخا 480-بەتتىكى «يُبادى yubadï» پېلىدىن ياسالغان دەپ ھېساپلاپ «yubaoqu» دەپ ئالدۇق.

يَشاغُو yaxaoqu ياشايدىغان. بُو آرْ اُلْ اُزُونْ يَشاغُو *bu* —

*ər ol uzun yaxaqu* بۇ ئۇزۇن ياشايدىغان ئادەم.
بۇ سوز ئورۇن-جاي ئىسمى بولۇپمۇ كېلىدۇ، ۋاقىت-
چاغ ئىسمى بولۇپمۇ كېلىدۇ.

يَماغُو yamaoqu يامىلىدىغان. بُو تُونْ اُلْ يَماغُو *bu ton* —

*ol yamaqu* بۇ يامىلىدىغان تون.

يَباقُو yabaku ياباقۇ. تۈركلەرنىڭ بىر قەبىلىسى.

يَباقُو yabaku يۇلۇتما، يۇلما، چىگىش. يۇڭ ۋە چاۋىنىڭ
يۇلۇتمىسى. باشتىكى چاچنىڭ چىگىشلىنىپ قېلىشىغىمۇ
«يَباقُو بُلْدِي *yabaku boldi*» دېيىلىدۇ.

يَباقُو yabaku: يَباقُو سُفِي *yabaku suvi* — ياباقۇ سۈيى.
قەشقەر تاغلىرىدىن باشلىنىپ، پەرغانە ۋە ئۆزكەنتكە
ئاقىدىغان سۇ.

يُلاكُو yələgü يولەنچۈك، تىرەك. يُلاكُو نانْكْ *yələgü* --
*nəŋ* يولەنچۈك، يولىنىدىغان نەرسە.

يَنِيكُو yənigü يەڭگىيدىغان. بُو اُراغُتْ اُلْ يَنِيكُو *bu* —
*uraqut ol yənigü* بۇ يەڭگىيدىغان خوتۇن.

# فَعْلَانْ fə'lan شەكلىدە ھەرخىل
## ھەرىكىلىك سوزلەر بابى

يَپْجَانْ yapqan جۇۋسان، شىۋاق. بۇ سوزنىڭ «يَقْجَانْ yavqan» دەپ ئېيتىلىدىغان شەكلىمۇ بار. بۇ خۇددى يۇقۇرىدا ئېيتىپ ئوتۇلگەن «ب ـ p» نىڭ «ف ـ f» غا ئالمىشىشى توغرىسىدىكى قائىدىگە ئوخشاش.

يِمْشَانْ yəmxən قىپچاق يۇرتلىرىدا ئوسىدىغان بىر خىل ياۋا مېۋىنىڭ ئېتى.

يَفْغَانْ yavoqan: يَفْغَانْ اَشْ yavoqan ax — گوشسىز ئاش.

يَلْغَانْ yaloqan يالغان. بۇ سوز بەزىدە سۈپەت ۋەزىپىسىدە-مۇ كېلىدۇ. يَلْغَانْ كِشِي yaloqan kixi — يالغانچى كىشى. يَلْغَانْ سُوزْ yaloqan səz — يالغان سوز.

يِلْغُونْ yiloqun يۇلغۇن.

يِپْكِينْ yəpkin توق قىزىل، قېنىق قىزىل، قوڭۇر. يِپْكِينْ نَانَكْ yəpkin nəŋ — قوڭۇر نەرسە.

يَلْكِنْ yəlkin يۈگرۈك، تېز يۇرەر؛ چاپارمەن؛ مۇساپىر.

يَلْكِنْ اَتْلِغْ *yəlkin atliq* — تېز يۈرەر، تېز ئاتلىق. ئوغۇزلار «ي ـ يا»نى «ا ـ ئېلىق»قا ئالماشتۇرۇپ «اَلْكِنْ *əlkin*» دەيدۇ.

يَمْلانْ yamlan يالمانتاق ~ يەلمەلتاختاق.

## فَعِيلانْ fəilan شەكلىدىكى

### سوزلەر بابى

يَتِيكانْ yətigən يەتىگەن ~ يەتتىگەن، يەتتىگەن يۇلتۇزى، چوڭ ئېيىق يۇلتۇزى.

يَسِيمانْ yasīman سۇ توكۇلگەندە بوغۇزىدىن بۇلىدۇقلاپ ئاۋاز چىقىدىغان تار ئېغىزلىق كوزا.

يَلِيمانْ yalīman تۇشمۇ ـ تۇشتىن قىلىنغان هۇجۇم، باسقۇنچىلىق هۇجۇمى.

## فَعَنْلي fəənli شەكلىدىكى

### سوزلەر بابى

يُنْنْدِي yonīndi يونۇپ چىقىرىۋېتىلگەن نەرسە، قىرىندى.

ئۈچ هەر پىلىكلەر باپلىرى ۋە ئۇنىڭغا قوشۇلغانلار تۈگىدى.

# ئوت ھەرپلىكلەر باپلىرى

## فَعْلَلْ fə'lal ۋە فَعْلالْ fə'ləl شەكلىدە

## ھەرخىل ھەرىكىلىك سوزلەر بابى

يَبْغُتْ yapoqut يۇك ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر سېلىنەپ تىكىلگەن توشەك، كورپە.

يَبْتَجْ yaptaq كېپىنەك تون. پادىچىلار قار - يامغۇردىن ساقلىنىش ئۈچۈن يېپىنىۋالىدىغان يەڭسىز تون.

يَبْغُجْ yapoquq ئېشەك ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ھايۋانلارنى ھەيدەشتە ئىشلىتىلىدىغان تاياق.

يَسْغاجْ yasoqaq يېسا تاختا، ئاشتاختا، ئانتاختا. بۇنىڭ ئەسلى «يَسِي يِغاجْ *yasi yiqaq* — يېسا ياغاچ» دۇر.

يَغْمُرْ yaqmur يامغۇر. بۇ سوز «يَمْغُرْ *yamoqur* » دەپمۇ ئېيتىلىدۇ. ماقالىدا مۇنداق كەلگەن: نَجاما اُبْرَقْ كَذْكْ

آرسا يغمرقا يرار —*nəqəmə uprak kəżük ərsə*
*yaqmurka yarar* چاپان قالچىلىك كونا بولسىمۇ،
يامغۇرغا يارار . كىيىمەك تون قانچىلىك كونىراپ
كەتسىمۇ، يەنە يامغۇرغا يارايدۇ. بۇ ماقال ئۆز قول
ئاستىدىكى كىشىلەردىن بىرسىنىڭ بىلىمسىز نادانلىقى ۋە
دۆتلۈكى ئۈچۈن ئۇنى ئۆزىدىن چەتلەتمەكچى بولغان
كىشىلەرگە قارىتا ئېيتىلىدۇ، يەنى هەر قانچە كەمچىلىكى
بولسىمۇ، بىرەر ئىشقا ياراپ قالىدۇ، ئۇنى شۇ ئىشقا
سالساڭ ئۆزەڭ ئارام ئالىسەن، دىمەكچى. شېىردا
مۇنداق كەلگەن:

قيذي بلت يغمرن
كرب تتار آق ترين
قرقا قذتي ال قرن
آقن اقر انكرشور

*kuydī bulut yaqmurīn*
*kərip tutar ak torīn*
*kīrka kożtī ol karīn*
*akīn akar aŋraxur*

[بۇلۇت يامغۇرىنى قۇيدى،
ئاق تورىنى كېرىپ يايدى،

قارلىرىنى تاغلارغا تاشلىدى،
ئېقىن ئاقار شاقىراپ.]

بۇلۇت ئاق تورىنى يېيىپ، يامغۇرىنى قۇيۇۋەتتى، ئۇ قارلىرىنى تاغلارغا تاشلىدى، تاغلاردىن شاقىراپ سەل سۇلىرى ئېقىۋاتىدۇ.

يربز yarpuz يالپۇز.

يربز yarpuz يارپۇز. ئاغمىخانىنىڭ بىر خىلى. يىلاننى ئۆلتۈرىدىغان بىر خىل ھايۋان. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: يلان يربزدن قجار قنجا برسا يربز اترو كلر — *yïlan yarpuzdïn kaqar kanqa barsa yarpuz utru kəlür* يىلان يارپۇزدىن قاچىدۇ، ئۇ نەگە بارمىسۇن، يەنە يارپۇزغا دۇچ كېلىدۇ. بۇ ماقال يامان كۆرىدىغان نەرسىدىن قانچە قاچسىمۇ، ئۇنىڭغا دايىم دۇچ كېلىپ تۇرىدىغان ئادەم توغرىسىدا ئېيتىلىدۇ.

يلدز yulduz يۇلدۇز ~ يۇلتۇز. بارلىق يۇلتۇزلارغا بېرىلگەن ئورتاق ئىسىم. كېيىن ئۇلار ئۆزئارا پەرقلەندۈرۈلۈپ، مۇشتەرى يۇلتۇزى «ارن تۆز *ərən tüz*»، مىزان يۇلتۇزى «قراقوش *karakux*»، ئۈكەر يۇلتۇزى «الكر *ülkər*»، يەتتىگەن يۇلتۇزى «يتيكان *yətigən*»، قۇتۇپ يۇلتۇزى «تمر قزق

«tәmür kazuk» مىرىيخ يۇلتۇزى «بَقِرْ سُقِمْ bakïr sokïm» دەپ ئاتالغان①.

**يِلْدِزْ** yïldïz يىلدىز ~ يىلتىز. بەزىدە بۇ سۆز ئوخشىتىش يولى بىلەن ئادەملىك ئۇرۇق-جەمەتىگە قارىتىلىپمۇ ئىشلىتىلىدۇ. تُوبْلُكْ يِلْدِزْلِغْ *tüplüg yïldïzlïq* — تېگى-تەكتى بار (ئادەم).

**يُلْسُوزْ** yolsuz يولسىز. يولدىن ئازغان ئادەم. بۇ سۆزنىڭ ئەسلى «يُولْسُوزْ» دۇر.

**يَرْدَشْ** yәrdәx يۇرتداش، بىر يەرلىك. يَرْدَشْ كِشِي *yәrdәx kixi* — بىر يەرلىك ئادەم. بىر يەرلىك بولغان ئىككى كىشى بىر-بىرىنى «يَرْدَشْ *yәrdәx*» دەيدۇ. ئوغۇزچە.

**يَرْمَشْ** yarmax يارما.

---

① مەھمۇت قەشقەرى يازما نۇسخا 51-بەتتە «ارِنْ تُوزْ» يۇلتۇزىغا «مىزان يۇلتۇزى» دەپ ئىزاھ بەرگەن ئىدى. بۇ يەردە «مۇشتەرى يۇلتۇزى» دەپ ئىزاھ بەرگەن. «قَرَاقُشْ» يۇلتۇزىغا يازما نۇسخا 167-بەتتە «مۇشتەرى يۇلتۇزى» دەپ ئىزاھ بەرگەن ئىدى، بۇ يەردە «مىزان يۇلتۇزى» دەپ ئىزاھ بەرگەن. بىز ئۆزگەرتمىدۇق.

يَرْمِش yarmax[1]: يَرْمِش اُون *yarmax un* — يۇمشاق تارتىلغان ئۇن، ئاق ئۇن. بۇ ئىككى سۆز بىر-بىرىگە زىت مەنىدىكى سۆزلەر بولسىمۇ، ھەقىقەتتە، بۇ سۆزلەر-نىڭ يىلتىزى بىر.

يُغْرُش yuoqrux تۈركلەردە ئاددىي خەلق ئىچىدىن چىقىپ ۋەزىرلىك دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن ئادەم. پارس ۋە باشقىلارغا ھەرقانچە، چوڭ سالاھىيەتكە ئىگە بولۇپ كەتسىمۇ، بۇ ئۇنۋان بېرىلمەيدۇ، ئۇ خاقاندىن بىر دەرىجە تۆۋەن تۇرىدۇ. ئۇنىڭ بېشىغا قار، يامغۇر ۋە ئىسسىقتىن ساقلىنىش ئۈچۈن قارا يېپەك كۈنلۈك تۇتۇلىدۇ.

يُنْجِغ yunqïoq ئوسال، يامان، ئەسكى. يُنْجِغ اِيش *yünqïoq ix* — ئوسال ئىش، يامان ئىش. يُنْجِغ اَر *yunqïoq ar* — ئوسال ئادەم. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

اُذْلَكْ اَرِغْ كَمُرْدِي

يُنْجِغْ يَغُزْ تَقُرْدِي

① بازما نۇسخىدا بۇ سۆزدىكى «م - *m*» ھەرپى ھەم فەتھەلىك، ھەم كەسرىلىك يېزىلغان؛ بىز ئاپتورنىڭ «بۇ ئىككى سۆز بىر-بىرىگە زىت مەنىدىكى سۆزلەر بولسىمۇ، يىلتىزى بىر» دېگىنىگە ئاساسەن، ئالدىنقى سۆز بويىچە فەتھەلىك ئىناۋەتلىك ھېساپلىدۇق.

اَرْدَمْ يِما سَڤْرَدِي

اَزُنْ بَكِي جَرْتِلُورْ

*özlək arïq kəvrədi*
*yunqïq yavuz tavradï*
*ərdəm yəmə savradï*
*azun bəgi qərtilür*

[زامان پۈتۈللەي ئاينىدى،
ئوسال (كىشىلەر) تەۋرىدى،
پەزىلەت تامامەن سىيرەكلەشتى،
دۇنيا بېگى يوقىلىپ.]

زامان ئاجىزلىدى، ئوسال، ئەسكى ئادەملەر كۆچىيىپ قالدى، زامان ئەھلى دۇنيانىڭ بېگى ئافراسىياپنىڭ ئۆلۈشى بىلەن پەزىلەتلىك كىشىلەردىن مەھرۇم بولدى.

يُرْتُغْ yortuq ئۇرۇش ۋاقىتلىرىدا خاقاننى قوغداپ ماڭغۇچى مۇھاپىزەتچىلەر ياكى خاقاننىڭ ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ يۈرگەن ھەمراھلىرى.

يَرْلِغْ yarliq يوقسۇل، پەقىر. «يَرْلِغْ اَرْ — *yarliq ər*

يارلىقـايدىغـان، رەھىم قىلىنىدىغان ئـادەم» دىگەن سـوز شۇنىڭدىن ئېلىنغان.

يَرْلِغْ yarlïq يارلىق. خاقاننىڭ مەكتۇبى، بۇيرۇغى. چىگىلچە. ئوغۇزلار بۇنى بىلمەيدۇ.

يَشْلِغْ yaxlïq ياشلىق، ياشانغىرايدىغان. يَشْلِغْ كُوزْ yaxlïq — køz ياشلىق كوز، ياشانغىرايدىغان كوز.

يَشْلِغْ yaxlïq ياشلىق، ياشانغان، قېرى. يَشْلِغْ اَرْ yaxlïq — ər ياشانغان ئادەم. چوڭ ياشلىق ھايۋانلارغىمۇ بـۇ سـوز ئىشلىتىلىدۇ. بۇ سوزنىڭ ئەسلى «ياشِلِغْ» دۇر.

يَمْلِغْ yamlïq خەسلىك. يَمْلِغْ كُوزْ yamlïq køz — خەس چۈشكەن كوز. بۇ سوزنىڭ ئەسلى «يامْلِغْ» دۇر.

يَپْغاقْ yapqak ياپقاق~ ياپماق. قـۇشلارنى تـۇتىدىغان بىر خىل تۇزاق.

يَتْغاقْ yatqak قاراۋۇل، كۈزەتچى. خـاقـاننى، قـورغاننى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارنى مـۇھـاپىزەت قىلغـۇچى، كـۈزەتچى. يَتْغاقْ يَتّي yatqak yatti — كۈزەتچى كۈزەت قىلدى.

يُذْرُقْ yużruk مۇشت. ماقالدا مۇنداق كەلگەن:

ياتْنِكْ ياغِلغْ تِكُوسِنْدآ اُوزْنُلْكْ قانْلِغْ يُذْرُقْ يِيكْ

— *yatnïŋ yaoqlïoq təküsindən ɵznüŋ kanlïoq yużruk yəg*
ياتنىڭ ياغلىق لوقمىسىدىن ئۆزىنىڭ قانلىق مۇشتى ياخشى. ياتنىڭ ياغلىق تامىقىدىن ئۆز يېقىنلىرىنىڭ مۇشت بىلەن ئۇرغىنى ياخشى. بۇ سۆز يېقىن ئادەملەرنىڭ ئارىلىرى بۇزۇلغاندا، ئۇلارنى ئەپلەشتۈرۈش ئۈچۈن ئېيتىلىدۇ.

يَرْمَقْ yarmak يارماق، پۇل.

يَسْتُقْ yastuk ياستۇق.

يَفْلَقْ yavlak يامان، پەس. يَفْلَقْ كِشي — *yavlak kixi* خۇلقى يامان ئادەم، ناچار ئادەم.

يَفْلاقْ yavlak يامان، ناچار. ھەر نەرسىنىڭ يامىنى. ئوغۇزچە ۋە قىپچاقچە. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

كُلْسا كِشى يُزِينكا
كُزْكُلْكْ يزِنْ كُرْنكِل
يَفْلَقْ كُذَزْ تِلِنْكْنِي
اَذْكُو سَفِغْ تَلِنْكِل

*külsə kixi yüziŋə*
*kərklüg yüzin kərüngil*
*yavlak kəžəz tïlïŋni*
*əžgü savïq tiləngil*

[بىرەر كىشى ساڭا كۈلۈپ قارىسا،
(سەنمۇ) ئوچۇق چىراي كۆرسەت؛
يامان سۆزدىن تىلىڭنى تارت،
ياخشى سۆز بىلەن شۆھرەت قازىنىشنى تىلىگىن.]

بىرەر كىشى ساڭا كۈلۈپ قارىسا، سەنمۇ ئوچۇق چىراي بىلەن باق، شىرىن سۆزلۈك ۋە خۇش مۇئامىلىلىك بول، يامان سۆزدىن تىلىڭنى تارت.

يَڤْلاقْ yavlak: يَڤْلاق سَرِغْ *yavlak sarïq* — ياۋلاق سارىغ، بىر بەگنىڭ ئېتى. «يَڤْلاقْ *yavlak*» سۆزى ئەسلىدە «ناھايىتى، بەك، ئىنتايىن» دېگەن مەنىدە. يَڤْلاقْ قَتِغْ يِغاجْ *yavlak katïq yïqaq* — بەك قاتتىق ياغاچ.

يُمْغاقْ yumoqak يۇمىلاق. يۇمىلاق بولغان ھەرقانداق نەرسە. يُمْغاقْ تَنا *yumoqak tənə* — دانەكچە. يۇمغاقسۇت ئۇرۇغى. ئوغۇز تىلىدا.

بۇ ئىبارىدىكى «تَنا *tənə*» سۆزى پارسچە «دانە» سۆزىدىن ئېلىنغان بولۇپ، تۈركچىلەشتۈرۈلۈپ

«تَنا» *tənə* دەپ ئېيتىلغان بولسا كېرەك دەپ گۇمان قىلىمەن.

**يُمْشاقْ** yumxak يۇمشاق. ھەرقانداق نەرسىنىڭ يۇمشىقى.

**يَنْدَقْ** yandak يانتاق. يَنْدَقْ تِكانْ *yandak tikən* — يانتاق تىكەن. يَنْدَقْ جَكَرْ *yandak qəkər* — يانتاق شېكىرى، تەرەنجىۋىل.

**يَنْدِقْ** yandïk ئاددى، ئادەتتىكى. يَنْدِقْ اَتْ *yandïk at* — ئادەتتىكى (نەسىللىك بولمىغان) ئات.

**يُنْدَقْ** yundak ئات تېزىكى. بۇ سۆز پەقەت ئات تېزىكىگىلا ئىشلىتىلىدۇ. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: يَغِينْكْ اَرْسا كَرَكْ يُنْدَقِي تَكيرْ — *yaqïŋ ərsə kərək*① *yundakï təgir* — دۈشمىنىڭ بولسىمۇ (مېلى) بولسۇن، ھېچبولمىغاندا، ئۇنىڭدىن ساڭا تېزەك قالىدۇ، سەن ئۇنى قالايسەن.

**يُنغُقْ** yunoquk شۇلتا چىقىدىغان بىر خىل ئوسۇملۇك، ئۇشلەك. بىلگىنىكى، «ق - *k*» ھەرپى يېپىلىنىڭ يىلتىزىغا ئۇلىنىپ،

---

① بۇ سۆز يازما نۇسخىدا «كَرَلْ» شەكلىدە يېزىلغان. بۇنىڭدىن بىرەر مەنە ئۇقۇلمايدۇ. بىز بېسىم ئاتالايىنىڭ سۆزنىڭ ئۇرانى ۋە ئەرەپچىسىگە قارىغاندا «كَرَكْ» بولۇشى توغرا دېگەن ئىزاھىنى مۇۋاپىق تاپتۇق ۋە «*kərək*» دەپ ئالدۇق.

قورال - جابدۇق ئىسىملىرىنى ياسايدۇ. خۇددى «اُرْغاق *orqak* — ئورغاق» سۆزى «اُرْدي *ordi* — ئوردى» پېيلىدىن ياسالغاندەك. بۇ سۆز مۇشۇ يول بىلەن «يۇماق» مەنىسىدىكى «يُودي *yudi*» پېيلىغا «ق - *k*» نىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسالغان.

يَنْلِقْ yanlik پادىچىلار تورۋىسى. پادىچىلار يېنىدا ئېلىپ يۈرىدىغان، ئوزۇق - تۈلۈك سېلىۋالىدىغان تورۋا.

يَنْجُقْ yanquk يانچۇق؛ هەميان.

يُدْرُكْ yüdrük ئۈستىگە كىيىم - كېچەك ۋە باشقا نەرسىلەرنى تىزىپ قويىدىغان لىمتاق، مەرەپ.

يُزْلُكْ yüzlüg يۈزلۈك. اِكي يُزْلُكْ آرْ — *iki yüzlüg ər* ئىككى يۈزلۈك ئادەم، مۇناپىق، ئالدامچى. اِكي يُزْلُكْ كُزْنكُو — *ikki yüzlüg kəzŋü* ئەينەك.

يُكْرُكْ yügrük يۈگرۈك. يُكْرُكْ آتْ — *yügrük at* يۈگرۈك ئات، بەيگىدە ئوزۇپ چىقىدىغان ئات. ئوغۇزلار دانىشمەن، زىرەك، پەزىلەتلىك كىشىلەرنى «يُكْرُكْ بِلْكا *yügrük bilgə*» دەيدۇ.

يُكْسَكْ yüksək يۈكسەك، ئېگىز. يُكْسَكْ تاغ — *yüksək*

*taq* ئېگىز تاغ. ھەرقانداق ئېگىز ۋە ئۇزۇن نەرسىگىمۇ
«يُكْسَكْ» *yüksək* دېيىلىدۇ. بۇ قوش پېيى مەنىسىدىكى
«يُوكْ» *yük* سۆزىدىن ئېلىنغان، چۈنكى يۈكسىلىش
ئۇنىڭ تەبىئىي خۇسۇسىيىتىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەرقانداق
ئېگىز نەرسىمۇ شۇنداق ئاتالغان. شېئىردا مۇنداق
كەلگەن:

اُسْ اَسْ كُرُبْ يُكْسَكْ قَلِقْ قُودِي جَقَارْ
بِلْكَا كِشِي اُكُتْ بِرِبْ تَفْرَقْ اُقَارْ

*us əs kərüp yüksək kalïk kudï qakar*
*bilgə kixi əgüt bərip tavrak ukar*

[تاپقۇش تاپىنى كۆرگەندە ئېگىزدىن تۆۋەنگە شۇڭغۇيدۇ، دانىشمەن كىشى ئۈگۈت - نەسىھەت بەرسە تېز چۈشىنىدۇ.]

تاپقۇش تاپىنى كۆرگەن ھامان ئاسماندىن تۆۋەنگە قاراپ شۇڭغۇيدۇ، دانىشمەن كىشىنىڭ ئوۋلايدىغىنى ئۈگۈت - نەسىھەتتۇر، ئۇ ئۈگۈت - نەسىھەتنى ئاڭلىغان ھامان ئۇنى يادلايدۇ ۋە چۈشىنىدۇ.

يُكْسَكْ yüksək ئويماق. ئۆچتىن ياكى تېرىدىن ياسىلىدۇ، يىڭنە سانچىلىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن بارماقلارغا سېلىنىدۇ.

يِلْبِكْ yəlpik يەلپۈك، شامال. آرْكا يِلْبِكْ تَگْدي — ərgə yəlpik təgdi ئادەمگە شامال تەگدى.

يِبْكِلْ yəpkil توق قىزىل، قىپقىزىل، بىغىر رەڭ. يِبْكِلْ تُونْ — yəpkil ton بىغىر رەڭ تون. بۇ سوزدىكى «ل - l» ھەرپى «ن - n» نىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ كەلگەن.

يَرْتِمْ yartïm بولۇك، پارچە، يېرىم. بِرْ يَرْتِمْ بُزُونْ — bir yartïm bozun بىر بولۇك خەلق، كىشىلەردىن بولۇنۇپ چىققان بىر توپ.

يغرمْ yuoqrum يۇغرۇم ~ يۇغۇرۇم. بِرْ يغرمْ اونْ — bir yuoqrum un بىر يۇغۇرۇم ئۇن، بىر قېتىم يۇغۇرغۇدەك ئۇن.

يِتْرمْ yətrüm قويۇلغان، قويۇۋېتىلگەن. يِتْرمْ سِجْ — yətrüm saq بىر قېتىم چۇشۇرۇلگەندىن كېيىن، ئۇسۇپ يېتىلسۇن دەپ قويۇۋېتىلگەن چاچ.

يَرْشِمْ yarxïm: بِرْ يَرْشِمْ يِرْ — bir yarxïm yər بەيگىدە بىر ئات چېپىش يەر.

يُكْرُمْ yügrüm يۈگرۈم ~ يۈگۈرۈم. بِرْ يُكْرُمْ يِرْ — bir yügrüm yər بىر يۈگۈرۈم يەر، بىر قېتىم يۈگۈرگۈدەك يەر.

يَپْكِنْ yəpkin تـوق قـىزىـل، قـېـنىق قـىزىـل، بېغىر رەڭ.
يَپْكِنْ تُونْ yəpkin ton — بېغىر رەڭ تـون. «l - ل»
بىلەنمۇ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.

## بۇ باپتىكى باشقا بىر تۈر

يَيْلاغْ yaylaq يايلاق.

## فَعالِلْ fəalil شەكلىدىكى سوزلەر بابى

يَلاوَجْ yalavaq ئەلـچى، پـەيـغەمـبەر. بۇ سوزنىڭ «يَلاوَجْ yalawaq» شەكلىمۇ بار.

يَلافَرْ yalafar خاقانلىنىڭ ئەلچىلىرىگە بېرىلىدىغان نام. ئۇيغۇر- چە. ماقالدا مۇنـداق كەلـگەن: ياشْ اُتْ كُيْماسْ يَلافَرْ اُلْماسْ yax ot kəymas yalafar əlməs — ياش ئوت كويـمەس، ئەلـچى ئـولمەس. ياش (كوك) ئـوت كـويـمگەنـدەك، هـەرقـانـچە ئـېغىر، دەهشەتلىك خـەۋەر ئېلـىـپ كـەلـگـۈچـى ئـەلـچـىمۇ ئـولتۈرۈلـمەيـدۇ، چۈنـكى، بۇ خـەۋەر ئەۋەتكۈچـىدىن كـېلىدۇ. بۇ ماقـال

ئۇلۇغ تەگرىنىڭ «ماعَلَى الرَّسُولِ اِلاَّ الْبَلاَغْ» دېگىنىگە
ئوخشاش.

يَبِيتَقْ yapitak ياۋداق ~ يايداق. يَبِيتَقْ آتْ — *yapītak* at ياۋداق ئات. اُلْ آتِغْ يَبِيتَقْ مُنْدِي — *ol atïq yapītak mündi* ئۇ ئاتنى ياۋداق مىندى.

يَماجُكْ yəməqük يىمشۈك. بۇغداي توشۇلىدىغان كىچىك قاپ.

## فَعَلّلُو fəəllu شەكلىدىكى سوزلەر بابى

يَفْشْغُو yafixoqu قىزىلقات. بۇ سوز «يُمُشْغا *yumuxoqa*» دەيمۇ ئېيتىلىدۇ.

يِكِرْما yigirmə يىگرمە. بۇ سوز «يِكِرْمِي *yigirmi*» دەيمۇ ئېيتىلىدۇ.

توت ھەرپلىكلەر بابلىرى تۈگىدى.

# بەش ھەرپلىكلەر بابلىرى

## فَعْلَعَلْ fəəl'əl شەكلىدە ھەرخىل
## ھەرىكىلىك سوزلەر بابى

• يِپْرْلِغْ yïparlïq ئىپارلىق. يِپْرِلغ كَسْرْكُو — yïparlïq
kəsürgü ئىپارلىق خالتا، ئىپار خالتىسى. ماقالدا
مۇنداق كەلگەن: يِپْرِلغ كَسْرْكُودِن يِپر كَتسا يِيذِي قَلِيرْ
— yïparlïq kəsürgüdin yïpar kətsə yïzï kalïr
ئىپارلىق خالتىدىن ئىپار كەتسە، ھىدى قالار. ئىپارلىق
خالتىدىن ئىپارنى ئېلىۋەتكەندىمۇ، ئۇنىڭ پۇرىقى قالىدۇ. بۇ
ماقال بايلىقى قولدىن كېتىپ يوقۇندىسى قالغان بولسىمۇ،
بىرەر نەرسە ئىزدەلگەن ھامان تېپىلىپ تۇرىدىغان كىشى
توغرىسىدا ئېيتىلىدۇ.

يَغْرْلِغْ yaqïrlïq يېغىرلىق. يَغرْلِغ تَقَى — yaqïrlïq təvə
يېغىرلىق تۆگە، يېغىرى بار تۆگە. باشقىلاردىمۇ شۇنداق.

يُلَرْلِغْ yularlïq نوختىلىق، نوختىسى بار. يُلَرْلِغ اَتْ

*yularlïq at* — نوختىلىق ئات، بېشىدا نوختىسى بار ئات.

يَبِغْلِغْ yapïqlïq يېپىقلىق. يَبِغْلِغْ قَبُغْ — *yapïqlïq kapuq* يېپىقلىق قوۋۇق.

يَذِغْلِغْ yazïqlïq يېيىقلىق، سېلىقلىق. يَذِغْلِغْ تُشاكْ — *yazïqlïq təxək* سېلىقلىق توشەك.

يَرَغْلِغْ yaraqlïq ياراقلىق، مۇمكىن بولىدىغان. يَرَغْلِغْ اِيش — *yaraqlïq ix* مۇمكىن بولىدىغان ئىش.

يَزِغْلِغْ yazïqlïq يېشىكلىك. يَزِغْلِغْ آتْ — *yazïqlïq at* يېشىكلىك ئات، باشقىلاردىنمۇ شۇنداق.

يِشِغْلِغْ yïxïqlïq تانىسى بار، ئارغامچىسى بار. يِشِغْلِغْ آرْ — *yïxïqlïq ər* تانىسى بار ئادەم.

يُلُغْلُغْ yuluqluq يۇلۇقلۇق، تۆلەملىك. يُلُغْلُغْ كِشِي — *yuluqluq kixi* يۇلۇپ ئېلىنغان يەنى تۆلەم بېرىلىپ ئېلىپ چىقىلغان كىشى.

يَمَغْلِغْ yamaqlïq ياماقلىق، يامىقى بار. يَمَغْلِغْ تُونْ — *yamaqlïq ton* ياماقلىق تون، يامىقى بار تون.

يَرَغْلِغْ yaraqlïq ساۋۇتلۇق. يَرَغْلِغْ آرْ — *yaraqlïq ər*

ساۋۇتلۇق ئادەم، يەنى ساۋۇت كىيگەن ئادەم.

**يَزُقْلُغْ** yazukluƣ گۇنالىق، گۇنايى بار.

**يِشِقْلِغْ** yïxiklïƣ دوبۇلغىلىق. يِشِقْلِغْ آرْ — *yïxiklïƣ ər* دوبۇلغىلىق ئادەم، يەنى بېشىغا دوبۇلغا كىيگەن ئادەم.

**يَسِغْلِغْ** yasïƣlïƣ قاپلىق. يَسِغْلِغْ يا — *yasïƣlïƣ ya* قاپلىق يا، قېپى بار يا.

**يِغَقْلِغْ** yaƣaklïƣ ياغاقلىق. يِغَقْلِغْ يِغاجْ — *yaƣaklïƣ yïƣaq* ياغاقلىق دەرەخ.

**يُرُنْلُغْ** yurunluƣ يۇرۇنلۇق، يىپەك رەخت پارچىلىرى بولغان.

يُرُنْلُغْ اُراغُتْ — *yurunluƣ uraƣut* — يۇرۇنلۇق خوتۇن، يۇرۇنغا ئىگە بولغان خوتۇن.

**يَشِنْلِغْ** yaxïnlïƣ چاقماقلىق. يَشِنْلِغْ بُلِتْ — *yaxïnlïƣ bulït* چاقماقلىق بۇلۇت، چاقماق چاقىدىغان بۇلۇت.

**يَغَنْلِغْ** yaƣanlïƣ پىللىق، پىلى بار. يَغَنْلِغْ آرْ — *yaƣanlïƣ ər* پىلى بار ئادەم.

بۇ بولۇم بىرقانچە مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. بىرى، سۈپەتداش مەنىسىدە كېلىدۇ: «يِزِغْلِغْ تِشاكْ — *yazïƣlïƣ təxək* سىيلىقلىق توشەك»، «يِزِغْلِغْ اَتْ — *yazïƣlïƣ at*

يپشكللك ئات» دىگەندەك. يەنە بىرى، ئاتالغان لەر-
سىنىڭ ئىگىسى مەنىسىدە كېلىدۇ: «يىپرلغ ئار *yïparlïq*—
*ər* ئىپارى بار ئادەم» دىگەندەك. «اياقلغ تقسى *ayaklïq*—
*təvsi* ئاياق (قاچا - قۇچا) قويۇلغان شىرە» ۋە
«ايغلغ اۋى *oyuqluq əv* — ئويۇقلۇق ئوي» دىگەن-
لەرگە ئوخشاش.

**يَرِنْدَقْ** yarïndak قىيىش، تۇرك قىيىشى. ئۇ ئوچكە تېرىسى-
دىن تىلىنىدۇ.

**يَپْشْغاقْ** yapuxoqak بۇدۇشقاق. پىندىقىغا ئوخشايدىغان،
تۇكلۇك، تىكەنلىك بىر خىل ئوسۇملۇك بولۇپ، ئات ۋە
باشقا ھايۋانلارنىڭ قۇيرۇقلىرىغا يېپىشىۋالىدۇ. ھەرقانداق
نەشقا يېپىشىۋالىدىغان ئادەمگىمۇ شۇنداق دىيىلىدۇ.

**يَپْرْغاقْ** yapuroqak ياپراق، يوپۇرماق. كىتاپنىڭ ۋاراقلىرىمۇ
«يپرغاق *yapuroqak*» دىيىلىدۇ.

**يِغَجْلِقْ** yïoqaqlïk دەرەخلىق؛ ياغاچ قويۇلغان ئورۇنمۇ شۇن-
داق دىيىلىدۇ.

**يذغلق** yażaoqlïk[1] ياياقلىق. يول يۇرۇشتە ياياقلىق.

---

[1] بۇ سوزگە يازما نۇسخىدا ھەرىكە قويۇلمىغان. بىز ئەرەپچە
مەنىسى بويىچە «*yażaoqlïk*» دەپ ئالدۇق.

يَذِغلق yïžïoqlïk[1] يىدىپ قالغان، بەدبۇيلۇق.

يَمَغْلِقْ yamaoqlïk ياماقلىق. يَمَغْلِقْ بُوْز — *yamaoqlïk bөz* ياماقلىق بوز. ياماق قىلىش ئۈچۈن تەييارلانغان بوز ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر.

يِلِغْلِقْ yïlïoqlïk ئىللىقلىق، ئىسسىقلىق.

يَغَقْلِقْ yaoqaklïk ياگاقلىق. ياگاق ئۆسىدىغان يەر.

يَرُقْلُقْ yarukluk يورۇقلۇق، نۇر.

يِرَقْلِقْ yïraklïk يىراقلىق.

يَلِنْدَقْ yalïndak يالىڭاچ. يَلِنْدَقْ اَرْ — *yalïndak әr* يالىڭاچ ئادەم.

يِگِتْلِكْ yigitlik يىگىتلىك، ياشلىق. «اَسِزْ اَنِكْ يِگِتْلِكِي — *әsiz anïŋ yigitliki* ئىسىت ئۇنىڭ يىگىتلىكى» دىگەن سۆز شۇنىڭدىن كەلگەن.

يُرَكْلِكْ yürәklig يۈرەكلىك، جەسۇر، قورقماس. يُرَكْلِكْ

---

① بۇ سۆز يازما نۇسخىدا «يذغلق» شەكلىدە يېزىلغان، بىز ئۇنىڭ ئەرەبچە مەنىسىگە ئاساسەن «*yïžïoqlïk*» دەپ ئالدۇق.

اَرْ *ər yürəklig* — يۈرەكلىك ئادەم، يەنى قورقماس، باتۇر ئادەم.

يَتِزْلِكْ yətizlik كەڭلىك. بىر نەرسىنىڭ ئېنى، كەڭلىگى.

يُلَكْلِكْ yələklig يۇلەكلىك. يُلَكْلِكْ يِغاچْ *yiqaq yələklig* — يۇلەكلىك ياغاچ، يۇلەپ قويۇلغان ياغاچ.

يِلِكْلِكْ yiliklig يىلىكلىك، يىلىگى بار. يِلِكْلِكْ سُنْكُوكْ — *yiliklig səŋük* يىلىكلىك سۆڭەك، يەنى يىلىگى بار سۆڭەك.

## فَعَلْعانْ fəəl'an شەكلىدە ھەرخىل ھەرىكىلىك سۆزلەر بابى

اَيِتْغانْ ayitqan سورايدىغان. اُلْ كِشي اُلْ تَلِمْ سُوزْ اَيِتْغانْ — *ol kixi ol təlim söz ayitqan* ئۇ تولا سوز سورايدىغان ئادەم ئۇ.

يَرَتْغانْ yaratqan ياراتقان، پاراتقۇچى. تَنْكري اُلْ يِيرِكْ يَرَتْغانْ — *təŋri ol yərig yaratqan* تەڭرى يەرنى ياراتقۇچىدۇر. باشقىلاردىمۇ شۇنداق.

يَرُتْغانْ yarutqan يورۇتىدىغان. كُنْ اُلْ اَژُنْغ يَرُتْغانْ

ۋاقت هەر دۇنيانى — *kün ol azunuq yarutqan*
يورۇتىدىغان كۈن ئۇ.

**يُرُتْغانْ** yorutqan ئوسۇرغاق. يُرُتْغانْ كِشِي — *yorutqan kixi*
ئوسۇرغاق كىشى.

**يَغْتُتْغانْ** yaqutqan يېقىنلاشتۇرىدىغان، يېقىن قىلىپ كورسە-
تىدىغان. اُلْ كِشِي اُلْ اُوزِنْ يَغْتُتْغانْ — *ol kixi ol*
*özin yaqutqan* ئۇ يېقىملىقلىقى بىلەن ئوزىنى دايىم
ئادەملەرگە يېقىنلاشتۇرىدىغان كىشى ئۇ.

**يَغِتْغانْ** yaqitqan ياغدۇرىدىغان، ياغدۇرغۇچى. تَنْكْرِي اُلْ
يَغْمُرْ يَغِتْغانْ — *tənri ol yaqmur yaqitqan* — تەڭرى
يامغۇر ياغدۇرغۇچىدۇر.

**يَغِتْغانْ** yaqitqan دۇشمەنلىك قىلىدىغان. اُلْ كِشِي اُلْ تُتْجِي
يَغِتْغانْ — *ol kixi ol tutqi yaqitqan* — ئۇ (ياراش-
قاندىن كېيىنمۇ) دايىم دۇشمەنلىك قىلىپ تۇرىدىغان
كىشى ئۇ.

**يُمِتْغانْ** yumitqan توپلىنىدىغان. اُلْ كِشِلَارْ اُلْ يُمِتْغانْ
— *ol kixilər ol yumitqan* — ئۇلار بىر ئىشتا توپ-
لىنىپلا تۇرىدىغان كىشىلەر ئۇ.

**يَپُرْغانْ** yapurqan يوپۇتىدىغان. بُو اَرْ اُلْ اِيشِنْ يَپُرْغانْ

*bu ər ol ixin yapurƣan* — بۇ ئىشنى يوپۇتۇپلا يۆرىدىغان ئادەم ئۇ. ھەرقانداق بىر نەرسىنى يوپۇتۇشقىمۇ مۇشۇ سۆز ئىشلىتىلىدۇ.

**يَشُرْغَانْ** yaxurƣan يوشۇرىدىغان. اُلْ اَرْ اُلْ نَنِكِنْ يَشُرْغَانْ

*ol ər ol nəŋin yaxurƣan* — ئۇ مېلىنى يوشۇرۇپلا يۆرىدىغان ئادەم ئۇ. باشقىلاردىمۇ شۇنداق.

**يَپْشْغَانْ** yapuxƣan يېپىشىدىغان. اُلْ اَرْ اُلْ اِيشْقَا يَپْشْغَانْ

*ol ər ol ixⱪa yapuxƣan* — ئۇ ئىشقا يېپىشىپلا تۇرىدىغان ئادەم ئۇ. ھەرقانداق نەرسىنىڭ بىر نەرسىگە باغلىنىشىغىمۇ مۇشۇ سۆز ئىشلىتىلىدۇ.

**يُشْلْغَانْ** yuxulƣan ئاقىدىغان. بُو بَاشْ اُلْ قَانِي يُشْلْغَانْ

*bu bax ol ⱪani yuxulƣan* — بۇ قېنى ئېقىپلا تۇرىدىغان يارىدۇر. بُو اَرْ اُلْ اَلِكِي اِيشْقَا يُشْلْغَانْ — *bu ər ol əliki ixⱪa yuxulƣan*[1] بۇ ئىشقا قوۋۇشۇپلا تۇرىدىغان ئادەمدۇر.

**يِغِلْغَانْ** yiƣilƣan يىغىلىدىغان. بُو يِيرْ اُلْ مُنْدَا كِشِي يِغِلْغَانْ

*bu yər ol munda kixi yiƣilƣan* — بۇ يەر دائىم ئادەم يىغىلىدىغان يەردۇر.

---

① يازما نۇسخىدا بۇ سۆز «يشلغان» شەكلىدە بېرىلگەن. بىز ترانسكرىپسىيىدە تۈزەتتۇق.

يِقِلْغَانْ yïkïloƣan يىقىلىدىغان. اُلْ تَامْ اُلْ تُتْجِي يِقِلْغَانْ

— ol tam ol tutqï yïkïloƣan ئۇ دايىم يىقىلىپلا

تۇرىدىغان تامدۇر. باشقىلاردىمۇ شۇنداق.

يُغُرْقَانْ yooƣurkan يوتقان.

يُكُرْكَانْ yügürgən خەۋەرچى، پوچتىچى. چەن سودىگەرلىرد-

ىنىڭ مۇسۇلمانلار شەھىرىگە كېلىۋاتقان كارۋانلىرىنىڭ

خەت - خەۋەرلىرىنى ئالدىن يەتكۈزىدىغان خەۋەرچى.

يُكُرْكَانْ yügürgən يۈگۈرىدىغان، يۈگرۈك. يُكُرْكَانْ اَتْ

— yügürgən at يۈگرۈك ئات. باشقىلاردىمۇ شۇنداق.

يُكُرْكُونْ yügürgün تېرىقتا ئوخشاش قىزىل دانلىق بىر

خىل ئوسۇملۇك، ئۇنى تۈركمەنلەر يەيدۇ.

يَمُرْكَانْ yəmürgən يېمىرىدىغان، قومۇرىدىغان. بُو سُوفْ اُلْ

— bu suv ol yïƣaqïƣ yəmürgən يِغَاجِغْ يَمُرْكَانْ

بۇ دايىم دەرەخنى قومۇرىدىغان سۇدۇر. ھەرقانداق

نەرسىنى قومۇرۇشقىمۇ مۇشۇ سوز ئىشلىتىلىدۇ.

يِرِلْكَانْ yərilgən يېرىلىدىغان. بُو بُتِقْ اُلْ تُتْجِي يِرِلْكَانْ

— bu putïk ol tutqï yərilgən بۇ دايىم يېرىلىپلا

تۇرىدىغان پۇتاقتۇر.

يُمُلْكَانْ yümülgən يۇمۇلىندىغان. بۇ اَرْ اُلْ كُوزِى يُمُلْكَانْ
— *bu ər ol kezi yümülgən* — بۇ كوزى يۇمۇلۇپلا
تۇرىدىغان ئادەمدۇر.

## بۇ باپتىكى باش ۋە ئاخىرى ھەرپى ئىللەتلىك سوزلەر

يىزغىجى yaziqqi يېزىقچى، خەتچى. قۇدىلار ئارىسىدا خەت- خەۋەر يەتكۇزگۇچى ئەلچى. ئوغۇزچە.

يَيِلْغَانْ yayiloqan[①] تۇراقسىز، داۋالغۇيدىغان، ئىككىلىنىپ تۇرىدى- غان. يَيِلْغَانْ كِشِي *yayiloqan kixi* — ئىككىلىنىپ تۇرى- دىغان، بىر پىكىردە تۇرمايدىغان كىشى.

## فَعْلَلْ fə'ləlel شەكلىدە ھەرخىل ھەرىكىلىك سوزلەر بابى

يُرْكَمَجْ yergəməq قېرىن ۋە ئۈچەينى ئىنچىكە ئۈچەيگە

① «يَيِلْغَانْ» سوزى باش ۋە ئاخىرى ھەرپى ئىللەتلىك سوزلەر بابىدا كورسىتىلگەن بولسىمۇ، بۇ باپقا كىرمەيدۇ. بۇ سوزنىڭ ئورنى بۇنىڭدىن ئىلگىرىكى باپقا مەنسۇپتۇر.

تىقىپ، كاۋاپ قىلىپ ياكى پىشۇرۇپ يېيىلىدىغان يېمەك-
لىك، ھېسىپ.

**يَتْغَشُقْ** yatoqaxuk بىللە يېتىشىدىغان كىشى.

**يَتْغَشِقْ** yatoqaxik: يَتْغَشِقْ اُغْرِي — *yatoqaxik oqri*
ياتار چاغ، ئەلياتقۇ.

**يَقْرِقَنْ** yakrikan پىندىق چوڭلۇقىدا مېۋىسى بولغان بىر
خىل ئۆسۈملۈك. كالپۇك شامالدىن يېرىلغاندا ئۇنىڭ
پوستىنى چاپلاپ قويسا، ساقىيىپ كېتىدۇ.

**يَقْرِقانْ** yakrikan مۇز ياغ، توڭ ياغ. بۇنداق ياغ پارچى-
لانغاندا ئۇنىڭدىن مۇزغا ئوخشاش دانىچىلار چاچراپ
چىقىدۇ①.

---

① بۇ جۈملە يازما نۇسخىدا «وهو اذا قطع الجمد تتناثر منه شي كهيئة الشحم» دېيىلگەن. بىزنىڭ قارىشىمىزچە، بۇ يەردە «الجمد» سۆزى بىلەن «الشحم» سۆزىنىڭ ئورنى ئالمىشىپ قالغاندەك تۇرىدۇ، بىز مەنىمۇ جەھەتتە توڭلىغان ياغنىڭ مۇزغا ئوخشايدىغانلىقىنى، مۇزدىن ياغ چاچراپ چىقمايدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، «الجمد — مۇز» سۆزى بىلەن «الشحم — ياغ» سۆزىنىڭ ئورنىنى ئالماشتۇرۇپ تەرجىمە قىلدۇق.

## بۇ باپتىكى باشقا بىر تۈر

يُباقُلَقْ yubakulak تىترەك، بەزگەك تىترىگى. ياباقۇ ۋە يەمەك تىللىرىدا.

يَباقُلَقْ yapakulak مۇشۇكياپىلاق، هۇقۇش. ياباقۇ ۋە يەمەك تىللىرىدا.

## بۇ بولۇمدىكى ئالتە ھەرپلىكلەر بابى

يَرْسِنْجِغْ yarsïnqïq پاسكىنا، يىرگىنچلىك. يَرْسِنْجِغْ نالڭ — yarsïnqïq nəŋ يىرگىنچلىك نەرسە، پاسكىنا نەرسە.

يَغْمُرْجِلْ yaqmurqïl يامغۇرلۇق، يامغۇر كوپ ياغىدىغان.

يَغْمُرْجِلْ يِرْ — yaqmurqïl yər يامغۇر كوپ ياغىدىغان يەر.

بۇ بىر قائىدىدۇر. ھەرقانداق بىر ھادىسىنىڭ بىر نەرسە ئۈستىدە ئۇزاق داۋام قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرمەكچى بولغاندا، ئىسىملارغا «جِلْ qïl//qil» قوشۇلىدۇ. بۇ خىل شەكىلدە ياسالغان سوزلەر ئىشنىڭ داۋاملىقلىقىنى بىلدۈرىدىغان

سۇپەتكە ئايلىنىدۇ. مەسىلەن: «تۈپچىل يەر *tüpqil yər* — شامالliق يەر» ئىبارىسىدىكى «تۈپى *tüpi* — شامال» غا «چىل *qil*» قوشۇلغانغا ئوخشاش. كېسەلچان كىشىگە «ئىگچىل *igqil*» دېيىشمۇ مۇشۇ قائىدىگە ئاساسەن بولغان، لېكىن بۇ قائىدە ئانچە كەڭ ئەمەس.

خۇداغا شۈكرى، مىسال ئىسىملار بولۇمى تۈگىدى.

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمْ

ئايەغۇچى، كويۇنگۇچى تەڭرىنىڭ ئېتى بىلەن باشلايمەن

# مىسال پېئىللار بولۇمى

## ئىككى ھەرپلىكلەر بابى

يَپْتى yapti ياپتى؛ قويدى، قۇردى؛ ئەتتى. اَرْ قَپِغْ يَپْتِى
ər kapuq yapti — ئادەم قوۋۇقنى ياپتى.
اَرْ تورْ يَپْتِى ər tor yapti — ئادەم (قۇش ۋە باشقە-
لارنى تۇتۇش ئۇچۇن) تور قۇردى. اِشْلارْ اُتْماك يَپْتِى
ixlər ətmək yapti — خوتۇن (تونۇرغا) نان ياپتى.
اَرْ تامْ يَپْتِى ər tam yapti — ئادەم تام ئەتتى، تام
سالدى (يَبارْ - يَپْماقْ yapar - yapmak).
يَرْدى yardi ياردى. اَرْ يِغاجْ يَرْدِى ər yiqaq yardi —

ئادەم ياغاچ ياردى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق. يەرگە
سىزىپ، چېگرا ئايرىسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (يَرارْ - يَرْماقْ
.(*yarar - yarmak*

**يِرْدِي** yərdi يەشتى. اُراغُتْ اُغْلِنْ بَشِكْتِنْ يِرْدِي *uraqut* —
*oqlïn bəxiktin yərdi* خوتۇن بالىسىنى بوشۇكتىن
يەشتى (يِرارْ - يِرْماكْ *yərər - yərmək*).

**يَرْدِي** yərdi يەردى. اُلْ بِتِقْ يَرْدِي *ol putïk yərdi* —
ئۇ پۇتاقنى يەردى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق. بۇ ھول
لەرسىنى پالتا بىلەن يارماي، ئۇزۇنىسىغا يېرىشقا قارد-
تىلغان (يَرارْ - يَرْماكْ *yərər - yərmək*). «يارماق»
بىر نەرسىنى كۈچ بىلەن يېرىشقا قارىتىلغان، بۇ
بولسا يېرىشقا قارىتىلغان. ماقالدا مۇنداق كەلگەن:
تَبُغْ تاشْ يَرارْ تاشْ باشِغْ يَرارْ *tapuq tax yarar* —
*tax baxïq yarar* خىزمەت تاشنى يارار،
تاش باشنى يارار. بۇ سۆز خوجايىندىن ياخشىلىق
كۆرىدىغان ياكى ئۇنىڭغا دۈشمەنلىرى ئۈستىدىن غەلىبە
قازىنىشقا ياردەم قىلىدىغان خىزمەتچى توغرىسىدا
ئېيتىلىدۇ.

**يَزْدِي** yazdï يەشتى. اُلْ تُكُونْ يَزْدِي *ol tügün yazdï* —
ئۇ تۈگۈننى يەشتى (يَزارْ - يَزْماقْ *yazar - yazmak*).

يَزْدي yazdï يازدى. اُلْ بِتِكْ يَزْدي ol bitik yazdï —
ئۇ كىتاپ يازدى. ئوغۇزچە (يَزار ـ يَزْماق yazar ـ yazmak).

يَزْدي yazdï ئازدى، يېڭىلدى، خاتالاشتى. اُلْ سوزِنْدا يَزْدي
ol səzində yazdï — ئۇ سوزىدە ئازدى. اُلْ اَنى
اُرُو يَزْدي ol anï uru yazdï — ئۇ، ئۇنى ئۇرۇۋېتى ـ
تىشكە تاس قالدى. اُلْ كَيِكْنى يَزْدي ol kəyikni yazdï —
ئۇ ئوۋنى ئېتىشتا خاتالاشتى. ماقالدا مۇنداق
كەلگەن: يَزْماس اَتِمْ بُلْماس يَنِكْلْماس بِلْكا بُلْماس
— yazmas atïm bolmas yaŋïlmas bilgə bolmas
خاتالاشمايدىغان ئوۋچى بولمايدۇ، يېڭىلمەيدىغان
دانىشمەن بولمايدۇ (يَزار ـ يَزْماق yazar ـ yazmak).

يُزْدي yüzdi ئۈزدى؛ يېيىلدى، كېڭەيدى؛ سويدى.
اَرْ سُفْدا يُزْدي ər suvda yüzdi — ئادەم سۇدا ئۈزدى؛
اِرِنْكْ يُزْدي iriŋ yüzdi — يىرىڭ يېيىلدى، يەنى
يىرىڭ بەدەنگە يېيىلدى، تارقالدى. اَرْ تُقُمْ يُزْدي ər —
toqum yüzdi ئادەم بوغۇزلانغان ھايۋاننىڭ تېرە ـ
سىنى سويدى (يُزار ـ يُزْماك yüzər ـ yüzmək).

يَسْدِي yasdi تارقاتتى، يەشتى، بوشاتتى. بَكْ سُوسِنْ يَسْدِي *bəg süsin yasdi* — بەگ ئەسكەرلىرىنى يۇرتلىرىغا تارقاتتى. بۇ ئەسلى «اَرْ ياسِنْ يَسْدِي *ər yasin yasdi* — ئادەم يانىنىڭ كىرىچىنى بوشاتتى» دېگەن سۆزدىن ئېلىنغان. خانْ جُواجْ يَسْدِي *han quwaq yasdi* — خان چېدىرىنى (كۆڭلۈكنى) يەشتى (يَسارْ - يَسْماقْ *yasar - yasmak*).

يَشْدِي yaxdi يوشۇرۇندى. اُلْ مَنِي كُرُبْ يَشْدِي *ol məni kərüp yaxdi* — ئۇ مېنى كۆرۈپ يوشۇرۇندى. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: تَقِي مُنُبْ قُوِيْ اَرْ يَشْماسْ *təva münüp koy ara yaxmas* — تۆگە مىنىپ قوي ئارىسىغا يوشۇرۇنالماس، يەنى تۆگە مىنىپ قويىنىڭ ئارىسىغا يوشۇرۇنغىلى بولمايدۇ. بۇ ماقال ئاشكارا بولۇپ قالغان ئىشنى يوشۇرغانغا قارىتىپ ئېيتىلىدۇ (يَشارْ - يَشْماقْ *yaxar - yaxmak*).

يُشْدِي yuxdi ئاققۇزدى. اُلْ بَكْنِي يُشْدِي *ol bəgni yuxdi* — ئۇ (كۆپىنىڭ جۇمىگىدىن) بوزىنى ئاققۇزدى. بوزا — بۇغداي، ئارپا، تېرىق قاتارلىقلاردىن ياسىلىدىغان ئىچىملىك (يُشارْ - يُشْماكْ *yuxar - yuxmak*[1]).

---

① يازما نۇسخىدا بۇ سۆزنىڭ مەستىرى ئاۋال «ك - *k*» بىلەن يېزىلىپ، كېيىن «ق - *k*»غا ئۆزگەرتىلگەن. بىز بۇ پېئىلنىڭ

**يَغْدِى** yaoqdi ياغدى. يغمر يغذى *yaqmur yaqdi* — يامغۇر ياغدى. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: قُتلُغقا قشا يغار *kutluqka koxa yaqar* — تەلەيلىككە قوش كېلەر، يەنى دولەتمەن كىشىگە دولەت قوشلاپ كېلىدۇ (يغار - يغماق *yaqar - yaqmak*). قار ۋە مولدۇر ياغىشىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ.

**يِغْدِى** yiοqdi توستى؛ يىغدى، توپلىدى. اُل مَنى اَشْقا يِغدِى *ol məni axka yiqdi* — ئۇ مېنى تاماقتىن توسۇپ قويدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق.

اُل تَرِغ يِغدِى *ol tariq yiqdi* — ئۇ بۇغداي ۋە بۇغدايغا ئوخشاش نەرسىلەرنى توپلىدى، يەنى چەش قىلدى. ھەرقانداق بىر نەرسىنى يىققان كىشىگىمۇ بۇ سۆز ئىشلىتىلىدۇ (يِغار - يِغماق *yiqar - yiqmak*).

**يُڤْدِى** yuvdi يۇمۇلاتتى، دۇگىلەتتى. اَر تُبِق يُڤدِى *ər topik yuvdi* — ئادەم توپنى يۇمۇلاتتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (يُڤار - يُڤماق *yuvar - yuvmak*). شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

---

مەجھۇل بەتتىكى 477 - نۇسخا يازما ئۇنىڭ مەستىرىدىنى دەرىجىسىگە ئاساسەن «*yuxmak*» دەپ ئالدۇق.

تَقَرْ يِغِبْ سُفْ آقِنْ اِنْدِي سَقِنْ
قُرُمْ كبِي اِيـذِشِنْ قُودِي يُقَارْ

*tavar yïqïp suv akïn ïndï sakïn*
*korum kəbi izisin*① *kudï yuvar*

[يېغىلغان مالنى سەل كەلدى دەپ ھېساپلاپ، ئۇ تاشنى يۇمۇلاتقاندەك ئىگىسىنى توۋەنگە يۇمۇلتىدۇ.]

مال توپلاشنى تەسۋىرلەپ شۇنداق دەيدۇ: توپلانغان مالنى تاغدىن چۈشكەن سەل دەپ ھېساپلاپ، سەل تاشنى يۇمۇلاتقاندەك ئىگىسىنى توۋەنگە يۇمۇلتىدۇ.

**يُقْدِي** yuvdï يۈگرىدى. آشْيَاكْ يُقْدِي *əxyək yuvdï* — ئېشەك يۈگرىدى②.

**تَقْدِي** təvdi ئالدىدى. اُلْ آنِي آرْدِي تَقْدِي *ol anï* — ئۇ ئۇنى *ardï təvdi* ئالدىدى.

---

① يازما نۇسخىدا بۇ سۆز «اِيذِشِنْ» شەكلىدە يېزىلىپ قالغان. بىز ترانسكرىپسىيىدە «*izisin*» قىلىپ تۈزەتتۇق.

② بۇ پېئىلنىڭ باشقا ئورۇنلاردىكى ھەر خىل دەرىجىلىرىنىڭ مەنىلىرىگە قارىغاندا، بۇ جۈملە «ئېشەك ئېغىتتى» مەنىسىدە كېلىشى لازىم ئىدى. بىز ئەرەپچە مەنىسىنى ئۆزگەرتمىدۇق.

يُڤْدِى yuvdï ياردەم قىلدى. اَرْ قَداشِنْ قُرْدِى يُڤْدِى ər — ئادەم يېقىنلىرىنى ئۆز kadaxïn kurdï yuvdï يېنىغا تارتتى، ئۇلارغا كوپ مال ياردەم قىلىپ كوڭلىنى ئالدى (يُڤَارْ - يُڤْماق yuvar-yuvmak)①.

يَقْدِى yakdï ياقتى؛ يېقىنلاشتى، تەككۈزدى. اَرْ بَشْقا يَقِغْ يَقْدِى ər baxka yakïq yakdï — ئادەم جاراھەتكە مەلھەم ياقتى، يەنى جاراھەتنى مەلھەم قويۇپ تاڭدى.

اُلْ اَنكَرْ يَقْدِى ol aŋar yakdï — ئۇ ئۇنىڭغا يېقىنلاشتى.

اَنِكْ كَلْماكِى يَقْدِى anïŋ kəlməki yakdï — ئۇنىڭ كېلىشى يېقىنلاشتى. اُلْ اَنكَرْ اَلِكْ يَقْدِى ol aŋar —

① يازما نۇسخىدا بۇ پېئىلنىڭ مەستىرى «ق-k» بىلەن بېرىلگەن. لېكىن بۇ پېئىلنىڭ يازما نۇسخا 475-بەتتىكى ئۆملۈك دەرىجىسىنىڭ ۋە 575-بەتتىكى خالاش رايىنىڭ مەستىرى ئاۋال «ق-k» بىلەن يېزىلىپ كېيىن «ك-k» گە ئۆزگەرتىلگەن. شۇنىڭدەك بۇ پېئىلدىن يازما نۇسخا 449-بەتتە «يُڤشْلُكْ yüfüxlüg» شەكلىدە تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلۇق قوشۇمچە بىلەن سوز ياسالغان. بىز مۇشۇلارغا ئاساسەن، يازما نۇسخىدا بېرىلگەن شەكىللەرنى ئۆزگەرتمىگەن بولساقمۇ، بۇ پېئىلنى «yüvər ‹yüvdi» «yüvmək» بولۇشقا تېگىشلىك دەپ ھېسابلايمىز.

əlik yakdi ئۇ ئۇنىڭغا قولىنى ياقتى، يەنى تەككۈزدى.
باشقىلاردىمۇ شۇنداق (يَقارْ ـ يَقْماق yakar-yakmak).

يُقْدى yukdi يۇقتى. اَلِكْكا ياغ يُقْدى əlikkə yaq yukdi — قولىغا ياغ يۇقتى. اَنِكْ اُزُوزى اَنكَرْ يُقْدى anïŋ uzuzi — aŋar yukdi ئۇنىڭ قوتۇرى ئۇنىڭغا يۇقتى. ھەرقانداق بىر نەرسىنىڭ باشقا بىر نەرسىگە يۇقۇشىغىمۇ مۇشۇ سوز ئىشلىتىلىدۇ (يُقارْ ـ يُقْماق yukar-yukmak).

يِقْدى yïkdi يىقتتى. اُلْ اَڤِنْ يِقْدى ol əvin yïkdi — ئۇ ئۆينى يىقتتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (يِقارْ ـ يِقْماق yïkar-yïkmak).

يَلْدى yaldi يالىلىدى، يالقۇنلىدى، كويدۇردى.

اُوتْ يَلْدى ot yaldi — ئوت يالىلىدى، يالقۇنلىدى.

باشْ يَلْدى bax yaldi — يارا كويدۇرۇپ ئاغرىتتى.

كُونْ يُوزُكْ يَلْدى kün yüzüg yaldi — كۈن يۈزنى كويدۇردى ۋە قارايتتى (يَلارْ ـ يَلْماقْ yalar-yalmak).

يُلْدى yuldi يۇلدى، خالاس قىلدى، بوشاتتى، كوچۇردى.

ارْ بلُنُقْ يلْدِي ər bulunuq[①] yuldi — ئادەم ئەسىرلى بوشاتتى. ارْ تُتُغْ يلْدِي ər tutuq yuldi — ئادەم گورەنى خالاس قىلدى. ارْ قُشْ يلْدِي ər kux yuldi — ئادەم قۇشنىڭ پەيلىرىنى قايناق سۇغا سېلىپ يۇڭزىلدى. تېرىدىن تۈكنى يۇلۇشقىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ. اُراغُتْ بشِنْ يلْدِي uraqut baxïn yuldï — خوتۇن مېھرىدىن ۋە باشقا نەرسىلەردىن كېچىپ بېشىنى بوشاتتى (يلُارْ - يلْماق yular - yulmak). اُلْ بتِكْ يلْدِي ol bitik yuldï — ئۇ كىتاپ كوچۈردى.

يِلْدِي yəldi يۈگرىدى، چاپتى. اتْلغْ يِلْدِي atlïq yəldi — ئاتلىق چاپتى (يلَارْ - يلْماكْ yələr - yəlmək).

يِلْدِي yəldi يېيىلدى. اشْ يِلْدِي ax yəldi — ئاش يېيىلدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (يلُورْ - يِلْماكْ yəlür - yəlmək).

يُمْدِي yümdi يۇمدى. ارْ كُوزْ يمْدِي ər kөz yümdi —

---

① يازما نۇسخىدا «بلُنْ — ئەسىر» سوزىنىڭ چۈشۈم كېلىش بىلەن تۈرلەنگەن شەكلى «ق - k» بىلەن ئىپادىلەنگەن. چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى «غ - q» بولغاچقا بىز ترانسكرىپسىيىدە توغرىلاپ «bulunuq» شەكلىدە ئالدۇق.

ئادەم كوز يۇمدى (يُمار ـ يُماك yümər - yümmək).

يَنْدي yandï ياندى، قايتتى؛ قورقۇتتى؛ قۇستى، ياندۇردى.

اَر يُولْدَن يَنْدي ər yoldan yandï — ئادەم يولدىن ياندى، يەنى قايتتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق.

بَكْ اَني يَنْدي bəg anï yandï — بەگ ئۇنى قورقۇتتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق. ماقالىدا مۇنداق كەلگەن:

يَالِنكُقْ مَنْكُكو تِرِلْماسْ سِينْقا كِرُوبْ كِرو يَنْماس — yalïŋuk məŋgü tirilməs sïnka kirüp kərü yanmas كىشى مەڭگۇ ياشىماس، گورگە كىرسە ئارقىغا يانماس. اُوتْ يَنْدي ot yandï — ئوت ياندى. بۇ سوز «ل ـ l» بىلەنمۇ ئىپتىلىدۇ. قىپچاقچە. اَرْ يَنْدي ər yandï — ئادەم ياندۇردى، يەنى قۇستى (يَنارْ ـ يَنْماق yanar - yanmak). شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

يَنْدي اَرِنْج اُغْرَغي
كَلْدي بُرو تِغْرَغي
اُوزي قِيي اُغْرَغي
اَلْپ لاَرْ قَمْغْ تِرْكَشُور

*yandī ərinq oqraqī*
*kəldi bərü tïqraqī*
*ezi kuyī oqraqī*
*alplar kamuq tirkəxür*

[نىيىتىدىن يانغان بولسا كېرەك،
ئۇنىڭ ئەلچىسى بېرى كەلدى؛
ئوزى ۋادىنىڭ ئىچكىرىسىدە،
يىگىتلەرنىڭ ھەممىسى توپلانماقتا.]

دۈشمەننى تەسۋىرلەپ شۇنداق دەيدۇ: ئۇ نىيىتىدىن يانغان بولۇشى كېرەك، چۈنكى ئۇنىڭ خەۋەرچىسى كەلدى؛ ئۇ ۋادىنىڭ ئىچكىرىسىدە تۇرماقتا، باتۇرلار جەڭ قىلىش ئۈچۈن توپلىنىۋاتىدۇ.

يُنْدى yundï يۇيۇندى. اَرْ سُفْدا يُنْدى *ər suvda yundï* — ئادەم سۇدا يۇيۇندى. اَرْ يُنْدى *ər yundï* — ئادەم تاھارەت ئالدى. ئوغۇزچە (يُنار - يُنْماق *yunar-yunmak*).

يِنْدى yindi ئاختۇردى. اُلْ اَنِنْكْ اَفِنْ يِنْدى *ol anïŋ əvin yindi* — ئۇ ئۇنىڭ ئۆيىنى ئاختۇردى. سوزنىڭ ئەسلى «يِنْدْتى *yindti*» بولۇپ، يېنىكلىتىلگەن (يِنْدار - يِنْدْماك *yindər - yindmək*[①]).

① ئاپتور بۇ پېلنىڭ كەلگۈسى زامان ۋە مەستەردنى پېلنىڭ ئەسلى شەكلى ئاساسىدا بەرگەن. بىز ئۆزگەرتمىدۇق.

## بۇ باپتىكى باشقا بىر تۈر

يودى yudi يۇدى. اَرْ تونْ يۇدى *ər ton yudi* — ئادەم كىيىم يۇدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (يۇرْ- يۇماق *yur - yumak*). ماقالىدا مۇنداق كەلگەن: قانىغْ قانْ بِلا يۇماسْ *kanīq kan bilə yumas* — قاننى قان بىلەن يۇغىلى بولماس، يەنى جىدەلنى جىدەل بىلەن باسقىلى بولمايدۇ، ياراشتۇرۇش بىلەن باسقىلى بولىدۇ.

يِيدى yədi يەدى. اَرْ اَشْ يِيدى *ər ax yədi* — ئادەم ئاش يەدى (يِيرْ- يِماكْ *yər - yəmək*).

## فَعَلْدى fəəldi شەكلىدە ئوتتۇرا ھەرپى ھەرخىل ھەرىكىلەنگەن ئۈچ ھەرپلىك سۆزلەر بابى

يَبْرْدى yapurdi يوپۇردى، يوشۇردى؛ تۈزلىدى. اَلْ يِيرِكْ يَبْرْدى *ol yərig yapurdī* — ئۇ يەرنى (سۇرەم سىلىپ) يوپۇردى.

اَرْ سُوزُكْ يَپُرْدى ər sozüg yapurdi — ئادەم سوزىنى
يوشۇردى (يَپُرُر ـ يَپُرْماق yapurur - yapurmak).

يِتْرْدى yitürdi يۇتتۇردى. اَرْ يَرْماق يِتْرْدى ər yarmak —
yitürdi ئادەم يارماق (پۇل) يۇتتۇردى. باشقىلاردىمۇ
شۇنداق (يِتُرُرْ ـ يِتْرْماكْ yitürür - yitürmək).

يُذْرْدى yüżürdi يۇدتۇردى. اُلْ تَڤَىكا يُكْ يُذْرْدى ol təvəgə —
ئۇ توگىگە يۇك yük yüżürdi يۇدتۇردى.
باشقىلاردىمۇ شۇنداق (يُذْرُر ـ يُذْرْماكْ yüżürür -
yüżürmək). شېردا مۇنداق كەلگەن:

اَغْرُقْ اَغِرْ اِشْنْكْنى اَذْنَاغُقا يُذْرْما
اَجْرُبْ اُزُنْكْ اُشارِبْ اَذْنَاغْنى تُذْرْما

*aqruk aqir ixinni aznaquka yüzürmə*
*aqrup ɵzüŋ ɵxərip aznaquni tozurma*

[ھەددىدىن ئارتۇق يۇكۇكنى باشقىغا يۇدتۇرمە،
ئوزەڭنى كوزۇڭ قاراڭغۇلاشقۇچە ئاچ قويۇپ،
ئوزگىنى تويدۇرما.]

ئوزەڭنىڭ ئېغىر يۇكۇڭنى باشقىلارغا يۇدتۇرمە،
باشقىلارنى تويدۇرىمەن دەپ، ئوزەڭنى كوزۇڭ قاراڭغۇ-
لاشقۇدەك دەرىجىدە ئاچ قويما.

يَشَرْدِي yaxardi ياشاردى، كوكەردى. اُنْ يشَرْدِي ol—

yaxardï ئوت ياشاردى (يَشارُرْ - يَشَرْماق yaxarur -

yaxarmak).

يَشُرْدِي yaxurdï يوشۇردى. اُلْ ئانِنكْ يشُرْدِي ol nəŋ —

yaxurdï ئۇ بىر نەرسىنى يوشۇردى (يَشُرُرْ - يَشُرْماق

yaxurur - yaxurmak).

يَقُرْدِي yakurdï يىقىنلاشتۇردى. اُلْ آتِغ مَنكا يَقُرْدِي ol —

atïq maŋa yakurdï ئۇ ئاتنى ماڭا يىقىنلاشتۇردى.

باشقىلاردىمۇ شۇنداق (يَقُرُرْ - يَقُرْماق yakurur -

yakurmak).

يَقُرْدِي yakurdï ئېغىر نەپەس ئالدى، دېمى سىقىلدى.

كِشِي يَقُرْدِي — kixi yakurdï كىشى ئېغىر نەپەس

ئالدى، يەنى كىشىنىڭ دېمى سىقىلدى (يَقُرُرْ - يَقُرْماق

yakurur - yakurmak).

يُكُرْدِي yügürdi يۈگۈردى. اَرْ يُكُرْدِي ər yügürdi —

ئادەم يۈگۈردى (يُكُرُورْ - يُكُرْماكْ yügürür - yügürmək).

شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

اُنْدَبْ اُلُغْ تَبارُو تَفْرَقْ كَلِبْ يُكُرْكِلْ
قُرْغَقْ يِلِنْ بُذُنْ كُرْ قَنْدا تُشَرْ قُودِي اِلْ

*ündəp uluq tabaru tavrak kəlip yügürgil*
*kurqak yilin bozun kər kanda tüxər kudi il*

[سېنى ياشانغان بىر كىشى چاقىرسا، يۈگۈرۈپ بار،
قۇرغاقچىلىق يىللاردا ئېلىنگگە قارا، ئۇلار نەگە
چۈشسە، سەنمۇ شۇ يەرگە چۈش.]

سېنى ياشانغان بىر كىشى چاقىرسا، سەن ئۇنىڭغا جاۋاپ قايتۇر، ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ بار، قەھەتچىلىك يىللاردا ئېلىڭ نەگە بارسا، سەنمۇ ئۇلار بىلەن بىللە بول. بۇ — ئېلىڭگە قايغۇلۇق كۈنلەر چۈشكەندە، ئۇلار بىلەن بىللە بول، دېگەنلىكتۇر.

يُكُرْدِي yügürdi: اُلْ بوز يُكُرْدِي — *ol bəz yügürdi*

ئۇ بوزگە ئورۇش تارتتى (يُكُرُرْ - يُكُرْماك *yügürür* - *yügürmək*).

يَمُرْدِي yəmürdi قومۇردى. آرْ يِغاچ يَمُرْدِي — *ər yïqaq*

*yəmürdi* ئادەم دەرەخ قومۇردى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق

(يَمُرْز - يَمُرْماك *yəmürür - yəmürmək*)①.

يَپِشْدي yapïxdi يېپىشتى. يِلْم يُوكَا يَپِشْدي *yəlim yükkə yapïxdi* — يېلىم يۈككە يېپىشتى. ھەرقانداق بىر نەرسە بىر نەرسىگە يېپىشسا ۋە ئىلىنىپ قالسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ. اِتْ كَيِكَا يَپِشْدي *it kəyikkə yapïxdi* — ئىت كېيىككە يېپىشتى (يَپِشُر - يَپِشْماق *yapïxur - yapïxmak*).

يَذِشْدي yazïxdi يېيىشتى، سېلىشتى. اُلْ اَنكَرْ تُشاكْ يَذِشْدي *ol aŋar təxək yazïxdi* — ئۇ ئۇنىڭغا تۆشەك (ئورۇن) سېلىشىپ بەردى. مۇشۇ ئىشتا بەسلىشىشكىمۇ مۇشۇ سۆز ئىشلىتىلىدۇ (يَذِشُر - يَذِشْماق *yazïxur - yazïxmak*).

يُذُشْدي yozuxdi سۈرتۈشتى، ئۆچۈرۈشتى. اُلْ قِلِجْتِنْ قانْ يُذُشْدي *ol kiliqtin kan yozuxdi* — ئۇ قىلىچتىن

① يازما نۇسخىدا بۇ پېيىلنىڭ ئەرەپچىسى «قطع — كەستى» بېرىلىپ قالغان. بىز بۇنى يازما نۇسخا 468 - بەتتىكى «يَمُرْكانْ»، 487 - بەتتىكى «يَمُرْشْدي» لەر بىلەن بىر يىلتىز بولۇپ، ئەرەپچىسى «قلّع» بولۇشى كېرەك، دەپ قارىدۇق ۋە شۇ ئاساستا «قومۇردى» دەپ تەرجىمە قىلدۇق.

دەپ يالا چاپلاشتى، يەنى تۇھمەت قىلىشتى (يلشۇر ـ يلشماق yalixur - yalixmak).

**يلشدى** yuluxdi يۇلۇشتى، بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشتى. بذون بير آكنديني يلشدي — *bożun bir əkindini yuluxdi* كىشىلەر بىر ـ بىرىنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشتى (يلشور ـ يلشماق *yuluxur - yuluxmak*).

**يمشدى** yamaxdi ياماشتى. ال انكر تون يمشدي *ol — aŋar ton yamaxdi* ئۇ ئۇنىڭغا تون يامىشىپ بەردى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (يمشور ـ يمشماق *yamaxur - yamaxmak*). ياماشتا بەسلەشىشمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ.

**ينشدى** yonuxdi يونۇشتى. الار بير بيركا اق ينشدي — *olar bir birgə ok yonuxdi* ئۇلار بىر ـ بىرىگە ئوق يونۇشۇپ بەردى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (ينشور ـ ينشماق *yonuxur - yonuxmak*). يونۇشتا بەسلەشىشمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ.

**يتقتى** yatikti يېتىقتى، ياتلاشتى. يغق كشي يتقتي

---

بۇ پېلىنلىك «يلا *yala* ـ يالا» سۆزىدىن ياسالغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، بىرىنچى ھەرپى «ى ـ يا»نى فەتھەلىك قىلىپ «*yalixdi*» شەكلىدە ئالدۇق.

(يَتقار - يَتقماق yatikar - yatikmak). يېقىن كىشى ياتلاشتى — yaqɥuk kixi yatikti

يُتقتى yutikti جۇتاقىدى، قىرىلدى. يىلقى يُتقتى — yilki yutikti چارۋا مال جۇتاقىدى. جۇت بولۇپ چارۋا مالـلار قىرىلىپ كەتىسە شۇنىداق دېيىلىدۇ (يُتقار - يُتقماق yutikar - yutikmak).

يَزِقتى yazikti يازلاشتى، يازغا ئۆرۈلدى. يىل يَزِقتى — yil yazikti يىل (ۋاقىت) يازغا ئۆرۈلدى (يَزِقار - يَزِقماق yazikar - yazikmak).

يَشِقتى yaxikti ياشانغىرىدى. كۆز يَشِقتى — kɵz yaxikti كۆز ياشانغىرىدى، يەنى كۆز قۇياش ۋە ئۇنىڭ نۇرىدىن ياشانغىرىدى (يَشقار - يَشِقماق yaxikar - yaxikmak).

يَغِقتى yaqɥikti دۈشمەنلەشتى. بَكلار بِر بِركا يَغِقتى — bəglər bir birgə yaqɥikti بەگلەر بىر - بىرى بىلەن دۈشمەنلەشتى (يَغقار - يَغِقماق yaqɥikar - yaqɥikmak).

يَبُلدى yapuldi يېپىلدى. قَبغ يَبُلدى — kapuqɥ yapuldi

قوۋۇق يېپىلدى. ھەرقانداق نەرسىنىڭ يېپىلىشىنىمۇ
مۇشۇ سوز ئىشلىتىلىدۇ (يَپُلُورْ ـ يَپُلْماق ـ *yapulur*
*yapulmak*).

يُبَلْدى yubaldï سەل قارالدى، ئېتىۋارسىز قالدۇرۇلدى.

ايش يُبَلْدى *ïx yubaldï* — ئىش ئېتىۋارسىز قالدۇ ـ
رۇلدى، ئىشتىن چەتنەلدى (يُبالُورْ ـ يُبَلْماق ـ *yubalur*
*yubalmak*).

يِتِلْدى yətildi يېتىشتى، يېتىۋالدى. اُلْ سُوكا يِتِلْدى *ol* —
*sügə yətildi* ئۇ قوشۇنغا يېتىشتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق
(يِتِلُورْ ـ يِتِلْماك *yətilür* ـ *yətilmək*).

يَذِلْدى yażïldï يېيىلدى، تارقالدى. سُو يَذِلْدى *sü* —
*yażïldï* قوشۇن تارقالدى، تارقىلىپ كەتتى. باشقىلار ـ
دىمۇ شۇنداق. تُونْ كُونْكا يَذِلْدى *ton küngə* —
*yażïldï* تون (كىيىم) كۈنگە يېيىلدى. ھەرقانداق
نەرسىنىڭ يېيىلىشىغىمۇ مۇشۇ سوز ئىشلىتىلىدۇ (يَذْلُورْ ـ
يَذِلْماق *yażlur* ـ *yażïlmak*).

يَذِلْدى yażïldï يېيىلدى، يامرىدى. ياغ تُونْدا يَذِلْدى
*yaq tonda yażïldï* — ياغ كىيىمگە يېيىلدى. باشقا ـ

لاردىمۇ شۇنداق (يَذْلُرْ ـ يَذْلْماقْ yażlur - yażīlmak).

**يُذْلْدى** yożuldī سۇرتۇلدى، ئوچۇرۇلدى، يوقىتىلدى. قان قِلِجِتِنْ يُذْلْدى — kan kīlīqtīn yożuldī — قان قىلىچتىن سۇرتۇلدى، يەنى قىلىچتىكى قان يۇيۇلدى. آنِكْ آتِي آيِدِنْ يُذْلْدى — anïŋ atï aydïn yożuldï — ئۇنىڭ ئىسمى خاننىڭ ئايلىق دەپتىرىدىن ئوچۇرۇلدى. ھەرقانداق نەرسىنىڭ ئوچۇرۇلۇشىگىمۇ مۇشۇ سوز ئىشلىتىلىدۇ (يُذْلُرْ ـ يُذْلْماقْ yożulur - yożulmak).

**يَذِلْدى** yəżildi: يىتكاك يَذِلْدى yətgək yəżildi — بوخچا ئىچىگە مال سېلىپ چىگىلىدى (يذلر ـ يذلماك yəżilür - yəżilmək).

**يَرِلْدى** yarïldï يېرىلدى. قابْ يَرِلْدى — kap yarïldï — قاپ يېرىلدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (يَرِلُورْ ـ يَرِلْماقْ yarïlur - yarïlmak).

**يَرِلْدى** yərildi يىرىلدى. بُتِقْ يَرِلْدى — putïk yərildi — شاخ يىرىلدى، يەنى دەرەختىن شاخ يىرىلدى. ھەرقانداق ھول نەرسىنىڭ يىرىلىشىغىمۇ مۇشۇ سوز ئىشلىتىلىدۇ (يَرِلُورْ ـ يَرِلْماكْ yərilür - yərilmək).

يۇرۇلدى yoruldi يېشىلدى. ئوغۇل بەشىكتىن يۇرۇلدى — oqul

bəxiktin yoruldi بالا بوشۇكتىن يېشىلدى (يۇرۇلۇر -

يۇرۇلماق yorlur - yorulmak).

يەزىلدى yazildi يېشىلدى. تۈگۈن يەزىلدى — tügün yazildi

تۈگۈن يېشىلدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق.

يەسىلدى yasildi تاشلاپ قويۇلدى، بوشتۇۋېتىلدى، تارقىلىپ

كەتتى. ئىش يەسىلدى ix yasildi — ئىش تاشلاپ

قويۇلدى، ئىسۋاپلىرى تارقىتىۋېتىلدى. يا يەسىلدى

ya yasildi — كېرىچ يادىن بوشتۇۋېلىندى. سۇ يەسىلدى

sü yasildi — قوشۇن تارقىلىپ كەتتى. باشقىلاردىمۇ

شۇنداق. ھەرقانداق نەرسىنىڭ تارقىلىپ كېتىشىگىمۇ

مۇشۇ سۆز ئىشلىتىلىدۇ (يەسىلۇر - يەسىلماق yasilur -

yasilmak).

يۇشۇلدى yuxuldi: قان يۇشۇلدى kan yuxuldi — قان

ياردىن پىشقىراپ چىقتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (يۇشۇلۇر -

يۇشۇلماق yuxulur - yuxulmak).

يۇشىلدى yuxildi كونۇكتى، قاملاشتى. ئاناڭ ئالكى ئىشقا

يُشِلْدِى *anïŋ əliki ïxka yuxïldï* — ئۇنىڭ قولى ئىشقا كونۇكتى. سىركە ۋە بوزا[1] غا ئوخشاش نەرسىلەرنىڭ كوزىنىڭ جوغىسىدىن ئاقتۇرۇلۇشىمۇ «يُشِلْدِى» دېيىلىدۇ (يُشْلُورْ - يُشْلْماكْ *yuxïlur - yuxïlmak*[2]).

**يَغِلْدِى yaqïldï** ياغدۇرۇلدى. يَغْمُرْ يَغِلْدِى *yaqmur yaqïldï* — ياغمۇر ياغدۇرۇلدى. باشقا نەرسە ياغدۇرۇل-

---

① يازما نۇسخىدا بۇ پېيىلغا بېرىلگەن ئەرەبچە ئىزاھتا «وَكَذٰلِكَ الْخَلُّ اَوْمِنَ الْمُرِى» دېيىلگەن. بىسىم ئاتالايىنىڭ بۇ ھەققىكى ئىزاھتا كورسەتكىنىدەك، بۇيەردە «الْمُرِى» سوزىنىڭ كېلىشى ئورۇنسىز. بىز بۇ سوزنى يازما نۇسخا 470 - بەتتە ئوتكەن «المزر — بوزا» سوزىنىڭ خاتا يېزىلىپ قېلىشى دەپ قارىدۇق ۋە تەرجىمىدە تۇزەتتۇق. شۇنىڭدەك، بۇ سوزدىن ئاۋال كەلگەن ئەرەبچە چىقىش كېلىش قوشۇمچىسى «مِن»نى ئوشۇقچە دەپ تونۇپ تەرجىمىدە ئېلىۋەتتۇق.

② يازما نۇسخىدا بۇ پېيىلنىڭ مەستىرى ئاۋال «ك - *k*» بىلەن يېزىلىپ، كېيىن «ق - *k*» قىلىپ ئوزگەرتىلگەن. بىز بۇ پېيىلنىڭ «دىۋان»نىڭ باشقا ئورۇنلىرىدا تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلىرى بىلەن بېرىلگەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئوزگەرتىلگەن شەكلىنى ئىناۋەتكە ئالدۇق ۋە «*yuxïlmak*» دەپ ترانسكرىپسىيە بەردۇق.

yaqilur - سىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (يَغلۇر - يَغلماق
(yaqilmak.

**يِغِلْدى** yiqildi ئۆزىنى يىقتى، يىقىلدى، چىكىندى. ئَرْ ئىشتىن يِغِلْدى ər ixtin yiqildi — ئادەم ئىشتىن ئۆزىنى يىقتى. باشقىلار تەرىپىدىن يىقىلىشىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ. بۇ پېئىل ھەم ئۆتۈملۈك، ھەم ئۆتۈمسىزدۇر (يِغلُور - يِغِلْماق yiqilur - yiqilmak).

**يِغِلْدى** yiqildi يىقىلدى، توپىلاندى، دۆۋىلەندى. بُذُون يِغِلْدى bozun yiqildi — خەلق توپىلاندى. يَرْماق يِغِلْدى yarmak yiqildi — يارماق (پۇل) يىغىلدى، توپلاندى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق. تُبراق يِغِلْدى toprak — توپا دۆۋىلەندى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق yiqildi (يِغلُور - يِغِلْماق yiqilur - yiqilmak).

**يُڤُلْدى** yuvuldi: اُغْلان يُڤُلْدى oqlan yuvuldi — بالا يۇيۇلدى، بالىنىڭ بەدىنى يۇيۇلدى (يُڤُلُور - يُڤُلْماق yuvulur - yuvulmak).

**يُڤُلْدى** yuvuldi يۇمۇلدى. تِبِق يُڤُلْدى topik yuvuldi —

تۇپ يۇمۇلۇشتىلىدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (يۇۋلۇر - يۇۋلماق *yuvlur - yuvulmak*). شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

ايدم انكر سڤلما
قلبق اذو يڤلما
يڤغا سڤن سڤلما
قبتي منك قايمي

*aydïm aŋar savulma*
*kulbak užu yuvulma*
*yuvġa suvïn suvulma*
*kaptï mәniŋ kayïmï*

[دىدىم ئۆزەڭگىغا كەتمە،
قولباققا مەيىل ئەتمە،
تېيىز سۇ بىلەن سۇلانما،
قايىمنى ئېلىپ قاچتى.]

ۋاپاسىزلىق قىلغان بىر كىشىنى تەسۋىرلەپ ئېيتىدۇ: مەن ئۆزەڭگىغا، قولباق (بۇ بىر ئادەمنىڭ ئىسمى)قا مايىل بولما، ئۇنىڭ ئەتراپىدا يۈمۈلما، ئۈزۈك سۇ بىلەن (يەر) سۇغارما، دىگەن ئىدىم. ئۇ مېنىڭ قاي قەبىلىسىدىن ئېلىپ كەلگەن قولۇمنى ئېلىپ قاچتى.

**يغلدي** yəvildi① يېتىشتى، يېتىلدى. سۇ يغلدي *sü yəvildi* — ئەسكەر يېتىشتى. بگنی يغلدي *bəgni yəvüldi* بوزا يېتىلدى (بۇ ئىچىملىك بۇغداي ياكى تېرىقتىن ياسىلىدۇ). بلك يغلدي *bilik yəvildi* — ئەقىل يېتىلدى، يەنى ئەقىل-ئىدرەك تولۇپ يېتىلدى. ھەرقانداق نەرسە يېتىلسە، ۋايىغا يەتسە مۇشۇ سوز ئىشلىتىلىدۇ (يغلور - يغلماك *yəvülür - yəvülmək*).

**يقلدي** yakildi يېقىنلىشىلدى، يېقىنلاشتى. انكر يقلدي *aŋar yakildi* ئۇنىڭغا يېقىنلاشتى (يقلور - يقلماق *yakilur - yakilmak*).

**يقلدي** yukuldi يۇقۇلدى ~ يۇقۇندى. تونقا قرا يقلدي *tonka kara yukuldi* — تونغا قارا يۇقۇلدى. باش- قىلاردىمۇ شۇنداق (يقلور - يقلماق *yukulur - yukulmak*).

---

① بۇ يەردە بىرىنچى ۋە ئۈچىنچى مىسالدا «غ - q» بىلەن يېزىلىپ قالغان. ئوتتۇرىدىكى مىسالدا بولسا «ق - v» بىلەن يېزىلغان. بىز بۇ ئۈچ مىسالدىكى يېزىلىشنىڭ ھەممىسىنىڭ بىر ئىكەنلىكىنى ۋە كەلگۈسى زامانى بىلەن مەسدىرىنىڭ «ق - v» بىلەن بېرىلگەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، بىرىنچى ۋە ئۈچىنچى مىساللاردا بۇ يېزىلىشنى ئۆتكەن زامان شەكلىنى «ق - v» بىلەن ئالدۇق.

يِقِلْدِي yikildi يىقىلدى. تامْ يِقِلْدِي tam yikildi — تام يىقىلدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (يِقِلُورْ - يِقِلْماقْ yikilur- yikilmak).

يَمَلْدِي yamaldi يامالدى. تُونْ يَمَلْدِي ton yamaldi — تون (كىيىم) يامالدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (يَمَلُورْ - يَمَلْماقْ yamalur - yamalmak).

يَنُلْدِي yanuldi كاپلاندى، ئىتتىستىلدى. بِجاكْ يَنُلْدِي piqək yanuldi — پىچاق كاپلاندى[1]. پىچاققا ئوخشاش ھەرقانداق بىر نەرسە قولغا كاپلىنىش بىلەن ئىتتىستىلسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (يَنُولُرْ - يَنُلْماقْ yanulur - yanulmak).

يُنُلْدِي yonuldi يونۇلدى. يِغاچْ يُنُلْدِي yïqaq yonuldi — ياغاچ يونۇلدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (يُنُلُورْ - يُنُلْماقْ yonulur - yonulmak).

---

[1] يازما نۇسخىدا بۇ جۈملىنىڭ ئەرەبچە ئىزاھى «شحذالسيف قىلىچ كاپلاندى» دەپ بېرىلگەن. بىز تەرجىمىدە ئەسلى تېكىستتىكى «بِجاكْ» سۆزىنى ئاساس قىلدۇق.

قاپْ kap قاپ، قاچا. ھەرقانداق نەرسىنىڭ قېپى «قابْ kap» دېيىلىدۇ. بۇ ئەرەبچىدىكى «اَلْقَرْسُ» سۆزىگە ئوخشايدۇ، بۇ ئەسلىدە «ئاتنىڭ گەردىنىگە ئۇرۇش» مەنىسىدىكى سۆز ئىدى، كېيىن ھەرقانداق ئات ئۇلتۇرۇش ئۈچۈنمۇ ئىشلىتىلىدىغان بولغان.

قاپْ kap قاپ. ئاتنىڭ قوسىقىدا بالىنى ئوراپ تۇرغان قاپ. ئەگەر بالا شۇ قاپ بىلەن تۇغۇلسا، بەختلىك ھېساپلىنىپ «قاپْلِغْ اُغْلْ kapliq oqul» دېيىلىدۇ.

قاپْ kap (كوچىمە مەنىدە) تۇققان. اُلْ مَنِنْكْ بِرْلا اُيا قابْ اُلْ ol mənin birlə uya kap ol — ئۇ مەن بىلەن بىر قوساقتىن چۈشكەندەك يېقىن تۇققان.

چاتْ qat قۇدۇق. ئوغۇرچە.

قاتْ kat① قات. ھەممە تىكەنلىك دەرەخلەردە بولىدىغان مېۋە. افلغو قاتِي afiloqu kati قۇرۇم② — دەرىخىنىڭ مېۋىسى.

---

① يازما نۇسخىدا بۇ سۆز «قابْ» شەكلىدە كەلگەن بولسىمۇ، بۇ يەردىكى سۆزلەرنىڭ كېلىش تەرتىۋى ۋە بۇ سۆزنىڭ مىسالدىكى شەكلىگە ئاساسەن «kat» دەپ ئالدۇق.

② بۇ چىنارغا ئوخشاش ئۆسىدىغان، تىكەنلىك، مېۋىسى بار بىر خىل دەرەخ.

# بۇ باپتىكى مۇزائەفلەر

يَلَلْدى yalaldi يالا چاپلاندى. اَنَكَرْ قُرُغْ يَلا يَلَلْدى aŋar kuruq yala yalaldi — ئۇنىڭغا قۇرۇق يالا (تۆھمەت) چاپلاندى (يَلَلُورْ - يَلَلْماقْ yalalur - yalalmak).

يُلَلْدى yələldi يولەندى. تامْ يُلَلْدى tam yələldi — تام يولەندى، يەنى تامغا تىرەك قويۇلدى (يُلَلُورْ - يُلَلْماكْ yələlür - yələlmək).

يُلُلْدى yülüldi چۈشۈرۈلدى. سَجْ يُلُلْدى saq yülüldi — چاچ چۈشۈرۈلدى (يُلِلُورْ - يُلِلْماكْ yülilür - yülilmək).

يَپِنْدى yapindi يېپىندى، ياپتى، يېپىۋالدى. اَرْ قَلْقَنْ يَپِنْدى ər kalkan yapindi — ئادەم قالقان يېپىندى، يەنى قالقان بىلەن ئۆزىنى توستى. اُلْ قَپِغْ يَپِنْدى ol kapuq yapindi — ئۇ قوۋۇقنى يېپىۋالدى (يَپِنُورْ - يَپِنْماقْ yapinur - yapinmak).

يُبَنْدى yubandi: اَرْ اِشْتِنْ يُبَنْدى ər ixtin yubandi —

ئادەم ئىشتىن ئۆزىنى تارتتى (يُبانُور - يُبَنْماق yubanur - yubanmak).

يَجَنْدى yaqandi ئەيمەندى؛ ئۇيالدى، خىجالەت بولدى. اُل مَنْدِن يَجَنْدِي ol məndin yaqandī — ئۇ مەندىن ئەيمەندى، يەنى بىر ئىشنى ئورۇنلىيالمىغانلىقى ئۈچۈن خىجالەت بولدى (يَجَنُور - يَجَنْماق yaqanur - yaqanmak).

يَذِنْدى yażïndi يېيىۋالدى. اُلْ تونِن كُونْكا يَذِنْدى ol tonïn küngə yażïndi — ئۇ كىيىمنى كۈنگە يېيىۋالدى. كىيىمدىن باشقىلارغىمۇ مۇشۇ سۆز ئىشلىتىلىدۇ (يَذِنُور - يَذِنْماق yażïnur - yażïnmak).

يُذُنْدى yożundi سۈرتۈندى. اُلْ كوزدن ياش يُذُنْدِي ol kəzdin yax yożundï — ئۇ كوزدىن ياشنى سۈرتىۋالدى. شۇنىڭدەك ھەر قانداق نەرسىنىڭ ئۈستىدىن بىر نەرسىنى ئۆزىلا سۈرتسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (يُذُنُور - يُذُنْماق yożunur - yożunmak).

يَرَنْدى yarandi ياراندى، يارىتىلدى. آت يَرَنْدى at yarandï — ئات تاڭ ئاشۇرۇلۇپ بەيگىگە يارىتىلدى. اُلْ مَنْكا يَرَنْدى

*ol maŋa yarandï* — ئۇ ماڭا ياراندى، يارانچۇقلۇق
قىلدى (يَرَنُوْرْ ـ يَرَنْمَاقْ *yaranur - yaranmak*).

يَرِنْدي yarïndï يىرىلدى. اُلْ بُتِقْ يَرِنْدِي *ol putik yarïndï* —
ئۇ ئۆزىگە پۇتاق يىرىلدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق *yarïndï*
(يَرِنُوْرْ ـ يَرِنْمَاقْ *yarïnur - yarïnmak*).

يَزِنْدي yazïndï يەشتى، يېشىلدى. اَرْ قُرِنْ يَزِنْدِي *ər* —
*kurïn yazïndï* ئادەم قۇرىنى (بەلۋېغىنى) يېشىلدى.
باشقىلاردىمۇ شۇنداق (يَزِنُوْرْ ـ يَزِنْمَاقْ *yazïnur -*
*yazïnmak*).

يِغِنْدي yïqïndï يىغدى، يىغىلدى. اَرْ اُوزِنْكا يَرْمَاقْ
يِغِنْدِي *ər øziŋə yarmak yïqïndï* — ئادەم ئۆزىگە
يارماق (پۇل) يىغىلدى (يِغِنُوْرْ ـ يِغِنْمَاقْ *yïqïnur -*
*yïqïnmak*).

يُكُنْدي yükündi يۈكۈندى، ئىبادەت قىلدى، چوقۇندى.
قُلْ تَنْكرِيكا يُكُنْدِي *kul təŋrigə yükündi* — قۇل
خۇداغا ئىبادەت قىلدى. تُيِنْ بُرْخَانْقَا يُكُنْدِي *toyun* —
*burhanka yükündi* توين (بۇت قەلەندىرى) بۇتقا

چوقۇندى. اُلْ مَنكا يُكْنْدى — *ol maŋa yükündi*
ئۇ ماڭا ئېگىلىپ تازىم قىلدى (يُكنُور - يُكْنماك *yükünür - yükünmək*). شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

يُكْنُب مَنكا اِملَدى
كُزُم ياشِن يَملَدى
بَغرِم باشِن اَملَدى
اَلكِن بُلُب اُل كَچار

*yüknüp maŋa imlədi*
*kəzüm yaxïn yamladï*
*baqrïm baxïn əmlədi*
*əlkin bolup ol kəqər*

[ماڭا تازىم قىلىپ ئىشارەت قىلدى،
كوز يېشىمنى قۇرۇتتى،
باغرىم يارىسىنى ساقايتتى،
يولۇچى بولۇپ كېتىپ قالدى.]

مەھبۇبنى خىيال قىلغانلىقىنى تەسۋىرلەپ شۇنداق دەيدۇ: ئۇ ماڭا تازىم قىلدى ۋە مېنى شەيدا قىلىش ئۈچۈن ئىملىدى؛ ئۇ بىر قارىشى بىلەنلا كوز يېشىمنى

داۋالىدى، باغرىمنىڭ يارىسىنى ئەملىدى، ئۇ يولۇچى بولۇپ كېتىپ قالدى.

يَلِنْدِي yalïndi يالىڭاچلاندى. اَرْ يَلِنْدِي *ər yalïndi* — ئادەم يالىڭاچلاندى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (يَلِنُورْ - يَلِنْماقْ *yalinur - yalïnmak*).

يُلُنْدِي yulundï: سَجْ يُلُنْدِي *saq yulundï* — چاچ يۇلۇندى. قُلْ يُلُنْدِي *kul yulundï* — قول ئازات قىلىندى، يەنى ئىگىسىگە ئۆزىنىڭ قىممىتىنى تولەپ ئازات بولدى. بُلُنْ يُلُنْدِي *bulun yulundï* — تۇتقۇن بوشىنىۋالدى، يەنى تۇتقۇن تولەم تولەپ بوشىنىۋالدى. اُرَاغُتْ يُلُنْدِي *uraqut yulundï* — خوتۇن ھەققى - مېھرىدىن كېچىپ ئېرىدىن ئاجراشتى (يُلُنُورْ - يُلُنْماقْ *yulunur - yulunmak*).

يَمَنْدِي yamandï يامىسۋالدى. آرْ تُونِنْ يَمَنْدِي *ər tonïn yamandï* — ئادەم تونىنى يامىسۋالدى (يَمَانُورْ - يَمَانْماقْ *yamanur - yamanmak*).

يُمُنْدِي yümündi يۇمىدىغاندەك كورۇندى. اُلْ كُوزِنْ يُمُنْدِي *ol kəzin yümündi* — ئۇ كوزىنى يۇمدى-

ـغاندەك كورۈندى (يۈمنۈر - يۈمنماك① - yüminür
(yüminmək.

يۆنندى yonundi يونۈيدىغاندەك كورۈندى. ئۇل يىغاچ يۆنندى
يونۈيدىغاندەك — ئۇ ياغاچ yonundi ol yïqaq
كورۈندى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (يۆنىنۈر - يۆنىنماق
(yonïnur - yonïnmak.

## بۇ باپتىكى باشقا بىر تۇر

يەيندى yayïndi يايقۇالدى ~ چايقۇالدى. ئۇل سۇدا
تونىن يەيندى yayïndi tonïn suvda ol — ئۇ سۇدا
كىيىمىنى چايقۇالدى (يەينۈر - يەينماق - yayïnur
(yayïnmak.

## ئاخىرى ھەرپى ئىللەتلىك سۆزلەر

يۇبادى yubadï سەل قارىدى، پەسەنت قىلمىدى، ئەھمىيەت

---

① يازما نۇسخىدا بۇ پىيىلنىڭ مەستىرى ئاۋال «ق - k» بىلەن يېزىلىپ، كېيىن «ك - k» گە ئۆزگەرتىلگەن. بىز ئۆزگەرتىلگەن شەكلىگە ئاساسلاندۇق.

بەرمىدى. اَرْ اِشْغْ يُبادي ər ixiq yubadi — ئادەم
ئىشقا ئەھمىيەت بەرمىدى (يُبارْ - يُباماقْ yubar -
yubamak).

**يِذيدي** yïzïdï يىدىدى، سىپسىدى. اَتْ يِذيدي at —
yïzïdï گوش يىدىدى. ھەرقانداق نەرسىنىڭ يىدىش
قىلىشىغىمۇ مۇشۇ سوز ئىشلىتىلىدۇ (يِذِيرْ - يِذيماقْ
yïzïr - yïzïmak).

**يَرُودي** yarudï يورۇدى. كُونْ يَرُودي kün yarudï —
كۈن يورۇدى. قاراڭغۇ جاي يورۇسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ
(يَرُورْ - يَرُوماقْ yarur - yarumak).

**يَرادي** yaradï ياردى. اُلْ نانِڭْ اَنكَرْ يَرادي ol nəŋ —
aŋar yaradï ئۇ نەرسە ئۇنىڭغا ياردى (يَرارْ-يَراماقْ
yarar - yaramak). ھەرقانداق بىر نەرسىنىڭ ماس
كېلىشى ۋە يارىشىغىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ. ماقالىدا
مۇنداق كەلگەن: آتا تُونِي اُغْلْقا يَراسا آتاسِنْ تِلامَاسْ
— ata tonï oqulka yarasa atasïn tïləməs
ئاتىسىنىڭ تونى ئوغلىغا يارىسا، ئاتىسىنى خالىماس.
يەنى ئاتىسىنىڭ كىيىمى ئوغلىغا ياراپ قالسا، ئۇنى
مىراس قىلىپ ئېلىش ئۈچۈن ئاتىسىنىڭ ھايات تۇرۇشىنى
خالىمايدۇ. بۇ سوزنىڭ ئاخىرقى قىسمىنىڭ باشقا بىر

مەنىسىمۇ بار: ئۇ ۋاقىتتا ئوغۇل ئاتىسىغا مۇھتاج بولمايدۇ. ئوغۇزلارنىڭ «يُولْ يَراسُنْ — *yol yarasun* يولىڭىز ياراشسۇن، ئاق يوللۇق بولۇڭ» دىگىنىمۇ مۇشۇ سوزدىن ئېلىنغان.

يُرِيدي yorïdi يۈردى، ماڭدى. ئَرْ يُرِيدي — *ər yorïdi* ئادەم يۈردى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق. ھەرقانداق نەرسە-نىڭ يۈرۈشىگىمۇ شۇنداق دىيىلىدۇ (يُرِيرْ - يُرِيماق (*yorïr - yorïmak*). ماقالىدا مۇنداق كەلگەن: تُنْلا يُرُبْ كُنْدُزْ سَڤْنُورْ كِچِكْدا اَڤْلَنِبْ اُلْغاذُو سَڤْنُورْ — *tünlə yorup kündüz səvnür kiqikdə əvlənip ulqazu səvnür* كېچىلەپ يۈرسە كۈندۈزى سۆيۈنەر، كىچىك ئۆيلەنسە ياشانغاندا سۆيۈنەر. يەنى كېچىسى يول ماڭسا كۈندۈزى خوشال بولىدۇ، چۈنكى ماڭغان يولى كۆزگە كۆرۈنمەي قالىدۇ؛ ياشلىقىدا ئۆيلەنسە ياشانغىنىدا خوشال بولىدۇ، چۈنكى بالىلىرى ئۇنىڭ ئېھتىياجىدىن چىقىدۇ-دە، ئۇ ئارام ئېلىپ قالىدۇ.

يِرادي yïradi يىراقلاشتى. يِرادي نانْكْ — *yïradi nəŋ* نەرسە يىراقلاشتى (يِرارْ - يِراماقْ (*yïrar - yïramak*).

يَزادي yazadi باھارنى ئۆتكۈزدى. ئَرْ قِشْلاغْدا يَزادي

ər kixlaqda yazadi — ئادەم باھارنى قىشلاقتا ئۆتكۈزدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (يَزارْ - يَزاماقْ yazar - yazamak).

يُزادي yozadi: قُويْ يُزادي koy yozadi — قوي قىسىر قالدى. ھەرقانداق بىر ھايۋان ئەركىكى چاپىقاندىن كېيىنمۇ قىسىر قالسا شۇنداق دېيىلىدۇ. پەقەت بايتالغا بۇ سۆز ئىشلىتىلمەيدۇ. «بِي قِسِرْ بُلْدي bi kīsir boldi — بايتال قىسىر قالدى» دېيىلىدۇ (يُزارْ - يُزاماقْ yozar - yozamak).

يَزادي yəzədi جېسەدى ~ دېسەدى، تەكشۈردى.

يَزاكْ قَمُغْ يِرِكْ يَزادي yəzək kamuq yərig yəzədi — جېسەكچى قىسىم (دۈشمەن بولۇپ قالمىسۇن دەپ) پۈتۈن يەرنى جېسەپ چىقتى (يَزارْ - يَزاماكْ yəzər - yəzəmək). بۇ سۆز ئاز ئىشلىتىلىدۇ.

يَشادي yaxadi ياشىدى. اَرْ اُزُونْ يَشادي ər uzun yaxadi — ئادەم ئۇزۇن ياشىدى (يَشارْ - يَشاماقْ yaxar - yaxamak).

يَرُودي yarudi يورۇپ - ياشناپ كەتتى؛ خۇشال بولدى.

اَرْ يَرُودي يَشُودي ər yarudi yaxudi — ئادەم

يورۇپ ـ ياشناپ كەتتى، يەنى خوشال بولدى. بۇ سوز يالغۇز ئىشلىتىلمەيدۇ، «يَشُودى» بىلەن بىللە ئىشلىتىلىدۇ (يَرُورْ، يَشُورْ ـ يَرُوماقْ، يَشُوماقْ yarur، yaxur ـ yarumak، yaxumak).

**يَغُودى** yaqudi يېقىنلىدى، يېقىنلاشتى. بَلِكْ كَلْماكِى يَغُودى — bəg kəlməki yaqudi بەگنىڭ كېلىشى يېقىنلاشتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (يَغُورْ ـ يَغُوماقْ yaqur ـ yaqumak).

**يَلادى** yaladi يالا چاپلىدى، تۆھمەت قىلدى. اُلْ اَنْكَرْ اُغْرى يَلادى — ol aŋar oqri yaladi ئۇ ئۇنىڭغا ئوغرى دەپ يالا چاپلىدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (يَلارْ ـ يَلَماقْ yalar ـ yalamak).

**يُلادى** yələdi يولىدى، تەرەك قويدى. اُلْ تامِغْ يُلادى — ol tamïq yələdi ئۇ تامنى يولىدى، يەنى تامغا تەرەك قويدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (يُلارْ ـ يُلاماكْ yələr ـ yələmək). شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

اُلُغْنِي تِلارْمَنْ
تَقارِينْ يُلارْمَنْ

تلَاكْنى بُلارْمَنْ

يلقِمْ اَنَكَرْ اُپْلَنُورْ

*uluqnï tilərmən*
*tavarïn yələrmən*
*tiləkni bularmən*
*yïlkïm aŋar üplənür*

[ئۇلۇغلۇقنى تىلەيمەن،
تاۋار بىلەن يۆلەيمەن،
تىلەككە ئېرىشىمەن،
ئاتاغا مېلىم سەرپ قىلىندۇ.]

ئىلىم ئىستەيمەن، ئۇنى مال بىلەن يۆلەيمەن -- بۇ يەردە ئۇلۇغلۇق كوزدە تۇتۇلىدۇ — شۇ يول بىلەن تىلىگىمگە ئېرىشىمەن، بۇنىڭ ئۈچۈن مال ـ مۈلكۈمنى پۈتۈنلەي سەرپ قىلىمەن.

يُلِيدى yülidi: چۈشۈردى. اَرْ سَجْ يُلِيدى *ər saq yülidi* —

ئادەم چاچ چۈشۈردى (يُلِيرْ ـ يُلِيماكْ *yülir - yülimək*).

يُلَيدى yulidi: بَكْ بُذُونُغْ يُلَيدى *bəg bozunuq* —

*yulïdi* بەگ جامائەتكە ياردەم قىلدى[1] (يُلِير - يُلِيماق (*yulïr - yulïmak*)[2].

**يِلِيدِي** yïlidi يىلىدى ~ ئېلىدى. سُفْ يِلِيدِي — *suv yïlïdi* سۇ ئېلىدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (يِلِيرْ - يِلِيماقْ (*yïlïr - yïlïmak*).

**يَمادِي** yamadï يامىدى. اُلْ تُونْ يَمادِي — *ol ton yamadï* ئۇ تون يامىدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق

---

① يازما نۇسخىدا بۇ جۈملە ئەرەبچە «اَىْ اَغانَ الاَمِيرُ عَلَى القَوْمِ» دەپ بېرىلگەن. لېكىن بۇ جۈملىدىكى «يُلِيدِي *yulïdi*» پېئىلىنىڭ يازما نۇسخا 423 - بەتتىكى مەجبۇرى دەرىجىسى ۋە 476 - بەتتىكى ئومۇملۇق دەرىجىلىرىگە قارىغاندا، «بۇلاڭ - تالاڭ قىلدى» دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئەرەبچىدە «اَىْ اَغارَ الاَمِيرُ عَلَى القَوْمِ» دەپ بېرىلىشى كېرەك ئىدى. بىز تەرجىمىدە ئۆزگەرتمىدۇق.

② يازما نۇسخىدا بۇ پېئىل «يُلَيدِي، يُلَيرْ، يُلَيماقْ» شەكلىدە يې - زىلغان. بىز بۇ يەردىكى سۆزلەرنىڭ ۋەزنى ۋە بۇ پېئىلنىڭ باشقا دەرىجىلىرىگە ئاساسەن، ئىككىنچى بوغۇمدىكى «ى - يا» ھەرپىنى كەسرىنىڭ بەلگىسى ھېسابلاپ، بۇ پېئىلنى «*yulïdi*»، «*yulïr*»، «*yulïmak*» دەپ ئالدۇق.

(يَمار - يَماماق yamamak - yamar)①.

**يَنُودي** yanudi كاپلىدى، بىلىدى. اَرْ بِچاك يَنُودى ər — piqək yanudī ئادەم پىچاق بىلىدى. قىلىچ ۋە شۇ- نىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنى كاپلاشقىمۇ شۇنداق دىيىلىدۇ. بىلەپ ئىتتىتىلگەندىن كىيىن قولغا كاپلىسىمۇ مۇشۇ سوز ئىشلىتىلىدۇ (يَنُور - يَنُوماق yanumak - yanur).

**يَنيدي** yənidi يەنگىدى، تۇغدى. اُراغُتْ يَنيدي uraqut— yənidi خوتۇن يەنگىدى (يَنِيْر - يَنِيماكْ - yənir yənimək).

بۇ سوز پەقەت خوتۇنلارنىڭ تۇغۇتىغىلا ئىشلىتىلىدۇ. هايۋانلارغا نىسبەتەن، تۇغۇلغان نەرسىنىڭ ئېتى ئېلىنىپ، ئۇنىڭغا «لادي ladī//lədi» قوشۇمچىسى قوشۇلسا، تۇغقانلىقنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: ئىنەك تۇغسا «انكاكْ بُزاغولادي iŋək buzaqulađī — ئىنەك موزاي- لىدى» دىيىلىدۇ. بۇنىڭدا «بُزاغو buzaqu» سوزىگە «لادي ladī//lədi» قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ تۇغقانلىقنى بىلدۈرىدىغان پېئىل ياسالغان. قوش بالىسىغا «بَلا bala» دىيىلىدۇ. «قۇش تۇغدى» دىمەكچى بولسا،

① يازما نۇسخىدا بۇ پېئىلنىڭ كەلگۈسى زامان شەكلى ۋە مەستەرى بېرىلمىگەن. بىز قوشۇپ قويدۇق.

يۇقۇرىدىكى قائىدىگە مۇۋاپىق «قُشْ بَلالادي *kux* —

*balaladi* قۇش باللىدى» دېيىلىدۇ. پەقەت بايتال ئۈچۈن بولىداق دېيىلمەيدۇ، چۈنكى بايتال بالىسىغا «قُلُنْ *kulun* — قۇلۇن» دېيىلىدۇ. بايتال تۇغسا، «قِسْرَقْ قُلْنادي *kisrak kulnadi* — بايتال قۇلۇنلىدى» دېيىلىدۇ. بۇ يەردە قائىدە بويىچە «قُلُنْلادي *kulunladi*» دېيىلىشى كېرەك ئىدى، ئۇنداق دېيىلمىدى. چۈنكى «ل - *l*» بىلەن «ن - *n*» تاۋۇشلىرى بىر ئورۇندىن چىقىدىغان بولغاچقا، ئۆز ئارا ئورۇن ئالماشتۇرىدۇ①. بۇنىڭ بىلەن سۆز يېنىكلەيدۇ. يەنە «اَرْسْلانْ اَنُكْلادي *arslan ənükladi* — ئارسلان ئاسلانلىدى» دېيىلىدۇ. باشقىلاردىمۇ شۇنداق.

«اُراغْتْ يَنيدي *uraqut yənidi* — خوتۇن يەنگىدى» سۆزىنىڭ ياسىلىشىغا ئىككى خىل قاراش مۇمكىن: بىرىنچى، بۇ سۆز «يَنِكْ نانْكْ *yənig nəŋ* — يېنىك نەرسە» سۆزىدىن ئېلىنغان. خوتۇن يۈكنى قويۇش يەنى تۇغۇش بىلەن يېنىكلەيدۇ، شۇڭا «يَنيدي *yənidi* — يەنگىدى» دېيىلىدۇ. «ن - *n*» ھەرپى

---

① بۇ يەردە بىر ئاز ئېنىقسىزلىق بار. «قُلْنادي *kulnadi*» سۆزىدە ھەرپ ئالمىشىش كۆرۈلمەيدۇ.

بۇ يەردە كەسرىلىك قىلىنغان، ھالبۇكى قائىدە بويىچە زەممىلىك ئۇقۇلسا بولاتتى.

ئىككىنچى، بۇ سوز «يېن yən» سوزىدىن ئېلىنغان بولۇپ، «تەن» دېمەكتۇر. بۇ «خوتۇن ئوزىدىن بىر تەن چىقاردى» دېگەنلىكتۇر. بۇنىڭ ھەر ئىككىلىسى ياخشى.

ئۈچ ھەرپلىكلەر باپلىرى تۈگىدى.

# تۆت ھەرپلىكلەر باپلىرى

## فَعْلَلْدِي fə'ləldi شەكلىدە ئىككىنچى ھەرپى ساكىنلىق كەلگەن ھەرخىل ھەرىكىلىك سۆزلەر بابى

يَلْپِرَدِي yəlpirdi يەلپۈدى، ئەستى؛ ئىغاڭلىدى. يَلْ يَلْپِرَدِي — *yəl yəlpirdi* سەلكىن يەلپۈدى، يەنى ئەستى.

ئَرْ يَلْپِرَدِي *ər yəlpirdi* — ئادەم (جىن تەگكەندەك) ئىغاڭلىدى①.

يَلْپِرَدِي yəlpirdi② نەملەندى. كَبَاكْ يَلْپِرَدِي — *kəpək*

---

① يازما نۇسخىدا بۇ پېئىلغا كەلتۈرۈلگەن ئىككى مىسالدا پېئىلنىڭ «ر - پ» ھەرپى فەتھە بىلەن كەلگەن بولسىمۇ، بۇ باپنىڭ ۋەزنىگە ئۇيغۇن كەلمىگەنلىكتىن، ساكىنلىق ئالدۇق.

② يازما نۇسخىدا بۇ پېئىلدىكى «ر - پ» ھەرپى فەتھە بىلەن كەلگەن بولسىمۇ، بۇ باپنىڭ ۋەزنىگە ئۇيغۇن كەلمىگەنلىكتىن، ساكىنلىق قىلىپ ئالدۇق.

يامغۇر چۈشسىمۇ ئىرگە سۇس يامغۇر چۈشسىمۇ yəlpirdi كېپەك ئەملەندى. يەرگە سۇس يامغۇر چۈشسىمۇ

شۇندىداق دېيىلىدۇ. يغمر يلبِرَدي —yaqmur yəlpirdi

يامغۇر يەرنى نەملىدى (يلبِراز - يلبِرماك - yəlpirər

yəlpirmək).

يبترْدي yapturdi ياپتۇردى، ئەتتۇردى. اُلْ اَنكَرْ قبغْ

يبترْدي ol aŋar kapuq yapturdi — ئۇ ئۇنىڭغا

قوۋۇق ياپتۇردى. اُلْ اَنكَرْ تامْ يبترْدي ol aŋar —

ئۇ ئۇنىڭغا تام ئەتتۇردى. tam yapturdi اُلْ اَنكَرْ

اَتْماكْ يبترْدي ol aŋar ətmək yapturdi — ئۇ

ئۇنىڭغا نان ياپتۇردى (يبترر - يبترماق - yapturur

yapturmak).

يتّرْدي yatturdi ياتقۇزدى؛ ياتقۇزدى. اُلْ اَنكَرْ تُشاكْ

يتّرْدي ol aŋar təxək yatturdi — ئۇ ئۇنىڭغا

توشەك ياپتۇردى. ھەرقانداق نەرسىنىڭ يېيىلىشىنىمۇ شۇ

سۆز ئىشلىتىلىدۇ (يتّرر - يتّرماق yatturur - yatturmak).

سۆزنىڭ ئەسلى «يذْترْدي yaźturdi» بولۇپ، ئىدغام

قىلىنغان. مَنْ اَنكَرْ سوسِنْ يتّرْدمْ mən aŋar süsin —

yatturdum مەن ئۇنىڭغا قوشۇنىنى تارقاتقۇزدۇم. باشقى-
لاردىمۇ شۇنداق.

يتُّرْدُمْ yotturdum سۈرتكۈزدۈم، ئۆچەرتتىم. مَنْ اَنكَرْ بِتِكْ يتُّرْدُمْ — man aŋar bitik yotturdum — مەن ئۇنىڭغا خەت ئۆچەرتتىم. سۆزنىڭ ئەسلى «يذتردم yoźturdum» دۇر. ھەرقانداق بىر نەرسىنى ئىزى يوقالغۇدەك دەرىجىدە سۈرتۈپ ئۆچەرتىشكىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (يتررمن - يترماق yotturumən - yotturmak).

يِتُّرْدِى yittürdi يۈتتۈرگۈزدى، يوقاتتۇردى. اُلْ اَنكَرْ يَرْماقِنْ يِتُّرْدِى — ol aŋar yarmakïn yittürdi — ئۇ ئۇنىڭغا يارمىقىنى (پۇلىنى) يوقاتتۇردى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (يِترر - يِترماك yittürür - yittürmək). بىر نەرسىنى يىغىشتۇرۇپ ياكى بوخچىغا سېلىپ بىراۋغا ساقلاتسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ. سۆزنىڭ ئەسلى «يذتردم yiźtürdüm①» بولۇپ، ئىدغام قىلىنغان.

يَرْتُرْدِى yarturdi ياردۇردى. اُلْ اَنكا يِغاج يرتردى — ol

---

① يازما نۇسخىدا بۇ كېيىنكى پېئىلنىڭ باش ھەرپى فەتھەلىك كەلگەن بولسىمۇ، بىز ئۇنى مۇشۇ پېئىلنىڭ ئەسلى شەكلى بولغىنى ئۈچۈن كەسرىلىك قىلىپ ئالدۇق.

*aŋa yïqaq yarturdï* ئۇ ئۇنىڭغا ياغاچ ياردۇردى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (يَرْتُرُر- يَرْتُرْمَاقْ *yarturur - yarturmak*).

يَرْتُرْدِي yərtürdi يېردۇردى. اَلْ اَنْكَرْ بُتِقْ يَرْتُرْدِي — *ol aŋar putïk yərtürdi* ئۇ ئۇنىڭغا شاخ يېردۇردى (يَرْتُرُر- يَرْتُرْمَاكْ *yərtürür - yərtürmək*).

يَزْتُرْدِي yazturdï يەشتۇردى. اَلْ اَنْكَرْ تُكُونْ يَزْتُرْدِي — *ol aŋar tügün yazturdï* ئۇ ئۇنىڭغا تۈگۈن يەشتۇردى (يَزْتُرُر- يَزْتُرْمَاقْ *yazturur - yazturmak*).

يَزْتُرْدِي yazturdï ئازدۇردى، ئېزىقتۇردى، خاتالاشتۇردى. اَلْ اَنِي اُقْتَا يَزْتُرْدِي — *ol anï okta yazturdï* ئۇ ئۇنى ئوق ئېتىشتا ئازدۇردى. سوزدە ئازدۇرۇلسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (يَزْتُرُر - يَزْتُرْمَاقْ *yazturur - yazturmak*).

يُزْتُرْدِي yüztürdi ئۈزدۈردى، سويدۇردى. اَلْ اَنْكَرْ قُوِي يُزْتُرْدِي — *ol aŋar koy yüztürdi* ئۇ ئۇنىڭغا قوي تېرىسىنى سويدۇردى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق. اَلْ اَنِي سُفْدَا يُزْتُرْدِي — *ol anï suvda yüztürdi* ئۇ ئۇنى سۇدا

ئۈزدۈردى (يزترر ـ يزترماك *yüztürür - yüztürmək*).

**يغتردى** yaqturdi ياغدۇردى. تنكرى يغمر يغتردى *təŋri* — تەڭرى يامغۇر ياغدۇردى *yaqmur yaqturdi*. باشقا نەرسىلەرنى ياغدۇرۇشمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (يغترر-يغترماق *yaqturur - yaqturmak*).

**يغتردى** yïqturdï يىغدۇردى، دۆۋىلەتتى، جەملەتتى؛ توستى. اُلْ انكرْ ترغ يغتردى *ol aŋar tarïq yïqturdï* — ئۇ ئۇنىڭغا بۇغداي دۆۋىلەتتى، يەنى جەملەتتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق. شۇنىڭدەك ئادەم تاماقتىن ۋە باشقا نەرسىلەردىن توختىتىلسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (يغترر- يغترماق *yïqturur - yïqturmak*).

**يغتردى** yüvtürdi①: اُلْ قداشنكا نانك يغتردى *ol kadaxïŋa nəŋ yüvtürdi* — ئۇ يېقىنلىرىغا ۋە قېرىنداشلىرىغا مال بەرگۈزۈپ يېقىنچىلىق قىلدۇردى (يغترر- يغترماك *yüvtürür - yüvtürmək*).

① يازما نۇسخىدا بۇ پېئىل «يغتردى» شەكلىدە يېزىلغان بولسىمۇ، بىز ئۇنىڭ مەنىسىگە ئاساسەن «يغدى *yüvdi* — ياردەم قىلدى» پېئىلىنىڭ مەجبۇرى دەرىجە شەكلى دەپ ھېساپلاپ، «*yüvtürdi*» دەپ ئالدۇق.

**يقتردى** yuvturdi يۇمۇلاتقۇزدى، دۇگىلەتتۇردى. ال تپق يقتردى — ol topik yuvturdi — ئۇ توپنى يۇمۇلاتقۇزدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (يقترر- يقترماق yuvturur-yuvturmak).

**يقتردى** yakturdi ياقتۇردى؛ ئوت قويدۇردى. ال باشقا يقغ يقتردى — ol baxka yakïq yakturdi — ئۇ جاراھەتكە مەلھەم ياقتۇردى. ال انىڭ اۋىنكا اوت يقتردى — ol anïŋ əviŋə ot yakturdi — ئۇ ئۇنىڭ ئۆيىگە ئوت قويدۇردى (يقترر- يقترماق yakturur - yakturmak). كىشى بىر نەرسىگە ئېگىپ كەتسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ.

**يقتردى** yukturdi يۇقتۇردى. ال انىڭ تونىنكا يپار يقتردى — ol anïŋ toniŋa yïpar yukturdi — ئۇ ئۇنىڭ تونىغا (كىيىمىگە) ئىپار يۇقتۇردى (يقترر - يقترماق yukturur-yukturmak).

**يقتردى** yïkturdi يىقتۇردى ~ يىقىتتۇردى. ال انىڭ اۋىن يقتردى — ol anïŋ əvin yïkturdi — ئۇ ئۇنىڭ ئۆيىنى يىقىتتۇردى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (يقترر-يقترماق yïkturur - yïkturmak).

يِكْتُرْدي yiktürdi: تارْ آتُلكْ آذاقِغ يِكْتُرْدي tar ətük — azakïq yiktürdi تار ئۆتۈك ئاياقنى قىسىپ قويدى، يالاپ كەتتى (يِكْترر ـ يِكْترماك yiktürür-yiktürmək).

يَلْتُرْدي yalturdi يالىلداتتى. تُبي اُوتغ يَلْتُرْدي tüpi — otuq yalturdi شامال ئوتنى يالىلداتتى (يَلْترر ـ يَلْترماق yaltarur - yalturmak).

يُلْتُرْدي yulturdi يۇلدۇردى؛ قۇتۇلدۇردى. اُلْ بلُننغ يُلْتُردي ol bulunuq yulturdi — ئۇ تولەم بېرىپ تۇتقۇننى قۇتقۇلدۇردى. اُلْ تَقاغُوني يُلْتُردي ol takaquni — yulturdi ئۇ توخۇنى يۇلدۇردى، يەنى توخۇنىڭ پەيلە-رىنى يۇڭلىلاتتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق. يۇڭلۇق بولغان ھەرقانداق نەرسىنىڭ يۇڭىنى يۇلدۇرۇشقىمۇ مۇشۇ سوز ئىشلىتىلىدۇ. اُلْ قُلِن يُلْتُردي ol kulïn yulturdi — ئۇ قۇلىنى تولەم بەرگۈزۈپ (قۇللۇقتىن) قۇتقۇلدۇردى (يُلْترر ـ يُلْترماق yulturur - yulturmak).

يُمْتُرْدي yümtürdi يۇمدۇردى. اُلْ اَنِكْ كُوزِنْ يُمْتُردي ol aniŋ kəzin yümtürdi — ئۇ ئۇنىڭ كوزىنى يۇمدۇردى (يُمْترر ـ يُمْترماك yümtürür-yümtürmək).

يېپجۇردى yapqurdi يېپىشتۇردى. ئۇ ئاقا يۈك يېپجۇردى ol — okka yük yapqurdi ئۇ ئوققا يۈك يېپىشتۇردى.

«ۋ - v» بىلەن «يېۋجۇردى yavqurdi» دېيىلىدىغان شەكلىمۇ بار (يېپجۇرۇر - يېپجۇرماق yapqurur-yapqurmak).

يۇنجىردى yunqirdi يامانلاشتى، يامانلىششقا يۈز تۇتتى. ئەر ئىشى يۇنجىردى ər ixi yunqirdi — ئادەمنىڭ ئىشى يامانلىششقا يۈز تۇتتى (يۇنجىرار - يۇنجىرماق yunqirar-yunqirmak).

يەلدىردى yəldirdi①: يەل يەلدىردى yəl yəldirdi — شامال چىقتى (يەلدىرار - يەلدىرمەك yəldirər - yəldirmək).

يۇمدۇردى yumdardi يىغدى، توپلىدى. ئۇ كىشىنى يۇمدۇردى ol kixini yumdardi — ئۇ كىشىلەرنى يىغدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (يۇمدۇرۇر - يۇمدۇرماق yumdarur - yumdarmak).

---

① يازما نۇسخىدا بۇ پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامانىدا بىرىنچى «ى - يا» ھەرپى ھەم فەتھەلىك، ھەم كەسرىلىك يېزىلغان. بىز ئۇنىڭ كەلگۈسى زامان ۋە مەستەر شەكلىنىڭ فەتھەلىك كەلگىنىگە ئاساسەن، فەتھەنى ئىناۋەتلىك ھېساپلىدۇق.

ينْدُردي yandurdï ياندۇردى، قۇستى. اُل آنى آفكا ينْدُردي — ol anï əvgə yandurdï — ئۇ ئۇنى ئۆيگە ياندۇردى. اَر ينْدُردي — ər yandurdï — ئادەم ياندۇردى، يەنى قۇستى. بۇ سوز «ينْدي yundï» دەپمۇ ئېيتىلىدۇ. قورقۇتۇش ئۈچۈنمۇ بو سوز ئىشلىتىلىدۇ. باشقىلاردىمۇ شۇنداق. (ينْدُرُر - ينْدُرْماق yandurur - yandurmak)①.

ينْدُردي yindürdi ئاختۇرتتى ~ ئاختۇرغۇزدى. انِك اَفِن ينْدُردي anïŋ əvin yindürdi — ئۇنىڭ ئۆيىنى ئاختۇرتتى، يەنى ئۇ يوقاتقان نەرسىسىنى گۇمان قىلىپ، ئۇنىڭ ئۆيىنى ئاختۇرتتى (ينْدُرُر - ينْدُرْماك yindürür - yindürmək).

---

① يازما نۇسخىنىڭ بۇ يېرىدە بۇ پېئىلنىڭ بىرىنچى ھەرپى زەممىلىك يېزىلغان بولسىمۇ، باشقا ئورۇنلاردا فەتھىلىك يېزىلغان. بىز ئاپتورنىڭ «يُنْدي yundï» شەكلىمۇ بار، دەپ كۆرسەتكىنىگە ۋە بۇ پېئىلنىڭ باشقا ئورۇنلاردىكى «يَنْغ» شەكلىگە ئاساسەن، بۇ يەردە بىرىنچى ھەرپىنى فەتھىلىك قىلىپ، «yandurdï، yandurur، yandurmak» دەپ ئالدۇق.

يَپشُرْدِي yapxurdï يېپىشتۇردى. اوقا يلِم يپشُردي — okka yəlim yapxurdï ئۇ ئوققا يېلىم (بىلەن پەي) يې-پىشتۇردى①. بۇ سۆزنىڭ «ج - q» بىلەن ئېيتىلىدىغان شەكلىمۇ بار (يپشرر - يپشرماق yapxurur-yapxurmak). شۇنىڭغا ئوخشاش بۇ خۇسۇسىيەت ئەرەپچىدىمۇ بار، «بهرام چوبين» سۆزى ئەرەپچىلەشتۈرۈلۈپ «شوبين» دېيىلگەنىدەك.

يَتغُرْدي yatqurdï ياتقۇزدى. اُل آني يتغردي — ol anï yatqurdï ئۇ ئۇنى ياتقۇزدى، ئۇخلاتتى (يتغرر - يتغرماق yatqurur - yatqurmak).

يَلْفَرْدي yalvardï يالۋاردى~ يالۋۇردى. اُل منكا يلفردي — ol maŋa yalvardï ئۇ ماڭا يالۋۇردى ۋە مۇرات-مەقسىتىنى ھاسىل قىلىشنى تىلىدى (يلفرر - يلفرماق yalvarur - yalvarmak).

يَلْفِرْدي yəlvirdi يەلپۈندى، لەپىلدىدى. تُلْفِر يَلْفِرْدي — tülvir yəlvirdi كېلىننىڭ كوشۇگىسى (چىمىلدىقى)

---

① بۇ مىسالدىكى «اوقا» نىڭ ئەرەپچىسى يوق. بىز ئەسلى تېكىست بويىچە تەرجىمە قىلدۇق.

لەپىلدەيدى (يەلۋىرار ـ يەلۋىرماك① yəlvirər - yəlvirmək).

يىلمىردى yilmirdi ئىلغىلى تۇردى، ئىلاي دېدى. سۇۋ يىلمىردى suv yilmirdi — سۇ ئىلاي (ئىسساي) دەپ قالدى (يىلمىرار ـ يىلمىرماك yilmirər - yilmirmək)②.

## بۇ باپتىكى باشقا بىر تۈر

يەيتۇردى yayturdi چايقاتتى. ال تونىن سۇۋدا يەيتۇردى ol — tonin suvda yayturdi ئۇ تونىنى سۇدا چايقاتتى. ھەرقانداق نەرسە سۇدا چايقىتىلسا، مىدىرلىتىلسا شۇنداق

① يازما نۇسخىدا بۇ پېئىلنىڭ مەستىرى ئاۋال «يەلۋىرماق» شەكلىدە يېزىلىپ، كېيىن ئۈستىگە «ك ـ k» ھەرپىنى قوشۇپ، «يەلۋىرماكق» قىلىپ تۈزىتىلگەن. بۇ سۆز «يەل yəl» دىن ياسالغانلىقى ئۈچۈن، بىز ئۇنىڭ مەستىرىنى «ك ـ k» بىلەن «yəlvirmək» دەپ ئالدۇق.

② بۇ پېئىلنىڭ مەستىرى ئۇنىڭ باشقا دەرىجىلىرى ۋە ئۇنىڭغا سۆز ياساش ئۈچۈن قوشۇلغان قوشۇمچىلارنىڭ ئارقا سۆزۈك تاۋۇش بىلەن قوشۇلغىنىدىن قارىغاندا «ق ـ ḳ» بىلەن كېلىشى لازىم ئىدى. بىز بۇ يەردە يازما نۇسخىدىكى شەكلى بويىچە «ك ـ k» بىلەن ئالدۇق.

دېيىلىدۇ (يېتىر - يېتىرماق yayturmak - yayturur).

يەلپىشدى yəlpixdi يەلپۈشتى، قورۇشتى. ئۇ ئانىڭ سىڭەك يەلپىشدى — ol aŋar siŋək yəlpixdi ئۇ ئۇنىڭغا چىۋىن قوغۇشۇپ بەردى. يەلپۈشۈپ بېرىشكەنۇ مۇشۇ سۆز ئىشلىتىلىدۇ (يەلپىشىر - يەلپىشمەك yəlpixmək - yəlpixür).

يەلپىشدى yəlpixdi ئەملەشتى. كەپەك يەلپىشدى — kəpək yəlpixdi كېپەك ئەملەشتى، ئەملەكتىن بىر - بىرىگە چاپلاشتى (يەلپىشۈر - يەلپىشمەك yəlpixmək - yəlpixür).

يىرتىشدى yïrtïxdï يىرتىشتى. ئۇ ئانىڭ بۆز يىرتىشدى — ol aŋar bəz yïrtïxdï ئۇ ئۇنىڭغا بۆز يىرتىشىپ بەردى. ياشقىلاردىمۇ شۇنداق (يىرتىشۇر - يىرتىشماق yïrtïxmak - yïrtïxur).

يورتىشدى yortuxdï يورتۇشتى. ئۇ مەنىڭ بىلە يورتىشدى — ol məniŋ bilə yortuxdï ئۇ مېنىڭ بىلەن ئات يورتۇشتى (يورتىشۇر - يورتىشماق yortuxmak - yortuxur).

يەبرىشدى yapruxdï يوپۇرۇشتى، تۈزلەشتى. ئۇ ئانىڭ يېر يەبرىشدى — ol aŋar yər yapruxdï ئۇ ئۇنىڭغا يەر

يوپيۇرۇشۇپ (تۈزۈلـشىپ) بـەردى (يپرشور - يپرشماق
.(yapruxur - yapruxmak

يترشدى yətrüxdi يەتكۈزۈشتى. الار اكّي بير بيرگا ات
يترشدى — olar ikki bir birgə at yətrüxdi ئۇلار
ئىككىسى بىر - بىرىگە ئات يەتكۈزۈشۈپ بەردى. باش -
قىلاردىمۇ شۇنداق (يترشور - يترشماك yətrüxür -
.(yətrüxmək

يشرشدى yaxruxdi يوشۇرۇشتى. الار سوزك يشرشدى
ئۇلار سوزنى يوشۇرۇشتى، — olar sözüg yaxruxdi
يەنى ئۇلار بىرلىكتە سوز يوشۇرۇشتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق
(يشرشور - يشرشماق yaxruxmak - yaxruxur).

يغرشدى yuoqruxdi يۇغۇرۇشتى، شىلىملاشتى. ال انكر اون
يغرشدى — ol aŋar un yuoqruxdi ئۇ ئۇنىڭغا ئۇن
(خېمىر) يۇغۇرۇشۇپ بەردى. سۆزك اغزدا يغرشدى
(شولگەي) تۈكۈرۈك — sužuk aoqizda yuoqruxdi
ئېغىزدا شىلىملاشتى (يغرشور - يغرشماق - yuoqruxur
.(yuoqruxmak

يكرشدى yügrüxdi يۈگرۈشتى. اغلان يكرشدى —oqlan

*yügrüxdi* بالىلار يۈگۈرۈشتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (يۈگرۈشۈر - يۈگرۈشماق *yügrüxür - yügrüxmək*①).

يەمرەشدى yamraxdi قوشۇلدى، ئارىلاشتى. قوزى يەمرەشدى — *kozi yamraxdi* قوزا (ساغلىقلارغا) قوشۇلدى. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

قوچنار تەكە سەشىلدى
ساغلىق سۈرۈك قوشۇلدى
سۈتلەر قامۇغ يۇشۇلدى
ئوغلاق قوزى يەمرەشۈر

*koqŋar təkə səxildi*
*saƣlik sürük koxuldi*
*sütlər kamuƣ yuxuldi*
*oƣlak kozi yamraxur*

[قوچقار، تېكە ئايرىلىدى،
ساغلىق پادىسى توپلاندى،

① بۇ پىيىلنىڭ مەتنىدىكى يازما نۇسخىدا «يۈگرۈشماق» شەكلىدە كەلگەن. سۆزنىڭ تەركىبىدە «ك - *g*» كەلگەنلىكتىن، ئۇنىڭ مەتنىدىمۇ «ك - *k*» بىلەن كېلىشى لازىم ئىدى. بىز ترانسكرىپسىيىدە تۈزەتتۇق.

سۈتلەر ھەممىسى ئاقتى،
ئوغلاق، قوزىلار قوشۇلدى.]

ياز تەسۋىرلىنىپ، شۇنداق دېيىلىدۇ: ياز كەلگەچكە قوچقار، تېكىلەر ساغلىق ۋە ئوچكىلەردىن ئايرىلدى، ساغلىق پادىلىرى سىغىشقا توپلاندى، يىلىنلىرىدىن كۆپلەپ سۈت ئاقتى، قوزىلار ئانىلىرىغا قوشۇلدى، قايتا سىغىلمىدى.

**يَمْرُشْدِي** yəmrüxdi يېمىرىشتى، قومۇرۇشتى. اُلْ اَنْگَرْ يِغاج يمرشدي — ol aŋar yïƣaq yəmrüxdi ئۇ ئۇنىڭغا دەرەخ قومۇرۇشۇپ بەردى (يمرشور - يمرشماك yəmrüxür - yəmrüxmək).

**يَتْغَشْدِي** yatoqaxdi يېتىشتى. اُلْ اَنِكْ بِرْلا يَتْغَشْدِي — ol aniŋ birlə yatoqaxdi ئۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە يېتىشتى (يتغشور - يتغشماق yatoqaxur - yatoqaxmak).

**يَلْغَشْدِي** yaloqaxdi يالاشتى. اُلارْ بال يَلْغَشْدِي —olar bal yaloqaxdi ئۇلار بال يالاشتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (يلغشور - يلغشماق yaloqaxur - yaloqaxmak).

**يُلْقَشْدِي** yulkaxdi شىلىندى. يُلْقَشْدِي ناناك — yulkaxdi nəŋ نەرسە شىلىندى (يلقشور - يلقشماق yulkaxur - yulkaxmak).

يۇلقۇشدى yulkuxdi يۇلۇشتى. ئۇلار بىر ئەكىندىدىن نانىڭ يۇلقۇشدى — olar bir əkindidin nəŋ yulkuxdī — ئۇلار بىر-بىرىدىن نەرسە (پايدا) يۇلۇشتى (يۇلقۇشۇر - يۇلقۇشماق ·(yulkuxur - yulkuxmak

يۆرگەشدى yərgəxdi يوگەشتى، چىرماشتى. يىغاچقا يىپ يۆرگەشدى — yiƣaqka yip yərgəxdi — دەرەخكە ئاغامچا يوگەشتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق. ھەرقانداق بىر نەرسە باشقا بىر نەرسىگە چىرماشسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (يۆرگەشۈر - يۆرگەشماك ·(yərgəxür - yəgrəxmək

يىپلەشدى yiplaxdi يىپلاشتى. ئوراغۇتلار يۈزىن يىپلەشدى — uraqutlar yüzin yiplaxdi — خوتۇنلار بىر-بىرىنىڭ يۈزىنى يىپلاشتى، بىر-بىرىنىڭ يۈزىگە يىپ سالدى (يىپلەشۇر - يىپلەشماق ·(yiplaxur - yiplaxmak

يىذلەشدى yiẑlaxdi يىدلاشتى ~ ھىدلاشتى، پۇراشتى. يىلقى يىذلەشدى — yilki yiẑlaxdi — ھايۋانلار ھىدلاشتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (يىذلەشۇر - يىذلەشماق yiẑlaxur - yiẑlaxmak)، ماقالىدا مۇنداق كەلگەن: كىشى سۆزلەشۇ يىلقى

يذلشو *kixi sozlaxü yilki yiżlaxu* — كشى سوزلشىپ،
هايۋان ھەدلشىپ. كىشىلەر ئۆز ئارا سوزلشىپ بىر-
بىرىنى چۈشەنگىنىدەك، هايۋانلارمۇ بىر-بىرىنى
ھەدلشىپ چۈشىنىشىدۇ.

يَذْلِشْدي yażlïxdi يېيىلىشتى. سُو يَذْلِشْدي — *sü yażlïxdi*
قوشۇن يېيىلىشتى، يەنى تەرەپ-تەرەپكە تارقىلىپ
كېتىشتى. سۇيۇق سىيا ناچار قەغەزگە يېيىلىپ كەتكىنىدەك،
ھەرقانداق نەرسە يەنە بىر نەرسىنىڭ ئۈستىدە
يېيىلىپ كەتسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (يَذْلِشُور - يَذْلِشْماق
*yażlïxur - yażlïxmak*).

يُذْلُشْدي yożluxdi ئوچۇپ كېتىشتى. بِتِكْلار يُذْلُشْدي
*bitiklər yożluxdi* — كىتاپتىكى خەتلەر ئوچۇپ
كېتىشتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (يُذْلُشُور - يُذْلُشْماق
*yożluxur - yożluxmak*).

يَزْلِشْدي yazlïxdi يېشىلىشتى. تُكُونْلار يَزْلِشْدي — *tügünlər*
*yazlïxdi* تۈگۈنلەر يېشىلىشتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق
(يَزْلِشُور - يَزْلِشْماق *yazlïxur - yazlïxmak*).

يِغْلِشْدي yïqlïxdi يىغىلىشتى. سُو قَمْغ يِغْلِشْدي — *sü*
*kamuq yïqlïxdi* پۈتۈن قوشۇن يىغىلىشتى (يِغْلِشُور -

يىغىلشماق ·(yiqlixur - yiqlixmak

**يۇغۇلشدى** yufluxdi يۇمۇلاشتى. قۇرۇملار قەمغ يۇغۇلشدى — بارلىق قورام تاشلار korumlar kamuq yufluxdi يۇمۇلاشتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (يۇغۇلشۇر - يۇغۇلشماق ·(yufluxur - yufluxmak

**يەملەشدى** yamlaxdi يامىلاشتى ~ يامداشتى، سۆيۈرۈشتى. اُل انكر اف يەملەشدى — ol aŋar əf yamlaxdi — ئۇ ئۇلىگغا ئۆي سۆيۈرۈشۈپ بەردى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (يەملەشۇر - يەملەشماق ·(yamlaxur - yamlaxmak

**يۇملشدى** yumluxdi يۇمۇلۇشتى. كۆزلار يۇملشدى — kəzlər yumluxdi كوزلەر يۇمۇلۇشتى (يۇملشۇر - يۇملشماق ·①(yumluxur - yumluxmak

---

① بۇ پىيىلنىڭ ئاددى دەرىجىسى (يازما نۇسخا 472 - بەت)، مەجبۇرى دەرىجىسى (يازما نۇسخا 485 - بەت)، سۆپەتداش شەكلى (يازما نۇسخا 468 - بەت) تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلىرى بىلەن بېرىلگەن. ئۆزلۈك دەرىجە مەستىرى (يازما نۇسخا 480 - بەت) ئاۋال «ق - k» بىلەن يېزىلىپ، كېيىن «ك - k»گە ئۆزگەرتىلگەن. شۇڭا بىز بۇ يەردىكى ئۆملۈك دەرىجىسىنى «yümlüxdi»، yümlüxür، «yümlüxmak» بولۇشى كېرەك، دەپ ھېساپلىساقمۇ، شۇ دەۋردىلا

**یرسقدی** yarsikdi ئايرىلىپ قالدى. ار اغلندن یرسقدی — ər oqlundīn yarsīkdī — ئادەم ئوغلىدىن ئايرىلىپ قالدى. ئوغلى بىلەن دادىسى چۆلدە يولدىن ئېزىپ، بىرى بىر تەرەپكە، يەنە بىرى باشقا بىر تەرەپكە كەتكىنىگە ياكى دۈشمەن قولىغا چۈشۈپ قالغىنىغا ئوخشاش (یرسقار ـ یرسقماق yarsīkar - yarsīkmak).

**یتسکتی** yətsikti ياشاندى؛ يېتىشىۋېلىندى. ار یتسکتی — ər yətsikti — ئادەم ياشاندى. قجغن ار یتسکتی — kaqqīn ər yətsikti — قاچقۇن ئادەمگە يېتىشىۋېلىندى (یتسکار ـ یتسکماك yətsikər - yətsikmək).

**یرتلدی** yīrtīldī يىرتىلدى، يىرتىلىپ كەتتى. تون یرتلدی — ton yīrtīldī — تون يىرتىلىپ كەتتى. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

آتسا اقن تزکرب کیم ترانی یغلجی
تاغغ اتب اغرسا اوزی قیی یرتلور

---

بۇ سۆزلۈكنىڭ ئىككى خىل ۋارىيانتى بولسا كېرەك، دېمەك ئەسلىنى ئۆزگەرتمەي، تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلىرى بىلەن ترانسكرىپسىيە بەردۇق.

*atsa okïn kəzgərip kim turanï yïoqdaqï*
*taoqïoq atïp ooqrasa əzi kuyï yïrtïlur*

[ئوقنى گەز چىقىرىپ ئاتسا كىم تۇرانى قوغداپ قالالىسۇن، تاققا قارىتىپ ئوق ئېتىلسا، (تاغنىڭ) ئۆزى ۋە ۋادىلىرى يىرتىلىدۇ (پارە-پارە بولىدۇ).]

زامانى تەسۋىرلەپ شۇنداق دەيدۇ: زامان ئوقنى گەزلەپ ئاتسا، كىم قورغاننى قوغداپ قالالىسۇن، ئەگەر ئۇ تاغنى نىشانلاپ ئاتسا، تاغنىڭ ئۆزىمۇ، ۋادىلىرىمۇ پارە-پارە بولۇپ كېتىدۇ.

يَسْتَلْدِى yastaldï ياستۇق قويۇلدى؛ تەگدى، چۈشتى.

يَسْتُقْ يَسْتَلْدِي *yastuk yastaldï* — ياستۇق قويۇلدى.

اُقْ اَمَجْقَا يَسْتَلْدِي *ok amaqka yastaldï* — ئوق نىشانغا تەگدى، چۈشتى (يَسْتَاُورْ - يَسْتَلْمَاقْ *yastalur* - *yastalmak*).

يَنْجِلْدِى yanqïldï يانچىلدى ~ يەنچىلدى، يانچىلىپ كەتتى، مىجىلىپ كەتتى.

قَاغُونْ يَنْجِلْدِي *kaoqun yanqïldï* — قوغۇن مىجىلىپ كەتتى. قوغۇنغا ئوخشاش نەرسىلەرنىڭ مىجىلىپ - يانچىلىپ كېتىشىگىمۇ مۇشۇ سۆز ئىشلىتىلىدۇ (يَنْجِلُورْ - يَنْجِلْمَاقْ *yanqïlur* - *yanqïlmak*).

يپرلدی yapruldi يپپشتی، چاپلاشتی، كگزلەشتی، ئۆپرەدی. بیر نانك بیركا يپرلدی — *bir nəŋ birgə yapruldi* بیر نەرسە بیر نەرسگە يپپشیپ كەتتی. تون يپرلدی — *ton yapruldi* تون ئۆپراپ، تاریلسیپ كەتتی (يپرلور ـ يپرلماق *yaprulur* ـ *yaprulmak*).

يترلدی yətrüldi يەتكۆزۆلدی. سنكق برنقا يترلدی — *soŋuk burunka yətrüldi* بیر نەرسنلك ئاخىری ئالدىغا يەتكۆزۆلدی (يترلور ـ يترلماك *yətrülür* ـ *yətrülmək*).

يغرلدی yuoqruldi يۇغۇرۇلدی. ان يغرلدی — *un yuoqruldi* ئۇن (خېمىر) يۇغۇرۇلدی (يغرلور ـ يغرلماق *yuoqrulur* ـ *yuoqrulmak*).

يغرلدی yïoqrïldi دۇگدەيدی، كىرىشتی. ار تمالغقا يغرلدی — *ər tumluoqka yïoqrïldi* ئادەم سوغۇقتىن دۇگدەيدی. تون يغرلدی — *ton yïoqrïldi* كىيىم يۇغانلىقتىن كىرىشتی (يغرلور ـ يغرلماق *yïoqrïlur* ـ *yïoqrïlmak*).

# بۇ باپتىكى باشقا بىر تۈر

يَيْقَلْدِي yaykaldi چايقالدى، داۋالغۇدى. سُوق يَيْقَلْدى
suv yaykaldi — سۇ چايقالدى. ھەرقانداق بىر سۇيۇق
نەرسىنىڭ چايقىلىشىنىمۇ مۇشۇ سوز ئىشلىتىلىدۇ. ھەر-
قانداق بىر نەرسىگە مايىل بولۇۋېرىدىغان ئادەممۇ بۇنىڭغا
ئوخشىتىلىپ «اَرْ كُنْكَلِي يَيَلْدِي يَيْقَلْدِي ər kəŋli —
yayïldï yaykaldï» دېيىلىدۇ. بۇ سوز ئاز ئىشلىتىلىدۇ
(يَيْقَلُورْ - يَيْقَلْمَاق yaykalur - yaykalmak).

يَلْبِنْدِي yəlpindi يەلپۈندى، شامال داردى. اُغْلَانْ يَلْبِنْدى
oqlan yəlpindi — بالىغا شامال داردى. اُلْ اُوزِنْكَا
يِيلْ يَلْبِنْدِي ol ezinə yəl yəlpindi — ئۇ ئوزىگە
شامال يەلپۈندى، يەنى ئوزىنى يەلپۈدى (يَلْبِنُورْ - يَلْبِنْمَاكْ
yəlpinür - yəlpinmək).

يِرْتِنْدِي yïrtïndi يىرتىلىدىغاندەك كورۈندى. اُلْ تُونِنْ
يِرْتِنْدِي ol tonïn yïrtïndi — ئۇ تونىنى يىرتىدىغاند-
ەك كورۈندى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (يِرْتِنُورْ - يِرْتِنْمَاق

(yïrtïnur - yïrtïnmak).

**يپجندی** yapqundi يپيشتی، يپيشىپ قالدی. اُقّا يلم يپجندی *okka yəlim yapqundi* — ئوققا يېلم (بىلەن پەي) يپيشتى. بىر نەرسە باشقا بىر نەرسىگە يپيشسىمۇ، چاپلانسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (يپجنور - يپجنماق *yapqïnur - yapqïnmak*). بۇ سوز «ش - *x*» بىلەن «يپشندی *yapxundi*»، «ڤ - *v*» بىلەن «يڤجندی *yavqundi*» دەپمۇ ئېيتىلىدۇ.

**تكرندی** yigrəndi① يېرگەندى، سەسكەندى، تىكەنلەشتى. آنڭ يىنى تكرندى *anïŋ yəni yigrəndi* — ئۇنىڭ تېنى سەسكەندى، تىكەنلەشتى. آر آتنى يكرندى *ər* —

---

① يازما نۇسخىدا بۇ پېئىل «تكرندی» شەكلىدە يېزىلغان. بىز بۇ يەردىكى سۆزلەرنىڭ «ت - *t*» بىلەن باشلىنىشى مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ۋە بىسىم ئاتالاينىڭ «تكرندی» پېئىلى ئاۋال «يكرندی» يېزىلىپ، كېيىن ئۆزگەرتىلگەنلىكى ھەققىدىكى ئىزاھىنى ھەم بۇ پېئىلنىڭ ھازىرقى تىلىمىزدا قوللىنىلۋاتقان شەكلىنى نەزەردە تۇتۇپ، بۇ پېئىلنى «*yigrəndi*» دەپ ئالدۇق.

*ətni yigrəndi* ئادەم ئەتىنى يىرگەندى، يەنى گوشنى
خام دەپ سەسكىنىپ يىمەسدى (يىگرەنۈر - يىگرەنمەك
*yigrənür - yigrənmək*).

**يەخسىندى** yahsïndi: ئار قەفتان يەخسىندى *ər kaftan* —
*yahsïndi* ئادەم تون پىچاقلەندى، يەنى تونىنى
يىگىنى ساپماي، ئىزمىسىنى ئەتمەي ئۆچسىغا ئارتىۋالدى.
كىپىنەك تون ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنىڭ
پىچاقلىنىشىغىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (يەخسىنۇر - يەخسىنماق
*yahsïnur - yahsïnmak*).

**يەرسىندى** yərsindi يەرلەشتى، ئولتۇراقلاشتى. ئار يىرىك
يەرسىندى *yərsindi yərig ər* — ئادەم بىر يەرنى
يۇرت قىلىۋالدى، يەنى شۇ يەرگە يەرلىشىپ قالدى
(يەرسىنۈر - يەرسىنمەك *yərsinür - yərsinmək*).

**يەمسىندى** yəmsindi يەۋاتقاندەك كورۇندى. ئار ئاش يەمسىندى
*yəmsindi ax ər* — ئادەم ئاش يىمىگەن بولسىمۇ،
ئوزىنى ئاش يەۋاتقاندەك قىلىپ كورسەتتى (يەمسىنۈر -
يەمسىنمەك *yəmsinür - yəmsinmək*).

**يەلغەندى** yaloqandi يالغۇالدى. ئار جىناق يەلغەندى *ər* —

qanak yalqandi ئادەم چاناق (ياغاچ ئاياق)نى
يالىۋالدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (يلغنور - يلغنماق
(yalqanur - yalqanmak.

يلڤندى yalvandi يالىۋالدى، يالىدى. ار اغزن يلڤندى
ər aqzin yalvandi — ئادەم تىلىنى چىقىرىپ ئاغزىنى
يالىۋالدى (يلڤنور - يلڤنماق (yalvanur - yalvanmak).

يلقندى yulkundi يۇلقۇندى، سويۇلۇپ كەتتى. يلقندى
نانك nəŋ yulkundi — نەرسە سويۇلۇپ كەتتى
(يلقنور - يلقنماق (yulkunur - yulkunmak).

يركندى yərgəndi يوگەندى ~ يوگەلدى. ارق يغاجقا
يركندى uruk yiqaqka yərgəndi — ئارغامچا دەرەخ-
كە يوگەلدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق. ار يغرقانقا يركندى
ər yoqurkanka yərgəndi — ئادەم يوتقانغا يوگەلدى.
باشقىلاردىمۇ شۇنداق (يركنور - يركنماك - yərgənür
(yərgənmək.

يذلندى yizlandi يىدلاندى~ھىدلاندى. ات يذلندى ət—
yizlandi ئەت (گوش) ھىدلاندى، پۇراپ قالدى.
باشقىلاردىمۇ شۇنداق (يذلنور - يذلنماق - yizlanur
(yizlanmak.

**يَزْلِنْدِي** yazlïndi يېشىلىپ كەتتى. تُكُونْ يَزْلِنْدِي *tügün*—
*yazlïndi* تۈگۈن يېشىلىپ كەتتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق
(يَزْلِنُورْ ـ يَزْلِنْماقْ *yazlïnur – yazlïnmak*).

**يَزْلَنْدِي** yüzləndi① يۈزلەندى، يۈز تاپتى. اُلْ مَنْكا يَزْلَنْدِي
*ol maŋa yüzləndi* — ئۇ ماڭا يۈزلەندى. اَرْ يَزْلَنْدِي
*ər yüzləndi* — ئادەم خەلق ئىچىدە يۈز تاپتى. خەلقـ
تىن ئابروي تاما قىلىسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (يَزْلَنُورْ ـ
يَزْلَنْماكْ *yüzlənür – yüzlənmək*).

**يَغْلَنْدِي** yaɣlandï ياغلاندى، ياغلاشتى. يَغْلَنْدِي نانْكْ
*yaɣlandï nəŋ* — نەرسە ياغلاشتى (يَغْلَنُورْ ـ يَغْلَنْماقْ
*yaɣlanur – yaɣlanmak*).

**يُقْلُنْدِي** yuvlundï يۇمۇلاندى، يۇمۇلاپ كەتتى. يُقْلُنْدِي نانْكْ
*yuvlundï nəŋ* — نەرسە يۇمۇلاندى، يۇمۇلاپ كەتتى
(يُقْلُنُورْ ـ يُقْلُنْماقْ *yuvlunur – yuvlunmak*).

---

① بۇ سۆز يازما نۇسخىدا «يَزْلَنْدِي» شەكلىدە يېزىلغان بولـ
سىمۇ، بىز بۇ يەردىكى مەنىسى ۋە ئۇنىڭ كېيىنكى مىسالدا
ھەم كەلگۈسى زامان، مەستەر شەكلىدىكى يېزىلىشىغا ئاساسەن
«*yüzləndi*» دەپ ئالدۇق.

يَرْمَنْدِي yarmandi ياماشتى ~ يارماشتى. آرْ تامْقا يَرْمَنْدِي

ئادەم تامغا ياماشتى. باشقە- — *ər tamka yarmandi*

لاردىمۇ شۇنداق (يَرْمَنُور - يَرْمَنْماق *yarmanur* -

.(*yarmanmak*

قائىدە: ھەرقانداق ئىككى ھەرپلىك ئوتۇملۇك

پېلغا «ل - *l*» ھەرپى قوشۇلسا، ئوتۇمسىز پېئل ياكى

مەجھۇل پېلغا ئايلىنىدىغانلىقىنى يۇقۇرىدا ئېيتىپ ئوت-

كەن ئىدىم. ئوتۇملۇك پېلغا «ن - *n*» ھەرپى قوشۇلسا،

ئوتۇمسىز پېلغا ئايلىنىدۇ. بۇ ئەرەپچىگىمۇ ئويغۇن

كېلىدۇ. چۈنكى، «ئىشىكنى ئاچتى» دىگەن سوز ئەرەپ-

چىدە «فَتَحَ الْبابَ» دىيىلىدۇ. بۇنىڭدىكى «فتح» سوزى

ئوتۇملۇك پېئل، ئۇنىڭغا «ن - *n*» ھەرپى قوشۇلۇپ

«اِنْفَتَحَ الْبابُ — ئىشىك ئېچىلىپ كەتتى» دىيىلگەندە،

مەزكۇر پېئل ئوتۇمسىز پېلغا ئايلانغان. دىمەك، «ن - *n*»

قوشۇلۇش بىلەن ئوتۇملۇك پېئل ئوتۇمسىز پېلغا ئايلىنىدۇ.

شۇنىڭدەك، بىر كىشى بىر نەرسىنى سۇندۇرسا

«كَسَرَ الرَّجُلُ الشَّيْءَ» دىيىلىدۇ. ئوزى سۇنۇپ كەتسە،

«اِنْكَسَرَ» دىيىلىدۇ. كېيىنكى پېئل ئوتۇمسىزدۇر. بۇ تىل

(تۈركى تىل)دا «ئادەم تۈگۈننى يەشتى» دىگەن سوز

«آرْ تُكُونْ يَزْدِي *ər tügün yazdi*» دىيىلىدۇ.

«تۈگۈن يېشىلىپ كەتتى» دىمەكچى بولسا، پېلغا

«ن - *n*» هەرپى قوشۇلۇپ «تكۈن يزلندى① *tügün*
*yazlïndï*» دېيىلىدۇ. دېمەك، ئۇتتۇملۇك پېئىل «ن - *n*»
هەرپى قوشۇلۇشى بىلەن ئۇتتۇمسىز پېئىلغا ئايلاندى،
يەنى «تۈگۈن يېشىلدى» دېمەكچى بولۇنسا، پېئىلغا
«ل - *l*» هەرپى قوشۇلۇپ، «تكۈن يزلدى *tügün yazïldï*»
دېيىلىدۇ. «ئۆزلۈگىدىن يېشىلىپ كەتتى» دېگەن
مەنىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن «ل - *l*، ن - *n*» هەرپلىرى
قوشۇلۇپ «يزلندى *yazlïndï*» دېيىلىدۇ. يەنە شۇنداق،
«ئادەم توپ يۇمۇلاتتى» دېمەكچى بولۇنسا، «ئر تبق
يفدى *ər topïk yuvdï*» دېيىلىدۇ. ئاندىن «تبق يفلدى
*topïk yuvuldï*» دېيىلسە، «توپ يۇمۇلتىلدى» دېگەن
بولىدۇ، توپنىڭ كىمدۇر بىرسى تەرىپىدىن يۇمۇلتىلغانلىقىنى
بىلدۈرىدۇ. «توپ يۇمۇلاپ كەتتى» دېيىش ئۈچۈن پېئىلغا يەنە
بىر «ن - *n*» هەرپى قوشۇلۇپ، «يفلندى *yuvlundï*» دېيە-

① بۇ يەردە بىر ئاز ئېنىقسىزلىق بار. «يزدى *yazdï* — يەشتى»
پېئىلنى ئۈتۈمسىز پېئىلغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن بىر «ن-*n*»
قوشۇلسا، «يزندى *yazïndï*» بولۇشى كېرەك ئىدى. ئامما
مىسال «يزلندى *yazlïndï*» بولۇپ قالغان. بىز ئۆزگەرتـ-
مىدۇق.

لىدۇ. «ن ـ n» ھەرپى «ل ـ l» ھەرپىگە قوشۇلۇشتىن بۇرۇن بۇ پېئىل ئىككى جەھەتتىن ئوتتۇمسىز ئىدى.

بىرىنچىدىن، ئىش ـ ھەركەت نامەلۇم بىر ئادەم تەرىپىدىن ئىشلەنگەنلىكى، (ئىككىنچىدىن، ئۆزلۈگىدىن سادىر بولغانلىقى) ئۈچۈن بۇ پېئىل ئوتتۇمسىز ئىدى①. «ل ـ l» ھەرپىنىڭ يېنىغا «ن ـ n» ھەرپى قوشۇلۇش بىلەن ئىش باشقىلارنىڭ تەسىرىسىز ئۆزلۈگىدىن بېجىرىلگەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان ئوتتۇمسىز پېئىلغا ئايلاندى. بۇ توغرىدا يۇقۇرىدا «يۇۋدى yuvdi — يۇمۇلاتتى» پېئىلىنى مىسال قىلىپ كۆرسىتىپ ئوتتۇم. بۇ پېئىل ئىككى ھەرپلىك ۋە ئوتتۇملۇكتۇر. بۇنىڭغا «ل ـ l» ھەرپى قوشۇلۇپ «يۇۋۇلدى yuvuldi» بولغاندا، نامەلۇم ئادەم تەرىپىدىن يۇمۇلتىلغانلىق ياكى ئۆزلۈگىدىن يۇمۇلغانلىق مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. دېمەك، بۇ پېئىل ئۈچ ھەرپلىك بولۇپ، ئىككى جەھەتتىن ئوتتۇمسىزدۇر. ئاندىن يەنە، «ل ـ l» ھەرپىگە «ن ـ n» ھەرپى قوشۇلۇپ، «يۇۋۇلۇندى yuvulundi»

---

① بۇ پەردە پېئىلنىڭ ئوتتۇمسىز بولۇشىدىكى بىرىنچى سەۋەپ كۆرسىتىلگەن، ئىككىنچى سەۋەپ كۆرسىتىلمىگەن. بىز ئاپتورنىڭ تۇۋەندە «يۇۋۇلدى» پېئىلىنىڭ «نامەلۇم ئادەم تەرىپىدىن يۇمۇلتىلغانلىق ياكى ئۆزلۈگىدىن يۇمۇلغانلىق مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ» دېگىنىگە ئاساسەن، ئىككىنچى سەۋەپ قىلىپ «ئۆزلۈگىدىن سادىر بولغانلىق»نى كىرگۈزۈپ قويدۇق.

بولسا، «يۇمۇلاپ كەتتى» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ ئىككى ھەرپلىكتىن ئۈچ ھەرپلىككە، ئۈچ ھەرپلىكتىن تۆت ھەرپلىككە ئايلانغان ئۆتۈمسىز پېئىل بولىدۇ.

قائىدىلەرنىڭ كۆپىنچىسى سالىم سۆزلەر بولۇمىدا بايان قىلىندى. بۇ پېئىللاردىكى بۇيرۇق، بولۇشسىزلىق ۋە باشقا قائىدىلەر يۇقىرىدا سۆزلەنگەنلەرگە ئوخشايدۇ.

تۆت ھەرپلىكلەر بابىلىرى تۈگىدى.

# بەش ھەرپلكلەر باپلری

## فَعَلْعَلْدی fəəl'əldi شەكلىدىكى

## سوزلەر بابى

يِغَجْلَنْدی yïqaqlandï دەرەخزارلىققا دەرەخـزارلاشتى،

ئايلاندى. يِرْ يِغَجْلَنْدی yïqaqlandï yər — يەر

دەرەخزارلاشتى، يەنى دەرەخزارلىققا ئايلاندى (يِغَجْلنُورْ -

يِغَجْلَنْماق yïqaqlanmak - yïqaqlanur).

يَغِرْلَنْدی yaqïrlandï يېغىر بولدى. تَفَى يَغِرْلَنْدی tavə—

yaqïrlandï توگە يېغىر بولدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق

(يَغِرْلَنُورْ - يَغِرْلَنْماق yaqïrlanmak - yaqïrlanur).

يېغىر بولغانلىقتىن سۇركەنسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ.

يُمُرْلَنْدی yumurlandï توپلاندى. سُو يُمرلَنْدی sü —

yumurlandï قوشۇن توپلاندى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق.

ئوغۇزچە.

يُلَرْلَنْدي yularlandi نوختىلاندى. آتْ يُلَرْلَنْدي at —

yularlandi ئات نوختىلاندى (يُلَرْلَنُورْ - يُلَرْلَنْماق

(yularlanur - yulariranmak.

يَفُزْلَنْدي yavuzlandi يامان دەپ ھېساپلىدى. اُلْ اَتِغْ

يَفُزْلَنْدي ol atiq yavuzlandi — ئۇ ئاتنى يامان

(ئەسكى) دەپ ھېساپلىدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق

(يَفُزْلَنُورْ - يَفُزْلَنْماق yavuzlanur - yavuzlanmak).

يَفَشْلَنْدي yavaxlandi يۇۋاشلاندى، يۇمشىدى. اَرْ يَفَشْلَنْدي

yavaxlandi ər — ئادەم يۇۋاشلاندى (يَفَشْلَنُورْ-

يَفَشْلَنْماق yavaxlanur - yavaxlanmak).

يَمِشْلَنْدي yəmixləndi مېۋىلىدى. يِغاجْ يَمِشْلَنْدي yīqaq—

yəmixləndi دەرەخ مېۋىلىدى (يَمِشْلَنُورْ - يَمِشْلَنْماك

(yəmixlənür - yəmixlənmək.

يَلِغْلَنْدي :yaliqlandi تَقُقْ يَلِغْلَنْدي takuk yaliqlandi—

خورازنىڭ تاجىسى چىقتى. ئاتنىڭ يايلى ئۆسسىمۇ

شۇنداق دېيىلىدۇ (يَلِغْلَنُورْ - يَلِغْلَنْماق - yaliqlanur

(yaliqlanmak.

يَرِقْلَنْدِي yariklandi زەنجىرلىك ساۋۇت كىيدى. تەگكۈلىك
ساۋۇت كىيسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (يَرِقْلَنُور- يَرِقْلَنْماق
.(yariklanur - yariklanmak

يِرَقْلَنْدِي yiraklandi يىراق كوردى، يىراق دەپ ھېساپلىدى.
اَرْ يِيرِكْ يِرَقْلَنْدِي ər yərig yiraklandi — ئادەم
يەرنى يىراق دەپ ھېساپلىدى (يِرَقْلَنُورْ - يِرَقْلَنْماق
.(yiraklanur - yiraklanmak

يُلَقْلَنْدِي yulaklandi بۇلاقلاشتى. يِيرْ يُلَقْلَنْدِي yər —
yulaklandi يەر بۇلاقلاشتى، يەنى يەردە بۇلاق كوپەيدى
.(yulaklanur - yulaklanmak يُلَقْلَنُورْ - يُلَقْلَنْماق)

يُرَكْلَنْدِي yürəkləndi يۈرەكلىك بولدى. اَرْ يُرَكْلَنْدِي
ər yürəkləndi — ئادەم يۈرەكلىك بولدى. باشقى-
yürəklənür - لاردىمۇ شۇنداق (يُرَكْلَنُور - يُرَكْلَنْماكْ
.(yürəklənmək

يَرِمْلَنْدِي yarimlandi يېرىملاشتى. يَرِمْلَنْدِي ئاناڭ —ya-
rimlandi nəŋ نەرسە يېرىملاشتى (يَرِمْلَنُور- يَرِمْلَنْماق
.(yarimlanur - yarimlanmak

**يىشمىلەندى** yəximləndi: ئەر يىشمىلەندى *ər yəximləndi* — ئادەم ساپما كيىدى (يىشمىلىنۇر ـ يىشمىلەنمەك *yəximlənür ـ yəximlənmək*).

**يەلىملەندى** yəlimləndi يېلىملاندى. ئوق يەلىملەندى *ok yəlimləndi* — ئوق يېلىملاندى. ئوقىغا يېلىم (بىرسى تەرىپىدىن) چاپلانسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (يەلىملىنۇر ـ يەلىملەنمەك *yəlimlənür ـ yəlimlənmək*).

## بۇ باپتىكى ئالتە ھەرپلىكلەر

**يالغاندۇردى** yalɣandurdï: ئەر يالغاندۇردى ـ *ər yalɣan-durdï* — ئادەم يالغانچى بولدى، يالغانچىغا چىقىرىلدى (يالغاندۇرۇر ـ يالغاندۇرماق *yalɣandurur-yalɣandurmak*).

**يىلدىزلاندى** yïldïzlandï يىلتىزلاندى، يىلتىز تارتتى. يىغاچ يىلدىزلاندى *yïɣaç yïldïzlandï* — دەرەخ يىلتىز تارتتى. ئادەم بىر يەرگە يىلتىز تارتقان، يەرلەشكەن، يەنى يەرلىشىشنىڭ شەرتلىرىنى تەييارلىغان بولسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ. ئەر يىلدىزلاندى *ər yïldïztandï* — ئادەم يىلتىز

تارتتی، یەنی ئۆرۈق ـ جەمەتلەك بولدی (یلدزلنور ـ
یلدزلنماق yïldïzlanur ـ yïldïzlanmak).

**یدرقلندی** yudruklandï مۇشتۇمنی تۈگدی. آر یدرقلندی
— ər yudruklandï ئادەم مۇشتۇمنی تۈگدی (یدرقلنور ـ
یدرقلنماق yudruklanur ـ yudruklanmak).

**یرمقلندی** yarmaklandï یارماقلىق بولدی. آر یرمقلندی
— ər yarmaklandï ئادەم یارماقلىق (پۇللۇق) بولدی
(یرمقلنور ـ یرمقلنماق yarmaklanur ـ yarmaklanmak).

**یمشقلندی** yumxaklandï یۇمشاقلاشتی، مۇلایىملاشتی.
ال مڭا یمشقلندی — ol maŋa yumxaklandï
ئۇ①ماڭا مۇلایىملاشتی ۋە بویۇن ئەگدی (یمشقلنور ـ یمشقلنماق
yumxaklanur ـ yumxaklanmak).

**یمغقلندی** yumoƣaklandï یۇمغاقلاندی، یۇمۇلاقلاندی،
یۇمۇلاقلاشتی. نانڭ یمغقلندی — yumoƣaklandï nəŋ
نەرسە یۇمغاقلاندی، یۇمۇلاقلاندی (یمغقلنور ـ یمغقلنماق

---

① بۇ سوزلىك ئەرەبچەسی «الرجل ـ ئادەم» دېیىلگەن. بىز ئەسلىگە ئاساسەن «ئۇ» دەپ ئالدۇق.

(yumoqaklanur - yumoqaklanmak.

**يقغنلندى** yavoqanlandi: ار اشغ يقغنلانـندى ər axïoq — yavoqanlandi ئادەم ئاشنى گوشسىز ھىساپلىدى ۋە كەم بىلدى (يقغنلانور - يقغنلانماق yavoqanlanur - yavoqanlanmak).

**يلغنلندى** yïloqunlandi يۇلغۇنلاشتى، يۇلغۇن ئۆستى.

يير يلغنلاندى yər yïloqunlandi — يەر يۇلغۇنلاشتى (يلغنلانور - يلغنلانماق yïloqunlanur - yïloqunlanmak).

خۇداغا شۈكرى، مىسال بولۇمى تۈگىدى.

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمْ

ئايغۇچى، كويۇنگۇچى تەگرىنىڭ ئېتى بىلەن باشلايمەن

# ئۈچ ھەرپلىك سۆزلەر بۆلۈمى

## ئىككى ھەرپلىك ئىسىملار بابى[1]

**تاھ تاھ** tah tah تاھ - تاھ، لاچىن ئۇچۇرۇلغاندىن كېيىن چاقىرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان سۆز. بۇ يەردىكى «ھ - h» تىنىمۇيىلىشىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوشۇلغان.

**چوھچوھ** quh quh چوھ - چوھ، ئاتنى ماڭدۇرۇش ۋە ئىتتىكلىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان سۆز.

**كاھكاھ** kəh kəh كاھ - كاھ، ماھ - ماھ، ئىتنى چاقىرىش

---

① ئاپتور بۇ يەردە بۇ سۆزلەرنىڭ ئىككىنچى ھەرپلىرى بولغان ھەرپى ئىللەتلەرنى تاشلاپ يېزىش مۇمكىنلىكىنى كۆزدە تۇتىدۇ.

ئۈچۈن ئېيتىلىدىغان سۆز.

ماھْ mәh «مە، ئال» مەنىلىرىنى بىلدۈرىدىغان ياردەمچى سۆز. بىر نەرسىنى بەرگەن ۋاقىتتا ئېيتىلىدۇ.

## بۇ باپتىكى مىساللار

ياھْ yәh ھە. «ماقۇل، خوپ، شۇنداق» مەنىلىرىنى بىلدۈرىدىغان ياردەمچى سۆز بولۇپ، «آتْ تُتْ *at tut* — ئاتنى تۇت» دىگەن كىشىنىڭ سۆزىگە جاۋاپ ئورنىدا «ياھْ *yәh* — ماقۇل» دىيىلىدۇ. تىز سۆزلىگەندە ھەرپى لىنى چۈشۈپ «تەتە *tah tah*، جەجە *quh quh*، كَەكَە *kәh kәh*، مَە *mәh*، يَە *yәh*» دىيىلىدۇ. شۇڭا بىز بۇلارنى مەنقۇس بابىدا كورسەتتۇق. چۈنكى ھەرپى لىنى يېزىقتا ئەمەس، نۇتۇقتا چۈشۈپ قالىدۇ. بۇ سۆزلەردىكى «ە - *h*» ھەرپى پەقەت تىنىۋېلىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ «فِبهدا هُم اقتَدِه وامِ يتسنة» دىگەن سۆزلىرىدىكىگە ئوخشاش. بىز يەرلەردە سۆز ئاخىرىدا كەلگەن «ە - *h*» ھەرپى تىنىۋېلىشنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوشۇلغان.

«ە - *h*» ھەرپى ساپ تۈرك تىلىدا يوق. پەقەت «آرْ آهْلَدِي *әr ahladi* — ئادەم ئاھلىدى، يەنى ئاھ

ئۇردى» سوزىدىلا ئىشلىتىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە،
بۇ كوكرەكتىن چىققان بىر تاۋۇشقا تەقلىت قىلىنغان
سوزدۇر. «ئۇكە» سوزى «اُوهِي *ühi*» دېيىلىسىمۇ، ساپ
تۇركلەر بۇنى «اُوكِي *üki*» دەيدۇ. خوتەن ۋە كەنچەك
تىللىرىدا «ه ـ *h*» تاۋۇشى ئۇچرىسىمۇ، بۇ تۇركچە
ئەمەس، ئۇلار تۇركلەر يۇرتىغا كېيىن كەلگەن كىشىلەردۇر.

## فَعْلٌ fəʼl، فُعْلٌ fuʼl، فِعْلٌ fiʼl

## شەكىللىرىدە ئوتتۇرا هەرپى ساكىنلىق سوزلەر بابى

تُوبْ tüp تۈپ، كوتەك. هەرقانداق نەرسىنىڭ تۈۋى. يِغاچ
تُوبِي *yïɣaq tüpi* — دەرەخنىڭ تۈۋى، كوتىكى.

تُوبْ tüp تۈۋ، تەكت. تَامْ تُوبِي *tam tüpi* — تام تۈۋى.
ئادەملەرنىڭ تەكتىگىمۇ «تُوبْ *tüp*» دېيىلىدۇ. «تُوبْلُكْ
ارَنْ *tüplüg ərən*» — تۈپلۈك ئادەم، تېگى ـ تەكتى بار
ئادەم» دىگەن سوز شۇنىڭدىن ئېلىنغان.

تُوبْ top توپ، پوكزەك. بۇ «تُبِقْ *topïk*» سوزىنىڭ قىسقار-
تىلمىسى.

جُوبْ qөp چوپ؛ دۈغ، دۇر، تىلىپ ~ تىرىپ. ھەرقانداق نەرسىنىڭ دۈغى، دۇرى. اُزُمْ جُوبِي *üzüm qөpi* — ئۈزۈم تىرىپى. باغْ جُوبِي *yaq qөpi* — ياغنىڭ دۇرى. بُورْ جُوبِي *bor qөpi* — شاراپ دۈغى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق. تُتْماجْ جُوبِي *tutmaq qөpi* — چوپ ئېتىش ئۈچۈن تەييارلانغان يۇپقا كەسمىنىڭ ھەر بىرى.

قُوبْ kop خوشاللىق. اُلْ مَنِي كُرُبْ قُوبْ قِلْدِي *ol məni kөrüp kop kildi* — ئۇ مېنى كورۇپ سۆيۈندى، يەنى خوشال بولدى.

كُوبْ küp كۈپ.

كِيبْ kəp كەپ، كېپ، قېلىپ. ھەرقانداق نەرسىنىڭ قېلىپى. كَرْبِجْ كِيبِي *kərpiq kəpi* — خىش قېلىپى.

كِيبْ kəp كەبى، ئوخشاش،... دەك. ئوغۇزچە. بُو اَرْ اَنِكْ كِيبِي *bu ər aniŋ kəpi* — بۇ ئادەم ئۇنىڭ ئوخشىشى، ئۇنىڭغا ئوخشاش.

بُوتْ put پۇت، يوتا.

بۇت but بىر خىل قىممەتلىك، چوڭ يېشىل چەش (پىروزە) بولۇپ، ئۇلۇغلارنىڭ ئوغۇل ۋە قىزلىرى ماڭلىيىغا تاقاي-دۇ. قىز بۇت ئارىدى *kiz but oridi* — قىز پىروزە تاقىدى.

بۇت but ئۇلۇغلارنىڭ سوغىسىنى ئېلىپ كەلگەن كىشىگە بېرىلىدىغان ئىنئام، مۇكاپات. بىر كىشىنىڭ سوغا قىلىپ ئەۋەتكەن ئېتىنى ئېلىپ كەلگەن كىشىگە بېرىلىدىغان تىللا ياكى قويغا ئوخشاش نەرسىلەرمۇ شۇنىڭغا ئوخشە-تىلىپ «بۇت *but*» دېيىلىدۇ.

تىيت tit تۈز ئۆسىدىغان ئارچا دەرىخى. تاغلاردا ئۆسىدۇ.

جىيت qit چىت. ئالا-چىپار گۈللۈك چىت رەختى.

سۇت süt سۈت.

شۇت xüt كېلىپ چىقىش، ئۇرۇق-نەسەپ. خوتەن تىلىدا.

تۇج tuq تۇچ.

كۇج küq كۈچ، قۇۋۋەت.

كۇج küq زۇلۇم، زورلۇق. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: كۇج ئىلدىن كىرسا تۇرو تىنكلىكتىن چىقار *küq əldin kirsə təru* —

tüŋlüktin qikar زورلۇق ـ زومبۇلۇق ئىشىكتىن كىرسە،
ئىنساپ ۋە قائىدە ـ يوسۇن تۈڭلۈكتىن چىقار. زالىمنى «كُجمجي
küqəmqi» ، كۈچلۈك ئادەمنى «كوجلك küqlüg» دېيىش
شۇنىڭدىن ئېلىنغان.

**كُوجْ** küq كۈنجۈت. كۈنجۈت يېغى «كُوجْ ياغي küq yaqi»
دېيىلىدۇ. چىگىلچە. ئىنەك پىتىنىڭ ئورۇغىمۇ چوك
بولغانلىقى ئۈچۈن «اِنكاك كُوجي inək küqi» دېيىلىدۇ.

**كِيجْ** kəq كەچ. «كِيجْ كَلْدِي kəq kəldi — كەچ كەلدى»
دېيىش مۇشۇنىڭدىن ئېلىنغان.

**بُوذْ** boż بوي. اُوزُون بُوذْلغ كِشي uzun bożluq kixi—
ئۇزۇن بويلۇق كىشى.

**بُوذْ** boż دوغداق.

**بُوذْ** boż: بُوذْ مُنْجق boż monquk — بوز مونچاق. بۇ
ئىپار بىلەن سۆكتىن① ياسىلىدۇ، خوتۇنلار تاقايدۇ.

**بُورْ** bor شاراپ. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: بُورْ بلْماذِب سِرْكا
بلْما bor bolmażip sirkə bolma — شاراپ بولماي

① سۆك — ئاملە شىرىسى، ئەرەپ يېلىمى ۋە ئىپار قوشۇپ ياسى-
لىدىغان بىر خىل دورا.

تۇرۇپ، سىركە بولماس. بۇ ماقال قىرلىق تاماشىدا بولغان بالىلارغا قارىتىپ ئېيتىلىدۇ.

بىرْ bir بىر. بىرْ يَرْماق bir yarmak — بىر يارماق.

تُورْ tөr (لەۋلەشتۇرۇپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ) تور، ئۆينىڭ تورى. تُورْكا كَچ tөrgə kəq — توركە ئوت.

تُورْ tor (تولدۇرۇپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ) تور، تۇزاق. بۇنىڭ بىلەن بېلىق ۋە قۇشلار تۇتۇلىدۇ.

جُورْ qor پۇتەي. جُورْ اُراغُتْ qor uraqut — پۇتەي ئايال. ئوغۇزلار يوگىشىپ ئۆسكەن ئوتنى «جُورْ اُوتْ «qor ot» دەيدۇ. ئالدىنقى سوز مۇشۇنىڭدىن ئېلىنغان.

سُورْ sur شور ـ شور. آرْ سُورْ سُورْ مُونْ اَپْتِي ər sur sur mün əpti — ئادەم شورپىنى شورۇلدىتىپ ئىچتى.

قُورْ kor قور ~ خور، زىيان. آرْ قُورْ قِلْدِي ər kor kīldi — ئادەم زىيان تارتتى.

قُورْ kor قور، كونەلگە. بۇ قاچىنىڭ تېگىدە قالدۇرۇلغان ئازراق قېتىق ياكى قىمىز كونەلگىسى بولۇپ، بۇنىڭ ئۈستىگە سۈت قۇيۇپ قېتىق ئۇيۇتۇلىدۇ ياكى قىمىز ئېچىتىلىدۇ.

قُورْ kur قۇرۇق. ئوغۇزچە. بۇ سوز «قُرُغْ kuruq» نىڭ

قىسقارتىلىپ ئېيتىلىشى. ماقالىدا مۇنداق كەلگەن:
قُلان قُدُغقا تُشسا قُوربقا ايغر بلور — *kulan kuduqka tüxsə kurbaka ayqir bolur* قۇلان قۇدۇققا چۈشسە، پاقا ئايغىر بولۇر. بۇ ئەرەبلەرنىڭ «انّ البُغاث بأرضِنا تستنسر» دېگىنىگە ئوخشاش.

**بُوزْ** boz بوز. بُوزْ آتْ *boz at* — بوز ئات. بۇ چىرايلىق رەڭ ئەمەس. ھەرقانداق بىر ھايۋاننىڭ رەڭگى ئاق بىلەن قىزىل ئوتتۇرىسىدا بولسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ. بُوزْ قُويْ *boz koy* — بوز قوي.

**بُوزْ** bɵz (لەۋلەشتۈرۈپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ) بۆز.

**بُوزْ** buz (تولدۇرۇپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ) مۇز. ماقالىدا مۇنداق كەلگەن: بُوزْدَنْ سُوبْ تَمارْ — *buzdan suv tamar* مۇزدىن سۇ تامار. بۇ ماقال مەجەزى ئاتىسىنىڭ مەجەزىگە ئوخشايدىغانلارغا قارىتىپ ئېيتىلىدۇ.

**بِيزْ** bəz بەز. گوش بىلەن تېرىنىڭ ئارىسىدا پەيدا بولىدىغان بەز.

**تُوزْ** toz (تولدۇرۇپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ) توز، توزان.

**تُوزْ** toz يايلارغا تۇراپ قويۇلغان قېيىش.

**تُوزْ** tüz يۇرت. اِيلْ تُوزْ نَتَكْ *əl tüz nətəg* — ئەل-يۇرت قانداق.

تۆز təz تۈپ، ئەسل، يىلتىز. آنىڭ تۈبى تۆزى كىم — ئۇنىڭ ئەسلى - نەسلى كىم.

تۈز tüz تۈز. تۈز يىر — tüz yər — تۈز يەر.

تۇز tuz (تولدۇرۇپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ) تۇز.

تىز tiz تىز (پۇتنىڭ تىزى).

تېز təz[1] تېيىز يەر، ئېگىزلىك. پارسلارنىڭ ئۆز قورغاللىرىنى «دىز» diz دەپ ئاتىشى مۇشۇ سۆزدىن ئېلىنغان. قەشقەرگە يېقىن بىر ياپلاقنىڭ ئىسمىمۇ ئېگىزلىكگە قارىتىپ «تَرِغ اَرت تېز — tariq art təz — تورغات ئېگىزلىكى» دەپ ئاتىلىدۇ. يەنە بىر ياپلاقمۇ «تېزنىڭ تېز — təzəŋ تەزەڭ تېز» دەپ ئاتىلىدۇ. يىز آقى تىز — yiz avi təz — يىيىز ئەۋى تېز. بارسغانغا يېقىن بىر ياپلاقنىڭ ئېتى.

---

① يازما نۇسخىدا بۇ سۆزنىڭ بىرىنچى ھەرپى «ت - t» فەتھەلىك، ئىككىنچى ھەرپى «ى - يا» كەسرىلىك يېزىلغان. بىز بۇ شەكىلنىڭ بۇ يەردىكى ۋەزنگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭ پارسچىدىكى تەڭدىشى «دِز» ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، بۇ سۆزنى «təz» شەكلىدە ئالدۇق.

**جىۋ** qiz (ئىككى مەخرەج ئارىسىدا تەلەپپۇز قىلىنىدىغان «ز» بىلەن) تومۇر مىخ. تومۇر ساۋۇت مىخلىرىنىڭ تۇگۇنچەكلىرىنى «جىۋ *qiz*» دېيىلىدۇ.

**سۆز** sөz سۆز.

**سىز** siz سىز. چوڭلارغا ۋە ھۆرمەتلىك كىشىلەرگە قارىتا «سەن» مەنىسىدە ئىشلىتىلىدىغان سۆز. چىگلىچە. ئەسلىدە بۇنىڭ مەنىسى «سىلەر» دېگەن بولىدۇ. كىچىكلەرگە قارىتا «سەن *sən*» دېيىلىدۇ. ئوغۇزلار بۇ سۆزنى بۇنىڭ تەتۈرسىچە قوللىنىدۇ.

**قۇز** kuz قۇز، تەسكەي. قۇز تاغ *kuz taq* — تەسكەي تاغ، تاغنىڭ تەسكەي تەرىپى.

**بۇس** bus بۇس، تۇمان. كۆك بۇس بۇلدى — *kөk bus boldi* بۇستىن ئاسمان قاراڭغۇلاشتى. شۇنىڭدەك، ئار كۆزى بۇس بۇلدى — *ər kөzi bus boldi* ئادەمنىڭ كۆزى قاراڭغۇلاشتى، يەنى قوساقتا پەيدا بولغان يەلدىن ئادەمنىڭ كۆزى قاراڭغۇلاشتى.

**تۇس** tus[1] : تۇس تۇس *tus tus* — تاس - تۇس. ئانى

---

[1] يازما نۇسخىدا بۇ سۆز ئاۋۋال «ب - *b*» بىلەن يېزىلىپ، كېيىن ئۈستىگە ئىككى چېكىت قويۇلۇپ «ت - *t*» غا ئۆزگەرتىلگەن. يازما نۇسخا 165 - بەتتە بۇ سۆزنىڭ

تُوسْ تُوسْ اُرْدِي *ani tus tus urdi* — ئۇنىڭ تونىغا تاس ـ تۇس ئۇردى.

**بُوشْ** box بوش، يۇمشاق. بُوشْ كِشِي *box kixi* — بوش (ئەركىن) كىشى. بُوشْ اُرَاغُتْ *box uraqut* — بوش خوتۇن، يەنى نىكادىن ئاجراشقان خوتۇن. بُوشْ آلِكْ *box alik* — بوش قول، يەنى ئىشتىن ياكى بىر نەرسىدىن بوش قالغان قول. بُوشْ آتْ *box at* — يۇمشاق گوش. يۇمشاق يەرگىمۇ مۇشۇ سوز ئىشلىتىلىدۇ. بُوشْ آتْ *box at* بوش (قويۇپ بېرىلگەن) ئات. بُوشْ آڤْ *box av* — بوش ئوي. ئىشلەتمەي قويۇپ قويۇلغان قاچا ۋە ئەسۋاپلارغىمۇ «بُوشْ *box*» سوزى ئىشلىتىلىدۇ.

**بِيشْ** bəx بەش. ساناقتا بەش سانى.

**تُوشْ** tux تەڭ، تەڭتۇش. آنِكْ تُوشِي *aniŋ tuxi* — ئۇنىڭ تەڭتۇشى.

**تُوشْ** tux تۇش، ئۇدۇل. بىر نەرسىنىڭ تۇشى.

---

مۇشۇ ھەنده «ت ـ *t*» بىلەن باشلىنىپ ھەرپى ئىملەتـ سىز يېزىلغىنىغا قارىغاندا، ئەسلىدە بۇندىن كېيىنكى «ت ـ *t*» بىلەن باشلىنىدىغان سوزلەر قاتارىغا كىرىشى كېرەك ئىدى. بىز ئورنىنى ئۆزگەرتمىدۇق.

آۋىم تۇشى *əvim tuxi* — ئۆيۈمنىڭ تۈشى، يەنى ئۆيۈمنىڭ ئۆدۈلى.

**تۆش** tөx (لەۋلەشتۈرۈپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ) تۆش. كوكرەكنىڭ ئوتتۇرىسى.

**تۇش** tux (تولدۇرۇپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ) ئالتۇن ياكى كۈمۈشتىن ياسالغان، كەمەر تاسمىسىنىڭ ئۇچىغا تاقىلىدىغان توقا.

**تۈش** tüx تۈش ~ چۈش. تۈش ئودى *tüx өdi* — چۈش (چاشكا) ۋاقتى.

**تۈش** tüx تۈش ~ چۈش، ئېھتىلام. تۈش كۆرمىش ئوغلان *tüx kөrmix oqlan* — چۈشەككەن (ئېھتىلام بولغان) ئوغۇل.

**تۈش** tüx تۈش ~ چۈش. تۈش يۆردى *tüx yөrdi* — چۈش ئورىدى.

**تىش** tïx تىش ~ چىش. ئادەم ۋە باشقىلارنىڭ چىشى.

**تىش** tïx تىش ~ چىش. بوقۇسىنىڭ، ساپاننىڭ چىشى.

**تىش** tïx: تىش ات *tïx at* — قاشقا ئات، قاشقىسى كۆزىگىچە بارغان، قۇلاقلىرىغا يەتمىگەن، بۇرنىغىمۇ سوزۇلۇپ چۈشمىگەن ئات.

**سىش** sïx شىش، زىق، زىقچە. تۇتماچ چوپلىرىنى ئىلىدىغان زىقچە.

سيش six ئىششىق.

سَيِش səx① (ئاجىزلىتىپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ) تۆلەم. مَن اَنگَر سَيِش بيرْدِم — *mən aŋar səx bərdim* — مەن ئۇنىڭغا تۆلەم بەردىم.

قۇش kox: قۇش اَتْ — *kox at* — خانىنىڭ يېنىدا ماڭىدى-غان يېتەك ئات.

قۇش kox قوش. جۈپ بولغان ھەرقانداق نەرسە. قايچىنى «قۇش بِچاك — قوش پىچاق» — *kox piqək* دېيىش مۇشۇنىڭدىن ئېلىنغان. ئارغۇچە. ماقالدا مۇنداق كەلگەن:

قورقمِش كِشيكا قوى بَشي قۇش كُرنور — *korkmix kixigə koy baxi kox kərünür* قورققان كىشىگە قوي بېشى قوش كۆرۈنەر. بۇ ماقال بىر نەرسىدىن قورققان ۋە ھەتتا شۇ نەرسىنى ئويلىغاندىمۇ قورقۇپ سەكرەپ كېتىدىغان كىشىگە قارىتىپ ئېيتىلىدۇ.

---

① يازما نۇسخىدا بۇ سۆز «سَيِش» شەكلىدە يېزىلغان. بۇ يەر-دىكى سۆزلەرنىڭ ۋەزنىگە قارىغاندا، بۇ سۆزنىڭ ئىككى ھەرىكىلىك (ئىككى بوغۇملۇق) بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. بىز ئاپتورنىڭ «بۇ سۆزنى ئاجىزلىتىپ تەلەپپۇز قىلىش لازىم» دېگىنىگە ئاساسەن، بۇ يەردە «س - s»دىن كېيىن كەلگەن «ى - يا» ھەرپىنى ئاجىزلىتىشنىڭ ئىشارىتى بولسا كېرەك دەپ ھېساپلاپ، بۇ سۆزنى «*səx*» دەپ ئالدۇق.

كيش kix قارا بۇلغۇن. بۇنىڭ قۇيرۇغى «كيش قۇزرۇقى «kix kuzruki دېيىلىدۇ.

كيش kix (ئاجىزلىتىپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ) ساداق. ئوغۇزلار ۋە ئۇلارغا يېقىن بولغان قىپچاقلار بۇنى بىلمەيدۇ.

لِيش ləx لەش؛ شولگەي، شال. چىگىلچە. بۇ سوزنىڭ «بەلغەم» مەنىسىمۇ بار. لِيش اَقْتِي ləx akti — شولگەي ۋە بەلغەم ئاقتى.

مُوش mux موشۇك. چىگىلچە. ئوغۇزلار بۇنى «قَتُكْ «qətük دەيدۇ.

بُوغ booq بوغجۇما، بوخچا.

تُوغ tooq توزان. ئاتلارنىڭ تۇياقلىرىدىن چىققان چاڭ-توزان.

تُوغ tuoq دۇمباق. خاننىڭ ھۇزۇرىدا چېلىنىدىغان دۇمباق. «خانْ تُوغْ اُرْدِي — han tuoq urdi — خان نوۋەت دۇمبىقىنى چالدى» دىگەن ئىبارە شۇنىڭدىن ئېلىنغان.

تُوغ tuoq تۇغ، بايراق. تُقُوزْ تُوغْلُغْ خانْ — tokuz tuoqluoq han توققۇز تۇغلۇق خان ياكى خاقان. خاننىڭ قول ئاستىدىكى ۋىلايەتلەر ھەرقانچە كوپىيىپ،

مەرتىۋىسى يۇقىرى كۆتىرىلسىمۇ، تۇغلىرى توقۇزدىن ئاشمايدۇ. چۈنكى توققۇز سانى خاسىيەتلىك ھېساپلىنىدۇ. خانىنىڭ بۇ تۇغلىرى كاككۇك ئاغزى رەڭلىك يىپەك رەختتىن ياسىلىدۇ. بۇمۇ خاسىيەتلىك ھېساپلىنىدۇ.

**تۇغ** tuq تۇغ، تۇغان. سۇقا تۇغ ئۇر — *suvka tuq ur* سۇغا تۇغ باغلا.

**تۇغ** tuq ھەرقانداق بىر نەرسىنىڭ قاپقىقى، ياپقۇچى. «تۈڭلۈك تۇغى *tüŋlük tuqi* — تۈڭلۈك ياپقۇچ» دىگەن سوز شۇنىڭدىن ئېلىنغان.

**تىيغ** tiq : تىيغ ئات *tiq at* — قارا قىزىل بىلەن ئاچ قىزىل ئوتتۇرىسىدىكى ئات.

**جۇغ** quq : جاغ جۇغ قىپتى *qaq quq kopti* — ۋاڭ - چۇڭ كوتىرىلدى. بۇ سوز بەزىدە «جۇغى قىبدى *quqi kopdi* — ۋاڭ - چۇڭ كوتىرىلدى» مۇ دىيىلىدۇ.

**جوغ** qoq (لەۋلەشتۇرۇپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ) بوغجۇما، نەرسە سالىدىغان بوخچا.

**جوغ** qoq كۈننىڭ تەپتى. كۈن جوغى *kün qoqi* — كۈننىڭ تەپتى.

**جوغ** qoq چوغ. ئوت يېلىنجىسى، ئوت كويۈپ چوغ بولغاندىن كېيىن پەيدا بولغان يېلىنجا.

جيغْ qïɣ چغدان. چېدىردا پاشايدىغانلارنىڭ چغدىن توقۇيدىغان پەردىسى. چىغ قومۇشتىن ئىنچىكە ۋە يۇمران بولىدۇ.

جيغْ qïɣ چى. تۈركلەرنىڭ گەز ئولچىمى. بۇ ئەرەپ گېزى-نىڭ ئۈچتىن ئىككىسىگە تەڭ كېلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن كوچمەنلەر بوز ئولچەيدۇ.

سيغْ sïɣ سىمان. ئوخشىتىش قوشۇمچىسى. ئوخشاتماقچى بولغان ئىسىملارنىڭ ئاخىرىغا ئۇلىنىدۇ. قُلْسِغْ اَرْ — *kulsïɣ ər* — قۇل مىجەز ئادەم. بُو قَرِي اُلْ اغْلانْسِغْ — *bu kari ol oɣlansïɣ* — بۇ بالا مىجەز قېرى.

تەركىۋىدە «ك - *k*» ھەرپى بولغان ۋە ئاجىزلىتىپ ئېيتىلىدىغان سۆزلەردە «غ - *ɣ*» ئورنىغا «ك - *g*» كېلىدۇ. بُو اَرْ اُلْ بَكْسِكْ — *bu ər ol bəgsig* — بۇ بەگ مىجەز ئادەم. بُو اُغْلْ اُلْ اَرْسِكْ — *bu oɣul ol ərsig* بۇ چوڭ مىجەز بالا.

قُوغْ koɣ كوزگە ياكى تاماققا چۈشكەن ئەخلەت، خەس.

قُوغْ kuɣ غۇق. قَازْ قَاغْ قُوغْ آتِي — *kaz kaɣ kuɣ atti* غاز غاق - غۇق قىلدى.

قِيغْ kïɣ قىغ. توپىنى يۇمشىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان قىغ.

ثۇف suf① يۇڭ يىپتىن قول بىلەن ئورۇلگەن قۇر.

سۇۋ suv سۇ. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: سۇۋ بىرماس كا
سۈت بىر sv bərmaskə süt bər — سۇ بەرمىگەنگە
سۈت بەر. بۇنىڭدىن مەقسەت — ساڭا يامانلىق قىلغانغا سەن
ياخشىلىق قىل، چۈنكى سېنىڭ ياخشىلىقىڭ ئۇنى ساڭا قۇل
قىلىپ بېرىدۇ.

قۇۋ kuv: تون قاۋ قۇۋ بۇلدى ton kav kuv boldi —
تون پۈرلەشتى، تون تىكىشىدىن سوكۈلدى.

بوۋ pov پوۋ. ئۆزۈن تۇرۇپ قالغانلىق ياكى بۇزۇلغانلىقتىن
نانىڭ ئۈستىدە پەيدا بولغان كوك. باشقىلاردىمۇ
شۇنداق.

بوق bok پوق. ئوغۇزچە.

بوق bok پوك. قاغون بوق يېركا تۈشدى kaqun bok —
yərgə tüxdi قوغۇن پوك قىلىپ يەرگە چۈشتى. ئىچى
كاۋاك ھەرقانداق نەرسە يەرگە چۈشۈپ يېرىلسا

---

① تۈركى تىللاردا «ث» ھەرپىنىڭ ئىشلىتىلمەسلىكىگە قارىماي،
بۇ سوز «ثۇف» شەكلىدە يېزىلغان. بۇ يەردىكى سوزلەرنىڭ
تەرتىۋى بۇ سوزنىڭ «س - s» بىلەن باشلىنىشىنى تەلەپ
قىلىدۇ. بىز بۇ ھەقتە بىسىم ئاتالاينىڭ بەرگەن ئىزاھىنى
توغرا تېپىپ، بۇ سوزگە «suf» دەپ ترانسكرىپسىيە بەردۇق.

«بُوقْ آتّي *bok ətti* — پوك قىلدى» دېيىلىدۇ. بۇ
يېرىلىشتىن چىقىدىغان ئاۋاز.

جُوقْ qok: جُوقْ آرْ *qok ər* — پەسكەش ئادەم. ئوغۇزچە.

جِيقْ qi غىلىق. جِيقْ آتْ كُرايِنْ *qïk ət kərəyin* — غىلىق قىلىپ باقە، ئوچىيالىغىنى كۆرەي. بۇ سۆز رەنجىتكۈچىگە تاقابىل تۇرالمايدىغان كىشىگە قارىتىپ ئېيتىلىدۇ.

سُوقْ suk ئاچكۆز، تاماخور. سُوقْ آرْ *suk ər* — تاماخور، پەسكەش ئادەم. سُوقْ آرْنْكاكْ *suk ərŋək* — كۆرسەتكۈچ بارماق، بىگىز قول. بۇ بارماق ھېرىس بولىدۇ، چۈنكى تاماققا ھەممىدىن بۇرۇن مۇشۇ قول ئۇزىتىلىدۇ.

سِيقْ sïk ئاز. ئوغۇزچە. الْأرْدا قُوِيْ سِيقْ أُلْ *olarda koy sïk ol* — ئۇلاردا قوي ئازدۇر.

قاقُوقْ kakkuk غاق - غۇق. قازْ قاقُوقْ آتّي *kaz kak-kuk ətti* — غاز غاق - غۇق قىلدى.

قاقُوقْ kakkuk① قاق. يېرىپ قۇرۇتۇلغان قاق. بۇ سۆز

① يازما نۇسخىدا بۇ سۆزنىڭ «قاقُوقْ» شەكلىدە يېزىلىشى بۇ يەردىكى ۋەزىنگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. «بۇ سۆز جۈپ سۆز بويىچە قوللىنىلىدۇ» دېيىلگىنىگە قارىغاندا، ئاپتور بۇ يەردە بۇ جۈپ سۆزنىڭ «قُوقْ *kuk*» قىسمىنى كۆزدە تۇتقان بولسا كېرەك. چۈنكى «قاق *kak*» سۆزى يالغۇز قوللىنىلىدۇ. شۇڭا بىز بۇ سۆزنىڭ ترانسكرىپسىيىسىنى «*kakkuk*» دەپ ئالدۇق.

جۈپ سوز بويىچە قوللىنىلىدۇ.

**بۇك** pük پۈككا، ئويۇندا ئوشۇقنىڭ دۇم چۈشۈشى. بۇ «چىك بۇك — *qik pük* — چىككا - پۈككا» دەپمۇ ئېيتىلىدۇ.

**بۇك** bøg بو ~ دو. ئومچۈكنىڭ بىر تۈرى. ئىككى تىلىنىڭ بىردە.

**كۇك** küg (يېزىشاق «ك - *g*» بىلەن) شېرنىڭ ۋەزنى. — *bu yïr nə küg üzə ol* بۇ يير ناكۇك ازا اڭ بۇ ناخشا قايسى ۋەزندە.

**كۇك** küg كۈي، ئاھاڭ. آر كۇكلندى — *ər kügləndi* ئادەم كۈيلىدى، يەنى ناخشا ئېيتتى.

**كۇك** küg ھەر يىلى شەھەر خەلقلىرى ئارىسىدا ئېيتىلىپ يۈرىدىغان ھەزىل، قىزىقچىلىق، كۈلكە. بۇ يل بو كوك كلدى — *bu yïl bu küg kəldi* — بۇ يىل بۇ قىزىقچىلىق (كۈلكە) چىقتى.

**كۇك** køg: كۇك يلقي — *køg yïlki* — بېشى بوش قويۇۋېتىلگەن ھايۋان. شېردا مۇنداق كەلگەن:

كوكلر قمغ تزلدي

اقرق اذش يزلدي

سَنْسِزْ اُزُمْ اُزَلْدِی
كَلْكِلْ اَمُلْ اُیْنَلِمْ①

*kügləг kamuq tüzüldi*
*ivrik*② *izix tizildi*
*sənsiz ezüm ezəldi*
*kəlgil amul oynalïm*

[كۈيلەر تولۇق تۈزۈلدى،
ئىۋرىق، ئىدىش تىزىلدى،
سەنسىز ئۆزۈگۈم ئۈزۈلدى،
كەل، خاتىرجەم ئوينايلى.]

ھەممە ناخشىلار تۈزۈلدى، ئىۋرىق، قەدەھلەر تىزىلدى، كۆڭلۈم سېنى خالايدۇ، كەل ئەمدى، كۆڭۈلنى تىندۇرۇپ ئوينايلى.

**كُوكْ küg** كۈي، كۈيەك. قوچقار ۋە باشقا ياۋايى ھايۋانلار-نىڭ قىشقا يېقىن كۈيلىشى. قُوْی كُوكِی بِلْدِی — *koy*

① بۇ شېئىر بۆلىكىدىن ئىلگىرىكى ئىككىنچى سۆز «كۈي» مەنىسىدىكى «كُوكْ» *küg* گە بېرىلىشى لازىم ئىدى. بىز ئورنىنى ئۆزگەرتمىدۇق.

② بۇ سۆز يازما نۇسخىدا «اَفْرِق» شەكلىدە كەلگەن بولسىمۇ، بىز ئۇنىڭ مەنىسىگە قاراپ، ترانسكرىپسىيىسىنى «*ivrik*» دەپ بەردۇق.

*kügi boldi* قوي كۈيىگى بولدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق.

**كۆك** keg ئەينەكنىڭ يۈزىگە چۈشكەن داغ. «كۆزنۈكۆكا كۆك تۈشدى — *kəzŋügə keg tüxdi* — ئەينەكنىڭ يۈزىگە داغ چۈشتى» دېگەن سۆز مۇشۇنىڭدىن ئېلىنغان.

**كۆك** keg داغ. خوتۇنلارنىڭ يۈزىگە چۈشىدىغان داغ. باشقىلاردىمۇ شۇنداق.

**كۆك** kek (قاتتىق «ك ـ *k*» بىلەن) كۆك، ئاسمان. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: كۆككا سىزسا يۈزكا تۈشۈر — *kekka suzsa yüzgə tüxür* ئاسمانغا تۈكۈرسە، يۈزىگە چۈشەر. بۇ ماقال «باشقىلارغا يامانلىق قىلساڭ، ئۆزەڭگە قايتىدۇ» دېگەنگە ئىشارەت قىلىپ ئېيتىلىدۇ.

**كۆك** kek كۆك، كۆك رەڭ. كۆك تون — *kek ton* — كۆك كىيىم، كۆك رەڭلىك كىيىم. كۆك رەڭدە بولغان ھەرقانداق نەرسىگىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ. كەند كۆكى — *kənd keki* — يۇرتنىڭ كۆكى، قارىسى، يەنى شەھەرنىڭ توت ئەتراپىدىكى باغلار، بوستانلار. بۇنىڭ بىلەن يېشىللىق كۆزدە تۇتۇلىدۇ. كۆكيۈق — *kekyuk* — كۆك يۇق. يېزا ـ قىشلاقلارنىڭ ۋە تۈركمەنلەرنىڭ چوڭلىرىغا بېرىلىدىغان نام.

**بىل** bəl بەل. انى بىلىندا تۇت — *ani bəlində tut* — ئۇنى

بېلمىدىن تۇت. اُلْ اَنكَرْ اَنجا اَش بيردى بيلْ قلْدى
ol aŋar anqa ax bərdi bəl kildi — ئۇ ئۇنىڭغا
بېقىنى چىققۇچە ئاش بەردى. بىر ئادەمگە تىلىگىنىدىن
ئارتۇق تاماق بەرگەن كىشىگىمۇ «بيلْ قلْدى bəl
kildi» دېيىلىدۇ. چېگىلچە.

تُولْ tul تۇل. تُولْ اُراغُتْ tul uraqut — تۇل خوتۇن.
ماقالىدا مۇنداق كەلگەن: يَفْلاق تيلْغ بيكْداً كرُو يلنكُوسْ
تُولْ ييلْكْ yavlak tilliq bəgdən kərü yaliŋus —
tul yəg تىلى يامان ئەردىن يالغۇز تۇللۇق ياخشى،
يەنى تىلى يامان ئەرلىك بولغاندىن، تۇل ئولتۇرغان
ياخشى.

تُوْلْ tөl (ئاجىزلىتىپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ) تۇل ئېلىش
ۋاقتى. ئوغۇزچە، ئېلىنغان تولىمۇ «تُوْلْ tөl» دېيىلىدۇ.

تِيلْ til تىل. ماقالىدا مۇنداق كەلگەن: اَرْدَمْ باشِي تِيلْ
ərdəm baxi til — ئەدەپ - ئەردەمنىڭ بېشى تىل.
بۇ ماقال ئەرەبچىدىكى «اَلْمَرْءُ مَخْبُوٌّ تَحْتَ لِسانِهِ»
دېگەن ماقالغا توغرا كېلىدۇ.

تِيلْ til تىل، سۆز. «اُيغُرْ تِيلي uyqur tili — ئۇيغۇر تىلى»،

«خىتاى تىلى» خىتاي تىلى — hitay tili دېگەن سۆز شۇنىڭدىن ئېلىنغان.

تىلْ til تىل، ھاقارەت. اُلْ بَكْكا تِيلْ تَكُرْدِي ol bəgkə til — tegürdi ئۇ بەگكە تىل تەككۈزدى.

تِيلْ til تىل، جاسۇس. يَغِيدَنْ تِيلْ تُتِّي yaqidan til — tutti دۈشمەندىن تىل (جاسۇس) تۇتتى.

جِيلْ qil سەت. ئوغۇزچە.

جِيلْ qil تەندىكى تاياق ئىزى.

سُولْ sol سول. گوش ۋە دەرەختىكى ھۆللۈك. سُولْلُكْ آتْ — sollüg at چالا پىشقان، قېنى قېچىپ بولمىغان گوش. ماقالىدا مۇنداق كەلگەن: سُكُتْ سُولِنكا قَدِنْكْ قاسنكا — sogüt soliŋə kaziŋ kasiŋa سوگەتكە سۇلاۋك، قېيىنغا قاتتىقلىق ياردىشار، يەنى سوگەت ئۇچۈن ھوللۇك قانچىلىك ياراشسا، قېيىن دەرىخى ئۇچۈن قاتتىقلىق شۇنچە يارىشىدۇ.

سُولْ sol سول. سُولْ آلِكْ sol əlik — سول قول.

سِيلْ sil زىل، سۈلەي. سِيلْ كِشِي sil kixi — سۈلەي ئادەم،

زىل تاماق ئادەم، يەنى تاماقنى ئاز يەيدىغان ئادەم.
سىل ئات *sil at* — سۇلەي ئات.

**قول kol** قول.

**قول kol** تاغنىڭ توپىسىدىن تۈۋەنگە قاراپ چۈشكەن، دارادىن يۇقۇرى بولغان يەر، تاغ باغرى. ئوپرى قولى *opri koli* — دارانىڭ قولى.

**قول kol** قىلىچ ۋە پىچاقنىڭ يۈزىگە ئويۇلغان نوكەش. بۇنىڭغا كۆپىنچە ئالتۇن بىلەن ھەل بېرىلىدۇ. بۇنى «قىلىچ قولى *kiliq koli*» دەيدۇ.

**كۆل kɵl** كۆل، كۆلچەك. سۇ يىغىلىپ قالغان يەر. ئىسىك كۆل *isig kɵl* — ئىسسىق كۆل. بارسغاندىكى بىر كۆلنىڭ ئېتى. ئۇزۇنلۇغى ئوتتۇز پەرسەخ، كەڭلىگى ئون پەرسەخ كېلىدۇ. كۆرۈڭ *kɵrüŋ kɵl*[1] كۆرنىك — كۆرۈك كۆل. قەشقەر تاغلىرىدىكى «يىز *yiz*[2]» كۆلنىڭ ئېتى،

---

① بۇ سۆز «كۆل *kɵl* — كۆل» سۆزىگە كەلتۈرۈلگەن مىساللار-دىن بولغاچقا، بىز «كۆرنىك كۆل» بولسا كېرەك، دەپ، ترانس-كرىپسىيەدە «*kɵl*» سۆزىنى قوشتۇق.

② يازما نۇسخىدا «يىيز» شەكلىدە يېزىلغان بۇ سۆزنىڭ ھېچقانداق مەنىسى يوق، بىسىم ئاتالاي بۇ سۆزنى «يىز — چىغ *yiz*» بولسا كېرەك، دەپ تونۇغان، بىز بۇنى مۇۋاپىق كوردۇق.

ئەتراپى 30 پەرسەخ كېلىدۇ. سىزنىڭ كۆل — *siziŋ kəl* سىزنىڭ كول، بۇ يۇقۇرىدىكىگە ئوخشاش بىر كولنىڭ ئېتى بولۇپ، ئۇ «قىچقار باشى —*koqŋar baxi* قوچقار بېشى»غا يېقىن. يۇلدۇز كۆل — *yulduz kəl* يۇلتۇز كول، كۆچا بىلەن «كىكت «*küŋüt*[1] ۋە ئۇيغۇر چېگرىسىدىكى بىر كولنىڭ ئېتى. ااى كۆل — *ay kəl* ئايكول، «اُج —ئۆچ *uq*»قا يېقىن بىر يەرنىڭ ئېتى. تِرنىڭ كۆل *təriŋ kəl* — تەرىنىڭ كول، «اِكى اُكوز — *iki əgüz* ئىككى ئۆگۈز» چېگرىسىدىكى بىر كولنىڭ ئېتى.

بۇ كوللەردىن ھەر بىرىنىڭ ئەتراپى قىرىق ياكى ئوتتۇز پەرسەخ كېلىدۇ. تۈرك شەھەرلىرىدە بۇنداق كوللەر كوپ. مەن پەقەت ئىسلام شەھەرلىرىدىكى كوللەرنىڭ چوڭلىرىنىلا كورسەتتىم.

كۆل **kəl** دېڭىز. دېڭىز كوۋۈكىنى «تِنكز كُبكى *təŋiz kəpüki*» دېمەي، «كۆل كُبكى *kəl kəpüki*» دېيىش شۇنىڭدىن كەلگەن.

---

[1] بۇ سوز يازما نۇسخىدا «كيكت» شەكلىدە يېزىلغان بولسىمۇ، بىز بۇنى يازما نۇسخا 83 - بەتتىكى «كنكت *küŋüt*» ۋە 603 - بەتتىكى «كنكت *kiŋüt*» سوزىنىڭ ئۆزى دەپ ھېسابلاپ، «*küŋüt*» دەپ ئالدۇق.

تیمْ tim تورسۇق. ئىچىملىك تولدۇرۇلىدىغان تۇلۇم. تیمْجی timqi — مەيچى، ئىچىملىك ساتقۇچى. بەزىلەر ئىچىملىك ساتقۇچىنى «تیمْ tim» دېسىمۇ، ئاۋالقىسى توغرا. چۈنكى «جی qi‖qi» شۇغۇللانغۇچىنى بىلدۈرىدۇ.

سیيم sim: سیم سمْراق sim simrak بىر خىل تاماق. باشى پىشۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇششاق توغرىلىپ، دورا - دەرمەك ئارىلاشتۇرۇلۇپ بىر قاچىغا سېلىنىدۇ ۋە ئۈستىگە ئاچچىق ئېتىق قۇيۇلۇپ، سىڭىشكەندىن كېيىن يېيىلىدۇ. چىگىلچە.

قومْ kom قوم. توگە قومى. توگە يوپۇغىنىڭ ئىچىگە سامان تىقىپ تىكىلىدۇ، ئۇنىڭ ئېگىزلىكى توگە ئورکە-شىگىچە كوتىرىلىدۇ، ئاندىن توگىگە توقۇلىدۇ. بۇ «تەڤی قومی təvə komi — توگە قومى» دېيىلىدۇ.

قومْ kum دولقۇن، سۇ دولقۇنى. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

كُلُمْ قُومي قُبْسا قَلي تَامِغْ اِتارْ
كُرْسا آني بِلْكا كِشي سُوزْكا بُتارْ

*kəlüm kumi kopsa kali tamiq itər*
*kərsə ani bilgə kixi səzgə pütər*

[كولۇم (سۇيى) دولقۇنلىسا، تامنى ئىتتىرەر،
ئۇنى ئاقىل كىشى كورسە سوزگە پۇتەر.]

ئەگەر كولۇمنىڭ سۇيى دولقۇنلىسا، گويا ئۇيۇمنىڭ تېمىنى ئوز جايىدىن ئىتتىرىۋېتىدىغاندەك تۇرىدۇ، ئەقىللىق ئادەم ئۇنى كورسە، سوزۇمگە چىن پۇتىدۇ.

نُومْ nom نوم، دىن، شەرىئەت. «تَنْكْرِي نُومِي tənri nomi — تەڭرىنىڭ دىنى ۋە شەرىئىتى» دىگەن سوز مۇشۇنىڭدىن ئېلىنغان. ھەممە دىنلارغا «نُومْ nom — نوم» دىيىلىدۇ. بۇ چىنلىقلارنىڭ سوزىدۇر.

تُونْ ton تون، كىيىم.

تُونْ tun تىنىش، تېچلىنىش. كُنْكُلْ تُونْ بُلْدِي konül tun boldi كوڭۇل تىندى، خاتىرجەم بولدى.

تُونْ tun تۇن، تۇنجى. تُونْ اُغُلْ tun oqul — تۇن بالا، مەيلى ئوغۇل، مەيلى قىز بولسۇن، خوتۇننىڭ تۇن بالىسى. تۇنجى قىز «تُونْ قِيزْ tun kiz» دىيىلىدۇ. خوتۇننىڭ دەسلەپكى ئېرى «تُونْ بَكْ tun bəg» دىيىلىدۇ.

تِينْ tin تىن ~ تىنىڭ، ئارام ئالغان، بىكار. تِينْ كِشِي tin kixi — ھېچقانداق مەشغۇلات بىلەن شۇغۇللانماي بىكار

يۈرگەن كىشى. بىرنەچچە كۈن ئىشلىتىلمىگەن ھەرقانداق
ھايۋانغىمۇ مۇشۇ سوز ئىشلىتىلىدۇ.

تين tin تىزگىن.

چين qïn چىن، ھەق، راست. چين سوز qïn soz —
چىن سوز. چين كشي qïn kixi — ئىشەنچلىك، راست-
چىل كىشى.

خون hun بىھۇدە، پايدىسىز. خون ايش hun ïx — بىھۇدە
ئىش، پايدىسىز ئىش. خون خرا ايشلما hun hara —
ixlama بىھۇدە، ئاخمىقانە ئىش قىلما.

سون sun: سون كشي sun kixi — يۇمشاق تەبىئەتلىك،
ساپ دىل كىشى.

سون sun: سون التون sun altun — نوكچا ئالتۇن. بىرى
بىر بارماقتىن بىر گەزگىچە ئۇزۇنلۇقتا بولىدۇ.

سين sïn سىن، بوي-تۇرق. «بوذلغ سينلغ كشي bozluq —
sïnlïq kixi بويى ئۇزۇن كىشى» دىگەن سوز مۇشۇ-
نىڭدىن ئېلىنغان. گورمۇ «سين sïn» دىيىلىدۇ. چۈنكى
گورنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئادەمنىڭ بويى بىلەن تەڭ بولىدۇ.

سين sïn گور. قاتون سيني katun sïni — قاتۇن سىنى.

چىن بىلەن تاڭغۇت ئوتتۇرىسىدىكى بىر شەھەرنىڭ ئېتى.

**سىن** ١ sən سەن. كەنچەكچە. تۈركلەر «سَنْ *sən*» دەيدۇ.
كەنچەك تىلىدا سۆزلەر كۆپىنچە كەسرىلىك قىلىپ ئېيتىلىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ سۆزلىرىدە ئېنىقسىزلىق بار.
يۇقۇرى چىنغىچە بولغان قەبىلىلەر — چىگىل، ياغما، توخسى تىللىرىدا سۆزلەر كۆپىنچە زەممىلىك قىلىپ ئېيتىلىدۇ. رۇمغىچە بولغان جايلاردىكى ئوغۇز، قىپچاق، سۇۋارلارنىڭ تىللىرىدا بولسا، فەتھەلىك قىلىپ ئېيتىلىدۇ. بۇ تۈركلەرنىڭ توگىنى «ت - *t*» ھەرپىنى كەسرىلىك قىلىپ «تَفِى *təvə*»، ئوغۇزلار ۋە يۇقۇرىدا ئېيتىلغان قەبىلىلەرنىڭ فەتھە بىلەن «تَوا *təwə*» دېگىنىگە ئوخشاش. تۈركلەر «د - *d*» ھەرپىنى كەسرىلىك قىلىپ «بَرْدِمْ *bardīm* — باردىم» دەيدۇ. بۇ قائىدىگە مۇۋاپىق. ئوغۇز ۋە باشقىلار بولسا، «د - *d*» ھەرپىنى فەتھەلىك قىلىپ «بَرْدَمْ *bardam* — باردىم» دەيدۇ. بۇ قائىدىگە خىلاپ. ئارغۇلار ئۆتكەن زامان پېئىللىرىدا «د - *d*» ھەرپىنى زەممىلىك قىلىپ، «كَلْدُمْ *kəldüm* — كەلدىم»، «بَرْدُمْ *bardum* — باردىم» دەيدۇ. بۇ قائىدىدىن تېخىمۇ يىراق. قەبىلىلەرنىڭ ئارىسىدىكى پەرق مانا شۇ.

**شىن** xin تەخت؛ توشەك. چىگىلچە.

**قُونْ** kon قوي. ئارغۇچە. «ن - *n*» ھەربى «ى - يا» نىڭ ئورنىغا ئالماشقان. قائىدە شۇنداق، بۇ يۇقۇرىدا ئېيتىلغان ئىدى.

**قِينْ** kïn قىن. قىلىچ ۋە پىچاقنىڭ قىنى.

**كُونْ** kөn كون. ئات تېرىسى «آتْ كُونْي *at kөni*» دېيىلىدۇ. بەزىدە بۇ سۆز ئادەمنىڭ تېرىسى ئۈچۈنمۇ ئىشلىتىلىدۇ. آنِكْ كُونْي قُرِيدِي *aniŋ kөni kurïdi* — ئۇنىڭ تېرىسى قۇرۇدى، يەنى ئۆلدى. توگە تېرىسىنى «تَڤَى كُونْي *tәvә kөni*» دېيىشمۇ مۇشۇ سۆزدىن ئېلىنغان. بۇ سۆز تېرە ئاشلىنىشتىن بۇرۇن ئېيتىلىدۇ، ئاشلانغاندىن كېيىن «قغُوشْ *koqux*» دېيىلىدۇ.

**مُونْ** mun مۇڭ، دەرت - ئەلەم؛ ئەيىپ، يېتەرسىزلىك.

مُونْ كِشِي *mun kixi* — مۇڭلۇق ئادەم، كۆڭلى سۇنۇق ئادەم. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: يَلِنْكُقْ آغْلِي مُونْسِز بُلْمَاسْ *yalïŋuk oqli munsuz bolmas* — ئادەم بالىسى ئەيىپسىز بولماس.

# بۇ باپتىكى ئاخىرى ھەرپى ئىللەتلىك سۆزلەر

**بۆي** boy شۆمشە. يېيىلىدىغان بىر خىل ئوت. ئوغۇزچە.

**بۆي** bøy بو~دو. ئۆمچۈكنىڭ بىر تۈرى. بۇ سۆز «بۆك *bøg*» دەپمۇ ئېيتىلىدۇ. توغرىسى مۇشۇ.

**بۆي** boy (قاتتىق تەلەپپۇز قىلىنىدۇ) قەبىلە، ئۇرۇق. ئوغۇزچە. تونۇش بولمىغان ئىككى ئادەم كۆرۈشكەندىن كېيىن، ئالدى بىلەن سالاملىشىدۇ، كېيىن «بۆي كىم — *boy kim* — قايسى قەبىلىدىن» دەپ سورايدۇ. جاۋاب بەرگۈچى «سالغۇر *salqur* — سالغۇر قەبىلىسىدىن» دەيدۇ ياكى كىتابىنىڭ بېشىدا بايان قىلىنغان قەبىلە ناملىرىدىن بىرىنى ئېيتىدۇ، بۇ قەبىلە بوۋىلىرىنىڭ ئىسىملىرىدۇر. ئاندىن كېيىن سۆزلىشىشكە باشلايدۇ ياكى ئۆز يولىغا كېتىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇلار بىر-بىرىنىڭ قەبىلىسىنى بىلىشىدۇ.

**تۆي** toy قارارگاھ، قوشۇن قارارگاھى. «خان تۆي — *han toy* — خاننىڭ قارارگاھى» دېگەن سۆز شۇنىڭدىن ئېلىنغان. بۇنى ئوغۇزلار بىلمەيدۇ.

تۇوى toy: تۇوى اۇتى *toy oti* — دورا قىلىنىدىغان بىر خىل ئوت.

تۇوى toy لاي، ساپال لىيى، ساپال ياسايدىغان لاي. «تۇوى اَشىغ *toy axiq* — ساپال قازان» دىگەن سۆزمۇ مۇشۇنىڭدىن ئېلىنغان.

تۇوى toy دوغداق. «ذ ـ ز» ھەرپىنى «ى ـ يا»غا ئالماشـ تۇرۇپ ئېيتىدىغانلارنىڭ تىلىدا شۇنداق دېيىلىدۇ. بۇنىڭ «تۇوذ *toz*» دەپ ئېيتىلىدىغان شەكلىمۇ بار. چىگىلچە.

قۇوى koy قوي. قۇوى يىلى *koy yili* — قوي يىلى. تۈرك خەلقلىرىدىكى ئون ئىككى مۆچەل يىللىرىدىن بىرىنىڭ نامى.

قۇوى koy قويۇن. تولىنىڭ قويىنى. «اَلِك قۇويقا سُق *alik* — *koyka suk* قولنى قويۇنغا تىق» دىگەن ئىبارە مۇشۇنىڭدىن ئېلىنغان.

قۇوى koy دارانىڭ تېگى. جىلغىنىڭ ئويمان يېرى.

## بۇ باپتىكى مىساللار

يۇوب yup: ياب يۇوب *yap yup* — ھىلە، ھىلە ـ مىكىر.

بۇ جۇپ سوز بولۇپ، «يۇپ» *yup* سوزى يالغۇز ئىشـ
لىتىلمەيدۇ. ئوغۇزلارنىڭ «اُل آنى يۇپلادى *ol ani* —
*yupladi* ئۇ ئۇنىڭغا ھىلە ئىشلەتتى» دىگىنى مۇشۇ
سوزدىن ئېلىنغان.

يوت yut جۇت. قىشتا ھايۋانلارنى سوغۇقتا توڭلىتىپ
ئولتۈردىغان جۇدۇن.

يار yar يار.

يېر yər يەر.

يېر yər رەختنىڭ بىر يۈزى. بۇ ئورۇشتە مەلۇم بىر رەڭ
ئاساسى ئورۇندا بولۇپ، ئارقاقتىكى رەڭ شۇنىڭغا
مۇناسىپ كورۇلگەن يۈزدۇر. مەسىلەن: «يشل يېرلىك
برقين *yaxïl yərlig barqïn* — يېشىل يۈزلۈك يىپەك
رەخت» دىسەك، يېشىللىق بۇ رەختتە ئۈستۈن ئورۇندا
تۇرىدۇ، باشقا رەڭلەر قوشۇمچە ئورۇندا تۇرىدۇ.

يير yïr ئىر ~ جىر، ناخشا، كۈي.

يوز yüz يۈز. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: يوزكا كورما
اردم تلا *yüzgə kərmə ərdəm tilə* — يۈزگە

قارىماﺀ، ئەردەم تىلە، يەنى يۈزىنىڭ سەت ـ چىرايلىقلىقىغا قارىماﺀ، ئۇنىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاقىغا قارا. بۇ «عِصامْ»نىڭ «اِنَّما الْمَرْءُ بِاَصْغَرَيْهِ بِقَلْبِهِ وَلِسانِهِ» دېگىنىگە ئوخشاش.

**يىز** yiz چىغ. بۇنىڭدىن چىغدان توقۇيدۇ؛ بۇ قومۇشتىن ئىنچىكە ۋە يۇمران بولىدۇ.

**يۇش** yux ياش. ياش يۇش *yax yux* — ئوتياش، كۆكتات.
«يۇش *yux*» سۆزى يالغۇز قوللىنىلمايدۇ.

**يىش** yïx ئېنىش، يەر توۋىنى. «اَرْتْ يىش — *art yïx*» ئوردەش ـ ئېنىش» دېگەن سۆز شۇنىڭدىن ئېلىنغان.

**يوغ** yoƣ نەزىر. ئۆلۈك كۆمۈلگەندىن كېيىن ئۈچ كۈنگىچە ياكى يەتتە كۈنگىچە بېرىلىدىغان ئاش.

**يۇق** yuk يۈك. ياق يۇق *yaⱪ yuⱪ* — قاچا يۇقى.
«اَياقْ يُقِي — *ayaⱪ yuⱪi* قاچا يۇقى» دېگەن سۆز مۇشۇنىڭدىن ئېلىنغان. يەنە يىراق تۇغقانلارمۇ «ياق يۇق قَداشْ *yaⱪ yuⱪ ⱪadax*» دېيىلىدۇ.

**يوق** yok يوق. اُلْ مُنْدا يُوقْ — *ol munda yoⱪ* — ئۇ بۇ يەردە يوق.

يُوكْ yük قۇشنىڭ پېيى.

يىيكْ yig ئېغىزدۇرۇق. يكۈنْ يىيكى yigi yügün[1] — يۈگەننىڭ ئېغىزدۇرۇغى.

يىيكْ yəg «ياخشى» مەنىسىدىكى ياردەمچى سوز. بۇ بىر نەرسىنىڭ يەنە بىر نەرسىدىن ئارتۇقلۇغىنى بىلدۇرىدۇ. بۇ اَتْ اَنْدا يىيكْ bu at anda yəg — بۇ ت ئۇلىگىدىن ياخشى.

يىيكْ yig خام، پىشمىغان. يىيكْ اَتْ yig ət — پىشمىغان، خام ئەت (گوش). ھەرقانداق خام نەرسىمۇ «يىيكْ «yig» دېيىلىدۇ.

يىيكْ yik (قاتتىق «ك ـ k» بىلەن) يىك. «ا ـ ئېلىپ» بىلەن «ايكْ «ik» دەپمۇ ئېيتىلىدۇ. بۇ ئەرەپچىدىكى «اَلْمَعِيْ ويَلْمَعِيْ»، «اَلَنْدَدْ ويَلَنْدَدْ» سوزلىرىدىكى ھەرپ ئالمىشىشقا ئوخشايدۇ.

---

[1] يازما نۇسخىدا بۇ سوز «يكۈنْ» شەكلىدە يېزىلغان، بىز ھەرپى ئىللەت «و ـ ۋاۋ» كەلگەن بوغۇمنىڭ قەتئىلىك بولمايدىغانلىغىنى كوزدە تۇتۇپ، بۇ سوزگە «yügün» دەپ ترانسكرىپسىيە بەردۇق.

يُوْلْ yol يول. سەپەرگەمۇ «يۇلْ yol» دېيىلىدۇ. ئانگز

يۇلْ چىقتى anar yol qikti — ئۇنىڭغا يول چىقتى،
ئۇ سەپەرگە چىقىدىغان بولدى. بۇ تۇيۇقسىز سەپەر
چىقىپ قالغانلىقنى قارىتىپ ئېيتىلىدۇ.

يُوْلْ yul بۇلاق.

يېلْ yəl يەل، شامال.

يېلْ yəl جىن، جىن شامىلى. ئَرْ يَلْپِنْدِي ər yəlpindi —
ئادەمگە شامال دارىدى، يەنى جىن چاپلاشتى.

يېمْ yəm يەم، يېمەك، تاماق. يېمْ كَلْدُرْ yəm kəldür —
تاماق كەلتۈر.

يُوْنْ yun: يۇنْ قُشْ yun kux — توز، توز قۇشى. يۇنْ
اَرِقْ yun arik — يۇڭئارىق. بالاساغۇنغا يېقىن بىر
يايلاقنىڭ ئېتى.

يېنْ yən يەن. ئادەمنىڭ ئەت - يېنى.

## فَعَلْ fəəl شەكلىدە باش ۋە ئوتتۇرا ھەرپلىرى ھەرىكىلىك بولغان «و-ۋاۋ» ھەرپى بىلەن كەلگەن سوزلەر بابى[1]

تابْ tap تېرىدىكى يارا ياكى تاياق ئىزى. اُلْ آنيِ تابْ تابْ اُرْديِ — ol ani tap tap urdi ئۇ ئۇنى ھەر تەرەپتىن تېز - تېز ئۇردى.

سابْ sap ساپ. قىلىچ ۋە پىچاقنىڭ سېپى. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: اُغْلانْ ايشيِ ايشْ بُلْماسْ اُغْلاقْ مُنْكزيِ سابْ بُلْماسْ — oqlan ixi ix bolmas oqlak münzi sap bolmas بالىنىڭ ئىشى ئىش بولماس، ئوغلاق مۈڭگۈزى ساپ بولماس.

سابْ sap نۆۋەت. بىرەر سوزگە جاۋاپ بېرىشتىكى نۆۋەت. ئۇن تارتىش، يەر سۈغىرىش نۆۋىتىگىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ.

---

[1] بۇ باپتىكى سوزلەر ئىچىدە «ۋ-ۋاۋ» بىلەن كەلگەن سوزلەرمۇ كوپ، شۇنىڭدەك خېلى بىر قىسىم سوزلەر «فَعَلْ fəəl» ۋەزنىگە توغرا كەلمەيدۇ. كوچۇرۇلۇشتە سەھۋەنلىك بولسا كېرەك.

ئۇ سۆز قولدىن بەرمەس. ئۇن ئۇل سۆزكالى ساپ بېرمەس sap — ol sezlagali① ئۇ سۆز نۆۋىتىنى قولدىن بەرمەس. ئۇن bərməs
تارتمىش ۋە باشقىلارغىمۇ «سىنىڭ ساپ كەلدى sənin sap kəldi— سېنىڭ نۆۋىتىڭ كەلدى» دېيىلىدۇ.

**شاپ** xap شاپ. شاپ شاپ xap xap — شاپ ـ شۇپ، شاق ـ شاق. ئۇل ئانى شاپ شاپ بويۇنلادى ol ani xap xap boyunladi — ئۇ ئۇنىڭ بوينىغا شاق ـ شاق ئۇردى، يەنى شاپىلاقلىدى. ئۇل قاغۇنۇغ شاپ شاپ يېدى ol kaqunuq xap xap yədi — ئۇ قوغۇننى شاپ ـ شۇپ يىدى، شاپتۇل ۋە باشقا سۇلۇق نەرسىلەرنى شىپىلدىتىپ يېيىشكىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ. بۇ سۆز ئەرەبچىدىكى «الشّيب»گە ئوخشايدۇ، ئۇ كالپۇكنى تامشىغاندا چىققان تاۋۇشنى بىلدۈرىدۇ.

**قاپ** kap تۇلۇم.

---

① يازما نۇسخىدا بۇ سۆز «سۇزكالى» شەكلىدە يېزىلغان. بىز كوچۇرۇشتە «كالى gəli» قوشۇمچىسىدىن ئالدىن پېئىل ياسىغۇچى «لا ـ la/la» قوشۇمچىسى ئۇنتۇلغان دەپ ھېسابلاپ، بۇ سۆزنى «sezlagəli» دەپ ئالدۇق.

سنجغان قاتي *sīnqoqan kati* — قاراقات ياكى قىزىلقات.

ئۈنى سىقىپ قىيمىقىدا ئارىلاشتۇرۇپ، ئاندىن رەڭ بېرىش ئۈچۈن تۇتماچقا قوشىدۇ. يەمەك، قىپچاق، قاي، تاتار، چومۇل قەبىلىلىرىنىڭ تىلىدا ھەرقانداق دەرەخ مېۋىسى «قات *kat*» دېيىلىدۇ.

**ساچ** saq تاۋا.

**قاذ** kaz كىشىنى ئۆلتۈرىدىغان شۇرغان. «قاذ بلدى — *każ boldī* شۇرغان چىقتى» دېگەن سۆز مۇشۇنىڭدىن ئېلىنغان. بۇ، تاغلاردا ياز ۋە قىش كۆللىرى، چۆل-جەزىرىلەردە قىش كۆللىرى بولىدۇ. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

كَلْدي اَسِنْ اَسْنَيُو
قاذْقا تُكَلْ اُسْنَيُو
كِرْدي بُذُنْ قَسْنَيُو
قَرا بُلِتْ كُكْرَشُورْ

*kəldi əsin əsnəyü*
*każka tügəl üsnəyü*
*kirdi bożun kasnayu*
*kara bulït kəkrəxür*

[غۇر-غۇر شامال قوزغالدى،
شىۋىرغانغا پۈتۈنلەي ئوخشايتتى؛
خەلق تىترىشىپ كەتتى،
قارا بۇلۇت گۈكىرىشەر.]

شامال سوقتى، ئۇ شامال سوغۇقلۇغىدىن شىۋىرغانغا ئوخشاپ كەتتى؛ كىشىلەر غال-غال تىترەشتى، قارا بۇلۇتلار گۈكرەشتى.

بارْ bar بار. بىرنەرسىنىڭ بىر يەردە بار ئىكەنلىگىنى بىلدۈرىدىغان سۆز. «سَنْدا يَرْماقْ بارْمُو sanda — yarmak barmu سەندە يارماق (پۇل) بارمۇ» دەپ سورىسا، باشقا بىرسى «بار bar — بار» دەپ جاۋاپ بېرىدۇ. بۇ، ئەرەپچىدىكى «لَيْسَ» سۆزىنىڭ ۋە تۈركچىدىكى «يُوقْ yok — يوق» سۆزىنىڭ تەتۈرى.

بارْ :bar بارْ يِكْدا bar yigda — نان جىگدە.

تارْ tar تار. تار بولغان ھەرقانداق نەرسە، تارْ آقْ tar av — تار ئوي. باشقىلاردىمۇ شۇنداق.

تار tar سال. بىرنەچچە تۈلۈمگە يەل بېرىلىپ، ئاغزى باغلىنىدۇ. ئاندىن ئۇلار بىر-بىرىگە چىتىلىپ، سۇنىڭ ئۈستىدە سۈپىغا ئوخشاش بىر نەرسە ياسىلىدۇ. كېيىن بۇنىڭ

ئۈستىگە ئولتۇرۇپ سۇدىن ئۆتىدۇ. بۇ قومۇش ۋە
شاخلاردىنمۇ ياسىلىدۇ. ياباقۇ ۋە تاتار تىللىرىدا.

تارْ tar سېرىق ياغنىڭ دۇغى، يەنى ياغ ئېرىتىلىپ ئېلىنغان-
دىن كېيىن قازاننىڭ تېگىدە چۆكۈپ قالغان دۇغ.

تارْ tər ئىش ھەققى، ئىش ھەققى ئۈچۈن بېرىلگەن پۇل.
ئىشلەمچىنى «تَرْجى *tərqi*» دېيىشمۇ مۇشۇنىڭدىن ئېلىنغان.

تَرْجى tər① تەر.

جارْ qar : جار. جَرْمَقْ *qar qarmak* — بالا-چاقا.

قارْ kar قار.

بازْ baz يات، ئەجنەبى. ياتْ بازْ ياذْلْدي *yat baz yazïldi* —
ياتلار ئايرىلىشتى، تارقىلىشتى.

تازْ taz تاز. تازْ آتْ *taz at* — چىپار ئات. تازْ قويْ *taz koy* —
توقال قوي. تازْ يېرْ *taz yər* — ئۆسۈملۈك ئاز ئۈنىدىغان، زەي، شورلۇق يەر. ماقالىدا مۇنداق كەلگەن: تازْ آتْ

① بۇ سۆزدە «جى *qi*» قوشۇمچىسى چۈشۈپ قالغان، بىز ئۇنىڭ مەنىسىگە ئاساسەن «*tər*» دەپ ترانسكرىپسىيە بەردۇق.

تَفَارْجِي بُلْمَاسْ *taz at talarqï bolmas* — چىپار ئات
يۈك كۆتىرەلمەس، چۈنكى ئۇنىڭ تۇيىقى يامان بولىدۇ.

**قازْ** kaz غاز.

**قازْ** kaz ئافراسىياپنىڭ قىزىنىڭ ئېتى بولۇپ، «قَزْوِينْ *kazwīn* — قازۋىن» شەھىرىنى ئۇ بىنا قىلغان. بۇ سۆز-نىڭ ئەسلى «قازْ اُيْنِي *kaz oynī* — قاز ئويۇنى» دۇر، چۈنكى، ئۇ قىز شۇ يەردە تۇراتتى ۋە ئوينايتتى. شۇڭا بەزى تۈركلەر «قَزْوِينْ *kazwīn* — قازۋىن»نى تۈرك ئېلىنىڭ چېگرىلىرىدىن بىرى ھېساپلايدۇ. «قُمْ *kum* — قۇم» شەھىرىمۇ چېگرا ھېساپلىنىدۇ. چۈنكى، «قُمْ *kum* — قۇم» تۈركچە سۆزدۇر. ئافراسىياپنىڭ قىزى بۇ يەردە دائىم ئويۇن قىلاتتى. بەزىلەر «مَرْوَالشَّاهِجَانْ *mərwəx - xahijan* — مەرۋەششاھىجان» شەھىرىنىمۇ تۈرك چېگرىسى-دىكى شەھەر ھېساپلايدۇ. چۈنكى، قىزنىڭ ئاتىسى «تُنْكَا اَلْبْ اَرْ *toŋa alp ər* — توڭا ئالپ ئەر» ئەشۇ ئافراسىياپنىڭ ئۆزىدۇر. ئافراسىياپ «طَهْمُورَثْ *təmhurəs* — تەمھۇرەس»تىن ئۈچ يۈز يىل كېيىن «مَرْو *mərw* — مەرۋ» شەھىرىنى بىنا قىلغان. بەزىلەر پۈتۈن «ماوارا لنّهر *mawərəunnəhr* — ماۋەرەئۈننەھر»نى تۈرك ئېلى دەپ ھېساپلايدۇ. ئۇ

«يَنْكَنْد *yənkənd* — يەنكەنت»تىن باشلىنىدۇ. ئۇنىڭ يەنە بىر ئېتى «دِزْ رُوِيْنْ *diz ruyin* — مىس شەھىرى» دۇر. ئۇنىڭ مۇستەھكەملىكىگە قاراپ شۇنداق دېيىلگەن. بۇ «بُخارا *buhara* — بۇخارا»غا يېقىن. بۇ يەردە ئافراسىياپنىڭ قىزى قازنىڭ ئېرى «سِياوُشْ *siyawux* — سىياۋۇش» ئۆلتۈرۈلگەن. مەجۇسىيلەر ھەر يىلى بىر كۈن بۇ يەرگە كېلىپ «سِياوُشْ *siyawux*» ئۆلگەن جايدا يىغلىشىدۇ، قۇربانلىق قىلىپ، قېنىنى ئۇنىڭ قەۋرىسىگە ئېقىتىدۇ. بۇنداق قىلىش ئۇلارغا ئادەت بولۇپ قالغان. پۈتۈن «مَاوَراءُالنَّهر *mawərəunnəhr*»، «يَنْكَنْد *yənkənd*»دىن شەرقىقىچە بولغان يەرلەرنى تۈرك شەھەرلىرى دېيىشىمىزنىڭ دەلىلى شۇكى، «سَمَرْقَنْد *səmərkənd* — سەمەرقەنت» «سَمِزْكَنْد *səmizkənd* — سەمىزكەنت» دەپ ئاتىلىدۇ. «شاشْ *xax* — شاش» «تَشْكَنْد *taxkənd* — تاشكەنت» دېيىلىدۇ. شۇنىڭدەك، «اُوزْكَنْد *ɵzkənd* — ئۆزكەنت»، «تُنْكَنْد *tünkənd* — تۈنكەنت» دېگەن ناملارمۇ بار. بۇ شەھەرلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئېتى تۈركچە «شەھەر» مەنىسىدىكى «كَنْد *kənd* — كەنت» سۆزى قوشۇلۇپ ياسالغان. تۈركلەر بۇ شەھەرلەرنى بىنا قىلىپ ئۆزلىرى

ئات قويغان. بۇ ئاتلار ھازىرغىچە قوللىنىلىۋاتىدۇ. بۇ يەرلەردە پارسلار كۆپەيگەندىن كېيىن، ئۇلار ئەجەم شەھەرلىرىدىگە ئوخشاپ قالغان. ھازىر بۈتۈن تۈرك ئېلىنىڭ چېگرىسى «اَبِسْكُونْ *abisgün* (كاسپى)» دېڭىزى بىلەن ئايلىنىپ، رۇم ئېلىدىن ۋە «اوزْجَنْد *ozqənd* — ئۆزچەنت» تىن چىنغىچە سوزۇلىدۇ. ئۇزۇنلۇغى بەش مىڭ پەرسەخ، ئېنى ئۈچ مىڭ پەرسەخ، ھەممىسى سەككىز مىڭ پەرسەخدۇر.

قازْ سُڤِي قاز سۈيى — *kaz suvi* ايلا *ila* — ئىلى دەرياسىغا قۇيۇلىدىغان چوڭ بىر دەريانىڭ ئېتى. مۇنداق ئاتىلىشىنىڭ سەۋەبى، ئافراسىياپنىڭ قىزى ئۇننىڭ بويىدا بىر شەھەر بىنا قىلغان. بۇ ئىسىم ئۇننىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

قازْ kaz ھەرقانداق دەرەخنىڭ قوۋزىقى، پوستى. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: قازِنْكْ قاسِنْكا — *kazïŋ kasïŋa* قېپىن قاتتىقلىقى بىلەن[1]. بۇ يەردە «ز ـ z» ھەرپى «س ـ s» غا ئالماشقان. چۈنكى «ز ـ z» ھەرپى ئۆزىدىن ئاۋال كەلگەن سوزدە ئۆز ھەسسىسىنى ئالغانلىقتىن، كېيىنكى سوزدە «ز ـ z» ھەرپىگە ئورۇن قالمىغان[2].

① بۇ ماقال ئەسلىدە «قېپىن پوستى بىلەن» بولۇشى كېرەك ئىدى، بىز ئەرەپچىسىدىكى مەنىنى ئۆزگەرتمىدۇق.

② بۇ جۈملىنىڭ ئەرەپچىسىدە مۇجمەللىك بار. بىز بېسىم ئاتالاينىڭ تۈزىتىشى بويىچە تەرجىمە قىلدۇق.

«ز ـ z» نىڭ «س ـ s» غا ئالمىشىشى ئەرەپچىدىمۇ بار. مەسىلەن: «بُوزِي وَ بُوصِي، لَزِق وَ لَصِق، بُزاق وَ بُصاق» دېگەنگە ئوخشاش.

باشْ bax باش.

باشْ bax يارا، جاراھەت. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: كُنِي بَرِرْ كَيِكْنِكْ كُوزِنْدا آذِنْ باشِي يُوقْ — *kɵni barir kəyikniŋ kɵzində aźin baxi yok* توغرا كەتكەن كېيىكنىڭ كۆزىدىن باشقا يارىسى يوق، يەنى ئىككى تەرىپىگە قارىماي، ئۇدۇل كېتىۋاتقان كېيىكنىڭ كۆزىدىن باشقا يارىسى يوق. بۇ، كۆز ھەقىقەتتە يارا ئەمەس دېگەنلىكتۇر. بۇ ماقال ئېغىر ئىشقا يولۇقۇپ، باشقىلارنىڭ ئەيىپلىشىگە ئۇچرىغان كىشىگە قارىتىپ ئېيتىلىدۇ.

تاشْ tax تاش.

تاشْ tax تاش، سىرت. تاشْ تُونْ — *tax ton* — تاش تون، سىرتقا كىيىلىدىغان تون. تاشْ يِيرْ — *tax yər* — كەڭ بوشلۇق، يېزىق؛ ياقا يۇرت.

ساشْ sax شاش، ئۈركىگەك. ساشْ آتْ — *sax at* — شاش ئات، ئۈركىگەك ئات.

قاشْ kax قاش. كۆز ئۈستىدىكى قاش.

**قاش kax** قاشتاش. بۇ بىر خىل سۇزۇك تاش بولۇپ، ئاق ۋە قارا رەڭلەردە كورۇلىدۇ. بۇنىڭ ئېقىنى گۇلدۇرماسدىن، ئۇسسۇزلۇقتىن ۋە چاقماق چۈشۈشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۇزۇككە كوز قىلىدۇ.

قاش اُكُوزْ — *kax ögüz* قاش ئوگۇز. خوتەن شەھرىنىڭ ئىككى يېنىدىن ئاقىدىغان ئىككى دەريا. بىرى «اُرُنْكْ قاش اُكُوزْ *ürüŋ kax ögüz* — يۇرۇڭقاش دەرياسى» دېيىلىدۇ. بۇ يەردىن سۇزۇك ئاق تاش چىققاچقا، دەرياغۇ شۇ نام بىلەن ئاتالغان. يەنە بىرى «قَرا قاش اُكُوزْ *kara kax ögüz* — قارىقاش دەرياسى» دېيىلىدۇ. بۇ يەردىن سۇزۇك قارا تاش چىقىدۇ. بۇ تاشلار دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىن چىقمايدۇ، پەقەت مۇشۇ يەردىنلا چىقىدۇ.

**قاش kax** قاش، قىرغاق. ھەرقانداق نەرسىنىڭ قېشى، قىرغىقى. يارْ قاشي *yar kaxi* — يار قېشى، يارنىڭ قىرغىقى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق.

**باغ baq** باغ.

**باغ baq** باغ، باغلام. ئوتۇن ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنىڭ بېغى. اُتُنْ باغي *otuŋ baqi* — ئوتۇننىڭ بېغى.

تاغ taq تاغ. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: تاغ تاغقا قَقْشَماسْ كشي كشيكا قَقْشُورْ — *taq taqka kavuxmas kixi kixigə kavuxur* تاغ تاققا قوۋۇشماس، كىشى كىشىگە قوۋۇشار، يەنى ئىككى تاغ بىر ـ بىرىگە قوۋۇشمايدۇ، چۈنكى ئۇلار ئۆز جايلىرىدا ئورناپ كەتكەن، كىشىلەر كۆپ ۋاقىت ئۆتۈپ كەتسىمۇ، بىر ـ بىرلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرىدۇ. بۇ ماقال ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن سۆيگىنى بىلەن كۆرۈشكەن كىشىگە قارىتىپ ئېيتىلىدۇ.

داغ daq داغ. ئات ۋە باشقا ماللارغا بېسىلىدىغان تامغا.

پارسلار بۇ سۆزنى تۈركلەردىن ئالغان. بۇنى پارسچە سۆز دېيىشكە بولمايدۇ؛ ئۇلاردا تۈركلەرنىڭكىدەك چارۋا بولمىغاچقا، بۇنداق سۆزلەر نەدە بولسۇن؟ مەن بۇ سۆزنى مۇسۇلمانلار چېگرىلىرىدىمۇ ئاڭلىدىم.

داغ ذاغ daq żaq «ياق، ئەمەس» مەنىسىدە كېلىدىغان ياردەمچى سۆز. ئارغۇچە. اُلْ اَنْدَغْ داغْ اُلْ — *ol andaq daq ol* ئۇ ئۇنداق ئەمەس. كېيىن ئوغۇزلار «ياق، ئەمەس» مەنىسىدىكى «ذاغْ اُلْ *żaq ol*» سۆزىنى ئارغۇلاردىن ئېلىپ، ئۇنى «تَكُلْ *təgül*» دەپ ئۆزگەرتكەن. چۈنكى، ئوغۇزلار ئارغۇلارغا خوشنا، تىللىرىدا ئارىلىشىش بار.

ساغ saoq ئەقىل. ئوغۇزچە.

ساغ saoq زىرەكلىك، پەم. ئوغۇزچە. سەندا ساغ يوق — *sənda saoq yok* سەندە پەم يوق.

ساغ saoq ساق، ساغلام. يېنىڭ ساغمو — *yənin saoqmu* تېنىڭ ساقمۇ. ساغ سوۋ *saoq suv* — ساق سۇ، ساپ سۇ.

ساغ saoq: ساغ ئالىك *saoq əlik* — ئوڭ قول. بۇ سۆزلەرنىڭ ھەممىسى ئوغۇزچە. تۈركلەر بۇ سۆزلەرنى بىلمەيدۇ.

ساغ saoq ساۋا. يۇڭ ساۋايدىغان چىۋىق.

ساغ saoq: ساغ ياغ *saoq yaoq* — سېرىق ياغ، سېرىق ماي.

ساغ saoq ساپ. ساغ كۆڭۈل *saoq kənül* — ساپ كۆڭۈل، ئاق كۆڭۈل.

ساۋ sav ماقال. ساۋدا مۇندىغ كەلىر *savda mundaoq kəlir* — ماقالدا مۇنداق كەلگەن.

ساۋ sav قىسسە.

ساۋ sav ھېكايە، چۆچەك.

كِبا kibə قىسقا ۋاقىت، ئاز ۋاقىت. ئوغۇزچە، كِبا بُلْدِي — kibə boldi ئاز ۋاقىت ئۆتتى.

بِتِي biti مۇقەددەس كىتاب. ئاسماندىن چۈشۈرۈلگەن كىتاب- لاردىن بىرى.

بُتا bütə كوپ، جىق. مَنْ اَنكَرْ بُتا يَرْماقْ بِيرْدِمْ — mən aŋar bütə yarmak bərdim مەن ئۇنىڭغا كوپ يارماق بەردىم. بُو اِيشْقا بُتا بُلْدِي — bu ixka bütə boldi بۇ ئىشقا خېلى بولدى①. بۇ سوز ئوغۇزلارنىڭ «كِبا — kibə ئاز ۋاقىت» دىگەن سوزىگە توغرا كېلىدۇ②.

بُتُقْ botuk بوتا، بوتىلاق.

جَتُقْ qatuk بىر خىل دېگىز بېلىقىنىڭ مۈڭگۈزى، چىنىدىن كەلتۈرۈلىدۇ. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، بىر خىل ياغاچنىڭ يىلتىزى بولۇپ، بۇنىڭدىن پىچاققا ساپ ياسىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن تاماقتا زەھەرنىڭ بار - يوقلۇغى سىنىلىدۇ. ئۇ شورپا ۋە تاماققا سېلىنسا، تاماق (زەھەرلىك بولسا) ئۇتتىسىز قاينايدۇ، قاچىغا سېلىنسا، ھوزسىز تەرلەيدۇ.

① بۇ ئىككى جۈملىنى ئەسلى تېكىستكە ئاساسەن تەرجىمە قىلدۇق.
② بۇ جۈملىنىڭ مەزمۇنىدا بىر ئاز ئېنىقسىزلىق بار، بىز ئەرەپ - چىسىگە ئاساسەن تەرجىمە قىلدۇق.

ساۋ sav خەت، خەت ـ چەك.

ساۋ sav سوز.

ساۋ sav خەۋەرلەر، رىۋايەتلەر. پەيغەمبەرنى «ساۋچى *savqi*» دېيىش مۇشۇلىنگدىن ئېلىنغان. چۈنكى ئۇ ئەلچىلىك قىلىپ خەۋەرلەرنى يەتكۈزىدۇ. قىسسىلەرنى سوزلەپ بېرىدۇ. ساۋچى *savqi* — ئەلچى. قۇدىلار ئوتتۇرىسىدا بېرىپ ـ كېلىپ ئەلچىلىك قىلىدىغان كىشى. ساۋچى *savqi* مەن يۇقۇرىدا ئېيتقاندەك، بۇنىڭ سوزنى ئۇنىڭغا يەتكۈزىدۇ. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

بِلْكا اَرَنْ سَڤْلَرِنْ اَلِغِلْ اُكُتْ
اَذْكُو سَڤِغْ اَذْلَسا اُوزْكا سِنكارْ

*bilgə ərən savlarīn aloqīl egüt*
*əzgü savīoq əzləsə ezgə siŋər*

[بىلىملىك ئادەملەرنىڭ سوزلىرىدىن نەسىھەت ئال،
ياخشى سوز تەسىر قىلسا قەلبكە سىڭەر.]

ئاقىللارنىڭ سوزلىرىنى ئوزەڭگە نەسىھەت دەپ

قوبۇل قىل، چۈنكى ياخشى سوز تەسىر قىلسا، ئىنساننىڭ قەلبىگە سىڭىدۇ.

شاڤْ xav شاپ①. ئۇشلەگگە ئوخشاش بىر خىل ئوت. «اُجْ *uq* — ئۈچ» تا ئۇنىڭ بىلەن كىيىم يۇيۇلىدۇ.

قاڤْ kav چاقماق چېقىپ ئوت تۇتاشتۇرۇلىدىغان پىلىك.

قاڤْ kav: تُونْ قاڤْ قُوڤْ بُلْدِي — *ton kav kuv boldi* تون ئاچار ئېگىلىگەنلىكتىن تارتىشىپ قالدى.

لاڤْ lav موم. پېچەتلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان موم.

قاقْ kak قاق. شاپتۇل قېقى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق.

قاقْ kak قاق. قاقْ سُوڤْ — *kak suv* — قاق سۇ، توختام سۇ.

باكْ bəg بەگ.

باكْ bəg خوتۇننىڭ ئېرى. ئۇ ئۆيدە بەككە ئوخشىغانلىقتىن شۇنداق دېيىلىدۇ.

تاكْ təg تەك~دەك. ئوخشىتىش ياردەمچىسى. اُلْ اَنْدَغْ تاكْ — *ol andaq təg* — ئۇ ئۇنداقتەك، ئۇ شۇنداق ئوخشايدۇ.

---

① بۇ ئۇسۇملۇكتىن ھازىرمۇ شاخار ئېلىنىدۇ.

**جاكْ** qək بىر خىل يىپ رەخت بولۇپ، بۇنىڭدىن يەمەكلەر ئۇچىسىغا ئارتىدىغان يېپىنچا تىكىپ كىيىدۇ.

**ناكْ** nək تىمساخ، لەھەڭ. ناكْ يِلانْ *nək yilan* — ئەجدەرھا.

ناكْ يِلِي *nək yili* — لەھەڭ يىلى. تۈرك خەلقلىرىدىكى ئون ئىككى مۇچەل يىللىرىدىن بىرىنىڭ نامى.
بۇ كىتابنى يازغان ۋاقتىمىز (توت يۈز) ئاتمىش توققۇزىنچى يىلى — ناكْ يِلِي *nək yili* دۇر.

**بالْ** bal بال، ھەسەل. سۇۋار، قىپچاق ۋە ئوغۇز تىللىرىدا، تۈركلەر بۇنى «آرِي ياغِي *ari yaqi*» دەيدۇ. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

بَرْدِي سَنكا ياكْ اُوتْرُو تُتُبْ بالْ
بَرْجِنْ كَزِبَنْ تَلُو يُفْغا بُلُبْ قالْ

*bardi saŋa yək utru tutup bal*
*barqin kəzipən təlü yuvoqa bolup kal*

[شەيتان سىنى قارشى ئېلىپ بال تۇتتى،
يىپەك كىيدىڭ، چۈشەنمىدىڭ، ئەقىلسىز بولۇپ قال.]

شائىر مۇنداق دەيدۇ: شەيتان سېنى قارشى ئېلىپ ساڭا بال (بۇنىڭ بىلەن دۇنيانىڭ لەززىتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ) تۇتتى، سەن ئۇنىڭغا ئالدىنىپ يىپەك كىيدىڭ، سەن ئۇنىڭ ھىيلە-مىكرىنى بىلمىگىنىڭچە ئەقىلسىز بولۇپ قېلىۋەر.

**تاڵ** tal تال. زىلۋا بويلۇق كىشىنى زىلۋالىقتا تالغا ئوخشىتىلىپ «تاڵ بۇذلُغ *tal bożluq*» دېيىلىدۇ. بۇ سۆز كۆپىنچە زىلۋا، نازۇك بويلۇق قىزلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

**چاڵ** qal ئالا. چاڵ قوْى *qal koy* — چال قوي، ئالا قوي.

**ساڵ** sal سال. «تار *tar*» سۆزىمۇ مۇشۇ مەنىدە.

**ساڵ** sal² سىر. يېلىمدىن ياسالغان يېپىشقاق نەرسە. چىن قاچا-قومۇچلىرى ۋە شۇنىڭغا ئوخشايدىغان نەرسىلەرگە سۈرتۈلگەندىن كېيىن، ئۈستىگە گۈل سىزىلىدۇ.

**تاْم** tam تام.

**ساْم** səm: آْم ساْم *əm səm* — داۋا، ئەم. «ساْم *səm*» سۆزى يالغۇز ئىشلىتىلمەيدۇ، جۈپ سۆز بولۇپ كېلىدۇ.

**تاڵ** tan سەلكىن. ئەتىگەن، ئاخشامدا چىقىدىغان سالقىن شامال.

**قامْ** kam كاهىن، شامان.

**خانْ** han خان. تۈركلەرنىڭ ئەڭ چوڭ پادىشاسى. ئافراسىياپ- نىڭ ئوغۇللىرىمۇ «خانْ *han*» دېيىلىدۇ. ئافراسىياپنىڭ ئۆزى «خاقانْ *hakan*» دېيىلىدۇ. بۇ نامنىڭ بېرىلىشى توغرىسىدا ئۇزۇن بىر ھېكايە بار.

**سانْ** san سان. ساناق سان. قُوِيْ سانِي نَجا — *koy sani nəqə* قوينىڭ سانى نەچچە، قوي قانچە.

**قانْ** kan قان. ماقالىدا مۇنداق كەلگەن: قانِغ قانْ بِرْلا يُماسْ — *kaniƣ kan birlə yumas* — قاننى قان بىلەن يۇغىلى بولماس. بۇ تۇپىلاڭ سۆلە بىلەنلا تىنچىتىلىدۇ، دېگەنلىكتۇر.

**مانْ** man: مانْ قِشْلاغْ — *man kixlaƣ* — مانقىشلاق. ئوغۇزلار ئېلىدىكى بىر يەرنىڭ ئېتى. مانْكَنْدْ — *mankənd* — مانكەنت. قەشقەرگە يېقىن بىر شەھەرنىڭ ئېتى. كېيىن خاراپ بولغان[1].

---

[1] بۇ شەھەر خارابىسى ھازىرغىچە «mankənt>məŋgən» نامى بىلەن ئاتىلىپ كەلمەكتە، شۇ شەھەر يېنىدىكى قەشقەر كونىشەھەر ناھىيە توققۇزاق بازار ئىچى مەھەللىسىمۇ مۇشۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ.

مانْ man: مانْ ياشِلغ قوْنى *man yaxliq koy* — توت ياشتىن ئاشقان قوي. بۇ سوز قويدىن باشقىغا ئىشلىتىلمەيدۇ.

## ھەرپى ئىللەت بىلەن ئاخىرلاشقان سوزلەر

باىْ bay باي. باىْ يِغاجْ *bay yiqaq* — باي يىغاچ. «كُجا — كۇچا» بىلەن «اُجْ *uq* — ئۇچ» ئارىسىدا، «اُجْ *uq* — ئۇچ»قا يېقىن بىر يەرنىڭ ئېتى.

تاىْ tay تاي. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

تَكُرْ مَنِكْ سافِمِي بِلْكالَكا اَىْ
تِنَرْ قَلِي اَتَسا قِسْرَقْ سِنِي تاىْ

*təgür məniŋ savïmï bilgələgə ay*
*tïnar kalï atatsa kïsrak sïnï tay*

[يەتكۈز مېنىڭ سوزۇمنى، بىلىم ئەھلىرىگە ئېيت، تاي ئات بولۇپ قالسا، بايتال تىنىدۇ.]

سوزۇمنى ئاقىللارغا يەتكۈزگىن، ئەگەر بايتالنىڭ
تېيى چوڭىيىپ ئات قاتارىغا كىرسە، بايتال ئارام ئېلىپ
قالىدۇ، چۈنكى ئۇ ئانىسىنىڭ ئورنىغا مىنىلىدۇ.

**ساىْ** say ساي.

**ساىْ** say: ساىْ يَرِقْ *say yarïk* — تەگكىلىك ساۋۇت.

**قاىْ** kay قاي. تۈركى قەبىلىلەردىن بىرى.

## بۇ باپتىكى مىساللار

**ياپْ** yap: ياپْ يُوپْ *yap yup* — ھىلە، ھىلە ـ مىكىر.

ياپْ يُوپْ قِلْدِى *yap yup kïldi* — ھىلە ـ مىكىر ئىشلەتتى.

**ياتْ** yat يات، ئەجنەبى. ياتْ كِشِى *yat kixi* — يات كىشى.

«ياتْ بازْ يَدِلْ *yat baz yażïl*① — ياتلار، ئەجنەبىلەر

---

① بۇ سوز يازما نۇسخىدا «ياتْ بازْ يَدِلْ» شەكلىدە بېرىلگەن. بىراق ئاتالاي بۇنىڭ «ياتْ بازْ يَدِلْسُونْ» بولۇشى كېرەكلىكى توغرىسىدا ئىزاھ بەرگەن. بىز بۇ پىكىرنى توغرا تاپتۇق ۋە شۇنداق تەرجىمە قىلدۇق.

تارقىلىپ كەتسۇن» دىگەن سوز مۇشۇنىڭدىن ئېلىنغان.

**يات** yat يادا. يامغۇر ياغدۇرۇش ۋە شامال چىقىرىش ئۈچۈن يادا تېشى بىلەن قىلىنىدىغان كاھىنلىق.

**ياز** yaz ياز. ماقالىدا مۇنداق كەلگەن: يازىن قَتِغْلَنْسا قِيشِنْ سَڤْنُورْ — yazïn katïoqlansa kïxïn səvnür يازدا قاتتىق ئىشلىسە، قىشتا سويۈنەر.

**ياش** yas زىيان، زەرەر. اَنِكْ تَلِمْ ياسى تَگْدى — anïŋ təlim yasi təgdi ئۇنىڭغا كوپ زىيان تەگدى[①].

**ياش** yas ئولۈم، ھالاكەت، ئوغۇزچە. اَنِكْ اُغْلِي ياس بُلْدى — anïŋ ooqli yas boldi ئۇنىڭ ئوغلى ئولدى.

**ياش** yax ياش، كوز يېشى. كُوزُمْ ياشي اَقْدي —kəzüm yaxi akdi كوز يېشىم ئاقتى.

**ياش** yax ياش، ئوتياش، كوكتات. ياش يِدِمْ — yax yədim ئوتياش يېدىم.

**ياش** yax ياش، يېشى. ياش اَتْ yax ət — ياش گوش.

① بۇ جۈملە ئەرەپچىدە مۇشۇنداق بېرىلگەن. بىزچە، ئەسلى تېكىست بويىچە «ئۇنىڭ كوپ زىيىنى تەگدى» بولۇشى كېرەك.

ياغْ yaƣ ياغ، سۇ ياغ. ساغ ياغ *saƣ yaƣ* — سېرىقماي، ئوغۇزلار چاۋا ياغنى «ياغْ *yaƣ*» دەيدۇ.

ياقْ yak: ياق يۇق *yak yuk* — قاچا يۇقى. يىراق تۇققانلارغا «ياقْ يۇقْ قَدَشْ *yak yuk kadax*» دېيىلىدۇ. بۇ، ئۇنىڭ بىزگە يېقىنلىقى قاچا يۇقىغا ئوخشاش دېگەنلىكتۇر.

ياكْ yək شەيتان. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: بِلْمِشْ ياكْ بِلْمَاذُكْ كِشِيدَا يَكْ — *bilmix yək bilməzük kixidən yəg* تونۇش ئەمەس كىشىدىن تونۇش شەيتان ياخشى. بۇ ماقال تونۇشلارنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلاشقا ئۈندەپ ئېيتىلىدۇ.

يالْ yal يال ~ يايىل. ئاتنىڭ يايلى. ھەممە تۈركى تىللاردا.

آتْ يالِي *at yali* — ئات يايلى، يال ئۆسىدىغان جاي.

يامْ yam كۆزگە ۋە باشقا نەرسىلەرگە چۈشۈپ قالىدىغان خەس، ئەخلەت.

يانْ yan يانپاش سۆڭگىنىڭ بېشى. يانپاش سۆڭگىمۇ «يانْ *yan*» دېيىلىدۇ.

# بۇ باپتىكى باشقا بىر تۆر

يايْ yay باھار، ئەتىياز. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: كُوزْ كَلِكِي يايِنْ بَلْكُولُكْ — *küz kəligi yayïn bəlgülüg* كۈزنىڭ كېلىشى ئەتىيازدىن بەلگىلىك بولىدۇ. بۇ ماقال ئاخىرى قانداق بولىدىغانلىقى بېشىدىن بەلگىلىك بولىدىغان ئىشلار ھەققىدە ئېيتىلىدۇ. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

يايْ كَرْكِنْكا اِنَنْما
سُوْلَرْ اُزا تَيَنْما
اَسِزْلِكِكْ اَنُنْما
تِلْدا چِقار اَذْكُو سُوزْ

*yay kərkiŋə ïnanma*
*suvlar üzə tayanma*
*əsizlikig anunma*
*tïlda qïkar əzgü səz*

[يازنىڭ گۈزەللىكىگە ئىشەنمە،
سۇغا تايانما،

يامانلىقتا تەييارلانما،
تىلىڭدىن ياخشى سۆزلەرنى چىقار.]

ئەتىيازنىڭ رەڭمۇ - رەڭ گۈزەللىكلىرىگە ئىشەنمە، ئۇنىڭدىن ياخشىلىق كۈتمە؛ سوغا تايانما، چۈنكى دۇنيا نېمەتلىرىنىڭ شىرىنلىكىگە، ئەتىيازنىڭ مەيىن شامallىرىغا ئىشىنىش سوغا تايانغانغا ئوخشاشتۇر، يامان ئىشلارغا تەييارلانما، تىلىڭدىن ھەر ۋاقىت خەلق سەندىن خۇشال بولىدىغان چىرايلىق سۆزلەرنى چىقارغىن.

قائىدە: بۇ باپ ۋە بۇ باپقا ئوخشاشلارنى «مەن- قۇس» دەپ ئاتىدۇق. چۈنكى، بۇ باپتىكى سۆزلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يۇمشاق ھەرپ — ھەرىپى لىن چۈشۈپ قېلىپ، سۆز يېزىلىشتا ئەمەس، ئېيتىلىشتا ئىككى ھەرپلىككە ئايلىنىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ ھەرپلىرى يېزىقتا تولۇق بولىدۇ. «قول»نى بىلدۈرىدىغان سۆز «قُوْل» شەكلىدە تولۇق يېزىلىدۇ. لېكىن ئېيتىلىشتا «و- ۋاۋ» ھەرپى چۈشۈپ قالىدۇ. «اَنِكْ قُلِنْ آلْدِي anïŋ kolïn aldi — ئۇنىڭ قولىنى تۇتتى» دېگەندە، بۇ سۆز «قۇل» مەنىسىدىكى «قُلْ»غا ئوخشاپ قالىدۇ. «شامال» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان «يِيلْ yəl» سۆزىمۇ شۇنداق، ئېيتىلىشتا «ى-يا» چۈشۈپ قالىدۇ. «اَنِكْ يَلِي كُوْجْلُكْ — anïŋ yəli küqlüg ئۇنىڭ شاملى كۈچلۈك» دېگەندە، بۇ سۆز

«يىل» مەنىسىدىكى «يِلْ»غا ئوخشاپ قالىدۇ. بۇ مەنقۇس بابىدىكى ھەممە ئىسىم ۋە پېئىللارغا ئومۇمىدۇر.

بۇنىڭدىن تۈرك تىلى بىلەن ئەرەپ تىلىنىڭ يانمۇ-يان يۈرۈشىدىغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. چۈنكى ئەرەپ تىلىدا پېئىللاردا «زانَ، يَزِينُ، كَالَ، يَكِيلُ» سۆزلىرىدىن بۇيرۇق ياسىلىپ «زِنْ، كِلْ» دېيىلگەندە، ھەرپى لىن چۈشۈپ قالىدۇ. تۈرك تىلى كەڭ بولغانلىقتىن، بۇ قائىدە پېئىل ۋە ئىسىملاردا ئوخشاشلا ساقلىنىدۇ. ئەرەپ تىلىدا بۇ ئەھۋال پېئىللاردىلا ئۇچرايدۇ، ئىسىملاردا ئۇچرىمايدۇ. بۇنى بىلىۋال.

## فَعَلْ fəəl شەكلىدە «و-ۋاۋ» بىلەن كەلگەن سۆزلەر

**جُوُتْ** qüwüt[1] بوياق. قِزِلْ جُوتْ *kïzïl qüwüt* — قىزىل

① يازما نۇسخىدا بۇ سۆزنىڭ 2 - ھەرپى «و - ۋاۋ» ئۈچ ئورۇندا ھەم زەممىلىك، ھەم كەسرىلىك يېزىلغان. بىر ئورۇندا كەسرىلىك يېزىلغان، ئىككى ئورۇندا ھەم زەممىلىك، ھەم كەسرىلىك يېزىلىپ، كېيىن كەسرە قىرىۋېتىلگەن. بىر ئورۇندا «جُفْت» شەكلىدە ھەرىكىسىز يېزىلغان. بىز ئىككى ئورۇندا كەسرىنىڭ قىرىۋېتىلگىنىگە ئاساسەن، زەممىنى ئىناۋەتلىك قىلدۇق.

بوياق. ئال جۈۋت *al qüwüt* — ھال بوياق. كۆك جۈۋت *kok qüwüt* — كوك بوياق. ياشىل جۈۋت *yaxil* — *qüwüt* يېشىل بوياق. سارىغ جۈۋت *sariq* — *qüwüt* سېرىق بوياق. يۇمشاق «ۋ - *v*» بىلەن «جۈۋت *qüvüt*» شەكلىدىمۇ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. «جۈۋت *qüwüt*» سۆزى بوياقلارنىڭ ھەممىسى ئۈچۈن ئومۇمى سۆزدۇر. ئۇلارنى ئايرىش ئۈچۈن، بۇ سۆزنىڭ ئالدىغا رەڭنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر قوشۇلغان.

**قۈۋت** kuwut: «قاغۇت *kaqut*» دەپمۇ ئېيتىلىدۇ. تۇغۇتتا خۇنسىرىدىغان خوتۇنلارغا بېرىلىدىغان تاماق. قورۇلغان تېرىق ئۇنى ياغ بىلەن شېكەرگە ئارىلاشتۇرۇپ يېيىلىدۇ.

**قۈۋچ** kowuq جىن تەككەنلىك ئەسىرى. بۇنداق ئادەمنى داۋالاشتا يۈزىگە سوغۇق سۇ سېپىپ تۇرۇپ «قۈۋچ قۈۋچ *kowuq kowuq*» دېيىلىدۇ. ئادراسمان ۋە ئوت ھىندى بىلەن ئىسرىق سېلىنىدۇ. بۇ سۆز «قاچ قاچ *kaq kaq* — ھەي، جىن! قاچ، قاچ» سۆزىدىن ئېلىنغان بولسا كېرەك.

**كۈچ** küwüq[1]: كۈچ يۈگۈن *küwüq yügün* — كىچىك يۈگەن.

**قوز** kowuz[2] «قوچ *kowuq*» سوزى ئورنىدا قوللىنىلىدىغان سوز. ئوغۇزچە. يېل قوز بىتىكى *yəl kowuz bitiki* — جىن تېگىشكە قارشى ئوقۇلىدىغان ئەفسۇن.

**قوز** kowuz شاراپقا چۈشكەن خەس، ئەخلەت. قوز سىچىكدىن كەتار *kowuz süqikdən kətər* — شاراپتىن خەسنى ئېلىۋەت.

**كۈز** küwüz سېلىنچا. يۈگدىن توقۇلغان تۈشەك ۋە سېلىنچىغا ئوخشاش نەرسىلەر.

**يوغ** yuwuq سەل سۈلىرى تاغدىن يۇمۇلىتىپ چۈشۈرگەن

---

① يازما نۇسخىدا بۇ سوزنىڭ بىرىنچى ھەرپىگە ھەرىكە قويۇلمىغان.

② يازما نۇسخىدا بۇ سوزدىكى «ق - *k*» ۋە «و - ۋاۋ» ھەرپ-لىرى ئۈستىگە بىرلا زەممە قويۇپ يېزىلغان. بىز بۇ سوزنىڭ بۇنىڭدىن بىر سوز ئالدىدا ئوتكەن «قوچ» سوزى ئورنىدا كەلگىنىگە ئاساسەن «*kowuz*» دەپ ئالدۇق.

قورام تاش. بۇنىڭ «يۇغ *yuvuq*» شەكلىمۇ بار.

سۇق suwuk سۇيۇق. ھەرقانداق سۇيۇق نەرسە؛ شالاڭ. سۇيۇلدۇرۇلغان قېتىق، شىرنە ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرگىمۇ مۇشۇ سوز ئىشلىتىلىدۇ. سۇق يىغرت — *suwuk yuqurt* سۇيۇق قېتىق. سۇق قىزرق — *suwuk kuzruk* خېچىرنىڭ قۇيرۇغىغا ئوخشاش قىلى شالاڭ، ئۇزۇن قۇيرۇق. ياغاچ ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرگىمۇ مۇشۇ سوز ئىشلىتىلىدۇ. قىپچاقچە.

قوۋق kowuk قوۋۇق ~ كاۋاك. ھەر قانداق كاۋاك نەرسە. بۇنىڭ «قۇۋق *kuvuk*» شەكلىمۇ بار.

قاۋق kawuk قوۋۇق ~ دوۋساق. بۇنىڭ «قاۋق *kavuk*» شەكلىمۇ بار.

قاۋق kawuk كېپەك. تېرىق كېپىكى. بۇ ئىسىملاردىكى «و - ۋاۋ» ھەرپى يۇمشاق «ف - *f*» نىڭ ئورنىغا كەلگەن.

كۈۋك :küwük كۈۋك مۇش *küwük mux* — ئەركەك مۈشۈك.

كۈۋك küwük سامان. ئوغۇزچە.

**تۈۋُلْ** towil[1] تېپىلىجاڭ، كىچىك دۈمباق. ئۇۋدا لاچىن ئۇچۇن چىپىلىدىغان دۈمباق. مەن بۇ سوزنى ئەرەپچىدىن ئېلىنىپ، چىقىش ئورۇنلىرى يېقىن بولغاچقا، «ط» ھەرپى «ت»غا ئالماشتۇرۇلغانمىكىن، دەپ قارايمەن. بۇنداق ئەھۋال ئەرەپچىدىمۇ بار. «غَلِطَ، غَلِتَ» ۋە «قَطَّرَ، قَتَّرَ» دېگەندەك. بۇ «ثابت» سوزىنى ئالماشتۇرۇپ «ثَبَتْ»دېگەنگە ئوخشايدۇ. بىراق مەن بۇ سوزنى ئىسلام ئېلىنىشتىن ئەڭ چەت قىسمىدىكى ساپ تۈركلەردىن ئاڭلىدىم.

## بۇ باپتىكى «ى ـ يا» بىلەن كەلگەن سوزلەر

**قَيِرْ** kayir بوپاڭ يەر. تۈرك تىلىدا. ئوغۇزلار قۇمنى «قَيِرْ *kayir*» دەيدۇ.

**تَوُشْ** tawux تاۋۇش، تىۋىش، شەپە. بۇنىڭ «تَفِشْ *tavix*» شەكلىمۇ بار.

**تَيِغْ** tayioq تېپىق، تايغاق. تَيِغْ يِيرْ *tayioq yər* — تايغاق يەر.

[1] بۇ سوز يازما نۇسخىدا «تُولْ» شەكلىدە كەلگەن. بىز كەسرىنى ھېسابقا ئالدۇق.

تُيغ tuyaq تۇياق. هايۋاننىڭ تۇيىقى. اَتْ تُيِقى — *at tuyaqï* ئات تۇيىقى.

قُيغْ koyuq قويۇق. قُيغْ نانْكْ — *koyuq nəŋ* قويۇق نەرسە. قُيغْ سُجِكْ — *koyuq süqik* قويۇق شاراپ.

قَيِغْ kayïq قايىق. ئوغۇزلارنىڭ بىر قەبىلىسىنىڭ ئېتى.

قُيغْ kuyuq قۇدۇق. بۇنىڭ «قُذُغْ «*kużuq*» شەكلىمۇ بار.

قَيغْ kayïq①: قَيغْ يِرْ — *kayïq yər* — يولدىن چەتتە قالغان يەر. باشقىلاردىمۇ شۇنداق.

بَيِقْ bayïk راست. بَيِقْ سُوزْ — *bayïk sɵz* — راست سوز. ئوغۇزچە.

تَيُقْ tayuk تۇيغۇن. تَيُقْ اَرْ — *tayuk ər* — تۇيغۇن، زىرەك يىگىت.

تَيَقْ tayak تاياق، هاسا. كُذاكُو تَيَقْ بِيرْدِي — *küżəgü* —

① يازما نۇسخىدا بۇ سوزنىڭ ئوتتۇرىدىكى ھەرپى ھەم چېكىتسىز، ھەم ھەرىكىسىز يېزىلغان، بىز بۇ باپتىكى سوزلەرنىڭ ئوتتۇرىدىكى ھەرپىنىڭ «ى-يا» بولۇشى كېرەكلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، بۇ سوزنى «*kayïq*» دەپ ئالدۇق.

*tayak bərdi* كۆيەۋ تاياق بەردى، يەنى كۆيەۋ كېلىنگە كېنىزەك ياكى قۇل بەردى. كېلىن ئۇلارغا تايىنىپ ئات- تىن چۈشىدۇ. بۇ بايلاردىكى بىر ئادەت بولۇپ، كېنىزەك ياكى قۇل كېلىننىڭ مۈلكى ھېساپلىنىدۇ. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: تَيَقْ بِلا تَيْماسْ تَنُقْ سُوزُنْ بُتْماسْ — *tayak bilə taymas tanuk sozün pütməs* ھاسىسى بار تېيىلماس، گۇۋاچى سوز بىلەن ئىشەنچ قازىنالماس، يەنى ھاسىسى بار ئادەم تايغاق يەردە تايمايدۇ، گۇۋاچىنىڭ سوزى گۇۋالىقتىن ئۆتكەندە ئاندىن بىلىنىدۇ.

تُيُقْ tuyuk تۇيۇق، تۇتۇق. تُيُقْ كِشي *tuyuk kixi* — تۇتۇق ئادەم، غەمكىن ئادەم. تُيُقْ كُونْ *tuyuk kün* — تۇمانلىق ۋە بۇلۇتلۇق كۈن. تُيُقْ قَبُغْ *tuyuk kapuoq* — يېپىق قوۋۇق.

قَيَقْ kayak قايماق. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

سَذَرمِشْ الغُنْ قَيَاقْ

سَرمِشْ سُوتُنْ قَيَاقْ

*səżrəmix oloqun konak*[1]

*sarmamix süttən kayak*

[چۈجگۈن قوناق دائىلىرى سىيرەكلەشتى،

سۈتتىن قايماق سۈزۈلۈپ بولدى.]

• چۈجگۈن قوناق دائىلىرى تېخى ئېسىلمىدى (كۆپ-مىدى)، سۈتتىن قايماق سۈزۈلۈپ بولدى. يېيىلىش ئۈچۈن ئىككىسى بىللە پىشۇرۇلۇشى كېرەك ئىدى.

قيق kïyik قىيىق، ۋەدىنىسىدە تۇرماسلىق. قيق كشي *kïyik — kixi* قىيىق كىشى، ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلىدىغان كىشى.

قيق kïyik قىيىق. قىيپاش بولغان ھەرقانداق نەرسە. مەسىلەن: قىيپاش كېسىلگەن قەلەمنىڭ ئۇچى ۋە باشقىلارغا ئوخشاش.

ميق mayak ماياق. توگە مايىقى. بۇ سۆز بۇرۇن توگە مايىقىغا خاس ئىشلىتىلگەن بولسىمۇ، كېيىنچە «قوي مىقي

---

① «قوناق» مەنىسىدىكى بۇ سۆز بۇ يەردە «قياق» شەكلىدە يېزىلىپ قالغان. بىز ئۇنىڭ يازما نۇسخا 193 - بەتتە «قنق» شەكلىدە يېزىلغانلىقى ۋە ھازىرقى تىلىمىزدىكى تەلەپپۇزىغا ئاساسەن، ترانسكرىپسىيىسىنى «*konak*» دەپ تۈزەتتۇق.

koy mayaki — قوي مايقى» دېگەن سوز مۇشۇنىڭ-

دىن ئېلىنغان. پەقەت ئات تېزىگى «يۈندۇق *yundak*»

دېيىلىدۇ. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: تەۋە بەدۈك ئەرسە مايقى بەدۈك

ئەرمەس —*təvə bədük ərsə mayaki bədük ərməs*

توگە چوڭ بولسىمۇ، مايقى چوڭ بولماس. بۇ ماقال چوڭنىڭ

چاكىرى بولۇپ تۇرۇقلۇق، ئوزىنى چوڭ تۇتىدىغان ئادەمگە

قارىتىپ ئېيتىلىدۇ، «چوڭلۇق ساقا كەمەس، سىڭىنىڭ

ئىگەگە يارىشىدۇ» دېگەنلىك بولىدۇ.

كېيىك kəyik كېيىك. ئەسلىدە ياۋايى بولغان ھەرقانداق

نەرسە. بۇ سوز گوشىنى يېيىشكە بولىدىغان كېيىك، ئېلىك،

تاغ ئوچكىسى قاتارلىق ھايۋانلارغا ئىشلىتىلىدۇ. كېيىك

كىشى *kəyik kixi* — ياۋا ئادەم. كېيىك سۈگۈت

*kəyik sögüt* — ياۋا سوگەت. ھەرقانداق بېقىپ

ئوستۇرۇلگەن نەرسىنىڭ ياۋىسىغا «كېيىك *kəyik*»

دېيىلىدۇ.

كۆيۈك kəyük كىگىزدىن ئىشلەنگەن يامغۇرلۇق. «ذ - ز»

ھەرپىنى «ي - يا» قىلىپ ئېيتىدىغانلارنىڭ تىلىدا.

كۆيۈك køyük كويۈك. كۆيۈك ناڭ *køyük nəŋ* — كويۈك

نەرسە، كويگەن نەرسە.

مَيِل mayil: مَيِل يَمِشْ mayil yəmix — پىشىپ ئۆتۈپ كەتكەن يېمىش. شاپتۇل، قوغۇن قاتارلىق نەرسىلەر پىشىپ ئۆتۈپ كەتسە، شۇنداق دېيىلىدۇ.

قِيِمْ kiyim تۈركۈش. دۈشمەن كېلىشى سەۋەبىدىن ئەلدە پەيدا بولغان قورقۇنچ ۋە تەشۋىش. قُرْقُنْجْ قِيِمْ بُلْدِي korkunq kiyim boldi — دەھشەتلىك تۈركۈش يۈز بەردى.

كِيِم kiyim: اُلْ كِيِم كِيِم كُونْ كَچُرْدِي ol kiyim kiyim kün kəqürdi — ئۇ (ئىشلەپمۇ كەتمەي، ئىشنى تاشلاپمۇ كەتمەي) ئەپلەپ - سەپلەپ كۈن كەچۈردى.

بُيِنْ boyin بويۇن. ئادەم ۋە باشقا نەرسىلەرنىڭ بويىنى. قِلِجْ بُيْنِي «kiliq boyni» قىلىچنىڭ سېپى دېيىلىدۇ. بِچَاكْ بُيْنِي «piqək boyni» پىچاقنىڭ سېپى دېيىلىدۇ.

بُيُنْ boyun خەلق، قەۋم، ئائىلە. «ذ - ż» ھەرپىنى «ى - يا» قىلىپ ئېيتىدىغانلارنىڭ تىلىدا.

تُيِنْ tuyin بېخىل، پىخسىق. تُيِنْ اَرْ tuyin ər — بېخىل ئادەم.

تُيِنْ toyin تويىن. ئىسلام دىنىدا بولمىغانلارنىڭ دىن باش-لىقى. بۇ بىزدىكى ئىمام ۋە مۇپتىلارغا ئوخشايدۇ. تويىن هەر ۋاقىت بۇت ئالدىدا بولۇپ، كىتاپلارنى ۋە كاپىر-لارنىڭ هوكۇملىرىنى ئوقۇيدۇ، ئۇلارنىڭ كۆپرىلىقىدىن خۇدا ساقلىسۇن. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: بىر تُيِنْ بشِي آغْرِيسا قَمْغ تُيِنْ بشِي آغْرِيماسْ — *bir toyin baxi aqrisa kamuq toyin baxi aqrimas* بىر تويىننىڭ بېشى ئاغرىسا، هەممە تويىننىڭ بېشى ئاغرىماس. بۇ ماقال دوستلىرى بىر نەرسىنى يەۋاتقان يەردە بىرسى كېسەللىك سەۋەبىدىن ئوزىنى ئۇنىڭدىن تارتقان بولسا، باشقىلارنى تاماق يېيىشكە ئۈندەپ ئېيتىلىدۇ.

## بۇ باپتىكى هەرپى ئىللەت بىلەن ئاخىرلاشقان سوزلەر

قَيا kaya قىيا.

قِيا kiya تولدۇرۇپ ئېيتىلمىدىغان سوزلەردە ياكى تەركىۋىدە «غ-*q*» «ق-*k*» هەرپلىرى بولغان سوزلەردە قوللىنىلمىدىغان كىچىكلىتىش قوشۇمچىسى. اُغْلْقِيا *oqulkiya*—ئوغۇلچىقىم.

قىزقىيا *kizkiya* — قىزچىقىم①.

**كۈيا** küyə كۈيە. كىگىز ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنى يەيدىغان كۈيە.

**كىيا** kiyə تەركىۋىدە «ك-*k*، *g*» كەلگەن يۇمشىتىپ ياكى ئاجىزلاشتۇرۇپ ئىيتىلىدىغان سوزلەردە قوللىنىلىدىغان كىچىكلىتىش قوشۇمچىسى. آرْكيا *ərkiyə* — ئادەمچاق. يىرْكيا *yərkiyə* — يەرچاق.

**يَنا** yana يانا ~ يەنە. قايتىلاشنى بىلدۈرىدىغان ياردەمچى سوز. يَنا كَلْدِمْ *yana kəldim* — يەنە كەلدىم.

---

①«قِيا *kīya*» قوشۇمچىسى ئۈچۈن كەلتۈرۈلگەن مىساللارنىڭ ئەسلىدە شەخس قوشۇمچىسى بولمىسىمۇ، ئەرەپچىسىدە بىرىنچى شەخسلىك مەنىسى بېرىلگەن. بىز ئەرەپچىسىدە ئىپادىلەنگەن شەخس مەنىسىنى ئىپادىلىدۇق. بۇ قوشۇمچىنىڭ بۇنىڭدىن بىر سوز كېيىن بېرىلگەن تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشتىن قۇرۇلغان شەكىلگە كەلتۈرۈلگەن مىساللاردا بولسا، ئەرەپچە شەخس مەنىسى بېرىلمىگەن. سېلىشتۇرۇپ كورەرسىز.

# بۇ باپتىكى باشقا بىر تۈر

يَيا yaya يوتا. پەقەت ئادەملەرگىلا ئىشلىتىلىدۇ.

ئىسىملارنىڭ بۇ تۈرى تەلەپپۇزدىمۇ، يېزىقتىمۇ قىسقارتىلمايدۇ. چۈنكى، بۇلاردا سوزلەرنىڭ ئوتتۇرىسى ھەرىكىلىك. پەقەت ئوتتۇرىسى ساكىنلىق بولغان سوزلەرلا قىسقارتىلىدۇ.

مۇجەررەت سوزلەر باپلىرى تۈگىدى.

# ھەرپ ئارتتۇرۇلغان سوزلەر باپلىرى

## فاعِلْ fail شەكلىدىكى سوزلەر بابى

تادُنْ tadun تايىنچا، بىر ياشلىق موزاي.

تُوزُنْ tuzun كوكۆيشى، مىراپ. يۇرت ئەھلىگە سۇ تارقىتىپ بەرگۇچى كىشى.

تيذينْ tizin ۋاقىتنى بىلدۇرىدىغان سوز. بُو تيذينْ كَلْدي — bu tizin kəldi (ئۇ) مۇشۇ ۋاقىتتا كەلدى.

## فَعالْ fəal شەكلىدىكى سوزلەر بابى

بَياتْ bayat بايات. ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ ئېتى. ئارغۇچە.

بَياتْ bayat بايات. ئوغۇز قەبىلىلىرىدىن بىرىنىڭ ئېتى.

قُيارْ kuyar شالدام، شالۋاق. ھايۋانلارنى ۋە قۇللارنى تىل-

لاشتا ئېيتىلىدىغان بىر سوز. بۇ قىيارى bu kuyarī —
بۇ شالۋاق①. بۇ «سۇ قىيدى» «suv kuydī جۇملىسى-
دىكى «قىيدى «kuydī سوزىدىن ئېلىنغان بولۇپ، «سۇ
ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئەرسىلەرنى قۇيدى» دىگەننى
بىلدۇرىدۇ.

قىياس kayas قاياس. توخسى ۋە چىگىل شەھەرلىرىنىڭ ئېتى.
ئۈچ قورغان مۇشۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ. بىرىنچىسى «سابلىغ
قياس» — سابلىغ قاياس» saplīq kayas، ئىككىنچىسى
«ارُنْكْ قياس» — ئۈرۈڭ قاياس» ürün kayas، ئۈچىن-
چىسى «قرا قياس» — قارا قاياس» kara kayas.

قُياش kuyax قۇياش، قاتتىق ئىسسىق؛ قۇياشنىڭ قىزىق
تەپتى.

آياغ ayaq لەقەم. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

① بۇ جۇملىنىڭ ئەرەبچىسىدە ئېنىقسىزلىق بار، ئەرەبچە ئىبارىنىڭ «اىّ هذا صابّ وماجّ بِنْتِه»ئەمەس، «اىّ صابّ وماجّ بِقيه» بولۇشى كېرەكلىكى توغرىسىدا بېسىم ئاتالاي ئىزاھ بەرگەن، بىز بېسىم ئاتالاينىڭ پىكرىنى توغرا تاپتۇق ۋە شۇ بويىچە تەرجىمە قىلدۇق.

قُذْغِلْ مَنكا اَقِيلِقْ
بُلْسُنْ مَنكا آياغا
اِذْغِلْ مَنِي تُقِشْقا
يُفْكِلْ مَنكا اُلاغا

*kozoqil maŋa akïlik*
*bolsun maŋa ayaqa*
*ïzoqïl məni tokïxka*
*yüvgil maŋa ulaqa*

[مېنى قويۇپ بەرگىن،
مەرتلىك مېنىڭ لەقىمىم بولسۇن،
مېنى ئۇرۇشقا ئەۋەتكىن،
ماڭا بىر ئات ياردەم قىل.]

مېنى ئۆز مەيلىمگە قويۇپ بەرگىن، مەن بىر مەرتلىك قىلاي، شۇنىڭ بىلەن مەرتلىك مېنىڭ لەقىمىم بولۇپ قالسۇن، مېنى جەڭگە ئەۋەت ۋە جەڭگە ئېلىپ بارالايدىغان بىر ئات ياردەم قىل.

**مُيانْ** muyan ساۋاپ. مُيانْلِقْ *muyanlïk* — يول ئۈستىدە يولۇچىلارنىڭ سۇ ئىچىشى ئۈچۈن ياسالغان سۇ ئىچىش ئورنى، سۇخانا.

# فَعْلى fə'la شەكلىدە ھەرخىل ھەرىكىلىك سۆزلەر بابى

**بُوجى** buwqi①: بُوجى قُبز *buwqi kobuz* — بوم ئاۋازلىق ئۇد. بۇ قوۋۇزنىڭ بىر خىلى.

**قَيْدا** kayda قەيەردە. قَيْدا سَنْ *kayda sən* — نەدە سەن. «ن - *n*» ھەرپى بىلەن «قَنْدا *kanda*» دەپ ئېيتىلىدىغىنىدەك «قَيُودا *kayuda*» دەپمۇ ئېيتىلىدۇ.

**كُيْدا** kөydə بوتا. ئالتۇن ۋە كۈمۈش ئېرىتىلىدىغان بوتا.

**قُيْقا** kuyka قۇيقا؛ خام تېرە. بۇ سۆز ئەسلىدە ئاشلانمىغان تېرىنى بىلدۈرسىمۇ، بەزىدە ئاشلانغان تېرىنىمۇ بىلدۈرىدۇ.

اُلْ قويُغْ قُيْقالادي *ol koyuq② kuykaladi* — ئۇ

---

① يازما نۇسخىدا بۇ سۆزنىڭ ئىككىنچى ھەرپى «و - ۋاۋ» ھەرىكىسىز يېزىلغان. بىز بۇ باپتىكى ۋەزىننىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، «و - ۋاۋ» ھەرپىنى ساكىنلىق قىلىپ ئالدۇق.

② بۇ سۆز يازما نۇسخىدا «قويُغْ» شەكلىدە يېزىلغان. بىز بۇنى «*koyuq*» دەپ ئالدۇق.

قوينى سويماي تۇرۇپ، تېرىسىنى قۇيقىلىدى، يەنى ئۈتلىدى.

قِيْما kïyma قىيما. قِيْما اُگْرا *kiyma ügrə* — قىيما ئۈگرە.

سۈيقاشنىڭ بىر خىلى، بۇنىڭ خېمىرى قۇچقاچ تىلى قىلىپ كېسىلىدۇ.

قُيْما kuyma قۇيماق. خېمىر سۇيۇق يۇغۇرۇلۇپ، قازاندىكى ياققا سېلىپ پىشۇرۇلىدۇ، ئاندىن ئۈستىگە شېكەر سېپىپ يېيىلىدۇ.

ھەرقانداق بىر مەدەنىدىن بولغا بىلەن سوقماي، قۇيۇش يولى بىلەن ياسالغان ھاۋانچا، شامدان، بولقىغا ئوخشاش ئەسۋاپلارغىمۇ «قُيْما *kuyma*» دېيىلىدۇ.

## فَعالُو fəalu شەكلىدە ھەرخىل ھەرىكىلىك سوزلەر بابى

تَياغُو tayaoqu تاش ۋە چالما.

تُريغا toriqa تورغاي.

سُياغُو suyaoqu بېخىر، دوكۇر. خورازلىك بېخىرى.

بِتِيكُو bitigü تۈركلەرنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ دۇۋىتى.

كُليكا kəligə كولۈگە، قويۇق كولەگگە.

قَليما kalima بالىخانا.

اكاما ikəmə ئىكەمە. ئۇد تىپىغا كىرىدىغان بىر خىل چالغۇ ئەسۋابى.

كُشيكا kəxigə سۇس كولەگگە.

## بۇ باپتىكى مىساللار

يُريغا yoriqa يورغا. يُريغا آتْ *yoriqa at* — يورغا ئات.

يُليكُو yüligü چاچ چۈشۈرىدىغان ئۇستۇرا. بۇنى ئوغۇزلار بىلمەيدۇ. ئوغۇزلار ئۇستۇرىنى «كَرايْ *kəray*» دەيدۇ.

آياكُو əyəgü قوۋۇرغا، يان. هايۋانلارنىڭ قوۋۇرغىسى، قوۋۇرغا سوڭىكى.

## فَعْلانْ fə'lan شەكلىدىكى سوزلەر بابى

تَيْغانْ tayoqan تايغان. ماقالدا مۇنداق كەلگەن:

تَيْغانْ يُكْرُكُنْ تِيلْكُو سَفْماسْ — *tayoqan yügrügün*

*tilkü səvməs* تايغاننىڭ يۈگرۈگىنى تۈلكە سويمەس،

يەنى تۈلكە تايغاننىڭ يۈگرۈگىنى ياخشى كورمەس.

بۇ ماقال بىر - بىرىنى كورەلمەيدىغان ئىككى ئالىمغا

نىسبەتەن ئېيتىلىدۇ.

گَيْكانْ kəykən كەيكەن. قاياستىن ئىلى ۋادىسىغا ئاقىدىغان

ئىككى دەريانىڭ ئېتى. ئۇنىڭ بىرسى «كِجِكْ گَيْكانْ

— *kiqik kəykən* كىچىك كەيكەن» دىيىلىدۇ. بۇ

كىچىك، يەنە بىرسى «اُلُغْ گَيْكانْ *kəykən uluq* —

ئۇلۇغ كەيكەن» دىيىلىدۇ. بۇ چوڭدۇر.

## فَيْعَلْ fəy'əl شەكلىدە ھەرخىل
## ھەرىكىلىك سوزلەر بابى

قِيْمَجْ kïymaq: قِيْمَجْ بُرْكْ — *kïymaq bərk* — ئاق تىۋىتتىن

ئىشلەنگەن بوك بولۇپ، بۇنى چىگىللەر كىيىدۇ.

بَيْنَقْ baynak يىن. ئوغۇزچە.

بُيْنَقْ boynak بويناق. تاغنىڭ بېلى.

بَيْنَقْ boynak زەھەرلىك كېلەر.

قَيْغِقْ kayoqïk قېيىق.

مَيْغُقْ mayoquk ئىچ مايماق ئادەم، تېز يۈگرىيەلمەيدىغان هايۋان①.

كَيْلِكْ kəylig مايمۇن. چوچۇپ تۇرىدىغان ياكى ياۋايىغا ئوخشاش ئىككى تەرىپىگە قاراپ ماڭىدىغان كىشىمۇ شۇنىڭغا ئوخشىتىلىپ «كَيْلِكْ كِشِي *kəylig kixi*» دېيىلىدۇ.

بُيْمَلْ boymal: بُيْمَلْ آتْ *boymal at* — بويىندا ئېقى بار ئات. مۇشۇنداق قوي ۋە باشقىلارغىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ.

بَيْرَمْ bəyrəm بايرام. ئوغۇزچە. مەن بۇ سوزنى كىشىلەرنىڭ شات-خوراملىق مەنىسىدىكى «بَذْرَمْ *bəẓrəm*» سوزىدىن كېلىپ چىققان بولسا كېرەك، دەپ ئويلايمەن. بايرام — خوشاللىق كۈنىدۇر. چۈنكى ئىسلامىيەتتىن بۇرۇن مۇنداق بايرام

---

① بۇ ئىبارە ئەرەبچىدە «وَالاَجْرَدُ مِنْ ذَوَاتِ الْحَوَافِرِ» دەپ بېرىلگەن. بۇنىڭ مەنىسى «تۈكى تاقىر هايۋان» ياكى «تۇم تۇياقلىق هايۋان» دېگەن بولىدۇ. بىز هايۋانلارنىڭ ئىچ مايمىقى تېز يۈگرىيەلمەيدىغان بولغىنى ئۈچۈن، «تېز يۈگرىيەلمەيدىغان هايۋان» دەپ تەرجىمە قىلدۇق.

كۆنى بولمىغان، شۇڭا بۇ ئىسىممۇ يوق ئىدى. ئەگەر بولغان بولسا، تۈركلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنى بىلگەن بولاتتى. ئۇلار ئۆز تىلى بويىچە «ځ - ذ» ھەرپىنى «ى - يا»غا ئالماشتۇرغان.

جَيْدَمْ qaydam① كورپىنىڭ ئىچىگە سېلىنىدىغان ۋە يامغۇر-لۇق تىكىلىدىغان يۇپقا كىگىز.

سَيْرَمْ sayram سايرام. «اِسْپِيجابْ ispījab — ئىسپىجاپ» دەپمۇ ئاتىلىدىغان «بَيْضَا» bəyza — بەيزا» شەھىرىنىڭ ئېتى. «سَرْيَمْ saryam»مۇ دېيىلىدۇ.

سَيْرَمْ sayram: سَيْرَمْ سُوْ sayram suv — تېيىز سۇ، ئوشۇقتىن ئاشمىغان سۇ.

---

① يازما نۇسخىدا بۇ سۆزنىڭ بىرىنچى ھەرپى ھەم فەتھەلىك، ھەم كەسرىلىك كەلگەن. بىز فەتھىنى ئىناۋەتلىك ھېساپلاپ «qaydam» دەپ ئالدۇق.

## فَعالِلْ fəalil شەكلدە ھەرخىل

## ھەرىكىلىك سوزلەر بابى

**بَقايَقْ** bakayak[1] ھەرقانداق ئاچا تۇياقلىق ھايۋاننىڭ تۇيىقىنىڭ ئارىسى ياكى ئىككى تۇياقىنىڭ بىر تەرىپى.

**بَقايُقْ** bakayuk[2] ئاتلارنىڭ تۇياق يۇرەكچىسى.

**تُقيمَقْ** tokïmak توقماق. كىرچىنىڭ توقمىقى.

**قَياجُقْ** kayaquk تاغدا ئوسىدىغان بىر خىل خۇشپۇراقلىق ئوسۇمۇلۇك. مەن بۇنى زەپىرانمىكىن، دەپ گۇمان قىلىمەن.

### بۇ باپتىكى مىسال

**مُنْدى** mündi مىندى. آرْ آتِنْ يَبِيتَقْ مُنْدِي — *ər atin yapïtak mündi* ئادەم ئېتىنى ياۋداق مىندى، يەنى ئاتقا ئىگەرمۇ سالماي، ئىچكەرمۇ توقۇماي مىندى.

---

① يازما نۇسخىدا بۇ سوز «بَقايَقْ» شەكلىدە كەلگەن. بىز بۇ سوزنى «*bakayak*» دەپ ئالدۇق.

② يازما نۇسخىدا بۇ سوز «بَقايُقْ» شەكلىدە كەلگەن. بىز بۇ سوزنى «*bakayuk*» دەپ ئالدۇق.

## بەش ھەرپلىكلەر باپلىرى

### فَعْلَعْل fəəl'əl شەكلىدە ھەرخىل ھەرىكىلىك سوزلەر بابى

قَيْرلغْ kayirliq: قَيْرِلغ يِيز kayirliq yər — پوپاك يەر، پوپۇس يەر.

قُيْسْلِغْ kuyasliq قۇياسلىق. قُيْسْلِغ ار kuyasliq ər — قۇياسلىق ئادەم، قۇياس ھەمرىدىن بولغان ئادەم.

تُيْغْلِغْ tuyaqliq تۇياقلىق. تُيْغْلِغ يِلْقِي tuyaqliq yilki — تۇياقلىق ھايۋان.

قُيْغْلغْ koyuqluq قويۇقلۇق. سۇيۇق نەرسىلەردىكى قويۇقلۇق.

### ئوتتۇرا ھەرپى ساكىنلىق سوزلەر

سَنْدُواجْ sanduwaq بۇلبۇل. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

سَنْدَا قَجَرْ سُنْدِلاجْ
مَنْدا تِنَرْ قَرْغِلاجْ
تَتْلِغْ اُتَرْ سَنْدُواجْ
اَرْكَاكْ تِشِي اُجْرَشُورْ

*səndən kaqar sundilaq*
*məndə tinar karƣilaq*
*tatliƣ ətər sanduwaq*
*ərkək tixi uqraxur*

[سەندىن قاچار سۈگگۈلۈگۈچ،
مەندە تىنار قالغاچ،
تاتلىق سايرار بۇلبۇل،
ئەركەك چىشى ئۇچرىشار.]

ياز بىلەن قىشنىڭ مۇنازىرىسىنى تەسۋىرلەپ شۇنداق دەيدۇ: ياز قىشقا ئېيتىدۇ، سەندىن سۈگگۈلۈگۈچ قاچىدۇ، مەندە بولسا، قالغاچلار يايرايدۇ؛ بۇلبۇللار نەغمە قىلىدۇ، ئەركەك بىلەن چىشى قوشۇلىدۇ.

بُلْغَيُقْ bulƣayuk بۇلغانغان، لاي. بُلْغَيُقْ سُوفْ —*bulƣayuk suv* بۇلغانغان سۇ.

سَرْقَيِقْ sarkayik كوشەيدىغان هايۋانلارنىڭ توققۇز تورلۇغى.

بۇ سوز «ن - n» هەرپى بىلەنمۇ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.

بۇ ئەرەپچىدىكى «مِيزابْ، مِنْزابْ؛ مِيشارْ، مِنْشارْ» دىگەنگە ئوخشاش.

قُدُوجَقْ kudruqak[1] تۇغۇر.

## بۇ باپتىكى باشقا بىر تۇر

بَيْبَيُقْ baybayuk يېقىملىق سايرايدىغان بىر قۇش. دەرەخ شاخلىرىغا زەمبىلگە ئوخشاش ساڭگىلىتىپ ئۇۋا تىزىدۇ.

## بۇ باپتىكى ئالتە هەرپلىكلەر

بُيُنْدُرُقْ boyunduruk بويۇنتۇرۇق. بۇ ياغاچتىن ياسىلىپ، ئىككى ئوكۇزنىڭ بوينىغا ئېسىلىدۇ.

---

① يازما نۇسخىدا بۇ سوز «قُدُوجَقْ» شەكلىدە كەلگەن، بۇ، بۇ يەردىكى ۋەزنگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. بېسىم ئاتالاي بۇ سوزنىڭ «قُدْرُوجَقْ *kudruqak*» بولۇشى كېرەكلىكى توغرىسىدا ئەزاھ بەرگەن، بىز بۇ پىكىرنى توغرا تاپتۇق ۋە ترانس- كىرىپسىيىسىنى «*kudruqak*» دەپ ئالدۇق.

مۇيەنچىلىق **muyanqilik** ئارىچىلىق، سالاچىلىق. ئىككى ئادەم ئارىسىدىكى سالاچىلىق. سەن مۇيەنچىلىق قىل *sən muyanqilik kil* — سەن بىزگە ئارىچىلىق قىل. بۇ سۆزنىڭ ئەسلى «ساۋاپ» مەنىسىدىكى «مۇيان» *muyan* — بۇيان» دۇر. مەنقۇس بولۇمىدىكى ئىسىملار تۈگىدى.

# بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمْ

ئايىغۇچى، كويۇنگۇچى تەڭرىنىڭ ئىتى بىلەن باشلايمەن

## مەنقۇس پىسلار بولۇمى

## ئىككى ھەرپلىكلەر بابى

كيجتى kəqti كېچىكتى. آز كيجتى ər kəqti — ئادەم (ئىشتا) كېچىكتى (كيجار - كيجماك kəqər-kəqmək).

بوردى burdi پۇرىدى، پۇراق چىقاردى؛ ھور چىقتى.

يپار بوردى yīpar burdī — ئىپار پۇرىدى. سوۋ بوردى suv burdī — سۇدىن ھور چىقتى، يەنى سۇنىڭ ھورى كوتىرىلدى. ھەرقانداق نەرسىدىن خۇشپۇراق چىقىش ۋە ھور كوتىرىلىشكىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (بوراز - بورماق burar - burmak).

بِيرْدِي bərdi بەردى. اُلْ مَنكا يَرْماق بِيرْدِي — ol maŋa yarmak bərdi ئۇ ماڭا يارماق (پۇل) بەردى. باش-قىلاردىمۇ شۇنداق (بِيرُرْ - بِيرْماكْ bərür - bərmək).

تارْدِي tardi تاراتتى ~ تارقاتتى. بَكْ سُوسِنْ تارْدِي — bəg süsin tardi بەگ ئەسكەرلىرىنى تاراتتى. بىر ئادەم ھەرقانداق بىر نەرسىنى تارقاتسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (تارارْ - تارْماق tarar - tarmak).

تُورْدِي turdi تۇردى، قوپتى. آرْ يُقارُو تُورْدِي — ər yokaru turdi ئادەم ئۆرە تۇردى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (تُورُرْ - تُورْماق turur - turmak).

تُورُرْ turur تۇر~دۇر. ئۆتكەن زامان شەكلى ۋە مەستىرى بولمىغان كەلگۈسى زامان پېئىلى. بۇ ئەرەپچىدىكى «يَدَعُ» ۋە «يَذَرُ» دېگەن سۆزلەرگە ئوخشاش. بۇ سۆز بىر نەرسە توغرىسىدا سۆزلىنىۋاتقان چاغدا، ئۇنىڭ ئۆز ئورنىدا تۇرغانلىقىنى ۋە بارلىقىنى بىلدۈرىدۇ. «اُلْ اَفْدا تُورُرْ» ol əvdə turur دېگەن ئىبارە «ئۇ ئۆيدىدۇر» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، «ئۆرە تۇردى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرمەيدۇ. يەنە «آرْ سُكَلْ تُورُرْ» ər səkəl

«*turur*» دېگەن ئىبارە «ئادەم ئاغرىقتۇر» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، «ئۆرە تۇردى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرمەيدۇ.

**تُورْدِي** turdi تۇرۇقلىدى. اَتْ تُورْدِي *at turdi* — ئات تۇرۇقلىدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (تُورَارْ - تُورْمَاقْ *turar - turmak*).

**تِيرْدِي** tərdi تەردى، يىغدى. اُلْ تَفَارْ تِيرْدِي *ol tavar tərdi* — ئۇ مال يىغدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (تِيرَارْ - تِيرْمَاكْ *tərər - tərmək*).

**سَارْدِي** sərdi: اُلْ آنِي سَارْدِي *ol ani sərdi* — ئۇ ئۇنى كايىدى، يەنى قوپال سۆزلەر بىلەن جېملىدى (سَرَارْ - سَرْمَاكْ① *sərər - sərmək*).

---

① يازما نۇسخىنىڭ مۇشۇ جايىدا بۇ سۆزنىڭ مەستىرى ئاۋال «ك - k» بىلەن يېزىلىپ، كېيىن «ق - ḳ»غا ئۆزگەرتىلگەن. يازما نۇسخا 285 - بەتتە بۇ سۆز يۇمشاق ئېيتىلىدىغان سۆزلەرگە مىسال قىلىنىپ، مەستىرى «ك - k» بىلەن بېرىلگەن. يازما نۇسخا 330 - بەتتىكى مەجھۇل دەرىجىسىنىڭ مەستىرى «ق - ḳ» بىلەن بېرىلگەن. بىز گەرچە بۇ كېيىنكىسىنى ئۆزگەرتىلگەن بولسىمۇ، يازما نۇسخا 285 - بەتتىكى قائىدىدە بېرىلگەن شەكلىنى توغرا دەپ ھېسابلىدۇق. شۇڭا بۇ يەردىكى «ق - ḳ»غا ئۆزگەرتىلىشىنى خاتا دەپ تونۇپ، مەستىرىنى «ك - k» بىلەن ئالدۇق.

**سْرْدِي** sordï شورىدى؛ سورىدى. كَنج سُوت سوْردي
kənq süt sordï — بالا سۇت شورىدى. باشقىلاردىمۇ
شۇنداق. آر سُوز سْردي ər səz sordï — ئادەم سوز
(خەۋەر) سورىدى. آر يِتلْك سْردي ər yitük sordï —
ئادەم يۇتكەن نەرسىنى سوراشتۇردى. بۇ ئىككى سوز
ئوغۇزچە (سْرار - سْرماق sorar - sormak).

**قاْرْدِي** kardï قاقىدى، كوۋرىدى. آرْ سُقْقا قارْدي ər —
suvka kardï ئادەم سۇغا قاقىدى. سُوق آرِقتِن قارْدي
suv ariktīn kardï — سۇ ئېرىقتىن كوۋرىدى، يەنى
قىشتا ئېرىقتىن سۇ تاشتى. بۇ سوز سۇ ۋە قارلارنىڭ
توڭلىشى بىلەن ئېرىقتىكى سۇنىڭ ئۆز ئۇستىگە چىقىپ
ئېشىپ كېتىشىگە قارىتا ئېيتىلىدۇ (قَرار - قَرْماق
karar - karmak).

**تُوزْدِي** təzdi ئېچىرقىدى. آرْ تُملُغْقا تُوزْدي ər —
tumluqka təzdi ئادەم سوغۇقتىن ئېچىرقىدى. قىپچاقچە
(تُوزار - تُوزْماك təzər - təzmək).

**سيِزْدِي** sïzdï سىزدى، ئېرىدى؛ كورۇلدى. ياغ سيِزْدي
yaq sïzdï — ياغ ئېرىدى. اَلْماذِن سُوق سيِزْدي

ئوخشاش شۇنىڭغا كۆپ ۋە — *olmazīn suv sīzdī*
ئەرسىلەردىن سۇ سىزدى. كۈن سىزدى — *kün sīzdī*
كۈن سۈزۈلۈپ چىقتى. بۇ، كۈننىڭ شەرقتىن ئاستا -
ئاستا كۆرۈنۈشكە باشلىشىدۇر (سىزار - سىزماق - *sīzar*
*sīzmak*).

**قىشدى** kīxdī قايدى، قىيشايدى، ئەگىلدى. آرْ يُولْدَنْ
قىشدى — *ər yoldan kīxdi* ئادەم يولدىن قايدى،
ئەگىلدى. كۈن قىيشايسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ
(قىشار - قىشماق *kīxar - kīxmak*).

**توغدى** tuqdī تۇغدى، چىقتى. كۆتۈرۈلدى، ئۇرلىدى. تُوغْ تُوغْدى
توزان كۆتۈرۈلدى — *tooq tuqdī* (تُوغارْ - تُوغْماقْ
*tuqar - tuqmak*). شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

اَغْدِى قِزِلْ بَيْراقْ
تُوغْدِى قَرا تَبْراقْ
يَتْشُو كَلِبْ اُغْراقْ
تَقْشِبْ آنِنْ كِيجْتِمِزْ

*aqdi kizil bayrak*
*tuqdi kara toprak*
*yətxü kəlip oqrak*
*tokxip anin kəqtimiz*

[قىزىل بايراق كوتىرىلدى،
قارا چاڭ - توزان ئورلىدى،
ئوغراقلار يېتىشىپ كېلىپ (قوشۇلدى)،
ئۇرۇش قىلىپ شۇنىڭ بىلەن كېچىكتۇق.]

مۇسۇلمانلار قوشۇنىدىن قىزىل بايراق كوتىرىلدى، قارا چاڭ - توزان ئورلىدى؛ ئوغراقنىڭ ئاتلىقلىرى بىزگە يېتىپ كېلىپ قوشۇلدى، بىز بىرلىكتە ئۇرۇشتۇق، شۇنىڭ ئۈچۈن كېچىكتۇق.

ايڤدي əvdi ئالدىرىدى. ار ايڤدي *ər əvdi* — ئادەم ئالدىرىدى (ايڤار - ايڤماك *əvər - əvmək*).

قوڤدي kovdï قوغلىدى. ار آتين قوڤدي *ər atin kovdï* — ئادەم ئېتىنى قوغلىدى. ھەرقانداق نەرسىنى قوغلىسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ.

جيقدي qïkdï نەم تارتتى. تون جيقدي *ton qïkdï* — تون نەم تارتتى. ھەرقانداق نەرسە يەردىن نەم تارتسا

قالسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (چىقار ـ چىقماق ـ qïkar ـ qïkmak).

**قوقدى** kokdï قوقىدى؛ تىندى، بېسىلدى. آت قوقدى — ət kokdï گوش قوقىدى، يەنى گوشتىن كۆپكەن پۇراق كوتىرىلدى. چىراق ئوچۇرۇلگەندىن كېيىن ئىسى قوقىسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ. سۇ قوقدى — suv kokdï (سەل پەسەيگەندىن كېيىن) سۇ تىندى. سىش قوقدى six kokdï — ئىششىق بېسىلدى (قوقار ـ قوقماق kokar ـ kokmak).

**توكدى** tügdi سوقتى. آر توز توكدى — ər tuz tügdi ئادەم تۇز سوقتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (توكار ـ توكماك tügər ـ tügmək).

**سوكدى** søkdi سوكتى، تىللىدى. ال انى سوكدى — ol anï søkdi ئۇ ئۇنى سوكتى (سوكار ـ سوكماك søkər ـ søkmək).

**تاندى** tandï تاندى. ال آلمنى تاندى — ol alïmnï tandï ئۇ قەرز ۋە باشقا نەرسىلەردىن تاندى. ھەرقانداق بىر نەرسىدىن تانسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (تانار ـ تانماق tanar ـ tanmak).

تۇندى tөndi قايتتى. اۇل ائىنگا تۇندى ol əviŋə tөndi —
ئۇ ئۆيىگە قايتتى. ئوغۇزچە (تۇنار - تۇنماك tөnər -
tөnmək).

قاندى kandi قاندى. اۇل سۇۋدىن قاندى ol suvdin —
kandi ئۇ سۇغا قاندى (قانار - قانماق kanar-kanmak).

قۇندى kondi قوندى. قۇش قۇندى kondi kux — قۇش
(بىر نەرسىنىڭ ئۈستىگە) قوندى. بۇزۇن قۇندى
bozun kondi — قەبىلە (كوچكەندىن كېيىن) قوندى
(قۇنار - قۇنماق konar - konmak).

## بۇ باپتىكى مىساللار

يېردى yərdi يىركەندى. آر آشىغ يېردى ər axiq yərdi —
ئادەم تاماقتىن يىركەندى.

يېردى yirdi تىللىدى، ھاقارەتلىدى. اۇل ارىك يېردى ol —
ərig yirdi ئۇ ئادەمنى تىللىدى. ئوغۇزچە (يېرار-
يېرماك yirər - yirmək).

يوْرْدي yərdi يەشتى. اُراغْتْ اُغْلِن بَشِكْتِن يُورْدي

uraqut oqlīn bəxiktin yərdi — خوتۇن بالىسىنى بوشۇكتىن يەشتى. ھەرقانداق نەرسە باغلاقتىن يېشىلىشىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (يورار ـ يورْماك *yərər* - *yərmək*).

يېلْدي yəldi يېيىلدى. آش يېلْدي *ax yəldi* — ئاش يېيىلدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (يېلور ـ يېلْماك *yəlür* - *yəlmək*).

بۇ باپ يالغۇز ئىككى ھەرپلىكمۇ ئەمەس، ئۈچ ھەرپلىكمۇ ئەمەس. بىز بۇلارنى ئىككى ھەرپلىكلەرگە قوشۇپ قويدۇق. چۈنكى، ئۇنىڭ تەلەپپۇزى قىسقىراق ۋە چىرايلىقراق. بۇ سوزلەر ئەرەپ ھەرپى بىلەن يېزىلغاندا، ئىككى ھەرپ بىلەن يېزىلىدۇ، تۈركى ھەرپ بىلەن يېزىلغاندا يۇقۇرىدا كورگىنىمىزدەك ھەرپىلىن قوشۇلىدۇ.

## فَعَلْدي fəəldi شەكلىدە ھەرىكىلەنگەن ئۈچ ھەرپلىك سوزلەر بابى

بيُرْدي buyurdi بۇيرىدى. اُلْ آنكَرْ آيْلا بيُرْدي *ol aŋar əylə buyurdi* — ئۇ ئۇنىڭغا شۇنداق بۇيرىدى

(بيُرُر - بيُرماق *buyurur - buyurmak*).

باقِردي bakïrdi ۋاقىرىدى~بوقىرىدى. تَفَى باقِردي *təvə bakïrdi* — تۆگە بوقىرىدى. ئوغۇزچە (باقِرار - باقِرماق *bakïrar - bakïrmak*).

تاتُردي taturdi تېتىتتى. اُلْ مَنكا آشْ تاتُردي *ol maŋa ax taturdi* — ئۇ ماڭا ئاش تېتىتتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (تاتُرُر - تاتُرماق *taturur - taturmak*).

تِيتُردي tətürdi دېدۈردى~دېگۈزدى. اُلْ اَنْدَغ تِيتُردي *ol andaq tətürdi* — ئۇ ئەشۇنداق دېگۈزدى (تِيتُرُر - تِيتُرماك *tətürür - tətürmək*).

تُوزَردي tozardi توزدى~توزىدى. تُوزْ تُوزَردي *toz tozardi* — توزان توزىدى (تُوزار - تُوزماق *tozarur - tozarmak*①).

ساتُردي saturdi ساناتتى. اُلْ آنَكَرْ قُوى ساتُردي *ol* —

① بۇ پېئىلنىڭ كەلگۈسى زامانى ۋە مەستىرى يازما نۇسخىدا «تُوزار - تُوزماق» شەكلىدە بېرىلگەن، توغرىسى «تُوزارُر - تُوزارماق *tozarur - tozarmak*» بولۇشى كېرەك ئىدى. بىز ترانسكرىپسىيىدە تۈزەتتۇق.

aŋar koy saturdī ئۇ ئۇنىڭغا قوي ساتاتتى. باشقە-
لاردىمۇ شۇنداق (ساتۇرر - ساتۇرماق saturur-saturmak).

**سىتۇردى** sïturdi سۇندۇرتتى. ال اتنىڭ سىتۇردى ol otuŋ — sïturdī ئۇ ئوتۇن سۇندۇرتتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق
(سىتۇرر - سىتۇرماق sïturur - sïturmak).

**قىيجۇردى** kïqurdi قارىلدى، قىتىغىرلىق قىلدى. ال انكر
قىيجۇردى ol aŋar kïqurdi — ئۇ ئۇنىڭغا قىتىغىرلىق
قىلدى. ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن غەم-قايغۇدىن خوشاللاندى
(قىيجرار - قىيجرماق kïqurar - kïqurmak).

**كۈتۈردى** küttürdi كۈتتۈردى، باقتۇردى ~ باققۇزدى. ال انكر
قوي كۈتۈردى ol aŋar koy küttürdi — ئۇ ئۇنىڭغا
قوي باقتۇردى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (كۈتۈرر - كۈتۈرماك
küttürür - küttürmək).

**كيتردى** kətərdi كەتتۇردى ~ كەتكۈزدى، ئېلىۋەتتى.
ال تاشىغ يولدىن كيتردى ol taxïq yoldan kətərdi —
ئۇ تاشنى يولدىن ئېلىۋەتتى. ھەرقانداق بىر نەرسىنى
ئۆز ئورنىدىن يۆتكىۋەتىشمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ
(كيتررر - كيترماك kətərür - kətərmək).

كِيجرْدِي kəqürdi كېچىكتۈردى. اُلْ اِيشغ كِيجرْدِي *ol* —
*ixiq kəqürdi* ئۇ ئىشنى كېچىكتۈردى (كِيجرر -
كِيجرْماك *kəqürmək - kəqürür*).

كَيْتْردِي kəytürdi① كويدۈردى. آرْ اُتْنِكْ كَيتْرْدِي *ər* —
*otuŋ kəytürdi* ئادەم ئوتۇن كويدۈردى. باشقىلاردىمۇ
شۇنداق (كَيرر - كَيرْماك *kəyürmək - kəyrür*).

تَيِشْدِي tayixdi تېيىلىشتى. اُلْ اَنِكْ بِرْلا تَيِشْدِي *ol aniŋ* —
*birlə tayixdi* ئۇ ئۇنىڭ بىلەن تېيىلىشىپ باقتى
(تَيِشُورْ - تَيِشْماق *tayixmak - tayixur*).

سِيشْدِي soyuxdi سويۇشتى. اُلْ مَنْكا تَرِي سِيشْدِي *ol* —
*maŋa təri soyuxdi* ئۇ ماڭا قوينىڭ تېرىسىنى
سويۇشۇپ بەردى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق.
دەرەخنىڭ قوۋزىقىنى ۋە تۇخۇمنىڭ شاكىلىنى سويۇشقىمۇ
شۇنداق دېيىلىدۇ (سِيشُورْ - سِيشْماق - *soyuxur*
*soyuxmak*).

---

① بۇ پېيىلنىڭ كەلگۈسى زامانى بىلەن مەستىرىگە قارىغاندا،
ئۆتكەن زامان شەكلى بۇ يەردىكى ۋەزن ئۆلچىمى بىلەن
«كَيرْدِي *kəyürdi*» بولۇشى كېرەك ئىدى. بىز ئەسلىنى
ئۆزگەرتمىدۇق.

قَيِشْدِي kayïxdi كويۈنۈشتى، غەمخورلۇق قىلىشتى. اُلارْ اِكِي بِيرْ بِيرْكا قَيِشْدِي — *olar ikki bir birgə kayïxdi*
ئۇلار ئىككىسى بىر-بىرىگە كويۈنۈشتى، غەمخورلۇق قىلىشتى
(قَيِشُورْ - قَيِشْماقْ *kayïxur - kayixmak*). شېئىردا
مۇنداق كەلگەن:

نَلُكْ اَنَكَرْ بِلِشْتِمْ
قُچْشُبْ تَقِي قَفُشْتُمْ
تُزُنْلُكِنْ قَيِشْتِمْ
اَلْقِتي مَنِكْ يَايِمِي

*nəlük aŋar bilixtim*
*kuqxup takï kavuxtum*
*tüzünlükin kayïxtïm*
*alktï məniŋ yayïmï*

[نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن تونۇشتۇم،
قۇچاقلىشىپ قوۋۇشتۇم،
كۆڭلى تۈزلۈك قىلىپ كويۈندۈم،
مېنىڭ يېزىمنى بىكار ئۆتكۈزۈۋەتتى.]

ئۆزىگە خىيانەت قىلغان بىر كىشىنى تەسۋىرلەپ شۇنداق دەيدۇ: نېمىشقە ئۇنىڭ بىلەن تونۇشتۇم، نېمىشقە قۇچاغلىشىپ، ئىچقويۇن - تاشقويۇن بولدۇم، تۈز كۆڭۈل - لۈك بىلەن غەمخورلۇق قىلدىم، ئۇ مېنىڭ يېزىمنى بىكار ئۆتكۈزۈۋەتتى.

**قُيْشْدِي** kuyuxdï قۇيۇشتى. اُلْ آنَكَرْ سُوُقْ قُيْشْدِي — *ol aŋar suv kuyuxdï* ئۇ ئۇنىڭغا سۇ قۇيۇشتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (قُيْشُورْ - قُيْشْمَاقْ *kuyuxur* - *kuyuxmak*).

**قِيشْدِي** kïyïxdï قىيىشتى. اُلْ مَنكَا يِغَاجْ قِيشْدِي — *ol maŋa yïqaq kïyïxdï* ئۇ ماڭا ياغاچ قىيىشتى. بەسلەشىشمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (قِيشُورْ - قِيشْمَاقْ *kïyïxur* - *kïyïxmak*).

**مَيِشْدِي** mayïxdï لاپچايدى، يېپىشتى. اَرْ يِيرْكَا مَيِشْدِي — *ər yərgə mayïxdï* ئادەم (سۇسلۇق ۋە ھورۇنلۇقىدىن) يەرگە لاپچايدى، يېپىشتى (مَيِشُورْ - مَيِشْمَاقْ *mayïxur* - *mayïxmak*). بۇ بىر ئىشقا بۇيرۇلغاندا، ئۇ ئىشقا ئۇنىماسلىقتۇر.

**يَمَشْدِي** yamaxdï: «مَيِشْدِي *mayïxdï*» سوزىنىڭ يەنە بىر خىل تەلەپپۇز قىلىنىشى بولۇپ، بۇنىڭدا ھەرپ

ئالماشقان (يَماشُورْ ـ يَمَشْماق yamaxmak ـ yamaxur).

سيڤْتي soyukti تالاندى. آرْ سيڤْتي ər soyukti — ئادەم
تالاندى (سيڤارْ ـ سيڤْماق soyukmak ـ soyukar).

سَيِڤْتي sayikti سايلاشتى. يِيرْ سَيِڤْتي yər sayikti — يەر
سايلاشتى، يەنى سايغا ئايلاندى (سَيِڤارْ ـ سَيِڤْماق
sayikmak ـ sayikar).

سيلْدى soyuldi سويۇلدى؛ ئايرىلدى، تارقالدى؛ يېشىلدى.
بُلُتْ سيلْدى bulut soyuldi — بۇلۇت تارقالدى.
قُويْ تَرِيسي سيلْدى koy tərisi soyuldi — قوي تېرىسى
سويۇلدى. آرْدِنْ تُونْ سيلْدى ərdin ton soyuldi —
ئادەمدىن تون يېشىۋېلىندى (سيلُورْ ـ سيلْماق soyulur ـ
soyulmak).

قِيلْدى koyuldi قويۇلدى. قويۇقلاشتى. يُغرت قيلْدى
yoqurt koyuldi — قېتىق قويۇلدى. ھەرقانداق
سۇيۇق نەرسە قويۇلۇپ كەتسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ
(قيلُورْ ـ قيلْماق koyulmak ـ koyulur).

قِيِلْدى kiyildi قىيىلدى، ئۆتتى؛ كېسىلدى، يانىدى.

كُونْ قِيلْدِي kün kïyïldï -- كۈن قىيىلدى. اُوذْ
قِيلْدِي öz kïyïldï — ۋاقىت ئۆتتى. يِغاجْ قِيلْدِي
yïɣaq kïyïldï — ياغاچ قىيىلدى. سُوزْ قِيلْدِي
sɵz kïyïldï — سۆز (ۋەدە)دىن يېنىۋېلىندى (قِيلُور-
قِيلْماقْ kïyïlmak - kïyïlur).

**مَيلْدِي** mayïldï بۇزۇلدى. قاغُونْ مَيلْدِي kaɣun — mayïldï قوغۇن بۇزۇلدى، يەنى سۇلۇق قوغۇن بۇزۇلدى. قوغۇن ئۈزۈن تۇرۇپ قېلىپ شالاقلاپ كەتسە شۇنداق بولىدۇ. باشقا مېۋىلەر بۇزۇلسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (مَيلُورْ - مَيلْماقْ mayïlmak - maylur).

**تَيَنْدِي** tayandï تاياندى. اُلْ مَنكا تَيَنْدِي ol maŋa — tayandï ئۇ ماڭا تاياندى. ھەرقانداق بىر نەرسىگە تايانسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (تَيَنُورْ - تَيَنْماقْ tayanur - tayanmak).

**قَيَنْدِي** kaynadï① قاينىدى. آشِجْ قَيَنْدِي əxiq kaynadï —

---

① بۇ پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامانى يازما نۇسخىدا «قَيَنْدِي» شەكلىدە كەلگەن. بىز بۇ پېئىلنىڭ كەلگۈسى زامان ۋە مەس- تىرىنىڭ «قَيَنارْ - قَيَنْماقْ kaynar - kaynamak»

قازان قاينىدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (قَيْنارْ ـ قَيْنَماقْ (*kaynar - kaynamak*). ماقالدا مۇنداق كەلگەن:

قَيْنارْ اُكُزْ كَجِلْكْسِزْ بُلْماسْ — *kaynar əgüz kəqiksiz boimas* قايناپ ـ تېشىپ تۇرغان دەريا كېچەكسىز بولماس. بۇ ماقال ئەشۇنداق ۋە قايغۇلۇق ئىشقا قارىتىپ ئېيتىلىدۇ، يەنى ئۇنىڭمۇ بىر چىقىش يولى بولىدۇ، دېگەن مەنىدە قوللىنىلىدۇ.

قُيْنْدِى kuyundï قۇيۇندى، قۇيۇۋالدى. اُلْ اُوزُنْكا سُوڤ قُيْنْدِى — *ol əzünə suv kuyundï* ئۇ ئۆزىگە سۇ قۇيۇۋالدى (قُيُورْ ـ قُيْنْماقْ *kuyunur - kuyunmak*).

## بۇ باپتىكى مىساللار

يَيِقْتِى yayïktï يازلاشتى، يازغا ئۆزۈلدى. اُوذْ يَيِقْتِى — *əz yayïktï* ۋاقىت يازلاشتى، يەنى باھار بولدى (يَيِقارْ ـ يَيِقْماقْ *yayïkar - yayïkmak*).

يَيِلْدِى yayïldï ئىرغاڭلىدى ~ ئېغاڭلىدى؛ يېيىلدى، تارقالدى.

---

شەكلىدە كەلگەنلىكىنى ھېسابقا ئېلىپ، ئۇنىڭ ترانسكرىپسىيە- سىنى «*kaynadï*» دەپ ئالدۇق.

يىغاچ يَيِلْدي *yïqaq yayïldï* — دەرەخ ئېغاڭلىدى،
يەنى دەرەخ شامال چىققانلىقتىن ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش
سەۋەبلەردىن ئېغاڭلىدى. ھەرقانداق نەرسە ئېغاڭلىسىمۇ
شۇنداق دېيىلىدۇ. يَيِلْدي سُو *yayïldï sü* — قوشۇن
يېيىلدى، يەنى تارقالدى، باشقىلاردىمۇ شۇنداق. «ذ-ز»
بىلەن «يَذِلْدي *yazïldï*» دەپمۇ ئېيتىلىدۇ (يَيِلُور -
يَيِلْماق *yayïlmak* - *yayïlur*).

بۇ باپتىكى ئوتتۇرىسى ساكىنلىق بولغان پېئىللار
شەكلىدە توت ھەرپلىكتەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۈچ
ھەرپلىكتۇر. مەسىلەن: «اُلْ قُويُغْ باتُرْدي *ol koyuq* —
*baturdï* ئۇ قوينى باغلاتتى»، «ساتُرْدي *saturdï* —
ساناتتى» دېگەندەك. باشقىلاردىمۇ شۇنداق.

## فَعْلَلْدي fə'ləldi شەكلىدە ھەرخىل ھەرىكىلەنگەن توت ھەرپلىك سۆزلەر بابى

تَيِتْرْدي tayturdi تايدۇردى. اُلْ اَنِي سُفْقا تَيِتْرْدي *ol* — *ani suvka tayturdï* ئۇ ئۇنى سۇغا تايدۇردى، يەنى

تېيىلدۇردى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (تَيِتُرْ- تَيِتْماق[1] (tayïtur - tayïtmak).

تُيتُردى tuyturdï تۇيدۇردى ~ بىلدۈردى. اُلْ مَنكا سُوز تُيتُردى — ol maŋa söz tuyturdï — ئۇ ماڭا سۆز تۇيدۇرۇپ قويدى، يەنى بىلدۈرۈپ قويدى (تُيتُرُر- تُيتُرْماق (tuyturur - tuyturmak).

قَيِتُردى kayturdï ھېسداشلىق قىلدۇردى، كۆيۈندۈردى. اُلْ اَنكَرْ قَيِتُردى — ol aŋar kayturdï — ئۇ ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلدۇردى، يەنى ئۇ ئۇنى قېرىندىشىغا ياردەم بەرگۈزۈپ غەمخورلۇق قىلدۇردى (قَيِتُرُر- قَيِتُرْماق (kayturur - kayturmak).

---

① بۇ پېئىلنىڭ كەلگۈسى زامان ۋە مەستىرى «تَيِتُر- تَيِتْماق» شەكلىدە بېرىلگەن. ۋەزن ئېتىۋارى بىلەن ئالغاندا «تَيِتُر- تَيِتُرماق» بولۇشى لازىم ئىدى، بۇ دەۋردە بەزى پېئىللارنىڭ مەجبۇرى دەرىجىسى ئىككى خىل يول بىلەن ياسالغىنىدىن قارىغاندا، بۇ يەردە يەنىلا شۇ مەنىدە مەجبۇرى دەرىجىنى ئىپادىلەيدىغان «تَيِتِي» (يازما نۇسخا 427 - بەت) شەكلىنىڭ كەلگۈسى زامانى ۋە مەستىرى بېرىلىپ قالغان بولسا كېرەك. بىز ئۆزگەرتمىدۇق.

قَيْتَرْدِي kaytardi قايتۇردى. اُلْ اَتِغْ قَيْتَرْدِي — ol atïq kaytardi ئۇ ئاتنى (ئوز يولىدىن) قايتۇردى (قَيْتَرُر - قَيْتَرْماق kaytarur - kaytarmak). بۇ ئوغۇزلارنىڭ سۆزى، تۈركلەر بۇنى «قَتَرْدِي katardi» دەيدۇ.

قُيْتَرْدِي kuyturdi قۇيدۇردى. اُلْ مَنِڭْ اِلِكْكا سُوقْ قُيْتَرْدِي — ol mənin əlikkə suv kuyturdi ئۇ مېنىڭ قولۇمغا سۇ قۇيدۇردى (قُيْتُرُر - قُيْتُرْماق kuyturur - kuyturmak).

قِيتَرْدِي kïyturdi قىيدۇردى. اُلْ اَنْكَرْ قَمِشْ قِيتَرْدِي — ol aŋar kamïx kïyturdi ئۇ ئۇنىڭغا قومۇش قىيدۇردى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (قِيتُرُر - قِيتُرْماق kïyturur - kïyturmak).

كُيْتَرْدِي køytürdi كويدۇرتتى ~ كويدۇرگۈزدى. اُلْ اَنِڭْ تُونِ كُيْتَرْدِي — ol anïŋ tonïn køytürdi ئۇ ئۇنىڭ تونىنى (كىيىمىنى) كويدۇرتتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (كُيْتُرُرْ - كُيْتُرْمَاكْ køytürür - køytürmək). بۇ سۆز چىرايلىق ئەمەس.

سَيْغِرْدِي sayoqïrdi سايلاشقىلى تۇردى، سايلىشاي دەپ قال-

دى. يير سىغردى *yər sayoqirdi* — يەر سايلاشقىلى تۇردى (سىغرار ـ سىغرماق *sayoqirar – sayoqirmak*).

**قيغردى** kayoqurdi قايغۇردى. آر قيغردى *ər kayoqurdi* — ئادەم قايغۇردى. بۇ سوز «ذ ـ ۈ» بىلەنمۇ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ (قيغرار ـ قيغرماق *kayoqurar – kayoqurmak*).

**بيمشدى** buymaxdi چىگىشلەشتى، ئارىلاشتى. ايش قمغ بيمشدى *ïx kamuoq buymaxdi* — ئىش پۈتۈنلەي چىگىشلەشتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (بيمشور ـ بيمشماق *buymaxur – buymaxmak*).

**سيرشدى** sayraxdi سايراشتى؛ ئاغزىغا كەلگەننى سوزلەشتى. اولار تيلم سيرشديلار *olar təlim sayraxdilar* — ئۇلار ئاغزىغا كەلگەننى سوزلەشتى. قشلار سيرشدى *kuxlar sayraxdi* — قۇشلار سايراشتى. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

برق يلدز تغردا

اذنو كلب بقرمن

ساتُولَيُو سَيْرَشِبْ
تَتْلِغْ اُونُنْ قُشْ اُتَارْ

*yaruk yulduz tuqarda*
*oźnu kəlip bakarmən*
*satulayu sayraxip*
*tatlīq ünün kux ətər*

[يورۇق يۇلتۇز تۇغار ۋاقتىدا،
ئۆيقىنىپ كېلىپ قارايمەن؛
چۇرۇلدىشىپ سايرىشىپ،
قۇشى تاتلىق ئۈن بىلەن ئۆتلەيدۇ.]

يورۇق يۇلتۇز تۇغار ۋاقتىدا، ئۇيقىدىن ئويغىنىپ دەرەخلەرگە قارايمەن، قۇشلارنىڭ يېقىملىق ئاۋازلار بىلەن چۇرۇقلىشىپ سايرىغان ئاۋازلىرىنى ئاڭلايمەن (سَيْرَشُورْ -سَيْرَشْمَاقْ *sayraxur - sayraxmak*).

قَيِرْشْدِي kayrïxdi① قايرىشتى. اُلَارْ اِكّي بِيُونْ قَيِرْشْدِي

① يازما نۇسخىدا بۇ ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى ئۈچ پېئىلنىڭ ئىككىنچى ھەرپى بولغان «ى - يا» ھەرىكىلىك يېزىلغان. ۋەزن ئېھتىۋارى بىلەن ئالغاندا ساكىنلىق يېزىلىشى لازىم ئىدى. بىز بۇ يەردىكى ۋەزنىنى نەزەردە تۇتۇپ، بۇ پېئىللارنىڭ ئىككىنچى ھەرپى بولغان «ى - يا»نى ترانسكرىپسىيىدە ساكىنلىق ئالدۇق.

olar ikki boyun kayrïxdï — ئۇلار ئىككويلەن بويۇن
قايرىشىپ باقتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (قَيِرشُور - قَيرشماق
(kayrïxur - kayrïxmak).

قُيُلْشْدى kuyluxdï قۇيۇلدى. تاغدِن سُوقْلاز قمغ قيُلشدى
taqdïn suvlar kamuq kuyluxdï — تاغدىن سۇلار
قۇيۇلدى. ھەرقانداق سۇيۇق نەرسە قۇيۇلسىمۇ شۇنداق
دېيىلىدۇ (قيُلشور - قيُلشماق (kuyluxur - kuyluxmak).

قُيُلْشْدى koyluxdï قويۇلدى. سُوتْلاز قيُلشْدى — sütlər
koyluxdï سۇتلەر قويۇلدى. باشقا سۇيۇق نەرسىلەر
قويۇلسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (قيُلشور - قيُلشماق
(koyluxur - koyluxmak).

قَيِتْشْدى kaytïxdï قايتىشتى. اُلاز اِكي قَيِتشْدى — olar
ikki kaytïxdï ئۇلار ئىككىسى قايتىشتى، يەنى بىر -
بىرىنىڭ ئارقىسىدىن كېتىشتى (قَيِتشُور - قَيِتشماق
(kaytïxur - kaytïxmak).

تُيسْقْدى tuysukdï تۇيۇقسىدى، تۇيۇپ قالدى. اَرْ تُيسقدى
ər tuysukdï — ئادەم تۇيۇقسىدى، يەنى ئۆزىگە
قىلىنغان ھىلە - مىكرىنى تۇيۇپ قالدى (تُيسقار - تيسقماق
(tuysukar - tuysukmak).

كِيجِلْدِي kəqildi كېچىكتۈرۈلدى. اِيشْ كِيجِلْدِي ix —
kəqildi ئىش كېچىكتۈرۈلدى (كِيجِلُورْ① - كِيجِلْماكْ
kəqilür - kəqilmək).

بِيلَلْدِي bələldi بولەندى؛ مىلەندى. اَرْ تَرْكا بِيلَلْدِي
ər tərgə bələldi — ئادەم تەرگە مىلەندى، يەنى تەرگە
چۆمدى. اُغْلانْ بِيلَلْدِي oqlan bələldi — بالا بۆشۈككە
بۆلەندى (بِيلَلُورْ - بِيلَلْماكْ bələlür - bələlmək).

بۇ پېئىلنىڭ ئالدىنقىسى ئوتتۇمسىز، كېيىنكىسى
ئوتتۇملۇق.

«اَتْ قانْقا بِيلَلْدِي at kanka bələldi — ئات
قانغا مىلەندى، يەنى قانغا بويالدى. بۇ ئۆلتۈرۈلگەنلەر-
نىڭ كۆپلۈگىدىن بولغان. بۇنىڭ مەنىسىمۇ ئالدىنقىسى-
نىڭ مەنىسىگە ئوخشاش②.

---

① يازما نۇسخىدا بۇ پېئىلنىڭ كەلگۈسى زامانى «كِيجِكُورْ» شەك-
لىدە يېزىلىپ قالغان. بىز «كِيجِلُورْ kəqilür» قىلىپ
تۈزەتتۇق.

② بۇ ۋە بۇنىڭدىن ئالدىنقى پېئىلنىڭ ئىككىنچى ھەرپى «ى-يا»
بۇ يەردىكى ۋەزن ئېتىۋارى بىلەن ساكىنلىق يېزىلىشى كېرەك
ئىدى، ئاپتور بۇ پېئىللارنىڭ بىرىنچى بوغۇمىنى ئاجىزلىتىپ
ئوقۇش يۈزىسىدىن، بىرىنچى ھەرپتىن كېيىن كەلتۈرۈلگەن
«ى - يا»نى ئەمەلىيەتتە ساكىنلىق دەپ ھېسابلىغان بولسا
كېرەك.

كۈيفەندى küyfəndi: ئەر ئىشقا كۈيفەندى *ər ixka küyfəndi* — ئادەم ئىشقا كۆڭۈلسىمەدى، بېرىلمەدى (كۈيفنور - كۈيفنماك *küyfənür - küyfənmək*)، بۇ سۆزنىڭ ھەرپلەر ئورۇن ئالماشتۇرۇپ كەلگەن «كۈفيەندى *kütyəndi*» شەكلىمۇ بار.

## بۇ باپتىكى باشقا بىر تۈر

قاتلاندى katlandi مىۋىلىدى. يىغاچ قاتلاندى *yiqaq* — دەرەخ مىۋىلىدى. قىپچاق، يەمەك، ئوغراق تىللىرىدا (قاتلانۇر - قاتلانماق *katlanur - katlanmak*). باشقىلارنىڭ تىلىدا بۇ سۆز تىكەنلىك دەرەخلەرنىڭ مىۋىسىگە قارىتىپ ئېيتىلىدۇ. تىكىپ ئۆستۈرۈلگەن دەرەخلەرنىڭ مىۋىسىگە «يەمىشلەندى *yəmixləndi*» دېيىلىدۇ.

قارلاندى karlandi قار بىلەن قاپلاندى. ئارت قارلاندى *art karlandi* — داۋان قار بىلەن قاپلاندى (قارلانۇر - قارلانماق *karlanür - karlanmak*).

قورلاندى korlandi ئېچىندى، ئېچىدى. ئەر تىقارىنكا قورلاندى

قولدىن مېلىنىلىق ئادەم — *ər tavarıŋa korlandı*
كەتكىنىگە ئېچىندى ۋە ھەسرەت چەكتى. قىمز قورلندي
(كونەلگىنىلىك تەسىرى بىلەن) قىمىز — *kïmiz korlandı*
ئېچىدى، قېتىق ئۇيۇسمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (قورلنور-
قورلنماق *korlanur - korlanmak*).

## تۇپ سوزدىن ياسالغان پېئىللار

تيقلندي tayaklandı تاياقلىق بولدى، ھاسىلىق بولدى.
آر تيقلندي *ər tayaklandı* — ئادەم تاياقلىق بولدى
(تيقلنور - تيقلنماق *tayaklanur - tayaklanmak*).
تيقلندي tayuklandı زىرەكلەشتى. يكت تيقلندي *yigit*—
*tayuklandı* يىگىت زىرەكلەشتى (تيقلنور - تيقلنماق
*tayuklanur - tayuklanmak*).
قيقلندي kayuklandı قايماقلاندى. سوت قيقلندي *süt*—
*kayuklandı* سۈت قايماق تۇتتى (قيقلنور - قيقلنماق
*kayuklanur - kayuklanmak*).
قائىدە: پېئىللارنىڭ بۇ تۈرى بۇ بولۇمدە ئۈچ
ھەرپلىك ئىسىملاردىن ياسالغان بولۇپ، بىر قائىچە مەنى-
لەردە كېلىدۇ:

بىرىنچى، بايان قىلىنغان شەيئى بىلەن بىللە بولغانلىقنى ياكى ئۇنىڭغا ئىگە بولغانلىقنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: «اَرْ تَيَقْلَنْدِي ar tayaklandī — ئادەم تاياقلىق بولدى»، «سُوتْ قَيُقْلَنْدِي süt kayuklandī — سۈت قايماق تۇتتى».

ئىككىنچى، سوزلىگۈچىنىڭ بىر نەرسىنى سوزلەنگەن نەرسىنىڭ قاتارىدا ھېساپلىغانلىغىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: «اَرْ اَتِغْ قِيزْلَنْدِي ar atīq kīzlandī — ئادەم ئاتنى قىممەت كوردى»، «اُلْ اَنِي قِيزْلَنْدِي ol anī kīzlandī — ئۇ ئۇنى ئوز قىزلىرى قاتارىدا كوردى».

ئۈچىنچى، مەجھۇل پېئىل مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: «تَڤَارْ چُوغْلَنْدِي tavar qooqlandī — مال تايلاندى، يەنى يىغىپ باغلاندى»، «بُوزْ جِغْلَنْدِي — بوز گەزلەندى» — bəz qīoqlandī.

تۆتىنچى، ئاتالغان نەرسىگە ئوخشاپ قالغانلىقنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: «اَرْ تَيُقْلَنْدِي ar tayuklandī — ئادەم زىرەكلەشتى، يەنى زىرەك كىشىلەرگە ئوخشاپ قالدى».

بۇ يەردە قىياس قىلىپ ئېيتىش مۇمكىن بولغان يەنە ئىككى تۈر بار:

بىرىنچى، بايان قىلىنغان شەيئى بىلەن بىللە بولغانلىقنى ياكى ئۇنىڭ ئىگىسى بولغانلىقنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: «تاغ تِيتلَنْدي — *taq titlandi* تاغ تىك ئارچىلىق بولدى، يەنى تاغنى تىك ئارچا دەرىخى قاپلىدى»، «اَرْ قاپلَنْدي — *ər kaplandi* ئادەم قاپلىق بولدى».

ئىككىنچى، بىر نەرسىنى سۆزلىگەن نەرسىنىڭ قاتارىدا ھېساپلىغانلىقنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: «اُلْ نانْكْني قِيزْلَنْدي — *ol nəŋni kizlandi* ئۇ نەرسىنى قىممەت كۆردى».

بۇلەگدىن باشقىلىرى يۇقۇرىدا ئېيتقانلىرىمىزغا ئوخشاش. قىياس قىلغۇچى بۇ تۈرلەردىمۇ مۇشۇ مەنىلەر بىلەن سۆزلىسە بولىدۇ، چۈنكى، ئىسىملارنىڭ ھەممىسىنى ئۇلارغا قوشۇمچىلارنى قوشۇش يولى بىلەن ھەرخىل مەنىلەردە قوللىنىشقا بولىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىللە تۈركى تىللارنىڭ ھەممىسىدە ھەرقانداق ئىسىمدىن خالىغانچە پېئىل ياساش مۇمكىن بولىۋەرمەيدۇ. مەسىلەن: «اَرْ ساڤْلَنْدي — *ər savlandi* ئادەم تەمسىل قىلدى»، «اَرْ جاڤْلَنْدي — *ər qavlandi* ئادەم شۆھرەتلەندى» دېيىلمەيدۇ. ھالبۇكى، قائىدە بويىچە ھەممە ئىسىملاردىن پېئىل ياساش مۇمكىن، كىمكى ئۇنى ئىشلەتسە، ئەيىپلىگىلى بولمايدۇ.

## بۇ باپتىكى باشقا بىر تۇر

كۇرْبالَنْدى kərpələndi: اَتْ كۇرْبالَنْدى *ot kərpələndi* — ئوت كورپە بولدى، يەنى ئوت يېڭىۋاشتىن ئۆسۈپ چىقتى (كۇرْبالَنُورْ ـ كۇرْبالَنْماكْ *kərpələnür* ـ *kərpələnmək*).

كِرْبيلَنْدى kirpiləndi كىرپىلەشتى. كِشي كِرْبيلَنْدى *kixi kirpiləndi* — كىشى كىرپىلەشتى، يەنى تەرىنى تۈردى (كِرْبيلَنُورْ ـ كِرْبيلَنْماكْ *kirpilənür* ـ *kirpilənmək*).

بَرْتُلَنْدى bərtüləndi كەمزۇللۈك بولدى. اَرْ بَرْتُلَنْدى *ər bərtüləndi* — ئادەم كەمزۇللۈك بولدى، يەنى كەمزۇل كىيدى (بَرْتُلَنُورْ ـ بَرْتُلَنْماكْ *bərtülənür* ـ *bərtülənmək*).

تُرْتَلَنْدى burtalandï[1]: بُرْكْ تُرْتَلَنْدى *bərk burtalandï* — بوركە ئالتۇن قاداق تۇتۇلدى (برتلَنور ـ برتلَنماق *burtalanur* ـ *burtalanmak*).

---

① بۇ پېئىل يازما نۇسخىدا «تُرْتَلَنْدى» شەكلىدە يېزىلغان. بىز بۇ پېئىلنى يازما نۇسخا 210 ـ بەتتە ئۆتكەن «بُرْتا» *burta* ـ زەر ۋەرەق» سۆزىدىن ياسالغان دەپ

بُغْرَلَنْدِى buoqralandï بـوُغرىـلاندى، بوُغرىسى تۇتتى.

تَڤِى بُغْرَلَنْدِى *təvə buoqralandi* — تـوگمىنىڭ بوُغرىسى

تـوُتـتـى (بُغْرَلَنُورْ - بُغْرَلَنْمَاقْ - *buoqralanur*

*buoqralanmak*).

تُزْغَلَنْدِى tuzoqulandï: اُلْ مَنْكَا تُزْغَلَنْدِي *ol maŋa* —

*tuzoqulandï* ئۇ ماڭا تـوُز بەردى، يەنى تاماق تەقدىم

قىلدى. باشقىلاردىمۇ شوُنداق (تُزْغَلَنُورْ - تُزْغَلَنْمَاقْ

*tuzoqulanur - tuzoqulanmak*).

قَدْغَلَنْدِى kažoqulandï قايغۇلاندى ~ قايغۇردى. اُلْ بـو

ايشقا قَدْغَلَنْدِى *ol bu ïxka kažoqulandï* — ئۇ بۇ

ئىشقا قايغۇردى. باشقىلاردىمۇ شوُنداق (قَدْغَلَنُورْ - قَدْغَلَنْمَاقْ

*kažoqulanur - kažoqulanmak*).

قُدْغَلَنْدِى kužoqulandï: اَتْ قُدْغَلَنْدِى *at kužoqulandï* —

ئات ئۆزىدىن چىۋىننى قوروُدى (قُدْغَلَنُورْ - قُدْغَلَنْمَاقْ

*kužoqulanur - kužoqulanmak*).

---

ھېساپلاپ، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ كەلگۈسى زامان ۋە مەستەر

شەكلىنىڭ «ب - *b*» بىلەن باشلانغانلىقىنى كوزدە تۇتوپ،

ترانسكرىپسىيىدە « *burtalandï*، *burtalanur*،

*burtalanmak*» دەپ ئالدۇق.

**قرغلندی** kuroqulandi: آر قرغلندی *ər kuroqulandi* — ئادەم يېنىكلىك قىلدى (قرغلنور- قرغلنماق *kuroqulanur - kuroqulanmak*).

**تلقلندی** talkilandi شىگگىللەشتى، غورىلىدى، ئۈۋۈچىلىدى. ازم تلقلندی *üzüm talkilandi* — ئۈزۈم غورىلىدى، ئۈۋۈچىلىدى (تلقلنور- تلقلنماق *talkilanur - talkilanmak*).

**برکلندی** bərkələndi① كوبىجۇدى؛ قامچىلىق بولدى. تمر برکلندی *tamur bərkələndi* — تومۇر كوبىجۇدى، يەنى ئادەمنىڭ تومۇرلىرى كوبىجۇدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق. آر برکلندی *ər bərkələndi* — ئادەم قامچىلىق بولدى (برکلنور- برکلنماك *bərkələnür - bərkələnmək*).

**برکلندی** bürgələndi: آر برکلندی *ər bürgələndi* — ئادەم ئاچچىقىدىن بۈرگىدەك سەكرىدى (برکلنور- برکلنماك *bürgələnür - bürgələnmək*).

---

① يازما نۇسخىدا بۇ پېئىلنىڭ بىرىنچى ھەرپى بىرىنچى مىسالدا زەممىلىك يېزىلغان بولسىمۇ، ئىككىنچى مىسالدا ۋە كەلگۈسى زامان بىلەن مەستىرىدە فەتھەلىك يېزىلغان. بىز فەتھىنى ئاساس قىلدۇق.

بِلْگَلَنْدِي bilgələndi: اَرْ بِلْگَلَنْدِي ər bilgələndi — ئادەم
ئۆزىنى بىلىملىك قىلىپ كۆرسەتتى (بِلْگَلَنُورْ - بِلْگَلَنْمَاكْ
bilgələnür - bilgələnmək). بۇنىڭدىن چىرايلىقراغى
«بِلْكِمْسِنْدِي bilkimsindi — ئۆزىنى بىلىملىك قىلىپ
كۆرسەتتى» دېيىلىدۇ. شۇنىڭدەك، بولمىغان ئىشنى
بولغاندەك قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن باشقا ياپىلاردىمۇ
پېئىللارنىڭ بۇيرۇق شەكلىگە «مِسِنْ msin || msin»
قوشۇمچىسى قوشۇلىدۇ①.

تِلْكُولَنْدِي tilkülәndi تۈلكىلەندى، تۈلكىلىك قىلدى.
اَرْ تِلْكُولَنْدِي ər tilkülәndi — ئادەم تۈلكىلەندى، يەنى
تۈلكىلىك قىلدى (تِلْكُولَنُورْ - تِلْكُولَنْمَاكْ tilkülənür -
tilkülənmək).

سِرْكَلَنْدِي sirkələndi سىركىلەشتى، سىركىلەندى. اُغْلَانْ
سِرْكَلَنْدِي oqlan sirkələndi — بالىنىڭ بېشى سىر-

① يازما نۇسخىدا بۇ قوشۇمچىنى «س، ن، م» شەكلىدە كۆر-
سەتكەن. بۇ قوشۇمچە گەرچە مۇشۇ ھەرپلەردىن تەركىب
تاپسىمۇ، بىز يازما نۇسخىدىكى تەرتىۋىنى كۆچۈرگۈچىنىڭ
خاتالىق بولسا كېرەك، دەپ ھېسابلاپ، تەرتىۋىنى تۈزىتىپ
«م، س، ن» يەنى «مِسِنْ msin || msin» دەپ ئالدۇق.

كىلىدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (سِرْكَلَنُورْ - سِرْكَلَنْماكْ
(sirkələnür - sirkələnmək.

تُكْمَلَنْدِي tügmələndi تۈگمىلەندى. آرْ تُكْمَلَنْدِي ər —
tügmələndi ئادەم كوينىكىنى تۈگمىلەندى (تُكْمَلَنُورْ -
تُكْمَلَنْماكْ (tügmələnür - tügmələnmək.

كَسْمَلَنْدِي kəsmələndi كەسمىلىك بولدى، كوكۇلا قويدى.
قِيزْ كَسْمَلَنْدِي kïz kəsmələndi — قىز كوكۇلا قويدى
(كَسْمَلَنُورْ - كَسْمَلَنْماكْ (kəsmələnür - kəsmələnmək.

## بۇ باپتىكى مىساللار

يَقْرِلَنْدِي yakrïlandï ياغ ئالدى، ياغ يىغدى. قُويْ
يَقْرِلَنْدِي koy yakrïlandï — قوي ياغ ئالدى، يەنى
بەدىنىگە ياغ يىغدى (يَقْرِلَنُورْ - يَقْرِلَنْماقْ - yakrïlanur
(yakrïlanmak.

يُفْغَلَنْدِي yuvqalandï يىشەملەشتى. اُغُلْ يُفْغَلَنْدِي oqul —
yuvqalandï بالا يىشەملەشتى (يُفْغَلَنُورْ - يُفْغَلَنْماقْ
(yuvqalanur - yuvqalanmak.

يُفْقَلَنْدِي yufkalandi: اُلْ مَنكا يُفْقَلَنْدِي ol maŋa —
yufkalandi ئۇ ماڭا خۇشامەت قىلدى (يُفْقَلَنُورْ
يُفْقَلَنْماقْ yufkalanmak - yufkalanur).

يَغْمَلَنْدِي yaqmalandi ياغمىلاشتى. اَرْ يَغْمَلَنْدِي ər —
yaqmalandi ئادەم ياغمىلاشتى، يەنى ياغما قىياپىتىگە
ۋە ئادىتىگە كىردى (يَغْمَلَنُورْ - يَغْمَلَنْماقْ - yaqmalanur
yaqmalanmak).

بۇ ئەرەبچىدىكى «وَقَيَّسَ غَيْلَانُ وَمَنْ تَقَيَّسَا —
قەيسلەشتى، يەنى قەيسلەرنىڭ قىياپىتىگە كىردى»، يەنە
ئەرەبچىدىكى «تَمَعْدَدَ الرَّجُلُ — ئادەم ئۆزىنى مەئەد
قەبىلىسىدىن قىلىپ كۆرسەتتى» دېگەنلەرگە ئوخشاش.
بۇ خىل پېئىللار تەلەپپۇزدا ئەمەس، بەلكى يېزىقتا
ئاخىرىدىكى تۇتۇنۇچى ھەرپى چۈشۈپ قالىدىغان تۇت ھەرپلىك
ئىسىملاردىن ياسىلىدۇ①. مەسىلەن: «قُوِيْ يَقْرِلَنْدِي

① بۇ جۈملە ئەرەبچە: «وَهَذَا النَّوْعُ مِنَ الْأَفْعَالِ تَكُونُ مُرَكَّبَةً مِنَ
الْأَسْمَاءِ الرُّبَاعِيَّةِ فَيَنْقُصُ مِنْهُ آخِرُ الْكَلِمَةِ خَمَاسِيَّةً فِي اللَّفْظِ دُونَ
الْخَطِّ» دېيىلگەن. بىزچە بۇ قائىدىدە بايان قىلىنغان پېئىل-
لارنىڭ ئەسلى تۇت ھەرپلىك ئىسىملار بولۇپ، ئۇلار پېئىلغا
ئايلانغاندا تەلەپپۇزدا ئەمەس، يېزىقتا تۇتۇنۇچى ھەرپ

koy yakrïlandï — «قوي ياغ ئالدى» دېگەندىكى «يَقْرِي yakrï» دىن «ى ـ يا» ھەرپى، «اَرْ يُفْقَلَنْدِي ər yutkalandï — «ئادەم خوشامەت قىلدى» دېگەندىكى «يُفْقَا yutka» دىن «ا ـ ئېلىپ» نىڭ چۈشۈپ قالغىنىغا ئوخشاش. باشقا ئىسىملارمۇ مەن مۇشۇ قائىدىلەر ئارقىلىق كۆرسەتكەن مەنىلەر بويىچە ئۆلچىنىدۇ.

## بۇ بولۇمدىكى ئالتە ھەرپلىكلەر بابى

**سَرَاغُجْلَنْدِي** saraquqlandï: اُرَاغُتْ سَرَاغُجَلَنْدِي *uraqut* — *saraquqlandï* خوتۇن ساردۇغۇچ سالدى (سَرَاغُجْلَنُورْ ـ سَرَاغُجْلَنْمَاقْ *saraquqlanur* ـ *saraquqlanmak*).

**بِلَازُكْلَنْدِي** biləzükləndi: اِشْلَارْ بِلَازُكْلَنْدِي *ixlər* — *biləzükləndi* خوتۇن بىلەيزۈك سالدى (بِلَازُكْلَنُورْ ـ

---

(يەنى ئاخىرقى ھەرپ) تاشلانغىنىدىن قارىغاندا، ئەرەپچە ئىبارە: «وَهٰذَا النَّوْعُ مِنَ الْاَفْعَالِ تَكُونُ مُرَكَّبَةً مِنَ الْاَسْمَاءِ الرُّبَاعِيَّةِ فَيَنْقُصُ مِنْهُ آخِرُ الْكَلِمَةِ رُبَاعِيَّةً فِي الْخَطِّ دُونَ اللَّفْظِ» بولۇشى كېرەك، بىز كېيىنكى مەزمۇندا تۈزىتىپ تەرجىمە قىلدۇق.

بلاز ُكلنْماكْ (biləzüklənür - biləzüklənmək).

پېىللارنىڭ بۇ تۈرى توت ھەرپلىك ئىسىملاردىن ياسالغان. بەش ھەرپلىك، ئالتە ھەرپلىك ئىسىملاردىن ياسىلىشىمۇ مۇمكىن. بۇ قائىدە ھەممە تۈركى تىللار ئۈچۈن ئومۇمىدۇر. مەسىلەن: «اَرْ سقّلدر ُقلْـنْدى ər — sakalduruklandi ئادەم ساقالدۇرۇغىنى باغلىدى»، «اَرْ آلاُجولْنْدى ər alaqulandi — ئادەم كەپە تىكتى»، «اَرْ خُمارُلَـنْدى ər humarulandi — ئادەم دوستىنىڭ ياكى باشقىسىنىڭ مېلىدىن يادىكارلىق ئالدى»، «اَرْ كَراكُولَنْدى ər kərəgüləndi — ئادەم ئۆزىگە چېدىر تىكتى ۋە ئۇنىڭغا كىردى» دېگەنگە ئوخشاش.

سَيْرَمْلَنْدى sayramlandi تېپىزلەشتى. سُوفْ سَيرَمْلَنْدى — suv sayramlandi — سۇ تىپىزلەشتى (سَيرَمْلَنُور- سَيرَمْلَنْماق (sayramlanur — sayramlanmak).

قاتُونْلَنْدى katunlandi خېنىملاشتى. اُراغُتْ قاتُونْلَنْدى — uraqut katunlandi — خوتۇن خېنىملاشتى، خېنىم قىياپىتىگە كىردى (قاتُونْلَنُورْ - قاتُونْلَنْماق — katunlanur - katunlanmak).

قاغۇنلَنْدى kaoqunlandi قوغۇنلۇق بولدى. آر قاغۇنلَنْدى

ər kaoqunlandi — ئادەم قوغۇنلۇق بولدى (قاغۇنلَنۇر-
قاغۇنلَنماق *kaoqunlanur - kaoqunlanmak*).

قائىدىلەرنىڭ ھەممىسى سالىم سوزلەر بولۇمىدە كورسىتىلدى، چۈشەندۈرۈلدى.

خۇداغا شۇكرى، ئۈچ ھەرپلىك سوزلەر بولۇمى تۈگىدى.

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمْ

ئايغۇچى، كويۇنگۇچى تەڭرىنىڭ ئىتى بىلەن باشلايمەن

# ئىككى ھەرپلىك ئىسىملاردىن ياسالغان تۇت ھەرپلىك سۆزلەر بولۇمى①

با bə مە. قوينىڭ مەرىگەن ئاۋازى. قوى بالادى *koy bəladi* — قوي مەرىدى.

بۇ bu بۇغ، هور. آشىغ بۇسى *əxiq busi* — قازاننىڭ هورى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق.

بۇ bu بۇ. بۇ آر *bu ər* — بۇ ئادەم.

بى bi بىيە، بايتال. تۈركچە. ئوغۇزچە ئەمەس.

① بۇ بولۇمدە كەلتۈرۈلگەن ھەممە مىساللاردىن قارىغاندا، بىرىنچىدىن ئىككى ھەرپلىكتىن ياسالغانلىق كۆرۈلمەيدۇ. ئىككىنچىدىن بۇ بولۇمدە تۇت ھەرپلىكلا ئەمەس، بەش ھەرپلىك سۆزلەرمۇ بېرىلگەن.

بى bi دو ~ بو. «بُوىْ *bøy*»نۇ دېيىلىدۇ. ئوغۇزچە.

تُو tü تۈك. بەدەندىكى تۈك. «بِيرْ تُو سَجْ *bir tü saq* — بىر تال چاچ» دېگەن ئىبارە شۇنىڭدىن ئېلىنغان.

تُو tü رەڭ، تۈس. «تُودَشْ تُونْلارْ *tüdəx tonlar* — بىر خىل رەڭدىكى تونلار» دېگەن ئىبارە شۇنىڭدىن ئېلىنغان.

تُو tü ئاتنىڭ رەڭگى، تۈسى. آتِنْكْ نا تُولُكْ *atïŋ nə tülüg* — ئېتىڭ قايسى رەڭدە.

تُو to (تولدۇرۇپ ئېيتىلىدۇ) بولماققا ئوخشاش پىشۇرۇلىدىغان بىر خىل ئۇن تاماق. ئۇ بىر قاچىغا سېلىنىپ ئېچىتىلغاندىن كېيىن ئىچىلىدۇ.

جا qa//qə ئوخشىتىش قوشۇمچىسى. بۇ ئەرەبچىدىكى ئوخشىتىش قوشۇمچىسى «ك»غا ئوخشايدۇ. مەسىلەن:

اُلْ مَنِكْ جا *ol mənïŋ qə* — ئۇ مېنىڭدەك[1].

بُو آنِكْ جا *bu anïŋ qa* — بۇ ئۇنىڭدەك.

---

① بۇ سۆزنىڭ ئەرەبچە ئىبارىسىدە بىر ئاز ئېنىقسىزلىق بار. بېسىم ئاتالاي ئەرەبچە «اَىْ اَنَّهُ كَمِثْلِ هَذَا» ئىبارىسىنىڭ «اَىْ اَنَّهُ كَمِثْلِى» شەكلىدە بولسا مۇۋاپىق بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئىزاھ بەرگەن. بىز بۇنى توغرا تاپتۇق.

جي qi ئەم. جي يەر — *qi yər* — ئەم يەر.

جۇ qu چۇ. بۇيرۇق پېئىللىرىدىكى بولۇشلۇق، بولۇشسىز شەكىللەرنىڭ ئاخىرىدا ئۇلىنىپ، تەكىتلەشنى بىلدۈرىدىغان ياردەمچى سۆز. مەسىلەن: كَلْ جُو — *kəl qu* — كەلچۇ (چوقۇم كەل). بَرما جُو — *barma qu* — بارمىچۇ (زادى بارما). بۇ سۆز ئىككىنچى شەخستىلا ئىشلىتىلىدۇ.

سا sa//sə شەرت مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان قوشۇمچە. اُلْ آنْكا بَرْسا — *ol əlgə barsa* — ئۇ ئۆيگە بارسا. سَنْ قَچان بَرْسا سَنْ — *sən kaqan barsa sən* — سەن قاچان بارساڭ. بۇ پەقەت پېئىللارغىلا ئۇلىنىدۇ.

سا sa «سەن» مەنىسىدىكى بىر سۆز. سا اَيُرْمَن — *sa ayurmən* ساڭا ئېيتىمەن. بۇ يەردىكى «ا - ئېلىپ» «سَنْ - *sən*» سۆزىدىكى «ن - *n*» نىڭ ئورنىدا كەلگەن ياكى «سَنكا - *saŋa*» سۆزىدىكى «نك - *ŋ*» چۈشۈپ قالغان. «ا - ئېلىپ» نىڭ «ن - *n*» ھەرپىنىڭ ئورنىغا ئالمىشىشى ئەرەبچىدىمۇ بار، مەسىلەن: ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ «لَنَسْفَعاً» دېگىنىگە ۋە شائىر «اَعشي» نىڭ «وَاللّٰهَ رَبَّكَ فَاعْبُدا» ئىبارىسىگە ئوخشاش.

سُو sü قوشۇن، ئەسكەر. ماقالىدا مۇنداق كەلگەن: اُتاغقا اُبْكَلابْ سُوكا سُوزْلامادُكْ — *otaqka əpkələp sügə*

*sozlamadük* ھەمرالىرىغا ئاچچىغلاپ، قوشۇنغا گەپ قىلمىدى، يەنى چېدىردىكى ھەمرالىرىغا ئاچچىغلاپ، ئەسكەرلەرگە گەپ قىلمىدى. بۇ ماقال بىر كىمنىڭ قىلغان ئىشىغا ئاچچىغلانماي، باشقا دوستلىرىغىمۇ تەتۈر قاراپ يۈرگەن كىشىگە قارىتىپ ئېيتىلىدۇ. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

سُو كَلْدِي يِيرْ يَپا
قرار قر . . . ما①
قَجتي اَنكَرْ اَلْبْ اَيا
اُلُتْ بُلُبْ اُلْ يَشارْ

*sü kəldi yər yapa*
*karar kar......*
*kaqti aŋar alp aya*
*ulut bolup ol yaxar*

---

① بۇ شېئىرنىڭ ئىككىنچى مىسراسىدىكى بەزى سۆزلەرنىڭ ئورنى ئاق قالغان، بەزى سۆزلەرنىڭ ھەرىپلىرى قويۇلمىغان، بىراق ئاتالاي بۇ مىسرانى بىرىنچە خىل چۈشەندۈرۈپ شۇنىڭ بىرىدە «قِرقار ناغ تَبا *karikar taq taba*» دەپ «تاغدىن كۆزنى قاماشتۇرىدىغان قار توزنى كۆتۈرۈلدى» دېگەن مەنىدە بولسا كېرەك دەيدۇ، بىز بۇ مىسرانى ئەرەبچە ئىبارىنىڭ مەنىسىگە ئاساسەن تەرجىمە قىلدۇق.

[يەر يۈزىنى قاپلاپ ئەسكەر كەلدى،
قارلىق تاغلارنى توزان قاپلىدى،
ئالىپ ئايا شۇڭا قاچتى،
يېگىلگەنلىكتىن يوشۇرۇندى.]

يەر يۈزىنى قاپلاپ ئەسكەر كەلدى، ئاتلارنىڭ تۇياقلىرىدىن چىققان چاڭ - توزان ئۆپكۈنى ۋە قارلىق تاغلارنى قاپلىدى، شۇڭا ئالىپ ئايا دېگەن كىشى قاچتى. ئۇ يېگىلگەچكە ئۆيۈلۈپ يوشۇرۇندى.

سى si//si تەۋەلىك (ئىزافەت) قوشۇمچىسى بولۇپ، ئىسىملارنىڭ ئاخىرىغا ئۇلىنىدۇ. سۆزنىڭ ئاخىرى ساكىن بولسا، «سى *si//si*» كېلىدۇ. ھەرىكەتلىك بولسا، «ى - يا» كېلىدۇ. «آتا — ئاتا» *ata* سۆزىنىڭ ئاخىرىدىكى «ا - ئېلىف» ساكىنلىق بولغاچقا، تەۋەلىك قوشۇمچىسى قوشۇلغان ھامان «آنِڭ آتاسِي *anīŋ atasi* — ئۇنىڭ ئاتىسى» دېيىلىدۇ. «آنا — ئانا» *ana* سۆزىمۇ شۇنداق. بۇ سۆزنىڭمۇ ئاخىرىدىكى «ا - ئېلىف» ساكىنلىق بولغاچقا، تەۋەلىكنى بىلدۈرگەندە «آنِڭ آناسِي *anīŋ anasi* — ئۇنىڭ ئانىسى» دېيىلىدۇ. ئەمما ئىككى «ى - يا» بىلەن «آنِڭ آتايِي *anīŋ atayi*» دېيىلمەيدۇ، بۇنداقتا ئۈچ ھەرپ لىن بىر سۆزگە توپلىشىپ قالىدۇ. سۆزلەشتە يېقىملىق بولسۇن ئۈچۈن، ھەرپ لىننىڭ ئوتتۇرىدى-

كىسى «س ـ s» غا ئالماشتۇرۇلىدۇ.

لېكىن ئاخىرقى ھەرپىگە ھەرىكە بېرىلىدىغان «اُغُلْ oqul — ئوغۇل» سوزى تەۋەلىك قوشۇمچىسى قوشۇلغاندا «آنِڭْ اُغْلِي anïŋ oqli — ئۇنىڭ ئوغلى» دېيىلىدۇ. تەۋەلىك قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ «ل ـ l» ھەرىكىلىك بولغاچقا، «س ـ s» غا ئېھتىياج قالمايدۇ. «آتْ at — ئات» سوزىگە تەۋەلىك قوشۇمچىسى قوشۇلغاندا «آنِڭْ آتِي anïŋ ati — ئۇنىڭ ئېتى» دېيىلىدۇ. «ت ـ t» ھەرپى ھەرىكىلىك بولغاچقا، «س ـ s» ھەرپىگە ئېھتىياج قالمايدۇ.

پۈتۈن تۈركى تىللاردىكى ھەممە ئىسىملار ئۈچۈن قائىدە مۇشۇ. يەنى تەۋەلىك قوشۇمچىسىنى قوشۇشتا سوز ئاخىرىدىكى ھەرپىنىڭ ساكىنلىق ياكى ھەرىكىلىك بولۇشىغا قارىلىدۇ①.

شا xa ساه «مالِكُ الْحَزِينْ» دېيىلىدىغان قۇشقا ئوخشايدىغان بىر خىل ئالا ـ چىپار قۇش. بۇ لەقەم ئورنىدا قوللىنىلىپ «اَرْدَمْسِزْ شا ərdəmsiz xa ئەدەپسىز ساه» دېيىلىدۇ. ئۇ ھەمىشە يەر بېغىرلاپ ئۇچىدۇ.

شو xu «جو qu — چۇ» مەنىسىدە قوللىنىلىدىغان ياردەمچى

① مەھمۇت قەشقەرى بۇ قائىدىلەرنى بېرىشتە ئەرەپچىنى كوزدە تۇتقان. بۈگۈنكى تىلىمىزدا قائىدە بۇنىڭ ئەكسىچە بېرىلىدۇ.

سوز. بَرْغِلْ شُو *barqil xu* — بارغىنچۇ، چوقۇم

بارغىن. كَلْ شُو *kəl xu* — كەلچۇ، چوقۇم كەلگىن.

شي xi خوش. چىن خاقانلىرى بىلەن كورۇشكەندە قوللىنىدى-

غان سوز. بۇ ئەرەپچىدىكى «اَبَيْتَ اللَّعْنَ - خوش تەقسىر،

خوش» دىگەنگە ئوخشاش.

غُو qu پىشلىنىڭ بۇيرۇق شەكلىگە ئۇلىنىپ، ئورۇن - جاي،

ۋاقىت - چاغ، قۇرال - جابدۇق ئىسمىنى ياسايدىغان

قوشۇمچە. بَرْغُو يِيْرْ *barqu yər* — بارىدىغان يەر.

تُرْغُو يِيْرْ *turqu yər* — تۇرىدىغان يەر.

قا ka قاچا، ئىدىش. بۇ سوز سۇيۇق نەرسىلەرنى قۇيىدىغان

قاچىلار ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. «قا قَجا *ka kaqa* — قاچا-

قۇچا» شەكلىدە جۈپ سوز قىلىپمۇ قوللىنىلىدۇ.

قا ka ئورۇننى بىلدۈرىدىغان قوشۇمچە[1]. بۇ تۈركىيدە

«ق - *k*» ھەرپى بولغان ئىسىملارغا، تولدۇرۇپ تەلەپپۇز

قىلىنىدىغان ئىسىملارغا ياكى يۇمشاق تەلەپپۇز قىلىنىدى-

---

① ئاپتورنىڭ «قا - *ka*»نى ئورۇننى بىلدۈرىدىغان قوشۇمچە

ئورۇندا كورسىتىشى، بۇ قوشۇمچىنىڭ يونىلىش مەنىسىدىن

باشقا ئورۇن، ۋاقىت ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش مەنىلەردە كېلىشىنى

ۋە بۇ مەنىلەرنىڭ ئەرەپچىدە ھەرخىل گىراماتىكىلىق شە-

كىللەر بىلەن ئىپادە قىلىنىشىنى كوزدە تۇتقانلىقى بولسا كېرەك.

غان ئىسىملارغا ئۇلىنىدۇ. باغقا كىر — *baƣka kir*
باققا كىر. تاغقا يۆقلا — *taƣka yokla* تاققا چىق.

**قا ka** قا ~ غا. يۆنىلىش كېلىش قوشۇمچىسى. ئارغۇچە. اتامقا بيردم يرماق — *atamka bərdim yarmak* ئاتامغا

ياماق بەردىم. انامقا تقار بيردم — *anamka tavar bərdim* ئانامغا تاۋار (مال) بەردىم.

بەزىدە بۇ قوشۇمچە تەۋەلىكنى بىلدۈرىدىغان «ل - *l*»[1] مەنىسىدە كېلىدۇ. اتمقا سوز ايدم — *atamka səz aydim* ئاتامغا سۆز ئېيتتىم.

**قي kï** «هەي» مەنىسىدىكى چاقىرىشنى بىلدۈرىدىغان ياردەمچى سۆز. قي بروكل — *kï bərü kəl* — هەي، بېرى كەل. «ق - *k*» بىلەن «ى - يا» نىڭ ئۇتتۇرىسى سۆزۈپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.

**قي kï** تۇققانچىلىقنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنىڭ ئاخىرىغا ئۇلىنىپ كېلىپ، سويۇمچانلىقنى بىلدۈرىدىغان قوشۇمچە. اتاقي — *atakï* — دادىكا، اناقي — *anakï* — ئانىكا.

**كا kə//gə** كە ~ گە. يۆنىلىش كېلىش قوشۇمچىسى. بۇ ئىركىۋىدە «ك - *g*،*k*» هەرپى بولغان، يۇمشاق تەلەپپۇز

---

[1] مەھمۇت قەشقەرى بۇ قوشۇمچىنى بۇ يەردىمۇ ئەرەپ تىلىنىڭ قائىدىسىگە ئاساسەن چۈشەندۈرگەن.

قىلىنىدىغان ياكى ئاجىزلاشتۇرۇپ ئېيتىلىدىغان ئىسىملارنىڭ ئاخىرىدا ئۇلىنىدۇ. اُلْ اَفْكا بَرْدِى *ol əfgə bardï* — ئۇ ئۆيگە باردى. بۇ قوشۇمچە ئورۇنىي بىلدۈرۈپمۇ كېلىدۇ. اُلْ اَفْكا كِرْدِى *ol əfgə kirdi* — ئۇ ئۆيگە كىردى.

بەزىدە بۇ قوشۇمچە تەۋەلىكنى بىلدۈرىدىغان «ل - *l*» مەنىسىدىمۇ كېلىدۇ. اُلْ تَرْكا كِرْدِى *ol* — *tərgə kirdi* ئۇ ئىشقا كىردى.

**كُو kü** نام، شۆھرەت، داڭق. كُولُكْ بِلْكا *külüg bilgə* — شۆھرەتلىك دانىشمەن.

**لا la** ئۇغۇزلاردا ئىشنىڭ ئېنىق بېجىرىلگەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، پېئىللارنىڭ ئاخىرىغا ئۇلىنىپ كېلىدىغان تەكىت ياردەمچىسى. اُلْ بَرْدِى لا *ol bardïla* — ئۇ ھەقىقەتەن باردى. اُلْ كَلْدِى لا *ol kəldila* — ئۇ ھەقىقەتەن كەلدى.

بۇ سۆز ئىشنىڭ بېجىرىلگەنلىكىنى بىلمىگەنلىكىدىن ئۇنى ئىنكار قىلىۋاتقان ئاڭلىغۇچىغا قارىتىپ ئېيتىلىدۇ.

**ما ma//mə** ما~مە. پېئىلنىڭ بۇيرۇق شەكلىگە ئۇلىنىپ بولۇشسىزلىق مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان قوشۇمچە. قِلْ *kïl* — قىل، قِلْما — *kïlma* قىلما.

بۇ تۈپ ۋە ياسالما پېئىللارنىڭ ھەممىسىدە بولۇشسىزلىقنى بىلدۈرىدىغان قائىدە.

ما mə مە. «ئال» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان سۆز. ما —mə مە،
ئال. بەزىدە «ا - ئېلىپ»نىڭ ئورنىغا «ھ - h» ئال-
ماشتۇرۇلۇپ «مَهْ mah» دېيىلىدۇ. بۇ ئەرەبچىدىكى
«اِبْرِيقٌ هِبْرِيقٌ، اَرَاقَ هَرَاقَ» دېگەنگە ئوخشاش.

ما mə مە. ئوغلاق، قوزىلارنىڭ مەرىشىنى بىلدۈرىدىغان سۆز. بۇ
ئەرەبچىگىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ. مەسىلەن: «ذي الرمّة»نىڭ
«بِاسْمِ الماء مُبْغُومُ» ئىبارىسىدە كەلگىنىگە ئوخشاش.

مو mu مۇ. ئىسىم ۋە پېئىللارنىڭ ئاخىرىغا ئۇلىنىپ كېلىدىغان
سوئال قوشۇمچىسى. بو اَتْمو bu atmu — بۇ ئاتمۇ؟
بۇ اِيْتمو bu itmu — بۇ ئىتمۇ؟ پېئىللارغا مىسال:
بَرْدِنْگْمو bardiŋmu — باردىڭمۇ؟ كَلْدِنْگْمو —kəldiŋmu
كەلدىڭمۇ؟ ئوغۇزلارنىڭ بەزىلىرى پېئىللارنىڭ ئۈچىنچى
شەخسىگە قوشۇمچە ئۇلاشتا تۈركلەردىن پەرقلىنىدۇرۇپ
«م - m» ھەرپىنى كەسرىلىك قىلىپ، «و - ۋاۋ» ھەرپىنى
«ى - يا» ھەرپىگە ئالماشتۇرىدۇ. اُلْ بَرْدِيمِي ol —
bardimi ئۇ باردىمۇ؟ ئىسىملاردا بولسا، تۈركلەر بىلەن
ئوخشاش. بو اَتْ سَنِنْگْ مو bu at səniŋmu — بۇ ئات
سېنىڭمۇ؟ بو اُغُلْ سَنِنْگْ مو bu oqul səniŋmu — بۇ
بالا سېنىڭمۇ؟

نا nə نه ~ نېمه. ناتيرسەن *nə tərsən* — نېمه دەيسەن.

نا nə ئەرەپ تىلىدىكى ئەجەپلىنىشىنى بىلدۈرىدىغان «ما ـ *ma*» ئىلنىڭ ئورنىدا كېلىدىغان قوشۇمچە. ناما ئەذگۇ كىشى ئل *nəmə əzgü kixi ol* — نېمىدىگەن ياخشى كىشى ئۇ.

نا nə ئەرەپ تىلىدىكى ئەجەپلىنىشىنى بىلدۈرىدىغان «ما ـ *ma*» باشقىلاردىمۇ شۇنداق. ناما يَفُز نانڭ ال بو — *nəmə yavuz nəŋ ol bu* نېمىدىگەن ياۋۇز نەرسە بۇ.

نُو nü نە ~ نېمە. نۇ تيرسن *nü tərsən* — نېمە دەيسەن؟

بۇنىڭ ئەسلى «ناكو *nəgü*» بولۇپ، «ا ـ ئېلىپ» بىلەن «ك ـ *g*» ھەرپلىرى قىسقارتىلغان.

## بۇ باپتىكى مىساللار

وا wa «ۋاھ ~ ۋاي» مەنىسىدە. سوزلىگۈچىنىڭ بۇيرۇغىنى ئىنكار قىلىش قوشۇمچىسى. وا نا تيرسن *wa nə tərsən* — ۋاھ، نېمە دەيسەن؟ بۇ سوز يەنە قايغۇ ـ ئەلەمدىن زارلىنىشقىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

يا ya يا ~ ياي. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: قُرمِش كِرِش تُكْلماش اقْرقن تاغ آكلماش — *kurmïx kirix*

كىرىچ قۇرۇلغان — tügülməs okrukun taqi əgilməs تۈگۈلمەس، سالما بىلەن تاغ ئېگىلمەس، يەنى قۇرۇلغان كىرىچ يېقىلماس، تاغنى سالما بىلەن ئەككىلى بولماس. بۇ ماقال ئەرزىمەيدىغان ۋاستە بىلەن چوڭ ئىشقا كىرىشمەسلىككە ئۈندەپ ئېيتىلىدۇ[1].

يا ya «وا» wa — ۋاھ ~ ۋاي» غا ئوخشاش ئىنكار قىلىش قوشۇمچىسى.

يو yu ۋىيەي. ئاياللارنىڭ بىرەر نەرسىدىن ئۈيالغان ۋاقتىدا ئېيتىدىغان سوزى.

يى yi تىكىچ. كىيىمنىڭ تىكىمچى. تىككۈچىنى «يىجى yiqi» دېيىش شۇنىڭدىن ئېلىنغان.

يى yi تاغدىكى جىلغا، قىساڭ.

يى yi: يى يىغاچ yi yiqaq — غوللىرى بىر - بىرىگە چىرمىشىپ كەتكەن دەرەخلەر. بۇ سوزنىڭ ئەسلى «يىكى yigi — زىچ» بولۇپ، ھەرپ قىسقارتىلغان. ئاراش بولمىغان زىچ چىشقىسمۇ «يىكى تىش yigi tix» دېيىلىدۇ.

---

[1] بۇ ماقال «يا — ya» سوزىگە كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، ماقالدا «يا ya» ئورنىغا «كىرىش kirix — كىرىچ» سوزى ئىشلىتىلگەن.

# فَعَلْ fəəl، فَعُلْ fəul، فَعِلْ fəil

## شەكىللىرىدە ئۆتتۆرا ھەرپى ھەرخىل ھەرىكىلىك سوزلەر بابى

تَبا taba تامان، تەرەپ. يونىلىشنى بىلدۈرىدىغان ياردەمچى سوز، مَنىڭ تَبا كَلْدى *məniŋ taba kəldi* — ئۇ مەن تەرەپكە كەلدى.

تَبا tapa تاپا، دەككە. اُلْ آنىڭ تَباسى قىلْدى — *ol aniŋ tapasï kïldï* ئۇ ئۇنىڭ تاپىسىنى قىلدى، يەنى زىتىغا ئىش قىلدى.

تَبى tapï بىر نەرسىگە رازى بولۇش. بُو اِيشْتا آنىڭ تَبىسى كَراكْ — *bu ïxta aniŋ tapïsï kərək* — بۇ ئىشتا ئۇنىڭ رازىلىقى كېرەك.

تَبى tapï ئوتتۇرا. بُوزِي تَبى آرْ — *bozï tapï ər* — ئوتتۇرا بويلۇق ئادەم.

تُبُو tөpü تۆپە. تاغ تُبُوسى — *taq tөpüsi* — تاغ تۆپىسى.

تُبُو tөpü تۆپە. ئادەمنىڭ تۆپىسى، چوققىسى.

**تُبى** tüpi بوران. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: قلِن بُلُتغ تُبى سُرار قَرانكقُو ايشِغ اُرُنج اَجار — *kalin bulutuq tüpi sürər karaŋku ixiq urunq aqar* قېلىن بۇلۇتنى بوران سۈرەر، قاراڭغۇ ئىشىنى پارا ئاچار، يەنى ئاسماننى قاراڭغۇلاشتۇرغان بۇلۇتنى بوران ئاچىدۇ، پادىشالارنىڭ ئىشىكىدىكى قاراڭغۇلۇقنى پارا ئاچىدۇ. بۇ ماقال پارىغا ئېھتىياجى چۈشكەن كىشىگە قارىتا ئېيتىلىدۇ.

**سُبى** subi سوقا. باش تەرىپى ئۈچلۈق بولغان ئۈزۈنچاق نەرسە. شۇڭلاشقا ئادەمنىڭ بېشى يۇمىلاق بولمىسا «سُبى باش — *subi bax* — سوقا باش» دېيىلىدۇ.

**قُبا** kuba قۇلا. قُبا آتْ *kuba at* — قۇلا ئات. رەڭگى سېرىق بىلەن ئاچ قىزىل ئوتتۇرىسىدىكى ئات. مۇشۇ رەڭگە ئوخشاش ھەرقانداق رەڭگىمۇ مۇشۇ سۆز ئىشلىتىلىدۇ.

**قَبا** kapa ھەرقانداق نەرسىنىڭ ئېگىزى. قَبا يُوكْلُكْ اُقْ — *kapa yüklüg ok* — كوتىرەڭگۈ پەيلىك ئوق، پەيلىرى كوتىرەڭگۈ ئوق.

**كُبا** küpə ئاياللار قۇلىقىغا سالىدىغان ھالقىنىڭ بىر خىلى. كُبا يَرِق — *küpə yarik* — زەنجىرلىك ساۋۇت، تۆمۈر كىيىم.

سَتا sata مارجان①.

شُتي xuti قىرىقئاياق، ئومچۇككە ئوخشاش ھاشارەتلەر②. بۇ تۈركچە سۆز ئەمەس.

قَتا kata قاتا ~ قات. بِرْ قَتا آيْدِمْ — *bir kata aydïm* — بىر قاتا ئېيتتىم.

قَيُو kayu قايسى. بۇ سۆز «خَيُو *hayu*» دەپمۇ ئېيتىلىدۇ. «ق - *k*» ھەرپىنىڭ ئورنىغا «خ - *h*» ئالماشقان. ئوغۇز ۋە قىپچاقلار «ق - *k*» نى «خ - *h*» غا ئايلاندۇرىدۇ. ئۇلار «خَلَجْ *halaq* — خالاچ» لارنىڭ بىر تەبىقىسى. تۈركلەر «قِيزِمْ *kïzïm* — قىزىم» دىسە، ئۇلار «خِيزِمْ *hïzïm*» دەيدۇ. تۈركلەر «نەدە ئىدىڭ» دىگەن سۆزنى «قَنْدا آرْدِنْكْ *kanda ərdiŋ*» دىسە، ئۇلار «خَنْدا آرْدِنْكْ *handa ərdiŋ*» دەيدۇ.

---

① يازما نۇسخىدا بۇ سۆزنىڭ ئەرەپچىسى «البُصَّد» شەكلىدە خاتا يېزىلىپ قالغان. توغرىسى «البُسَّد» بولۇشى كېرەك. شۇنداق بولغاندا مارجان مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ.

② يازما نۇسخىدا بۇ سۆزنىڭ ئەرەپچىسى «الشب» شەكلىدە بېرىلگەن. بۇنىڭدا بىر ئاز ئېنىقسىزلىق بار.

كُتُو kətü ئۆگزە.

گَتُو kətü چولاق. قىسپچاقچە.

بُجِى buqi بۇچى. ئاۋازى مۆڭگۈلۈك بىر خىل ئۆدە.

سَجا səqə قۇچقاچ. ئوغۇزچە.

سَجُو saqu چۇچا. تون، ياغلىق ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارنىڭ چۇچىسى.

قُجُو koqu قوچۇ. ئۇيغۇر شەھەرلىرىدىن بىرىنىڭ ئىسمى. بەزىدە ئۇ يەردىكى شەھەرلەرنىڭ ھەممىسى شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ.

كَجا kəqə كىگىز. ئوغۇزچە.

كَجِى kəqi ئۆچكە. ئوغۇزچە.

كَجا kəqə كېچە. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

كَجا تُورُبْ بِرِزْ آرْدِمْ
قَرا قِزِلْ بِرِي كُرْدُمْ

قَتِغ يانِي قُرا كُرْدُمْ

قَيا كُورُبْ بَقُو آغْدِي

*kəqə turup yorïr ərdim*

*kara kïzïl bəri kərdüm*

*katïq yanï kura kərdüm*

*kaya kərüp baku aqdï*

[كېچىدە تۇرۇپ يۈرەر ئىدىم،

قارا، قىزىل بۆرە كۆردۈم،

قاتتىق يانى قۇرۇپ كۆردۈم،

قىيا بېقىپ دوڭگە قاچتى.]

كېچىدە تۇرۇپ مېڭىپ كەتتىم، قارا قىزىل بۆرىلەرنى كۆرۈپ قالدىم؛ كۈچلۈك، قاتتىق ياينى قۇرۇپ قويۇۋىدىم، بۆرىلەر ماڭا قىيا قارىدى ـ دە، قاچقان پېتى دوڭگە چىقىپ كەتتى.

**كَجا** kəqə كاجۇۋا. قوغۇن، تەرخەمەك قاتارلىقلارنى توشۇيدىغان كاجۇۋا.

**نَجا** nəqə نەچچە، قانچە. نَجا يَرْماقْ بِرْدِنْكْ — *nəqə yarmak bərdiŋ* نەچچە يارماق بەردىڭ. بەزىدە بۇ سوز سوئال قوشۇمچىسى بولۇپمۇ كېلىدۇ.

تُدُو tadu ئادەمنىڭ مىجەزى ۋە تەبىئىتى.

تَدَا tada ئون قەدەم يەردىن كوز يېتىم يەرگىچە بولغان ئارىلىق.

دَدَا dada دادا، ئوغۇزچە.

قُذِي kuzï تۇۋەن، پەس. قُذِي اِلْدِي kuzï ïldï — پەسكە چۈشتى.

بُرِي bɵri بورە. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: بُرِي قُشْنِيسِنْ يِيمَاسْ — بورە خوشنىسىنى يېمەس. bɵri koxnïsïn yəməs يەنى بورە خوشنىدارچىلىقنىڭ ھورمىتىدىن ئوز خوشنىسىنى يېمەيدۇ. بۇ ماقال خوشنىلارنىڭ ھورمىتىنى ساقلاشقا ئۈندەپ ئېيتىلىدۇ.

بُرِي borï ئوق باشىنىڭ ئوقتا كىرگۈزۈلىدىغان ئورنىدىكى بەلدەمچىسى. بۇنى «بَشَقْ بُرِيسِي» baxak borïsï» دەيدۇ.

بُرِي borï سۇ ئېقىنلىرىغا كېچىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن چىلىك كىرىشتۈرۈپ بەكىتىپ قويۇلىدىغان ياغاچ تاقاق.

تُرِي türi: تُرِي نَانْكْ türi nəŋ — نەمى موزىنىڭ تەمگە ئوخشاش قېرىق بولغان ھەرقانداق نەرسە. قوپال مىجەز -

لىك كىشىنى «تۈرى كىشى türi kixi» دېيىش شۇنىڭدىن ئېلىنغان.

**تُرا** tura تۇرا. تُرا قَلقَن tura kalkan — دۈشمەندىن ئۆزىنى دالدىغا ئېلىش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان ھەرخىل ۋاستىلەر.

**تُرا** tərə (لەۋلەشتۈرۈپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ) تۆر، ئۆينىڭ تۆرى. تُرا يُقلادى tərə yokladi — تۆرگە چىقتى. بۇ سۆز بەزىدە «تُور tər» دەپمۇ ئېيتىلىدۇ.

**تُرُو** tərü تۆرۈ، رەسىم - يوسۇن، قائىدە. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: اِيل قَلِر تُرُو قَلماس əl kalïr tərü kalmas — يۇرت قالار، تۆرۈ قالماس، يەنى يۇرت تاشلىنىپ قالىدۇ، رەسىم - يوسۇن تاشلانمايدۇ. بۇ ماقال ئۆرپ - ئادەت، رەسىم - يوسۇندا پېشقەدەملەرگە ئەگىشىشكە ئۈندەپ ئېيتىلىدۇ.

**تَرِي** təri تېرە.

**سَرُو** sərü تەكچە، تاختىۋېشى. ئۆينىڭ ئۈستىگە ئۆي جابدۇقلىرى قويۇلىدۇ.

**قَرا** kara قارا. خاقانىيە خانلىرى «قَرا kara» دېگەن

نام بىلەن ئاتالمىدۇ. «بُغْرا قَرا خاقانْ *buqra kara* —
*hakan* بۇغرا قارا خاقان» دېگەندەك. بۇ ھەققە
بىر ھىكايە بار. قَرا قُشْ *kara kux* — قارا قۇش،
بۈركۈت. قَرا قُشْ *kara kux* — مۇشتەرى يۇلتۇزى.
بۇ تاڭ ۋاقتىدا چىقىدۇ. بەزىدە «قَرا قُشْ يُلْدُزْ *kara*
*kux yulduz*» دېيىلىدۇ. قَرا قُشْ *kara kux* —
توگە تاپىنىنىڭ چورىسى. ئوغۇزچە. قَرا اُرُنْ *kara*—
*orun* گور. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

بَرْمِشْ سَنِكْ بِلْ
يَالِنْكُقْ تَپَرْ قَرِنْقا
قَلْمِشْ تَوَرْ اَذِنْنِكْ
كِرْسا قَرا اُرُنْقا

*bərmix sənin̡ bil*
*yalīn̡uk tapar karīnka*
*kalmīx tavar azīnnin̡*
*kirsə kara orunka*

[بىلگىنكى، بەرگىنىڭ ئوزەڭگىنىڭدۇر،
ئادەم قارنى (قوسىقى)غا تاپىدۇ،

قىپچاقلىغان مال كىشىنىڭكى،
قاراڭغۇ يەر (گۆر)گە كىرگەندە.]

بىلگىنىكى، بەرگىنىڭ ۋە يىگىنىڭ ئۆزەڭنىڭدۇر، چۈنكى ئادەم ئۆزىنىڭ قوسىغى ئۈچۈن ئىشلەيدۇ؛ ئادەم قارا يەرگە كىرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ قالغان مال - مۈلكى باشقىلارنىڭ بولىدۇ. بۇ سۆزنىڭ ئەسلى «قَرا اُرُنْ — *kara orun* قاراڭغۇ يەر» دۇر. قَرا باشْ — *kara bax* قارا باش. قۇللارنى ئاتاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان سۆز. ئەر ۋە ئاياللارغا ئوخشاش ئىشلىتىلىدۇ. بۇنىڭ مەنىسى «قارا باش» دېگەن بولىدۇ. قَرا اُتْ — *kara ot* قارا ئوت، ئاق پارپا. بۇ بىر خىل زەھەرلىك ئوت. قَرا ياغ — *kara yaq* قارا ياغ (قارىماي)، نېفىت. قَرا سَنكِر — *kara saŋir* قارا سەگىر. بارس - خاندىكى بىر يەرنىڭ ئېتى. قَرا اَتْماك — *kara ətmak* قارا ئەتمەك. ناننىڭ بىر خىلى. بۇ مۇنداق تەييارلىنىدۇ: گۆش ئېزىلگۈچە پىشۇرۇلىدۇ، كېيىن ئۈستىگە سېرىق ياغ، شېكەر قۇيۇپ ئارىلاشتۇرۇپ، قويۇلغۇچە قاينىتىلىدۇ، ئاندىن يېيىلىدۇ. بۇ سۆز «قَرا قُرا — *kara kura* قارا - قورا» شەكلىدە جۈپ سۆز بولۇپمۇ قوللىنىلىدۇ.

**قَرِي** kari قېرى. ھەر نەرسىنىڭ ياشانغىنى. ياشانغان كىشىنى

«قَرِي آرْ *kari ar* دېيىش شۇنىڭدىن ئېلىنغان.

قَرِي ئاتْ *kari at* — يېشى تولغان، كۈچكە كەلگەن ئات. باشقىلاردىمۇ شۇنداق.

قَرِي kari بىلەك. جەينەكتىن قولنىڭ ئۇچىغىچە بولغان ئارىلىق.

قَرِي kari بوز ئۆلچەيدىغان گەز. يۇقۇرىدىكى سوزدىن ئېلىنـ ـغان. بۇ سوز مەنە جەھەتتىن ئەرەپچىگىمۇ ئۆيغۇن كېلىدۇ. چۈنكى، بىلەك بىلەن رەخت ئۆلچەيدىغان گەز ھەر ئىكـ ـكى تىلدا بىر سوز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

قُرِي kuri: قُرِي قُرِي *kuri kuri* —قۇرى ـ قۇرى. تايچاق ئالدـ ـىدىن كېيىن قالغاندا چاقىرىش ئۈچۈن ئېيتىلىدىغان سوز. بەزىدە «ى ـ يا» ھەرپى «ە ـ *h*» غا ئالماشتۇرۇلۇپ «قُرە قُرە *kurih kurih*» دېيىلىدۇ.[1]

قُرُو koru ئوغرى تىكەن، تومۇر تىكەن. قىپچاقچە.

نَرُو nərü نېرى. تەرەپنى بىلدۈرىدىغان سوز. نَرُو بارْ *nərü bar*— نېرى كەت.

---

[1] بۇ سوز يازما نۇسخا 7 ـ بەت (ئۇيغۇرچە I ـ توم 10 ـ بەت) تە «قُرِّه قُرِّه *kurrih kurrih*» شەكلىدە بېرىلگەن.

بزى bizi كويۈك، چاۋارتقۇ. ئاينىڭ يۈزىدە ئوت چاقىغانلىقى-

تىن پەيدا بولىدىغان چاۋارتقۇ. اَتْماكْ بزى بلْدى

ətmək bizi boldï — ئاينىڭ يۈزى كويدى.

قَزى kazï قىزا. ئادەمنىڭ قىزىلىقى، ئاتنىڭ قىزىلىقى.

يُنْدْ قَزيسي ياغ *yund kazisï yaq* — يىلقىنىڭ

قىزىسى ياغدۇر. تۈركلەر ئەڭ ياخشى كورىدىغان ياغ

مۇشۇ.

قُزى kozï قوزا.

بَسا basa كېيىن. مَنْ آنْدا بَسا كَلْدِمْ *mən andan basa* —

*kəldim* مەن ئۇنىڭدىن كېيىن كەلدىم.

بَسُو basu گۈرزە، تومۇر توقماق، بىر تىلدا.

تُسُو tusu پايدا، شىپا. اُلْ اُتْ مَنكا تُسُو قِلْدى *ol ot* —

*maŋa tusu kïldï* ئۇ ئوت (دورا) ماڭا پايدا قىلدى.

قَسى kasï قوتان. قوي ۋە باشقا ئەرسىلەرنى سولايدىغان،

چىۋىقتىن توقۇلغان قوتان. قَسي بادِمْ *kasï badïm* —

قوتان توقۇدۇم.

قَسي kasï قاسى. بىزدىكى بىر يەر نامى①.

تُشُو tüxü: تُشُو تُشُو *tüxü tüxü* — چۈشۈ - چۈشۈ. ئېشەكنى
توختىتىش ئۈچۈن ئېيتىلىدىغان سۆز. تەلەپپۇزدا «ت - *t*»
ھەرپى بىلەن «ش - *x*» ھەرپىنىڭ ئوتتۇرىسىغا «ر - *r*»
ھەرپى قوشۇلىدۇ. لېكىن بۇنى يېزىقتا ئىپادىلىگىلى بولمايدۇ.

تِشي tixi تىشى ~ چىشى. ھەرقانداق نەرسىنىڭ چىشىسى.

كِشي kixi كىشى. بۇ سۆز بىرلىك، كوپلۈك، ئەر ۋە ئايالغا
ئوخشاش ئېيتىلىدۇ.

كِشي kixi خوتۇن. مەن بۇنى ياغما ئېلىدە ئاڭلىدىم. ئۇلار
«ئۇ ئۆيلەندىمۇ» دىگەن سۆزنى «اُلْ كِشي آلْديمو
*«ol kixi aldïmu»* دەيدىكەن.

بُغا buqa بۇغا. ھىندىستاندىن كەلتۈرۈلىدىغان بىر خىل دورا. بۇ-
نىڭ سېرىقى «سارِغْ بُغا *sarïq buqa* — سېرىق بۇغا»،
كۆلرەڭگى «بُوزْ بُغا *boz buqa* — بوزۇغا» دېيىلىدۇ.

تُغا toqa كېسەل، كېسەللىك. بەدەننىڭ بىمارلىقى. ايكْ تُغا

---

① بۇ يەر ھازىرقى قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئوپال رايونىدىكى ئازىق يېزىسىنىڭ يېنىدا.

*ol tonuq tapladï* — ئۇ توننى ياراتتى، ماقۇل

كوردى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (تپلار ـ تپلاماق ـ *taplar*

*taplamak*).

تپلادى tüplədi تۈۋىنى سۈرۈشتۈردى، تەكتىنى ئىزلىدى.

اُل ايشغ تپلادي *ol ixïq tüplədi* — ئۇ ئىشنىڭ

تۈۋىنى سۈرۈشتۈردى (تپلار ـ تپلاماك ـ *tüplər*

*tüpləmək*).

تتلادى tatladï تات دەپ ھېساپلىدى. اُل آني تتلادي *ol*

— *anï tatladï* ئۇ ئۇنى تات ھېساپلىدى، پارس، قاتارىدا

كوردى (تتلار ـ تتلاماق *tatlar* ـ *tatlamak*).

ترلادى tərlədi تەرلىدى؛ تازىلىدى. آت ترلادي *at* —

*tərlədi* ئات تەرلىدى. اُل آتن ترلادي *ol atïn* —

*tərlədi* ئۇ ئېتىنى تازىلىدى، يەنى ئېتىنى قاشلاپ،

ئۈنىڭدىكى تەر ۋە پاسكىنىچىلىقلارنى چىقىرىۋەتتى (ترلار ـ

ترلاماك *tərlər* ـ *tərləmək*). بۇ سوز قارىمۇ ـ قارشى

مەنىلىك سوزدۇر. بۇ پېئىل ھەم ئۆتۈملۈك، ھەم

ئۆتۈمسىزدۇر.

تزلادى tazladï تاز ھېساپلىدى. اُل اني تزلادي *ol* —

*anï tazladï* ئۇ ئۇنى تاز ھېساپلىدى، تاز دېدى

*ig ıoqa* — كىپسەللىك، بەدەننىڭ بىمازاملىقى.

جُغِى quoqı جاڭجال. ئارغۇلار «ج - *q*» ھەرپىنى فەتھە بىلەن، باشقا تۈركلەر زەممە بىلەن ئېيتىدۇ.

قُغُو kuoqu قۇ، ئاققۇ.

سَغُو saoqu سوغا، كەمچەن.

تَڤَى təvə تۆگە. بىرلىك ۋە كوپلۇك ئۈچۈن ئوخشاش قوللىنىلىدۇ. ئىككى مەخرەج ئارىسىدىكى «ڤ - *v*» بىلەن ئېيتىلىدۇ. ئوغۇزلار بۇنى «دَوا *dəwə*» دەيدۇ.

جَڤَا qava چاۋا. ياشلارغا قويۇلىدىغان ئىسىم.

جُڤِى quvi خوتەنلىكلەرنىڭ رەسىم - يوسۇنى بويىچە خاقاندىن ئىككى دەرىجە تۆۋەن تۇرىدىغان كىشىگە بېرىلىدىغان ئۇنۋان. بۇ ھەقتە تۈركلەرنىڭمۇ بىر رەسىم - يوسۇنى بار.

جِڤِى qivi جىنلار گۇرۇھىدىن بىرىنىڭ ئېتى. تۈركلەر شۇنىڭغا ئىشىنىدۇكى، ئىككى يۇرت كىشىلىرى بىر - بىرى بىلەن ئۇرۇشسا، ھەر ئىككى يۇرتتىكى جىنلارمۇ ئۆز يۇرتىنىڭ ئىگىلىرىنى قوللاپ ئۇرۇشىدۇ. جىنلارنىڭ قايسى تەرىپى يەڭسە، ئەتىسى شۇ يۇرتنىڭ ئىگىلىرى غەلىبە قىلىدۇ.

كېچىلىرى ئىككى يۇرت جىنلىرىنىڭ قايسىبىرى يېڭىلسە،
شۇ جىنلار تۇرغان يۇرتنىڭ پادىشاسىمۇ مەغلۇپ بولىدۇ.
تۈرك ئەسكەرلىرى ئۇرۇشتىن قايتقان كېچىسى جىنلارنىڭ
ئوقلىرى، تېگىپ كېتىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۆزلىرىنى
دالدىغا ئېلىپ چېدىرلىرىغا كىرىۋالىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ
ئىچىدە كەڭ تارقالغان بىر خىل چۈشەنچە.

قۇۋى kovï قوۋ. قۇۋى يىغاچ — *kovï yïqaq* قۇرۇپ چىرىپ
كەتكەن ياغاچ. بەزىدە «و - ۋاۋ» بىلەن «قۇوي *«kowï*
دەپمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

قۇۋى :kovï قۇۋى ئار — *kovï ər* بىتەلەي، ئامەتى قاچقان
ئادەم. ئارغۇچە. ماقالىدا مۇنداق كەلگەن: قۇۋى ئار قۇدۇققا
كىرسا يەل ئالىر — *kovï ər kuduqka kirsə yəl alïr*
بىتەلەي قۇدۇققا كىرسە، شامال ئېلىپ چىقار، يەنى
ئامەتى قاچقان ئادەم قۇدۇققا كىرسىمۇ، شامال ئۇنى
چىقىرىۋېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ مۇشەققەتكە قالىدۇ.

باقا baka پاقا. تاشپاقىنى «مۈڭگۈز باقا *«müŋüz baka* دې-
يىش شۇنىڭدىن ئېلىنغان. باقاچۇق *bakaquk* — پاقى-
چاق. بۇ «باقا — *baka* پاقا» سۆزىنىڭ كىچىكلىتىپ
ئىشلىتىلىشى بولۇپ، تاغاق بىلەن قولنىڭ ئارىسىدىكى
گۆش، دېمەكتۇر.

بَقُو baku توپە، توپىلىك، دوڭ.

بُقَا buka بۇقا.

تَقِي taki تېخى، يەنە. تَقِي يَرْمَاقْ بِيرْ taki yarmak bər — يەنە پۇل بەر. ئوغۇزچىدا بۇ سۆز بەزىدە «بىللە» مەنىسىدە كېلىدۇ. اُلْ تَقِي اَنْدَا ol taki anda — ئۇمۇ ئۇ يەردە.

تُقُو toku توقۇ. كەمەرنىڭ توقۇسى.

سَقَا saka تاغ ئېتىكى.

سُقُو soku سوقا، هاۋانچا. ئەسلى «ق - k» ھەرپى تەشدىتلىك ئىدى. بۇ سۆز خۇددى «توپە، توپىلىك» مەنىسىدىكى «بَقُو baku» سۆزىنىڭ ئەسلىدىكى تەشدىتلىك (bakku) ھالەتتىن تەشدىتسىز قىلىپ يېزىلغىنىغا ئوخشاش يېزىلغان. يامغۇرلۇق مەنىسىدىكى «بَقُو yaku» مۇ ئەسلىدە «يَاغْقُو yaġku» ئىدى. بۇ ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ «فَظَلْتُمْ تَفَكَّهُونَ» دېگەن سۆزىگە ئوخشاش. بۇنىڭ ئەسلى «فَظَلَلْتُمْ» بولۇپ، يېزىلغان.

اُرِي uri چۇقان - سۈرەن. اُرِي قِقِي uri kiki — شاۋقۇن-

سۈرەن.

بُکا bøkə بوکە، ئەجدەرھا، يالماۋۇز. ماقالدا مۇنداق كەلگەن:

يتي بشلغ يل بكا *yəti baxliq yəl bøkə* — يەتتە باشلىق يالماۋۇز. ياۋاقۇلاردىكى ئەڭ چوڭلىرىنى «بكا بدرج — *bøkə budraq* — بۆكە بۇدراچ» دەپ ئاتىغانىسدەك، بەزى باتۇرلارنىمۇ بۇ نام بىلەن ئاتايدۇ. «بكا بدرج» بىلەن بىللە بولغان كاپىرلارنىڭ سانى يەتتە يۈز مىڭ ئىدى. قىرىق مىڭ ئەسكەرگە ئىگە بولغان ئارسلان تېگىن غازىغا قارشى جەڭدە تەگرى ئۇنى مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى.

مەھمۇت ئېيتىدۇكى، مەن بۇ جەڭگە قاتناشقان كىشىدىن «كاپىرلار شۇنچە جىق تۇرۇپ نېمىشقا يېڭىلدى» دەپ سورىدىم. ئۇ: بىزمۇ بۇنىڭغا ئەجەبلەندۇق، مەغلۇپ بولغان كاپىرلاردىن «سىلەر شۇنچە جىق تۇرۇقلۇق نېمىشقا يېڭىلدىڭلار» دەپ سورىساق، ئۇلار: «جەڭ دۇمبىقى چېلىنىپ، كارناي تارتىلغاندا، باش ئۈستىمىزدە پەلەكنى قاپلاپ كەتكەن بىر يېشىل تاغنى كوردۇق، بۇ تاغدا سان-ساناقسىز ئىشىكلەر بولۇپ، ئۇلار ئوچۇق ئىدى. بۇ ئىشىكلەردىن بىزگە جەھەننەم يالقۇنلىرى ئېتىلاتتى، بىز بۇنىڭدىن قورقۇپ كەتتۇق. شۇنداق قىلىپ بىزنى يەڭدىڭلار» دەپ جاۋاپ بەردى، دىدى. مەن، بۇ، پەيغەمبىرىمىزنىڭ مۇسۇلمانلار قوشۇنىغا كور-

سەتكەن موجىزىلىرىدىن ئىكەن، دىدىم.

بكى bəgi بەگى. ئەرلەرگە قويۇلىدىغان ئات.

بكو bəgü ئالىم، دانىشمەن، ئەقىللىق. «بلگا *bilgə*» سوزىنى قوشۇپ «بكو بلگا *bəgü bilgə*» دەپ ئىيتىش مۇشۇ-نىڭدىن كەلگەن. شېردا مۇنداق كەلگەن:

بلكني اردديم
بكوني اوزردم
اوزمني ازرديم
يلغل اتم يزلنور

*bilikni irdədim*
*bəgüni əzürdüm*
*əzümni azirdim*
*yalqil atim yazlinur*

[بىلىمنى ئىزدىدىم،
دانىشمەننى تاللىدىم،
ئۆزەمنى ئازدۇردۇم،
ئاق يالىڭاق ئىتىم يېشىكلىك تۇرىدۇ.]

بىلىم ۋە ھېكمەتنى ئىزدىدىم، ئەقىللىق، دانىشمەنلەرنى تاللىدىم؛ خەلقنىڭ ئىچىدىن ئوزەمنى ئايرىدىم، شۇڭا مۇشۇ ئىشى ئۇچۇن ئاق يالىدىق ئېتىم يېشىكلىك تۇرىدۇ.

تەكا təkə ئەركەك كېيىك. ئۇنىڭ مۈڭگۈزىدىن ياي ياسىلىدۇ.

تەكا təkə تېكە. ساقىلى تېكىنىڭ ساقىلىغا ئوخشايدىغان كۆسا ئادەمگە «تەكا سَقال *təkə sakal*» دېيىش شۇنىڭدىن ئېلىنغان.

تۈكا tügə ئىككى چىشلىق موزاي. چىشى موزاي «تِشي[1] تۈكا *«tixi tügə*» دېيىلىدۇ.

تِكُو təkü تېگىم، پارچە. بِيرْ تِكُو آتْ *bir təkü ət* — بىر پارچە گوش. ئەسلىدە بۇ سوزدىكى «ك» تەشدىتلىك بولۇپ، يۇقۇرىدا ئېيتىلغان سوزلەرگە ئوخشاش يېزىلىشتىلگەن.

جِكِي qigi قېيىش. جِكِي يِي *qigi yi* — قېيىپ تىكىش. «ج - q» ھەرپى «يِكِي تِكْتِي *yigi tikti* — قېيىپ

---

① يازما نۇسخىدا «تِشي *tixi*» سوزى يېزىلمىغان. بىز ئەرەپچە ئىبارىنىڭ «وَالاُنْثَى بِسمِي» دەپ بېرىلگىنىگە ئاساسەن، بۇ سوزنى قوشۇپ قويدۇق.

تېكتى» دېگەن سۆزدىكى «ى - يا» ھەرپىدىن ئالماشقان.
بۇ كىتابنىڭ باش تەرىپىدە ئېيتقىنىمىزدەك، قىپچاق ۋە
باشقىلارنىڭ تىللىرىدا «ى - يا» ھەرپىنىڭ ئورنىغا
«ج - q» ھەرپى ئالماشتۇرۇلىدۇ. ئۇلار ئۇنچىنى «چىنچۇ
qinqü» دەيدۇ. ئەسلىدە «ى - يا» بىلەن كېلەتتى.

**تۇكۇ** tükü : تۇكۇ تۇكۇ *tükü tükü* — كۈچ - كۈچ. كۈچۈكنى
چاقىرىش ئۈچۈن ئېيتىلىدىغان سۆز.

**تۆگى** tögi ئاقلانغان ئېرىق، سوك. ئوغۇزچە.

**تەگى** təgi كېچىلەردە ئاڭلىنىدىغان گۆك - گۆك ئاۋاز. تۈركلەر
شۇنداق قارايدۇكى، ئۆلۈكلەرنىڭ روھلىرى ھەر يىلى
بىر كېچە توپلىشىپ، ئۆزلىرى ھايات ۋاقتىدا ياشىغان
شەھەرلىرىگە كېلىپ شەھەر ئاھالىسىنى زىيارەت قىلىدۇ.
كېچىدىكى مۇشۇ گۆك - گۆك ئاۋازغا كىم يولۇقۇپ قالسا
ئۆلىدۇ. بۇ تۈركلەردە كەڭ تارقالغان بىر خىل چۈشەنچە.
بۇ سۆزدىكى «ت - t» ھەرپى كەسرە بىلەن كەلگەن.
مېنىڭچە، فەتھە بىلەن ئوقۇسا ئوبدانراق بولىدۇ. چۈن-
كى خوتۇن ئېرىنىڭ قېشىغا يۆتكەلگەندىن كېيىن، ئۆز
ئائىلىسىنى زىيارەت قىلىشقا كەلگەندە «تەگدى كەلدى
*tagdi kaldi* — زىيارەت قىلىپ كەلدى» دېيىلىدۇ.

**سەكۇ** səkü سۆكە، كىشىلەر ئولتۇرىدىغان ئۈستى يېپىق
سۇپىچاق.

سُكا sәkә: آرْ سُكا اُلْتُرْدِي *әr sәkә olturdi* — ئادەم چوكۈپ ئولتۇردى. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

آرَنْ اِيذِبْ سُكا تُرْدِي،
بَشِي بُيْنِنْ سُكا تُرْدِي
اُفُتْ بُولُبْ بكا تُرْدِي
اُذُو قَما تِبِنْ تَغدِي①

*әrәn īžip sәkә turdī*
*baxī boynїn sәkә turdī*
*uɫut bolup bәkә turdī*
*užu kama tipәn tīqdī*

[ئادەملەرنى ئەۋەتىپ تىز چوكتۇردى،
باش، بويىنىنى سوقۇپ تۇردى،
ئۇيۇلۇشۇپ موكۇپ تۇردى،
مېنى قوغلىما دەپ بويۇن ئەگدى.]

① يازما نۇسخىدا بۇ شېئىرنىڭ 4 ـ مىسراسىدا «تىن» سۆزىگە ھەرىكە قويۇلمىغان، «تَغدِي» سۆزىنىڭ بىرىنچى ھەرپىگە چېكىت قويۇلمىغان، بىز بۇ سۆزلەرنى بېسىم ئاتالايىنىڭ ئىزاھاتىغا ئاساسەن تۈزىتىپ، ترانسكرىپسىيە بەردۇق.

يېگىلگەن ئادەمنى تەسۋىرلەپ شۇنداق دەيدۇ:
ئۇ ماڭا بىرقانچە ئادەملەرنى ئەۋەتتى، ئۇلار يېنىمدا تىز چوكۇپ ئولتۇرۇشتى، ئۇ (قەۋمىنىڭ باشلىقىنى دىمەكچى) قىلمىشى سەۋەبىدىن ئۆزىنىڭ باش كوزىنى كاچاتلىقىنى تۇردى، بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، كىشىلەردىن ئۆيىلىپ ئۆزىنى دالدىغا ئالدى، ئۇ ماڭا كېلىپ مېنىڭ قىلمىشىمە-نى سۈرۈشتۈرمىسەڭ، دەپ يالۋۇردى، مەن ماقۇل بولدۇم.

كُكُو kükü ئانا تەرەپتىن بولغان ھاما. بۇ سوز «كُكُوىْ «küküy» دەپمۇ ئېيتىلىدۇ. توغرىسى مۇشۇ. كُكُويُمْ كَلْدِي — *küküyüm kəldi* ھامام كەلدى.

بَلا bala قۇشنىڭ بالىسى. يىرتقۇچ ھايۋانلار ۋە يىرتقۇچ بولمىغان ھايۋانلارنىڭ بالىلىرىغىمۇ كىچىكلا بولسا مۇشۇ سوز ئىشلىتىلىدۇ. قُشْ بَلاسِي قُسِنْچِغ اِتْ بَلاسِي اُخْشَنْچِغ — *kux balasi kusinqiq it balasi ohxanqiq* قۇش بالىسى يىرگىنچلىك، ئىت بالىسى يېقىملىق. قۇشنىڭ بالىسى قانات چىقىرىشتىن بۇرۇن كورۇنۇشكە سەسكىنەرلىك بولىدۇ، ئىت بالىسى كورۇنۇشكە ئويۇنچۇقتەك يېقىملىق بولىدۇ. ئەمما چوڭ بولغاندا، ئەكسىچە بولىدۇ.

بَلُو balu بالۇ. ئارغۇلاردا كىچىك بىر شەھەرنىڭ نامى.

بَلُو bəlü: بَلُو بَلُو *bəlü bəlü* — ئەللەي - ئەللەي. خوتۇنلار-

نلڭ بالىلىرىنى بوشۇككە بولسپ ئۇخلىتىشتا ئېيتىدىغان سوزى.

بَلا bala مەدىكار، ياردەمچى. ئادەمنىڭ ئىشلىرىدا، كوپىنچە تېرىقچىلىقتا ياردەملەشكۇچى بالا.

تَلُو təlü تەلۋە، ئاخماق، هاماقەت. ئوغۇزچە.

تَلُو talu تاللانغان. تَلُو نانڭ *talu naŋ* — تاللانغان نەرسە.

تُلُو tolu تولۇق، تولغان، لىق. تُلُو اِذِش *tolu itix* — تولغان ئىدىش، لىق، ئېشىپ تۇرغان هەرقانداق نەرسىگىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ.

تُلِى toli تولا ~ تولە، مولدۇر. ئاسماندىن ياغىدىغان تولا.

تِلِى tili ئوقنىڭ باشىغىنى چىگىتىپ تۇرىدىغان تاسما هالقا.

جِلارْ[①] qilər چىلە. ئات ئېغىلىدىكى هول تېزەكلەر.

سَلِى sali قالاق. لايچىلىقتا لاي ئارىلاشتۇرۇش ۋە لاي ئېلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋاپ.

سُلِى süli سۈلى. قۇللارغا قويۇلىدىغان ئىسىم. ئېهتىمال بۇ

---

① بۇ سوز يازما نۇسخىدا «جلارْ» شەكلىدە يېزىلغان. بۇنداق يېزىلىشى بۇ يەردىكى ۋەزىنگە ئۇيغۇن بولمىسىمۇ، ئەسلىنى ئۆزگەرتمىدۇق.

«سُلَيْمَانْ *suləyman*» سوزىنىڭ قىسقارتىلمىسى بولسا كېرەك.

قُلَا kula قۇلا. قُلَا اَتْ — *kula at* — قۇلا ئات.

قَلِي kali «قالنداق، ئەگەر، ناۋادا» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان سوز. شېىردا مۇنداق كەلگەن:

كَلْسَا قَلِي قَتِغْلِقْ
اَرْتَرْ تَيُو سَرِنْكَلْ
اُذْلَكْ اِيشِنْ بِلِبْ تُرْ
اَنْجَا اَنَكَرْ تِرَنْكِلْ

*kəlsə kali katïqlïk*
*ərtər təyü səringil*
*ɵzlək ïxïn bilip tur*
*anqa aŋar tirəngil*

[ساڭا قاتتىق كۈن كەلسە،
بۇمۇ كېتەر دەپ سەۋر قىل،
زامانىڭ ئىشىنى بىلىپ تۇر،
ئۇنىڭغا شۇنچىلىك تىرەنگىن (تاقابىل تۇر).]

ئەگەردە ساڭا قاتتىق كۆڭلەر كەلسە، بۇمۇ ئۆتۈپ
كېتەر دەپ سەۋر قىلغىن؛ دۇنيا ئىشلىرىنىڭ شۇنداق
بولىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇر، ھەر بىر جاپا - مۇشەققەتكە ھەسرەت
چېكىپ ئۆزەڭنى ئالدۇرۇپ قويما. بُو سَنْ بُو ايشغ قَلي
قلْدنڭ *bu sən bu ixiq kali kildiŋ* — سەن بۇ ئىشنى
قانداق قىلدىڭ؟ سَنْ قَلي بَرْسا سَنْ *sən kali barsa* —
*sən* ئاۋادا سەن بارىدىغان بولساڭ.

كُلي küli كۈلى ~ گۈلە، ئاجراتماي ئۈچكىسى بىلەن قۇرۇ-
تۇلغان ئۆرۈك، شاپتۇل قاتارلىقلار.

تَمُو tamu تومۇغ، دوزاخ. ماقالىدا مۇنداق كەلگەن:
تَمُو قپغنْ اَجارْ تَڤارْ *tamu kapuqïn aqar tavar* —
دوزاخنىڭ ئىشىكىنى پارا ئاچىدۇ، يەنى پارا دوزاخنىڭ
ئىشىكىنى ئېچىۋېتىدۇ - يۇ، باشقىسىنى ئاچالمامدۇ؟
بۇ ئۆزىنىڭ ئىشىنى پۈتتۈرمەكچى بولغان كىشىنىڭ
پارا بېرىشى كېرەكلىكىگە ئۈندەپ ئېيتىلىدۇ.

تُما tuma: تُما بُخْسُنْ *tuma buhsun* — تېرىق شارابىنىڭ
كۆپىنىڭ ئۈستىگە بۇژۇلداپ چىققان قىسمى.

جَمي qamï شاۋقۇن - سۈرەن، جاڭجال. جُغي جَمي *quoji* —
*qamï* ۋاراڭ - چۇرۇڭ. جُغي جَمي قلْدي *quoji qamï* —
*kildi* ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلدى. «جَمي *qamï*» سۆزى

جۈپ سوز تەركىۋىدىلا قوللىنىلىدۇ.

سُما sümə ئۆندۈرمە، ئۈندۈرمە قىلىنغان بۇغداي. قۇرۇتۇلغاندىن كېيىن ئۇن تارتىلىپ، ئۇلىگدىن تالقان ۋە نانغا ئوخشاش نەرسىلەر تەييارلىنىدۇ. بوزا ئىچىتقۇسى ياسىلىدىغان گارپا ئۈندۈرمىسىگىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ.

كَمي kəmi («ك - k» فەتھەلىك تەلەپپۇز قىلىنىدۇ) كېمە. ئوغۇزچە ۋە قىپچاقچە.

كُمي kəmi[①]: كُمي تلاس kəmi talas — كىچىك تالاس. ئۇيغۇرلار چېگرىسىدىكى بىر ئوتكەلنىڭ نامى.

كِمي kəmi («ك - k» ھەرپى كەسرىلىك تەلەپپۇز قىلىنىدۇ) كېمە. تۈركچە. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

كِمي اِجْرا اَلْدُرُوبْ
اِلا سِفْنْ كَجْتميز
اُيغُرْ تَبا بَشْلَنبْ
مِنْكاق اِيلن اَجْتميز

① يازما نۇسخىدا بۇ سوزنىڭ بىرىنچى ھەرپى «ك - k» زەممىلىك يېزىلغان. بىز بۇ سوزنىڭ يازما نۇسخا 184 - بەت (ئۇيغۇرچە 1 - توم 475 - بەت) تىكى شەكلىنى ئاساس قىلىپ، «kəmi» دەپ ئالدۇق.

*kəmi iqrə olturup*
*ila suvïn kəqtimiz*
*uyqur taba baxlanïp*
*miŋlak əlin aqtïmïz*

[كېمە ئىچىگە ئولتۇرۇپ،
ئىلى سۇيىنى كەچتۇق بىز،
ئۇيغۇر تەرەپكە يۈزلىنىپ،
مىڭلاق ئېلىنى ئاچتۇق بىز.]

كېمىگە ئولتۇرۇپ ئىلى سۇيىدىن (بۇ بىر چوڭ دەريا) ئۆتتۇق، ئۇيغۇرلار تەرەپكە يۈزلىنىپ، مىڭلاق ئېلىنى ئالدۇق.

مَما mama خامان تېپىشتە ئوتتۇرىغا قىستىلىدىغان ئوكۇز. باشقا ئوكۇزلەر ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىدۇ[1].

مَمُو mamu ئىككا كېچىسى كېلىن بىلەن بىللە ئەۋەتىلىدىغان خوتۇن، يەڭگە. بۇ سوز ئەسلىدە تۈركچە ئەمەس.

نَما nəmə «بىلمەيمەن» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان بىر سوز. نَما نا قِلْدِي — *nəmə nə kïldï* — نېمە قىلغاندۇ؟

تَنَا tana تاناكچە ~ دانەكچە، يۇمغاقسۇت ئورۇغى. ئۆچ ۋە ئارغۇ تىللىرىدا.

---

① ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا خامانىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قادالغان تۈۋرۈك «موما» دېيىلىدۇ.

يَنُويَمُو yənü yəmü ① «قاراپ تۇر؛ جۇمۇ» مەنىلىرىدە كېلىدىغان جۈپ سۆز. مَنْ بَرْغاى مَنْ يَمُو — mən barqaymən yəmü قاراپ تۇر، پات يېقىندا بارىمەن.

سُنى suni زەگۈندە. تامىنىڭ ياكى تاختاينىڭ ئاستىغا قويۇ- لىدىغان توغرا ياغاچ.

قَنُو kanu قايسى. قَنُو كِشى kanu kixi — قايسى كىشى.
ئارغۇچە. بۇ سۆزدە «ن - n» ھەرپى «ى - يا» نىڭ ئورنىغا ئالماشقان.

قانى، قَنى kanī قېنى. اُغْلُمْ قَنى oqlum kanī — ئوغلۇم قېنى.

كُنى kəni تۈز، توغرا، راست. كُنى نانكْ kəni nəŋ — تۈز نەرسە، يۈۋاش، كۆڭلى تۈز ئادەمگىمۇ «كُنى آر «kəni ər» دېيىلىدۇ.

كُنى küni كۈنى ~ كۈنە، كۈندەش. ماقالدا مۇنداق كەلگەن:

---

① يازما نۇسخىدىكى يېزىلىشى بويىچە بۇ سۆزنىڭ قانداق ئو- قۇلۇشى كېرەكلىكىنى بەلگىلەش قىيىن. مىسالنىڭ ئاخىرقى سۆزىدىن قارىغاندا، ئىككىنچى سۆز «يَمُو «yəmü» بولۇشى كېرەك. بىرىنچى سۆز «ن - n» بىلەن «م - m» نىڭ نۇۋەتلىشىش قائىدىسىگە ئاساسەن «يَنُو «yənü» بولسا كېرەك. بىز بۇ سۆزلەرگە مۇشۇ ئاساستا ترانسكرىپسىيە بەردۇق.

كُني نلِكْ كُلِنا تَكُو يَغِي *küniniŋ külinə təgü yaoji* —
كۇندەشنىڭ كۆلىگىچە دۈشمەن. يەنى كۈندەش بىر -
بىرىگە شۇنداق دۈشمەنكى، ھەتتا ئۇلارنىڭ كۆللىرىمۇ
بىر - بىرىنىڭ كوزىگە ئۆرۈلىدۇ.

مُنُو munu مانا. بۇ «قاني — قېنى» *kani* دېگەن سۆزگە
جاۋاپ بولۇپ كېلىدۇ.

دَوا dawa داۋا. يۇلغۇن چېچىكى. بۇنى بوياقچىلار
ئىشلىتىدۇ.

دَوا dawa ئېگىرىشكە تەييارلانغان يۇڭ پارچىسى. ساۋاپ،
ھالقىسىمان پىلتە قىلىنىپ، پىلەككە ئوتكۈزۈلىدۇ، ئاندىن
ئېگىرىلىدۇ.

قُوا kuwa قوۋۇا، سوغا. ئوغۇزچە.

قُوا kowa تۇرك يۇگەنلىرىدىكى ئاتنىڭ بۇرنىغا تېگىپ
تۇرىدىغان قېيىش.

## فاعِل fail شەكلىدە ھەرخىل ھەرىكىلىك
## سوزلەر بابى

لتُو lətü① بىر خىل سۇيۇق تاماق. بۇ تاماق سۇ، قار،

① كلاۋسون بۇ سوزنى خەنزۇچە «冷淘 — *leŋtaw*» دېگەن
سوزدىن كەلگەن بولسا كېرەك، دەيدۇ.

مۇزغا ئوخشاش نەرسىلەر بىلەن سوۋۇتۇلىدۇ. ئىچىگە دورا - دەرمەك سېلىنىپ سوغۇقلۇق ئۈچۈن بېرىلىدۇ.

**قاجا** kaqa قاچا، قاپ. «قا قاجا *ka kaqa*» دېيىش شۇنىڭدىن ئېلىنغان. بەزىدە قىسقارتىلىپ «قجا *kaqa*» دەپمۇ ئېيتىلىدۇ.

**قوجو** koqu قوچۇ. ئۇيغۇر شەھەرلىرىدىن بىرىنىڭ نامى.

**جوجو** ququ چۈچۈ. تۈرك شائىرلىرىدىن بىرىنىڭ ئېتى.

**قيجي** kïqi قىچى ~ قىچا.

**ئونو** onu ئاۋۇ. مونو *munu* — مونۇ، موشۇ. بۇ سوز كوز ئالدىدىكى نەرسىگە قارىتىپ ئېيتىلىدۇ.

**سونو** sunu سىيادان.

**قانى** kanï قېنى.

**ليو** liyü لاي، سېغىز لاي. قۇرۇغاندا تاراك - تاراك قىلىپ تۇرىدىغان لاي.

**اوهي** ühi ئۆكە، ھۇقۇش. تۈركلەرنىڭ كۆپچىلىگى «اوكي *üki*» دەيدۇ.

## فَعاْلْ fəal شەكلىدە ھەرخىل ھەرىكىلىك سوزلەر بابى

خِتاىْ hitay خىتاي، يۇقۇرى چىن.

تَغاىْ taoqay تاغا.

جِغاىْ qiqay كەمبەغەل، شېىردا مۇنداق كەلگەن:

كُنكُلْ كِمِنكْ بُلْسا قلِي يُوق جِغاىْ
قِلْسا كُجُنْ بُلْمَسْ انِي تُقْ باىْ

*kənül kimiŋ bolsa kali yok qiqay*
*kilsa küqün bolmas ani tok bay*

[كىمنىڭ كوڭلى ئەگەر كەمبەغەل بولسا،
ئۇنى كۈچ بىلەن باي قىلىپ بولماس.]

يارىتىلىشتا قەلبىگە گادايلىق سىڭگەن كىشىنى باي قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

## فَعْلَى fə'la شەكلىدە ھەرخىل ھەرىكىلىك سوزلەر بابى

تُرْنا turna تۇرنا.

قَروى karwi: قَروى يا karwi ya — ئىككى ئۇچى ئەگمەچ ياي. قىيشىنىڭ ئۇچى ئىنچىكە كىشىگە «قَروى قَشْلِغْ كِشِي karwi kaxliq kixi» دېيىش شۇنىڭدىن ئېلىنغان. بۇ ئەرەپچىگە ئوخشاش. ئەرەپچىدە ھەرقانداق ياينىمان نەرسە «قَروا» دېيىلىدۇ. شائىر رُؤبَةُ ئوز شېئىرىدا توگىسىنى ئەسلەپ شۇنداق يازغان:

رُؤبَةُ يَذكُرُ بعيرهُ
قَرْواءَ مرجاب فُنُقْ

## فَعْلَالْ fə'lal شەكلىدە ھەرخىل ھەرىكىلىك سوزلەر بابى

شَنْبُوىْ xənbüy قاتار مەشرەپ، بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى يېرىلىدىغان زىياپەت. كەنچەكچە.

بُخْتاىْ bohtay بوخچا. بۇ سۆزنىڭ «بُخْتُوىْ *bohtuy*» دەپ ئېيتىلىدىغان شەكلىمۇ بار.

لُخْتاىْ lohtay چىنىنىڭ سىرىق تەڭگە گۈللۈك قىزىل يىپەك رەختى.

قُنْجُوىْ kunquy خاتۇندىن بىر دەرىجە تۆۋەن تۇرىدىغان خېنىم ئاغىچا، مەلىكە. «قاتُونْ قُنْجُوىْ *katun kunquy*» سۆزى شۇنىڭدىن ئېلىنغان.

بُغْداىْ buqday بۇغداي. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: بُغْداىْ قَتِنْدا سَرْقِج سُڤالُورْ — *buqday katinda sarkaq*① *suvalur* بۇغداينىڭ يانىدا قارىمۇق سۇ ئىچىپتۇ، يەنى بۇغداينىڭ دۆلىتى ۋە بەرىكىتى تۈپەيلىدىن قارىمۇقمۇ سۇغىرىلىدۇ. بۇ ماقال بىر كىم بىلەن ھەمسوھبەت بولۇپ ياخشىلىققا ئېرىشكەن كىشىگە قارىتىپ ئېيتىلىدۇ. پارسلانغانلار «بُغْداىْ *buqday*» دېيەلمەيدۇ، «بُدْغاىْ *budqay*» دەيدۇ. «مەن پارسلانغان ئەمەس» دېگەن كىشى مۇشۇ سۆز بىلەن سىنىلىدۇ.

جِلْداىْ qildəy ئاتنىڭ كوكرىگىدە پەيدا بولىدىغان بىر خىل يارا، داغلاپ ساقايتىلىدۇ.

---

① بۇ سۆز يازما نۇسخىدا «سَرْقِج» شەكلىدە يېزىلغان. توغرىسى «سَرْقَج» بولۇشى كېرەك. ئۇيغۇرچە، 1 - توم 593 - بەتكە قاراڭ.

سَمْدُوىْ samduy ئادەمنىڭ مەجەزىگە ئىسسىقمۇ كەلمەيدىغان، سوغۇقمۇ كەلمەيدىغان ھەرقانداق مۆتىدىل تاماق.

قُرْداىْ korday قوداي ~ قودا. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

قُرْدَىْ قُغُوْ اَنْدا اُجُبْ يُمُغِنْ اُتارْ
قُزْغُنْ يَنْكاىِ سَيْرَبْ اَنِنْ اُنِي بُتارْ

*korday kuqu anda uqup yumoqin ətər*
*kuzoqun yaŋan sayrap anin üni pütər*

[قوداي، ئاققۇ ئۇندا ئۇچۇپ توپلىشىپ ئۆتەر،
قۇزغۇن، تاغ قاغىلىرى سايرىشىپ ئۈنلىرى پۈتەر.]

بىر ئورۇننىڭ گۈزەللىكى تەسۋىرلىنىپ شۇنداق دېيىلىدۇ: قوداي ۋە ئاققۇلار توپلىشىپ سۇ ئەتراپىدا ئۇچۇشىدۇ ۋە ھەرخىل ئاۋازلار بىلەن سايرىشىدۇ، قۇزغۇن، تاغ قاغىلىرى تولا قاقىلداپ ئۈنلىرى پۈتۈپ كېتىدۇ.

قُمْشُوىْ komxuy قانغا تولغان كانا. بۇ سۆز سۈيدۈكى تۇتۇلۇپ، سىيەلمەي قالغان كىشىلەرگە تەمسىل قىلىنىدۇ.

بُورْغُوىْ buroquy بۇرغا. پۈۋلەپ چېلىنىدىغان بۇرغا.

جِرْغُوىْ qiroquy ئوق باشىنىڭ قاپارتما ھالقىسى.

قىرغۇي qïroquy تۈلۈمنىڭ ئىككى يېقىنىدىكى ئىزمىلار ئۈتكۈ-
زۈپ قويۇلىدىغان تۈپچا.

قالغاي qaloay قۇش پەيلىرىنىڭ غولى①.

قىرقۇي kïrkuy② قىرغۇي ~ قۇرغۇي. جىبەك قىرغۇي
qibak kïroquy — چەۋ قۇرغۇي.

قارغۇي karoquy تۇر، تاغنىڭ تۆپىسىگە ياكى ئېگىز يەرگە
مۇنار شەكلىدە ياسالغان تۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوت
يېقىپ، دۈشمەننىڭ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر بېرىلىدۇ. شۇ-
نىڭغا قاراپ كىشىلەر تەييارلىق قىلىدۇ.

مىنغۇي mïnoquy مۇلغۇي ~ مانغۇي ~ مۇڭقۇي، شىلىم.
قەغەز چاپلايدىغان شىلىم (قاتتىق چاپلىشىشى ئۈچۈن)
ئۇن سۈيۈق چېلىنىپ قويۇلغىچە قاينىتىلىدۇ.

قۇلقۇي qulkuy: قۇلقۇي ئاتۈك qulkuy ətük — پاشىنىسىنىڭ
بىر تەرىپى ئۆرۈپ كەتكەن ئۆتۈك. چولاق قولغا
«قۇلقۇي ئالىك qulkuy əlik» دېيىش شۇنىڭدىن
كەلگەن.

---

① بۇ سۆز ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرىدا دەرەخنىڭ
چاتاقلىشىپ كەتمەيدىغان ياۋا شاخلىرى مەنىسىدە قوللىنىلىدۇ.

② يازما نۇسخىدا بۇ سۆزنىڭ بىرىنچى ھەرپى ھەم قەتىلىك، ھەم
كەسرىلىك يېزىلغان. بىز بۇ سۆزنىڭ بىر قىسىم تۈركى
تىللاردىكى ھازىرقى قوللىنىلىشىنى نەزەردە تۇتۇپ، كەسرىنى
ئىناۋەتلىك ھېساپلىدۇق.

## بەش ھەرپلىكلەر بابى

تَرِغْجِى tarïoqqï دىخان.

سُرُغْجِى soruoqqï چىرلامچى، يۆتكەن لەرسىسىنى سورىغۇچى.

قُرُغْجِى koruoqqï قورۇقچى، قورغان ساقلىغۇچى.

قُرُنْجِى korunqï چېدىردا ۋە باشقا يەردە ئىسلىنىپ كەتكەن

كىگىز، باشقىلاردىمۇ شۇنداق.

بُقُرْسِى bukursï بۇقۇسا.

## بۇ باپتىكى ئالتە ھەرپلىكلەر

جنجرغا qanqaroqa قۇچقاچ.

سُكْلُنْجُو søglünqü كاۋاپ.

قَمْلَنْجُو kamlanqu قاملانچۇ، « اِكّى اُكُوزْ ikki ögüz —

ئىككى ئۆگۈز» گە يېقىن بىر كىچىك شەھەرنىڭ نامى.

كِزْلَنْجُو kizlənqü يوشۇرۇن. ماقالىدا مۇنداق كەلگەن:

كِزْلَنْجُو كَلِنْدا kizlənqü kəlində — يوشۇرۇلغان نەر-

سه كىيلىندە بولىدۇ، چۈنكى ئۇ ياخشى نەرسىلەرنى
ئېرىگە ساقلايدۇ.

كَسْلِنْجُو kəslinqü كەسلەنچۈك.

## فَعُولَلِى fəuləli شەكلىدىكى
## سوزلەر بابى

جُقُوبَرِى qokubari چوقا. بوتا ياسايدىغان لاي، بوتا لىيى.

قَرَاغُنِى karaquni يالىلار ئاخشىمى ئويناىدىغان بىر ئو-
يۇننىڭ ئېتى.

## فَعْلَلَال fəəllal[1] شەكلىدىكى
## سوزلەر بابى

تُرْمْتَاى turumtay تۇرۇمتاي. يىرتقۇچ ئوۋچى قۇشلاردىن
بىرىنىڭ ئېتى. ئەرلەرگىمۇ «تُرْمْتَاى turumtay — تۇ-
رۇمتاي» دەپ ئات ۋە لەقەم قويۇلىدۇ.

تۇت ھەرپلىك ئىسىملار بولۇمى تۈگىدى.

---

① مىسالدىكى سوزگە قارىغاندا، بۇ يەردىكى ۋەزن «تَعْلَلَال
*fəallal*» بولۇشى كېرەك. «ع - ئەيىن»نىڭ ئۈستىگە
ساكىن خاتا قويۇلۇپ قالغان. بىز تۈزەتتۇق.

# بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمْ

ئايغۇچى، كويۈنگۈچى تەڭرىنىڭ ئېتى بىلەن باشلايمەن

# توت ھەرپلىك پېئىللار بولۇمى
# ئىككى ھەرپلىكلەر بابى

**تَيْدِي** taydï تايدى، تېيىلدى. اَرْ تَيْدِي *ər taydï* — ئادەم تېيىلىپ كەتتى. ھەرقانداق بىر ھايۋاننىڭ پۇتى لاي پاكى يامغۇردا تېيىلىپ كەتسە شۇنداق دېيىلىدۇ (تَيَارْ - تَيْمَاقْ *tayar - taymak*).

**تُيْدِي** tuydï تۇيدى. اَرْ اِيشْنْ تُيْدِي *ər ïxïn tuydï* — ئادەم ئىشنى تۇيدى، ئادەم ئوزىگە مەخپى تۇتۇلغان ئىشنى تۇيدى، سەزدى (تُيَارْ - تُيْمَاقْ *tuyar - tuymak*).

**تِيْدِي** tïydï تىيدى، توستى. اُلْ اَنِي تِيْدِي *ol anï tïydï* —

تۈ تۈنى تىيدى. بۇ سۆزنىڭ ئەسلى «ذ ـ ż» ھەرپى بىلەن «تِذْتِي tiżti» بولۇپ، يېنىكلىتىلگەن[1] (تِيارْ ـ تِيْماقْ tiyar - tiymak).

تُيْدِي toydi تويدى. قَرِنْ تُيْدِي karin toydi — قېرىن تويدى. بۇ سۆزنىڭ ئەسلى «ذ ـ ż» ھەرپى بىلەن «تُذْتِي tożti» بولۇپ، يۇقۇرىدا ئېيتقىنىمىزدەك «ذ ـ ż» ھەرپى «ي ـ y» ھەرپىگە ئالماشتۇرۇلغان. بۇ مۇشۇنداق سۆزلەيدىغان قەبىلىلەرنىڭ تىلىدۇر (تُيارْ ـ تُيْماقْ toyar - toymak).

سُيْدِي soydi سويدى. اَرْ قُويُنْغْ سُيْدِي ər koyuŋ[2] soydi — ئادەم قوينى سويدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (سُيارْ ـ سُيْماقْ soyar - soymak). ماقالىدا مۇنداق كەلگەن: بِرْ تِلْكُو تَرِسِنْ اِكِلا سُيْماسْ bir tilkü tərisin ikilə soymas — بىر تۈلكىنىڭ تېرىسى ئىككى قېتىم سويۇلماس. بۇ ماقال بىر ئادەمدىن ياخشىلىققا ئېرىشىپ، ئىككىنچى قېتىم يەنە ياخشىلىققا ئېرىشىشنى

① بىزنىڭ قارىشىمىزچە بۇ يەردە ھەرپ ئالماشقان.

② بۇ سۆز يازما نۇسخىدا «قُويُنْغْ» شەكلىدە بېرىلگەن. بىز خاقانىيە تىلىنىڭ فونېتىك قائىدىسى بويىچە «koyuŋ» دەپ ئالدۇق.

ئارزۇ قىلغان كىشىگە قارىتىپ ئېيتىلىدۇ.

قَيْدى kaydi قايدى؛ كوڭۇل بولدى. قَداشىڭا قَيْدى — *kadaxiŋa kaydi* ئۆزىنىڭ يېقىنىغا كوڭۇل بولدى.

ماقالدا مۇنداق كەلگەن: قَزَش تيمش قَيْمادُق قَزِن تيمش قَيْمش — *kazax təmix kaymaduk kazïn təmix kaymïx* قېرىنداش دېسە قارىمىغان، قۇدا دېسە قاراپتۇ.

بۇ ماقال تۇققانلار ئارىسىدا قۇدىلارغا ھۆرمەت بىلدۈرۈشكە قارىتىپ ئېيتىلىدۇ. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

بَرْدِنْكْ نَلُكْ اَيْمَدِنْكْ
كِرُو كُرُبْ قَيْمَدِنْكْ
كنكل برو يَيْمَدِنْكْ
بلْدُنْكْ اَرِنْج بُلْمَغُو

*bardïŋ nəlük aymadïŋ*
*kərü kərüp kaymadïŋ*
*kəŋül bərü yaymadïŋ*
*bolduŋ ərinq bolmaqu*

[لېيمىشقا كەتكەنلىكىڭنى ئېيتمىدىڭ،
ئارقاڭغا قاراپ قايمىدىڭ،

كوگلۈگنى بىزگە بەرمىدىڭ،
بولمىغۇر بىر نەرسە بولۇپ قالدىڭ.]

كېتىپسەن، كەتكەنلىكىڭنى نېمىشقا ئېيتمىدىڭ، ئارقاڭغا قايرىلىپ، قاراپمۇ قويمىدىڭ؛ نېمىشقا بىزگە كوگلۈگنى بەرمىدىڭ، ئەمدى سەن بولمىغۇر بىر نەرسە بولۇپ قالدىڭ. كېرۇ قېيدى *kəru kaydī* — ئارقىسىغا قارىدى (قيار - قيماق *kayar - kaymak*).

**قۇيدى** kuydī قۇيدى. آر كۆپكا سۇق قۇيدى *ər küpka suv kuydī* — ئادەم كۆپكە سۇ قۇيدى ۋە چالغۇنتى. ھەرقالداق سۈيۇق نەرسىلەرگىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (قۇيار - قۇيماق *kuyar - kuymak*).

**قۇيدى** kuydī تۈركىدى. آت قۇيدى *at kuydī* — ئات تۈر-كىدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (قۇيار - قۇيماق *kuyar - kuymak*).

**قيدى** kïydï قىيدى، كەستى؛ ياندى. آر سۇزىن قيدى *ər sozin kïydï* — ئادەم سۆزىنى قىيدى، يەنى ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلدى. اُل يغاچ قيدى *ol yïqaq kïydï* — ئۇ ياغاچ قىيدى (قيار - قيماق *kïyar - kïymak*).

كُيْدى keydi كويدى. اُتُنكْ كُيْدى otuŋ keydi — ئوتۇن كويدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (كُيار - كُيْماك - keyar keymek).

## بۇ باپتىكى باشقا بىر تۇر

يَيْدى yaydi چايقىدى، لىكىشتتى. اُلْ سُفْدا تُونُغْ يَيْدى ol suvda tonuq yaydi — ئۇ سۇدا تونىنى چايقىدى. اُلْ مَنِنكْ كُنُكُلْ يَيْدى ol məniŋ keŋül yaydi — ئۇ مېنىڭ كوڭلۈمنى مايىل قىلىۋالدى. باشقىلار-دىمۇ شۇنداق. يِيلْ يِغاجِغْ يَيْدى yəl yïqaqïq yaydi — شامال دەرەخنى لىكىشتتى (يَيار - يَيْماق - yayar yaymak).

## بۇ باپتىكى باشقا بىر تۇر

بادِى badï باغلىدى. اُلْ آتِغْ بادى ol atïq badï — ئۇ ئاتنى باغلىدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق. ھەرقانداق بىر نەرسىنى تاڭا بىلەن باغلاپ چىگىتىسمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ

(بارْ - باماق bar - bamak).

تُودي tudi ئەتتى، ياپتى. اُلْ آغزِنْ تُودي — ol aqzin tudi ئۇ ئاغزىنى ئەتتى. ھەرقانداق بىر توشۇكنى بېكىتىشنىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (تُورْ - تُوماق tur - tumak).

تِيدي tədi دېدى. اُلْ مَنكا آنْدَغ تِيدي — ol maŋa andaq tədi ئۇ ماڭا شۇنداق دېدى (تِيرْ - تِيماك tər - təmək).

سادي sadi ساندى. آرْ قُويُغْ سادي — ər koyuq sadi ئادەم قوينى ساندى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (سارْ - ساماق sar - samak). شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

قَرا تُونُكْ كَچُرْسادِمْ
آغِرْ اُونِي اُچُرْسادِمْ
يَتِيكانِكْ قَچُرْسادِمْ
سَقِشْ اِجْرا كُنْمُ تَغْدي

*kara tünüg kəqürsədim*
*aqir uni uqursadim*

*yətikənig kaqarsadïm*[①]
*sakīx iqrə künüm tuɑ̇dï*

[قاراڭغۇ كېچىنىڭ ئۇتۇپ كېتىشىنى تىلىدىم،
ئېغىر ئۇيقۇنى قاچۇرۇشنى تىلىدىم،
يەتتىگەن يۇلتۇزىنى قايتا-قايتا سانىدىم،
ساناش ئىچىدە كۈندۈزۈمنىڭ قۇياشى تۇغدى.]

قاراڭغۇ كېچىنىڭ ئۇتۇپ كېتىشىنى، ئېغىر ئۇيقۇلى قاچۇرۇشنى تىلىدىم، يەتتىگەن يۇلتۇزىنىڭ ئايلىنىشىنى قايتا-قايتا سانىدىم، ساناش جەريانىدا كۈندۈزۈمنىڭ قۇياشى تۇغدى.

سُودى sudï سۇندى. اُلْ آنَكَرْ بُيُونْ سُودى — *ol aŋar boyun sudï* ئۇ ئۇنىڭغا بويسۇندى. اُلْ مَنْكا يُونْكْ سُودى — *ol maŋa yuŋ sudï* ئۇ ماڭا (ئېشىش ئۈچۈن) يۇڭ پارچىلىرىنى سۇندى (سُورْ-سُوماقْ *sur-sumak*).

سيدى sïdï سۇندۇردى، يەگدى. اُلْ اُتُنْكْ سيدى — *ol otuŋ*

① بۇ يەردىكى «قَچَرْسَادِمْ» سۆزىنىڭ تەرجىمىسى «قايتا-قايتا سانىماق» مەنىسىدە ئىزاھلانغان بولۇپ، بىسىم ئاتالاي بۇ سۆزنىڭ «قَچَرْسَادِمْ *kaqarsadīm*» بولۇشى كېرەكلىكى ھەققىدە ئىزاھ بەرگەن. بىز بۇ پىكىرنى توغرا تاپتۇق ۋە ترانسكرىپسىيىدە تۈزەتتۇق.

sïdï ئۇ ئوتۇن سۇندۇردى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق.
اۇل سۇنى سىدى ol süni sïdï — ئۇ قوشۇننى، يەگدى
(سىر - سىماق sïr - sïmak).

قادى kadï: اۇل آشىچكا اۇتۇنڭ قادى ol əxiqkə otuŋ —
kadï ئۇ قازان ئەتراپىغا ئوتۇن تىزدى. اۇل تونۇغ قادى
ol tonuoq kadï — ئۇ تونىنى بوخچىلىدى، يەنى بوخ-
چىغا سالدى (قار - قاماق kar - kamak). بۇ ياغىمچە
سۆزدۇر. بۇ سۆزنىڭ پاساھەتلىكرەك ئىپتىلىشى «قالادى
kaladï» دۇر.

## بۇ باپتىكى باشقا بىر تۇر

يۇدى yudï يۇدى. اۇل تون يۇدى ol ton yudï —
ئۇ تون يۇدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (يۇر - يۇماق
yur - yumak).

يەدى yədi يىدى. اۇل آش يەدى ol ax yədi — ئۇ ئاش
يىدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق. ياباقۇ تىلىدا «بەگ ئادەمە-
نىڭ مىلىنى يىدى ۋە نابۇت قىلدى» دېگەننى
«بەگ كىشىنى يەدى bəg kixini yədi» دەيدۇ (يېر -

يەماك (yər - yəmək).

بىز يېمەك-ئىچمەكنى بۇ تۈرلەرنى تۆت ھەرپلىك دەپ ئاتىدۇق. چۈنكى بىرىنچى شەخسنى ئىپادىلىگۈچى سۆز تۆت ھەرپلىكتۇر. «آتْ بادِمْ at badïm — ئات باغ-لىدىم»، «قويْ سادِمْ koy sadïm — قوي سالدىم» دىگەندەك. بىز ئەرەپچىگە ئوخشايدۇ، ئەرەپچىدىمۇ «دَعْوَتْ، غَدْوَتْ» سۆزلىرى تۆت ھەرپلىكتۇر. بۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشلىققا قارىتىپ شۇنداق ئاتىدۇق.

## فَعَلْدِي fəəldi شەكلىدە ئوتتۇرا ھەرپى ھەرخىل ھەرىكىلەنگەن ئۈچ ھەرپلىك سۆزلەر بابى

آبِيدِي abïdi يوشۇردى. اُلْ آنِي كِشِيدَنْ آبِيدِي — ol anï kixidən abïdi ئۇ ئۇنى كىشىلەردىن يوشۇردى. ھەرقانداق لەرسىنى باشقىلاردىن يوشۇرسىمۇ شۇنداق دىيە-لىدۇ (آبِيرْ - آبِيماقْ abïr - abïmak).

آتادِي atadï ئاتىدى. اُلْ اَنَكَرْ آتْ آتادِي — ol aŋar at atadï ئۇ ئۇنىڭغا لەقەم قويدى. ئىسىم قويسىمۇ شۇنداق

دېيىلىدۇ (اَتارْ ـ اَتاماقْ *atar ـ atamak*).

**اُتادي** otadi ئوتىدى. اُلْ تَرِغْ اُتادي *ol tariq otadi* — ئۇ زىرائەت ئوتىدى. زىرائەت بۇزۇلۇپ كەتمىسۇن دەپ، ئۇنىڭ يوپۇرماقلىرىنى يۇتىدى. زىرائەتنىڭ باشقى كېسىلىشىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (اُتارْ ـ اُتاماقْ *otar ـ otamak*).

**اُتادي** ɵtədi ئوتىدى، تولىدى. اُلْ اَنِكْ اَلِمِنْ اُتادي *ol anïŋ alïmin ɵtədi* — ئۇ ئۇنىڭ ئېلىشىنى (قەرزىنى) تولىدى (اُتارْ ـ اُتاماكْ *ɵtər ـ ɵtəmək*). شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

بُلْسا كِمِنكْ اَلْتُنْ كُمُشْ اِرْلا اِتار
اَنْدا بُلُبْ تَنكرِبكَرُوا تَپِغِنْ اُتار

*bolsa kimiŋ altun kümüx ərlə ətər*
*anda bolup təŋrigərü*① *tapqïn ɵtər*

---

① يازما نۇسخىدا بۇ سۆز «تَنكرِبكَرُوا» شەكلىدە، يەنى «ى ـ يا» نىڭ بىر چېكىتى كەم يېزىلغان ۋە بىر «ا ـ ئېلىپ» ئوشۇق يېزىلىپ قالغان. ئەرەپچىسىگە قارىغاندا «تَنكرِيكَرُو» بولۇشى كېرەك ئىدى. بىز ترانسكرىپسىيىدە توزەتتۇق.

[كىمنىڭ ئالتۇن ـ كۈمۈشى بولسا، ئۆي ـ جاي سالار،
ئاندىن خاتىرجەم بولۇپ خۇداغا سىغىنار.]

كىمنىڭ ئالتۇن ـ كۈمۈشى بولسا، ئۆي ـ جاي سالىدۇ، ئۇ يەردە خاتىرجەم ئولتۇرۇپ، خۇداغا تائەت ـ ئىبادەت قىلىدۇ.

اُتيدى ütidi ئۆتۈكلىدى، دەزماللىدى، دەزمال سالدى. اُل تونُغ اُتيدى — *ol tonuq ütidi* ئۇ تونىنى دەزماللىدى، ئۇ تونىنىڭ پۈرلەشكەن جايلىرىنى تۆمۈر پارچىسى بىلەن دەزماللاپ تۈزلىدى (اُتيز ـ اُتيماك *ütir ـ ütimək*).

اُتادي otadi ئوت سۇندى، ياقتى. اُل اُتنُك اُتادي — *ol otuŋ otadi* ئۇ ئوت سۇندى، ئوت ياقتى. بۇ تاگسىق بىر سوز بولۇپ، ئۇنى ياغما ۋە يەمەكلەر قوللىنىدۇ.

اُتادي otadi داۋالىدى. اَمجي اَنكَر اُت اُتادي — *əmqi aŋar ot otadi* ئېمچى ئۇنى ئوت (دورا) بىلەن داۋالىدى (اُتار ـ اُتاماق *otar ـ otamak*). ئوغۇزچە.

آجيدى aqïdï ئېچىدى. سِركا آجيدى — *sirkə aqïdï* سىركە ئېچىدى. جاراھەت ئېچىشىپ ئاغرىسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (آجير ـ آجيماق *aqïr ـ aqïmak*).

آريدى arïdï ئېرىسقىدالدى، تازىلاندى. آريدى نانُك

aridi nəŋ — نەرسە ئېرىغدالدى، تاۋلاندى (آرىز -
آرىماق arir - arimak).

**آرۇدى** ərüdi ئېرىدى. باغ آرۇدى yaq ərüdi — باغ
ئېرىدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (آرۇر - آرۇماك ərür -
ərümək).

**ئۇرىدى** üridi چىرىدى. يىغاچ ئۇرىدى yiqaq üridi —
ياغاچ (ۋە باشقا نەرسىلەر ئۇزاق زامان تۇرۇپ قالغاندى-
لىقتىن) چىرىدى. سۆگەك چىرىسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ
(ئۇرىز - ئۇرىماك ürir - ürimək).

**آزىدى** azidi سىزدى؛ گاس بولدى. كۈپ آزىدى küp —
azidi كۈپتىن بىر نەرسە سىزدى. ساپال قاچىدىن ھەر-
قانداق نەرسە سىزسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ. قۇلاق آزىدى
kulak azidi — شاۋقۇن - سۈرەندىن قۇلاق گاس بولدى
(آزىز - آزىماق azir - azimak).

**اسىدى** isidi ئىسسىدى، قىزىدى. مۇن اسىدى mün —
isidi شورپا ئىسسىدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق. تمر
اسىدى təmür isidi — تۆمۈر قىزىدى. باشقىلاردىمۇ

شۇنداق (اسیرْ ـ اسیماكْ *isir - isimək*).

**آشادي** axadi يەدى. آرْ آشْ آشادي *ər ax axadi* — ئادەم ئاش يەدى. خاقانىيىلىكلەر بۇ سوزنى ئۇلۇغلارنىڭ تاماق يېيىشىگىلا ئىشلەتتىدۇ. باشقا تۈركلەر پەرقلەندۈر-مەستىن، ھەرقانداق ئادەمگە ئىشلىتىۋېرىدۇ. ئۇلارنىڭ قائىدىگە ئۇيغۇن (آشارْ ـ آشاماقْ *axar - axamak*).

**اُشادي** üxədi ئاختۇردى، ئىزلىدى. اُلْ يېرِكْ اُشادي *ol* — ئۇ يەرنى ئاختۇردى، يەردىن بىر نەرسە *yərig üxədi* ئىزدىدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (اُشارْ ـ اُشاماكْ *üxər - üxəmək*).

**آشُودي** əxüdi ياپتى. اُلْ آنكرْ يغُرْقان آشُودي *ol aŋar* — ئۇ ئۇنىڭغا يوتقان ياپتى. ھەرقانداق بىر *yoqurkan əxüdi* نەرسىنىڭ ئۈستىگە بىر نەرسە ياپسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (آشُورْ ـ آشُوماكْ *əxür - əxümək*).

**اُشيدي** üxidi ئۈششۈدى، توڭدى. آرْ اُشيدي *ər üxidi* — ئادەم (سوغۇقتىن) ئۈششۈدى (اُشيرْ ـ اُشيماكْ *üxir - üximək*).

**اُقيدي** okïdi ئوقۇدى؛ چاقىردى. اُلْ مَنى اُقيدي *ol məni* —

okidi ئۇ مېنى چاقىردى. اَرْ بِتِكْ اُقِيدِي ər bitik — okidi ئادەم كىتاب (خەت) ئوقۇدى (اُقِيرْ - اُقِيماقْ okir - okimak).

اُقِيدِي okidi ئوقسىدى، ھو قىلدى، قۇستى. اَرْ اُقِيدِي ər — okidi ئادەم قۇستى. بۇ «يۇمشاق ك - g» بىلەن تەلەپپۇز قىلىنمىدۇ① (اُقِيرْ - اُقِيماقْ okir - okimak).

اُكِيدِي ügidi ئۇگۇت ئەتتى، ئۇن تارتتى. اَرْ بُغْداىْ اُكِيدِي ər buqday ügidi — ئادەم بۇغداي ئۇگۇت ئەتتى، ئۇن تارتتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (اُكِيرْ - اُكِيماكْ ügir - ügimək).

اِكادِي ikədi ئىككىدى، ئىككەكلىدى؛ غۇچۇرلاتتى. اُلْ بِچاكْ اِكادِي ol piqək ikədi — ئۇ پىچاق ئىككىدى، ئىككەكلىدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق. بُغْرا تِيشِنْ اِكادِي buqra tixin ikədi — بۇغرا چىشىنى غۇچۇرلاتتى

① بۇ سۆزدە «يۇمشاق ك - g» نىڭ كېلىشى مۇمكىن ئەمەس. بىز بۇ ھەقتە بېسىم ئاتالايمىز «بۇ سۆز بولدىن كېيىنكى "اُكِيدِي ügidi" سۆزىگە بېرىلگەن ئىزاھات بولۇپ، خاتا كۆچۈرۈلگەن» دېگەن پىكرنى توغرا تاپتۇق.

(اِكاڑ ـ اِكاماك *ikər - ikəmək*).

**اِكادي** ikədi ئىكەشتى، تىركەشتى، قارشىلاشتى.

اُلْ آنگَرْ اِكادي *ol aŋar ikədi* — ئۇ ئۇنىڭ بىلەن قارشىلاشتى (اِكاڑ ـ اِكاماك *ikər - ikəmək*).

**اُلادي** üldi ئۈلەشتۈردى. اُلْ يَرْماق اُلادي — *ol yarmak üledi* ئۇ يارماق ئۈلەشتۈردى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (اُلاڑ ـ اُلاماك *ülər - üləmək*).

**اُلادي** uladi ئۇلىدى. اُلْ يِبْ اُلادي — *ol yip uladi* ئۇ يىپ ئۇلىدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق. اُلْ يَغُوق اُلادي — *ol yaquk uladi* ئۇ يېقىنلىرىغا ئۇلاشتى، يېتىشتى (اُلاڑ ـ اُلاماق *ular - ulamak*).

**اُليدي** ulidi ئۇلىدى~ھۇلىدى. بُري اُليدي — *bəri ulidi* بۆرە ھۇلىدى. كىچىسى ئىت قورقۇنچتىن ھۇلىسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ. ئادەم قاتتىق ئازاپتىن بۆرىگە ئوخشاش ۋاقىرىسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (اُليڑ ـ اُليماق *ulīr - ulīmak*). ماقالىدا مۇنداق كەلگەن: يَزيدا بُري اُليسا آقْدا اِتْ بَغْري تِرْتْشُورْ — *yazida bəri ulisa*

*əvdə it baqri tartixur* دالدا بورە ھۆلسا، ئۆيدە
(ئۆلگىغا ئىچ ئاغرىتىپ) ئىتنىڭ باغرى تارتىشار. بۇ
ماقال يېقىن كىشىلەرنى بىر - بىرىگە ياردەم قىلىشقا
ئۈندەپ ئېيتىلىدۇ.

**اُليدي** **əlidi** ھۆللەشتى، ھۆل بولدى. تُونْ اُليدي *ton* —
*əlidi* تون ھۆللەشتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق
(اُلير - اُليماكْ *əlir - əlimək*). ماقالدا مۇنداق كەلگەن:
كَذُكْلُكْ اُليماسْ كُفَجْلِكْ كُرِيماسْ *kəzüklüg əlimas* —
*küfəqlig kürimas* يېپىنچىلىق ھۆل بولماس، ئېغىز -
دۇرۇقلۇق چاپچىيالماس. يېپىنچىسى بار ئادەم يامغۇردا
ھۆل بولمايدۇ، ئۇنىڭ بىلەن ساقلىنىپ قالىدۇ؛ ئېغىز -
دۇرۇق سېلىنغان ئات چاپچىيالمايدۇ ۋە شاشلىق
قىلالمايدۇ. بۇ ماقال ئىشلار ئۈچۈن تەييارلىق بولۇشقا
ئۈندەپ ئېيتىلىدۇ.

**آنُودي** **anudi** ھازىرلاندى، تەييارلاندى. آنُودي ناناڭْ
*anudï nəŋ* — نەرسە ھازىرلاندى. بۇ پېئىل
ئۆتۈمسىزدۇر. ئەرەپچە ئېيتىشقا توغرا كەلسە
«انعد» دېيىلىدۇ. لېكىن بۇنىڭ ئەرەپچىسى قوللىنىلمايدۇ
(آنُورْ - آنُوماقْ *anur - anumak*).

**اُنادي** **unadi** كۆندى، ماقۇل كوردى، رازى بولدى.

اُلْ بُو ايشِغ اُنادي *ol bu ixiq unadi* — ئۇ بۇ ئىشنى ماقۇل كوردى. سَنْ اُنادِنكْ مُو *sən unadiŋmu* — سەن ئۇنىدىڭمۇ (اُنارْ - اُناماق *unar-unamak*).

اِنادي ənədi ئەنلىدى، ئەن سالدى. اُلْ قُويِنْ اِنادي *ol koyin ənədi* — ئۇ قوينى ئەنلىدى، يەنى قوينىڭ قۇلىقىنىڭ بىر پارچىسىنى كېسىپ ئەن سالدى (اِنارْ - اِناماكْ *ənər - ənəmək*).

سَبيدى sapidi شپاڭلىدى، مىدىرلىدى، قىمىرلىدى. آتْ قُدْرُقي سَبيدى *at kudruki sapidi* — ئات قۇيرۇغى شىپاڭلىدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (سَبِيرْ - سَبيماق *sapir-sapimak*).

سُبيدى subidi ئۈزاردى. سُبيدى نانكْ *subidi naŋ* — نەرسە ئۈزاردى. يەنى نەرسىنىڭ ئۇچى ئۈزاردى (سُبِيرْ - سُبيماق *subir-subimak*).

كَبيدى kəpidi ئەكچىدى. تُونْ كَبيدى *ton kəpidi* — تون ئەكچىدى، يەنى تونىنىڭ ئۈست تەرىپى قۇرىدى. نەرسىلەرنىڭ بەزى جايلىرىنىڭ قۇرۇشىشىمۇ

مۇشۇ سوز ئىشلىتىلىدۇ (كَپِرْ ـ كَپِماكْ kəpir_kəpimək).

كُبيدى kəbidi كۆرەدەپ ئىكتى، يومىدى، يومەپ ئىكتى.

اُلْ تُونْ كُبيدى ol ton kəbidi — ئۇ تونىنى كۆرەدەپ ئىكتى (كُبِرْ ـ كُبِماكْ kəbir ـ kəbimək).

تَتِيدى tatīdi تېتىدى، آشْ آغِزْدا تَتِيدى ax aqīzda — ئاش ئېغىزغا تېتىدى، يەنى تاتلىق بىلىندى tatīdi (تَتِرْ ـ تَتِماقْ tatīr ـ tatīmak). ماقالدا مۇنداق كەلگەن: كِشي آتي تِرِكْلا تَتِرْ kixi əti tirigla tatīr — ئىنساننىڭ ئېتى (بەدىنى) تىرىكلىكىدە تاتلىق، يەنى ئادەمنىڭ قەدىر ـ قىممىتى تىرىكلىكتە. بۇنىڭ مەنىسى ئادەم تىرىكلىكىدە مال ـ مۈلۈك تاپىدۇ، شىرىن يېمەك ـ ئىچمەكلەرگە ئىگە بولۇپ، ئۇلاردىن لەززەتلىنىدۇ، دېگەن بولىدۇ.

سُجيدى süqidi چۈچىدى، تاتلىقلاشتى، تەم كىردى. سُجيدى نانْكْ süqidi nəŋ — نەرسە چۈچىدى، تاتلىقلاشتى (سُجِرْ ـ سُجِماكْ süqir ـ süqimək).

سُجيدى suqīdi سەكرىدى. آتْ سُجيدى at suqīdi —

ئات سەكرىدى، باشقىلاردىمۇ شۇنداق (سُجىرْ - سُجىماق
(suqïr - suqïmak).

كُجادي küqədi زورلۇق قىلدى، زۇلۇم سالدى؛ باسقۇنچىلىق
قىلدى. اُلْ آنِنْكْ تَڤارِنْ كُجادي —ol anïŋ tavarïn
küqədi ئۇ ئۇنىڭ مېلىغا زورلۇق قىلدى (كُجارْ - كُجاماكْ
küqər - küqəmək). اُغْلانِغْ كُجادي —oqlanïq küqədi
بالىغا باسقۇنچىلىق قىلدى. دىدەككە باسقۇنچىلىق
قىلىسمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

اُذْكْ مَنِي كُجايُرْ
تُنْ كُنْ تُرُبْ يِغْلَيُو
كُرْدِي كُزُمْ تَڤْرَقِنْ
يُرْتِي قَلِبْ اَغْلَيُو

*üzik məni küqəyür*
*tün kün turup yïqlayu*
*kərdi kəzüm tavrakïn*
*yurtï kalïp aqlayu*

[ئىشق ماڭا زۇلۇم سالدى،
كېچە - كۈندۈز تۇرۇپ يىغلايمەن؛

چۈنكى كوزۇم كوردى: ھەش - پەش دىگۈچە
يۇرتى بوش قالدى.]

ئىشق ماڭا زۇلۇم سالغاچقا، كىچە - كۈندۈز يىغ -
لايمەن: يۇرتىنى بىردىنلا بوش قالدۇرۇپ كەتكەنلىگىنى
ئوز كوزۇم بىلەن كوردۇم.

كِجِيدى kiqidi قىچىشتى. آتِمْ كِجِيدى *ətim kiqidi* — بەدىنىم قىچىشتى. ھايۋانلارنىڭ بەدىنى قىچىشىشىمۇ شۇنداق دىيىلىدۇ (كِجِيرْ - كِجِيمَاكْ *kiqir - kiqimək*).

بَدُودى bədüdi بۈيۈدى، بۈيۈك بولدى، چوڭايدى، چوڭ بولدى. اُغْلانْ بَدُودى *oqlan bədüdi* — بالا چوڭ بولدى. ھەرقانداق نەرسە كىچىكلىكتىن چوڭايسىمۇ شۇنداق دىيىلىدۇ (بَدُورْ - بَدُومَاكْ *bədür - bədümək*).

بُذِيدى büzidi بىيلىدى، ئۇسۇل ئوينىدى. قِيزْ بُذِيدى *kiz büzidi* — قىز (دىدەك) ئۇسۇل ئوينىدى. باشقىلار- دىمۇ شۇنداق (بُذِيرْ - بُذِيمَاكْ *büzir - büzimək*).

ماقالدا مۇنداق كەلگەن: قُرْتْغا بُذِيكْ بِلْمَاسْ يِيرِمْ تارْ تِيرْ — *kurtqa büzik bilməs yərim tar tər* — مومای ئۇسۇل بىلمەس، يېرىم تار دەر. بۇ ماقال بىرەر ئىشتا

بىلەرمەنلىك قىلىپ ماختانغان، لېكىن بىر ئىش قىلىش تەلەپ قىلىنغاندا، يوق بانا ـ سەۋەپلەرنى تېپىپ قىلماي ـ دىغان كىشىلەرگە قارىتىپ ئېيتىلىدۇ.

**اُذيدى** użīdi ئۇخلىدى. اَرْ اُذيدى *ər użīdi* — ئادەم ئۇخلىدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (اُذيرْ ـ اُذيماقْ *użīr - użīmak*).

**بُذُودى** bożudi بويىدى؛ چاپلىدى. اُلْ تُونُغْ بُذُودى *ol* — ئۇ تونىنى بويىدى. *tonuq bożudi* باشقىلاردىمۇ شۇنداق. اُلْ اُقِنْ اُرْدى كَيِكْنى يِغاچْقا بُذُودى — *ol okīn urdī kəyikni yiqaqka bożudī* ئۇ ئوقىنى ئاتتى، كېيىكنى ياغاچقا چاپلىدى، باشقىلاردىمۇ شۇنداق (بُذُورْ ـ بُذُورْماقْ *bożur - bożumak*[1]).

**قَذُودى** każudi قېيىدى، قېيىپ تىكتى. اُلْ تُونُغْ قَذُودى — ئۇ تونىنى قېيىپ تىكتى *ol tonuq każudī* (قَذُورْ ـ قَذُوماقْ *każur - każumak*).

**يِذيدى** yiżīdi يىدىدى ~ ھىدىدى. پۇراپ قالدى. يِذيدى ناڭْ *yiżīdī naŋ* — نەرسە يىدىدى. بۇ كەم ئىشلىتىلىدىغان بىر سۆز.

---

① بۇ مەتنەر يازما نۇسخىدا «بُذُورْماقْ» شەكلىدە يېزىلغان، بىز «*bożumak*» دەپ تۈزەتتۇق.

تَرادي taradi تارىدى، تاراتتى. قىز سنچن تَرادي — kiz saqin taradi قىز چېچىنى تارىدى. اَناڭ سُوسن تَرادي — aniŋ süsin taradi ئۇنىڭ قوشۇنىنى تاراتتى.

بۇ سوزنىڭ ئەسلى «تَرْدي tardi — (لەرسىنى) تايرىدى» دۇر.

كورۇنۇپ تۇرۇپتۇكى، بۇ ئىككى پېئىلنىڭ كەلگۈسى زامان شەكلى بىردەك. «تَرْدي tardi — تايرىدى» پېئىلنىڭ كەلگۈسى زامان شەكلى «تَرار tarar»، «تَرادي taradi — تارىدى» پېئىلنىڭ كەلگۈسى زامان شەكلىمۇ «تَرار tarar» بولىدۇ. لېكىن، بۇ قائىدە ھەممە پېئىللار ئۈچۈن ئومۇمى ئەمەس. ئىككى ھەرپلىك، ئۈچ ھەرپلىك پېئىللارنىڭ كەلگۈسى زامان شەكىللىرى بىر خىل، ئۆتكەن زامان شەكىللىرى پەرقلىق قوللىنىلىدۇ. بولۇپمۇ «اَر اَرْت اَشْدي ar art axdi — ئادەم ئاشتى» ۋە «اَلْ اَشْ اَشادي ol ,ax axadi — ئۇ ئاش يىدى» دىگەن جۈملىلەردىكى ئىككى پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامان شەكلى ئىككى خىل بولسىمۇ، «اَشْدي axdi» پېئىلى بىلەن «اَشادي axadi» پېئىلنىڭ كەلگۈسى زامان شەكلى بىر خىل «اَشار axar» بولىدۇ.

«اُلْ سُوْقا قَنْدِي —ol suvka kandi» شۇنىڭدەك يەنە

«ئۇ سۇغا قانىدى» دېگەن جۈملىدىكى «قَنْدِي kandi»

پېئىلىنىڭ كەلگۈسى زامان شەكلى «قَنَارْ kanar» بولۇپ،

بۇنىڭ مەستىرى «قَنْماقْ kanmak» تۇر. يەنە شۇنىڭدەك

«اُلْ اَتِنْ قَنادِي ol atïn kanadi — ئۇ ئېتىدىن قان

ئالدى» دېگەن جۈملىدىكى «قَنادِي kanadi» پېئىلىنىڭ

كەلگۈسى زامان شەكلىمۇ ئالدىنقى جۈملىدىكى پېئىلغا ئوخشاش

«قَنَارْ kanar» شەكلىدىدۇر. بۇنىڭ مەستىرى «قَنَاماقْ

kanamak①» دۇر. باشقىچە ئېيتقاندا «قَنْماقْ kanmak» ۋە

«قَنَماقْ kanamak» پېئىللىرىنىڭ كەلگۈسى زامان شەكىللە-

رى بىر خىل، ئۆتكەن زامان ۋە مەستەر دەكىللىرى پەرقلىقتۇر.

**تَرُودِي** tarudi تارايدى، سىقىلدى. اَوْ تَرُودِي —əv tarudï

ئۆي تارايدى. كوكرەك ۋە باشقا نەرسىلەر تارايسىمۇ

شۇنداق دېيىلىدۇ. اَرْ بُشْدِي تَرُودِي — ər puxdi

tarudi ئادەمنىڭ ئىچى پۇشۇپ سىقىلدى

(تَرُورْ - تَرُوماقْ tarur - tarumak).

---

① بۇ سۆز يازما نۇسخىدا «قَنَاماقْ» شەكلىدە يېزىلغان. بىز تۈزىتىپ «kanamak» دەپ ئالدۇق.

تُرُودي tərüdi تورەلدى، يارىتىلدى. يَلنُكْ تُرُودي

*yalïŋuk tərüdi* — ئىنسان تورەلدى، يارىتىلدى. بۇ

پېئىل مەجھۇل مەنىدىكى ئۆتۈمسىزدۇر (تُرُورْ - تُرُوماكْ

*tərür - tərümək*).

تَرِيدي tarïdï تېرىدى. اُلْ تَرِغْ تَرِيدي *ol tarïq tarïdï* —

ئۇ ئاشلىق تېرىدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (تَرِيرْ - تَرِيماقْ

*tarïr - tarïmak*).

تِرادي tirədi تىرىدى، تىرەك قويدى. اُلْ قَبُغْ تِرادي *ol* —

*kapuq tirədi* ئۇ ئىشىكنى تىرىدى. ھەرقانداق

نەرسىگە تىرەك قويۇشمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (تِرارْ - تِراماكْ

*tirər - tirəmək*).

سِرِيدي sïrïdï چېچىتى. اِتْ سِرِيدي *ït sïrïdï* —

ئىت چېچىتى.

سِرِيدي sïrïdï شىرىدى. اُلْ كِذِزْ سِرِيدي *ol kiziz* —

*sïrïdï* ئۇ شىرداق شىرىدى، يەنى كىگىزلىك تۈركمەنلەر

چېدىرىنىڭ پەردىسىدەك ياكى كۆچۈش ۋاقتىدىكى

يۈك كىلىرىدەك زىچ قىلىپ، پىششىقلاپ تىكتى

(سِرِيرْ - سِرِيماقْ *sïrïr - sïrïmak*).

سَرُودي sarudi ئورىدى، يوگىدى. اُلْ سُوْلُقْ سَرُودي — ol suwluk sarudi ئۇ سەللە ئورىدى. ھەرقانداق بىر نەرسىنىڭ ئۈستىگە بىر نەرسە ئورىسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (سَرُورْ① - سَرُوماقْ sarur - sarumak).

قَرِيدي karidi قېرىدى. آرْ قَرِيدي ər karidi — ئادەم قېرىدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (قَرِيرْ - قَرِيماقْ karir - karimak). ماقالىدا مۇنداق كەلگەن: آرْسْلانْ قَرِيسا سِجْغانْ اُتِنْ كُذازُورْ — arslan karisa siqojan ətin kozəzür ئارسلان قېرىسا، چاشقاننىڭ ئۆۋىسىنى پايلايتۇ. بۇ ماقال چوڭ ئىش قىلىشقا قۇربى يەتمەي، كىچىك ئىشلارنى قىلىشقا رازى بولغان بوۋايلارغا قارىتىپ ئېيتىلىدۇ.

قُرِيدي kuridi قۇرۇدى. تُونْ قُرِيدي ton kuridi — تون قۇرۇدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (قُرِيرْ - قُرِيماقْ kurir - kurimak).

قُرِيدي koridi قورۇدى، مۇھاپىزەت قىلدى. اُنِغْ

---

① بۇ پېئىلنىڭ كەلگۈسى زامان شەكلى «سَرُورْ sarur» يازما نۇسخىدا چېرىلمىگەن، بىز قوشۇپ قويدۇق.

قُريدى otïq korïdi — ئوت-چوپىنى قورۇدى.
باشقىلاردىمۇ شۇنداق (قُرير-قُريماق korïr-korïmak).

كُرادى kürədi قاچتى. قُل كُرادى kul kürədi — قۇل
قاچتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (كُراز-كُراماك kürər-
kürəmək).

كُريدى küridi كۆرىدى، تاتىلىدى. آتْ كُريدى at küridi—
ئات تاتىلىدى، يەنى ئالدى پۇتلىرى بىلەن يەرنى
تاتىلىدى. اُلْ قارِغْ كُريدى ol karïq küridi — ئۇ
قارنى كۆرىدى (كُرِيز-كُريماك kürir-kürimək).

بَزادى bəzədi بېزىدى. اُلْ اُڤن بَزادى ol evin bəzədi —
ئۇ ئۆينى بېزىدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (بَزار-بَزاماك
bəzər-bəzəmək).

تُزادى tuzadï تۇزلىدى. اُلْ آتْ تُزادى ol ət tuzadï —
ئۇ ئەت (گوش) تۇزلىدى. بۇ سوز «تُزْلادى tuzladi»
سوزى ئورنىدا قوللىنىلىدۇ.

قَزيدى kazïdi قازدى، كولىدى. اُلْ يِيرِكْ قَزيدى ol —
yərig kazïdi ئۇ يەرنى قازدى. يارا ۋە شۇنىڭغا

ئوخشاش نەرسىلەرنى كولىسمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ
(قازىر - قازىماق kazir - kazimak).

قۇزىدى kuzīdi قۇرۇدى. ئانىڭ بوغزى ئاشقا قۇزىدى aniŋ —
boqzi axka kuzidi ئۇنىڭ بوغۇزى ئاشقا (ئېرىشەل-
مەي) قۇرۇدى. قوللىنىلىدىغان شەكلى شۇدۇر. توغرىراغى
چېكىتسىز «ر - r» بىلەن كېلىشتۇر. «سۈت ئامزدى
süt əmüzdi — سۈت ئېمىزدى» جۈملىسىدىكىدەك بۇمۇ
كەم ئۇچرايدۇ (قۇزىر - قۇزىماق kuzīr - kuzīmak).

قىزۇدى kïzudi قىممەتلىدى، باھاسى كۆتىرىلدى. تاۋار قىزۇدى
tavar kïzudi — مال قىممەتلىدى (قىزۇر - قىزۇماق
kïzur - kīzumak).

قىزادى kïzadi قىزلىقىنى ئالدى. ئال قىزىغ قىزادى ol —
kïzïoq kïzadi ئۇ قىزلىقنىڭ قىزلىقىنى ئالدى
(قىزار - قىزاماق kīzar - kīzamak).

كۆزادى kəzədi كوچىلىدى، چۇخچۇلىدى، چەشلىدى.
ئال ئات كۆزادى ol ot kəzədi — ئۇ (كوسەي بىلەن
ئوت كوچىلىدى (كۆزار - كۆزاماك kəzər - kəzəmək).

اُلْ اُزُمنى كُزادى *ol üzümni kezədi* — ئۇ ئۈزۈمنى
چەشلىدى، يەنى ئۈزۈمنى ساپىقىدىن ئاجراتتى.

**كُزادى** küzədi كۆزلىدى، كۆزنى ئوتكۆزدى. اُلْ يَيْلاغدا
كُزادى *ol yaylaɋda küzədi* — ئۇ ياپلاقتا كۆزلىدى،
كۆزنى ئوتكۆزدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (كُزار - كُزاماك
*küzər - küzəmək*).

**سَسِدى** sasïdï سېسىدى، سَسِدى نانلك — *sasïdï nəŋ*
نەرسە سېسىدى (سَسِر - سَسِماق *sasïr - sasïmak*).

**كُسادى** kəsədi ئارزۇ قىلدى. اُلْ آنى كُرْماكِن كُسادى
*ol anï kərməkin kəsədi* — ئۇ ئۇنىڭ بىلەن
كورۇشۇشنى ئارزۇ قىلدى. ھەرقانداق نەرسىنى كورۇشنى
ئارزۇ قىلىشمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (كُسار - كُساماك
*kəsər - kəsəmək*).

**بَشادى** baxadï كىرتىكلىدى، يونىدى. اُلْ يِغاجِغْ بَشادى
*ol yïɋaqïɋ baxadï* — ئۇ ياغاچنى يونىدى، يەنى
ياغاچنى ئويۇپ، بەلگىلەر سالدى. ياغاچلارنى بىر -
بىرىگە تىرەپ قويىشمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (بَشار - بَشاماق
*baxar - baxamak*).

**بشودي** boxudï بوشىدى؛ رۇخسەت بەردى، قويۇۋەتتى. آناڭ اوزي بشودي *aniŋ ozi boxudi* — ئۇلىك ئىچى بوشىدى. تكون بشودي *tügün boxudi* — تۈگۈن بوشىدى. آت بشودي *at boxudi* — ئات بوشىدى، يەنى باغلىغىدىن بوشىدى. خان يلاوجغ بشودي *han yalawaqiq boxudi* — خان ئەلچىنى بوشاتتى، يەنى ئۇنىڭغا مەملىكىتىگە قايتىش ئۈچۈن رۇخسەت بەردى. ار اراغتن بشودي *ər uraqutin boxudi* — ئادەم خوتۇنىنى قويۇۋەتتى. ئارغۇچە، بۇ پېئىل ھەم ئوتتۇملۇك، ھەم ئوتتۇمسىزدۇر (بشور - بشوماق *boxur - boxumak*).

**تشودي** taxudï توشۇدى. ال الكا يرماق تشودي *ol əlga* — *yarmak taxudi* ئۇ ئۆيگە يارماق (پۇل) توشۇدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (تشور - تشوماق *taxur - taxumak*).

**تشادي** tüxədi تۈشىدى ~ چۈشىدى؛ چۈش كوردى. ال توش تشادي *ol tüx tüxədi* — ئۇ چۈش كوردى. ئۇيغۇلۇقتا ئىپتىلام بولسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (تشار - تشاماك *tüxər - tüxəmək*).

تشادي texədi تۈشىدى، سالدى. تشاك تشادي texək — texədi توشەك سالدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق.

تشادي tixədi چەكتى، بىلىدى، ئىتتىتتى. تكرمان تشادي təgirmən tixədi — تۈگمەن تېشىنى چەكتى، يەنى تۈگمەن تېشىنى چېكىپ، قىرلىرىنى ئىتتىتتى. بۇ جۈملىدە قارالمىش چۈشۈرۈلۈپ، تۈنىلك ئورنىغا قاراتقۇچى قويۇلغان. چۈنكى «تكرمان təgirmən» تۈگمەنىڭ ئومۇمى ئامىدۇر. ھالبۇكى، ئىتتىكلىتىلمىدىغىنى تۈگمەن ئەمەس، بەلكى تۈنىلك تېشىدۇر. ال ارغاق تشادي ol orqak tixədi — ئۇ ئورغاقنى ئىتتىكلەتتى (تشار - تشاماك tixər - tixəmək).

جشادي qixədi تەرەت قىلدى. اغلان جشادي oqlan qixədi — بالا تەرەت قىلدى. بۇ سوز پەقەت كىچىك بالىلارغا نىسبەتەن ئېيتىلىدۇ.

سشودي səxüdi يېشىلدى ~ شېشىلدى، بوشىدى. تكون سشودي tügün səxüdi — تۈگۈن بوشاپ، يېشىلىپ كېتەي دەپ قالدى (سشور - سشوماك səxür - səxümək).

قَشيدي kaxïdï قاشلىدى، تاتىلىدى. اُلْ مَنى قَشيدي *ol* —

*mani kaxïdï* ئۇ مېنى قاشلىدى، بەدىنىمنى تاتىلىدى

(قَشيرْ ـ قَشيماق *kaxïmak* ـ *kaxïr*). ماقالدا مۇنداق

كەلگەن: اُلْتَجي سِجغان مُوش تَشقَنْ قَشيرْ *oldaqi* —

*siqoqan mux taxakïn kaxïr* چاشقاننىڭ ئۆلگۈسى

كەلسە، مۈشۈكنىڭ تاشقىنى قاشلار. بۇ ماقال ھالاكەتتىن

باشقا نەتىجە بەرمەيدىغان ئىشلارغا ئىنتىلىۋالىدىغان

كىشىلەرگە قارىتىپ ئېيتىلىدۇ.

كُشيدي kəxidi دالدا بولدى، توستى. تامْ كُونْكْ كُشيدي

*tam künüg kəxidi* — تام كۈننى توستى. ھەرقانداق

بىر نەرسە يورۇقلۇقنى توسسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ

(كُشيرْ ـ كُشيماكْ *kəximək* ـ *kəxir*).

كِشادي kixədi كىشەنلىدى، چىدەرلىدى. اُلْ آتِغْ كِشادي

*ol atïq kixədi* — ئۇ ئاتنى كىشەنلىدى. آرْ قولِنْ

كِشادي *ər kulïn kixədi* — ئادەم قولىنى كىشەنلىدى

(كِشارْ ـ كِشاماكْ *kixəmək* ـ *kixər*).

سُغيدي sooqïdï سوغۇدى ~ سوۋۇدى. سُوق سُغيدي *suv*—

soqidi سۇ سوۋۇدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (سُغير - سُغيماق soqir - soqimak).

تُقيدى tokidi ئۇردى، قاقتى، سوقتى؛ توقىدى؛ تەگدى.
اُل قبغ تُقيدى ol kapuq tokidi — ئۇ ئىشىك قاقتى. اُل قُولن تُقيدى ol kulin tokidi — ئۇ قولىنى ئۇردى. ئوغۇزچە. تۈركلەر بۇ سوزنى جۈپ سوز قىلىپ «اُردى تُقيدى urdi tokidi» شەكلىدە قوللىنىدۇ. تَمُرجى قلج تُقيدى təmürqi kiliq tokidi — تومۇرچى قىلىچ سوقتى، يەنى تومۇرچى قىلىچ، پىچاق ۋە باشقا نەرسىلەرنى سوقتى. آر بُوز تُقيدى ər boz tokidi — ئادەم بوز توقىدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق. آنى سُف تُقيدى ani suv tokidi — ئۇنى سۇ ئۇرۇپ كەتتى، يەنى ئېقىن سۇ ئۇنى ئۇرۇپ ئېلىپ كەتتى. آرنى يىل تُقيدى ərni yəl tokidi — ئادەمگە شامال تەگدى، يەنى جىن داردى (تُقير - تُقيماق tokir - tokimak).

سَقيدى sakidi غۇۋا كورۈندى. اُل مَنك كُوزما سَقيدى

ol mənin̡ kəzümə sakīdī — ئۇ مېنىڭ كۆزۈمگە غوۋا

كۆرۈندى. ساقىغ سَقيدى sakïq sakïdi — ئالۇۋۇن (سەراب)

كۆرۈندى، يەنى ئالۇۋۇن ئۇنىڭ كۆزىگە سۇدەك كۆرۈندى

(سَقيرْ - سَقيماقْ sakïr - sakïmak).

سُقيدى sukīdī غىدىقلىدى. اُلْ آني سُقيدي ol anī —

sukīdī ئۇ ئۇنى غىدىقلىدى، يەنى ئۇنى بارماقلىرى بىلەن

غىدىقلىدى (سُقيرْ - سُقيماقْ sukïr - sukīmak).

سِقادي sïkadī سىلىدى. اُلْ اَنِكْ بَشِنْ سِقادي ol anïŋ —

baxīn sïkadī ئۇ ئۇنىڭ بېشىنى سىلىدى، يەنى

ئۇنىڭغا كۆيۈنۈپ بېشىنى سىلىدى. ھەرقانداق بىر

نەرسىنى قول بىلەن سىلىسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ

(سِقارْ - سِقاماقْ sïkar - sïkamak).

قَقيدى kakïdi ئاچچىقلىدى، غەزەپلەندى. اُلْ اَنْدِنْ قَقيدي

ol andïn kakïdī — ئۇ ئۇنىڭدىن ئاچچىقلىدى.

ئۇنىڭ قىلغان ئىشىدىن غەزەپلەندى (قَقيرْ - قَقيماقْ

kakïr - kakïmak)، بۇ سۆز ئارغۇ تىلىدا

«قَقيوُرْ kakïyur» شەكلىدە قوللىنىلىدۇ. ئارغۇلار بۇ

باپتىكى ھەممە كەلگۈسى زامان پېئىللىرىنى پېئىل يىلتىزىدا

زەممە كەلمىگەنلىكىگە قارىماي، زەممىلىك قىلىپ سوزلەيدۇ.
بۇ قائىدىگە مۇۋاپىق ئەمەس، بۇ ئۇلارنىڭ تىلىدىكى
يېتەرسىزلىكتۇر.

**بكُودي** bəküdi بېكىدى، چىگىدى. تُكُونْ بكُودي
— tügün bəküdi — تۈگۈن بېكىدى، يەنى چىگىدى.
جىرەر، ئىش بېكىسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (بكُورْ - بكُوماكْ
*bəkür - bəkümək*).

**تُكادي** tügədi تۈگىدى؛ يەتتى. ايشْ تُكادي
— *ix tügədi* — ئىش تۈگىدى. بُو آشْ قمُقا تُكادي
— *bu ax kamuqka tügədi* — بۇ ئاش ھەممىگە يەتتى.
بۇ قارىمۇ - قارشى مەنىلىك سوزدۇر.

**بلادي** bələdi مەرىدى. قُويْ بلادي *koy bələdi* — قوي
مەرىدى (بلارْ - بلاماكْ *bələr - bələmək*).

**بُلادي** buladi پىشۇردى، دۇملەپ پىشۇردى. قُزي بُلادي
— *kozi buladi* — قوزا (گوشى)نى دۇملەپ پىشۇردى.
باشقىلاردىمۇ شۇنداق (بُلارْ - بُلاماق *bular - bulamak*).

**بِلادي** biledi بىلىدى. اُنْ بِجاكْ بِلادي *ol piqək* —
*biledi* ئۇ پىچاق بىلىدى. اُنْ تِيشْ بِلادي *ol* —

*tix biladi* ئۇ چىشنى بىلىدى (بِلاز - بِلاماك
*bilər - biləmək*).

بِلادي bəḷədi بېلىدى ~ بولىدى؛ مىلىدى. اُلْ كَنْجِنْ بِلادِي
*ol kənqin bəḷədi* — ئۇ بالىسىنى بولىدى، يەنى
بالىسىنى بوشۇككە ياتقۇزدى. اُلْ اَنِي قانِكا بِلادِي
*ol anï kanïŋa bəḷədi* — ئۇ ئۇنى قېنىغا مىلىدى
(بِلاز - بِلاماك *bəḷər - bəḷəmək*).

تُلادي tülədi تۈلىدى، تۈك تاشلىدى. اَتْ تُلادِي *at* —
*tülədi* ئات تۈلىدى، يەنى تۈك تاشلىدى. باشقىلاردىمۇ
شۇنداق. بۇ قىشلىق تۈكىنى تاشلاپ، يېڭى تۈك چىقاردى،
دىمەكتۇر (تُلاز - تُلاماك *tülər - tüləmək*). بۇ سۆز-
نىڭ ئەسلى «تۇلادِي» بولۇپ، كېيىنچە «و - ۋاۋ»
چۈشۈپ قالغان.

تُلادي tələdi توللىدى. قُوىْ تُلادِي *koy tələdi* — قوي
توللىدى. ئوغۇزچە (تُلاز - تُلاماك *tələr - tələmək*).

تِلادي tilədi تىلىدى. اُلْ اَنِي تِلادِي *ol anï tilədi* —
ئۇ ئۇنى تىلىدى. تَنكْرِي اَنْدَغْ تِلادِي *təŋri andaɋ* —
*tilədi* تەڭرى شۇنداق (بولۇشنى) تىلىدى، ئىرادە قىلدى

(تِلاَرْ ـ تِلاماكْ *tilər - tiləmək*).

**جِلادي** qilədi چىلىدى، ئەمىلىدى. تُونُغ جِلادي *tonuq qilədi* تونلنى چىلىدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (جِلاَرْ ـ جِلاماكْ *qilər - qiləmək*). ئەسلى «جِيلادي *qilədi*» بولۇپ، ھەرپ چۈشۈپ قالغان.

**سُلادي** sülədi ئۇرۇش قىلدى. بَكْ يَغِيقا سُلادي *bəg yaqïka sülədi* بەگ دۈشمەنگە (قارشى) ئەسكەر تارتتى، يەنى ئۇرۇش قىلدى. ئەسلى «سُولادي» بولۇپ «و ـ ۋاۋ» چۈشۈپ قالغان (سُولاَرْ ـ سُولاماكْ *sülər - süləmək*). شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

يَغِنْكْ تَبا تِتْرو بَقِبْ بَكْدَنْكْ بِلا
اُغْرَبْ قَلِي① كَلْسا سَنكا قَرْشو سُلا

*yaqïŋ taba tətrü bakïp bəgdəŋ bilə*
*oqrap kalï kəlsə saŋa karxu sülə*

---

① يازما نۇسخىدا «قَلي» سۆزىنىڭ ئاستىغا «قجان» دېگەن سۆز يېزىلغان. بۇنداقتا «قَلي *kalï*» سۆزىنىڭ ئورنىغا «قجانْ *kaqan*» سۆزىنى قوللانسىمۇ، مەنە ۋە ۋەزن بۇزۇلمايدۇ.

[دۈشمەن تەرەپكە تىكىلىپ قارا، خەنجىرىڭنى بىلە، مۇبادا سېنى قەستلەپ كەلسە، ئۇنىڭغا قارشى ئۇرۇش قىل.]

دۈشمىنىڭگە ئوتكۈر كوزۈڭ بىلەن باق، خەنجىرىڭ-نى بىلە؛ دۈشمەن ساڭا قەست قىلىپ كەلسە، ئۇنىڭغا قارشى ئۇرۇش قىل.

**قَلِيدِي** kalïdi سەكرىدى، چىچاڭلىدى، قىيغاتتى. آتْ قَلِيدِي — *at kalïdï* ئات چىچاڭلىدى (قَلِيرْ - قَلِيمَاقْ - *kalïr - kalïmak*).

**كُلِيدِي** külidi كۈلدى. اُلْتْ كُلِيدِي *ətlüg külidi* — ئوتلۇكنى كۆيدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (كُلِيرْ - كُلِيمَاكْ *külir - külimək*).

**قَمَادِي** kamadï قاماشتى؛ قامىدى. كُوزْ قَمَادِي — *kəz kamadï* (كۆزنىڭ نۇرىدىن) كوز قاماشتى (قَمَارْ - قَمَامَاقْ *kamar - kamamak*). اَنِكْ تِيشِي قَمَادِي — *anïŋ tïxi kamadï* ئۇنىڭ چىشى قامىدى، يەنى ئاچچىق بىر نەرسە يېگەنلىكتىن ئۇنىڭ چىشى قامىدى. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: اَتَاسِي اَنَاسِي اَجِيغْ اَلْمِلَا يِيسَا اُغْلِي قِيزِي تِيشِي قَمَارْ — *atasï anasï aqïq almïla yəsə*

oqli kizi tixi kamar ئاتا - ئالسى ئاچچىق
ئالما يىسە، ئوغۇل - قىزىنىڭ چىشى قامار. بۇ ماقال
ئاتا - ئانىنىڭ ئۆتكۈزگەن جىنايىتى ئۈچۈن، بالىلىرىنىڭ
تۇتۇلۇشى ۋە سوراققا تارتىلىشىغا ئىشارەت قىلىپ
ئېيتىلىدۇ.

قُميدي komïdi سېغىندى، كوڭلى تارتتى. آرْ اَڤِنكا قُميدي
ər əviŋə komïdi — ئادەم ئۆيىنى سېغىندى. بىرەر
ئادەم ھەر قانداق بىر نەرسىنى سېغىنىپ، كوڭلىدە ئۇنىڭغا
ئېرىشىشكە ئىنتىلسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (قُمِيرْ - قُمِيماق
komïr - komïmak).

تَنُودي tanudï تونۇدى، جېكىلىدى. اُلْ مَنكا سُوزْ تَنُودي
ol maŋa sɵz tanudï — ئۇ ماڭا سوز تونۇدى، جې-
كىلىدى. ھەرقانداق بىر نەرسىنى تەۋسىيە قىلسىمۇ شۇنداق
دېيىلىدۇ (تَنُورْ - تَنُوماق tanur - tanumak).

تُنادي tünədi تۈنىدى. اُلْ مُنْدا تُنادي ol munda —
tünədi ئۇ مۇندا تۈنىدى، يەنى مېنىڭ يېنىمدا تۈنىدى
(تُنارْ - تُناماكْ tünər - tünəmak).

سِنادي sïnadï سىنىدى. اُلْ آنِي سِنادي ol anï sïnadï—
ئۇ ئۇنى (بىر ئىشتا) سىنىدى (سِنارْ - سِناماق - sïnar
sïnamak).

قَنادِي kanadï قان ئالدى. اُلْ اَتِنْ قَنادِي — ol atïn kanadï ئۇ ئېتىدىن قان ئالدى (قَنارْ - قَناماقْ - kanar - kanamak).

قِنادِي kïnadï قىينىدى، جازالىدى؛ قىنلىدى، خەلاپلىدى.

بَكْ اَنِي قِنادِي — bəg ani kïnadï بەگ ئۇنى قىينىدى.

تَنْكْرِي اَنِي قِنادِي — təŋri ani kïnadï تەڭرى ئۇنى قىينىدى، جازالىدى. اُلْ بِجاكِنْ قِنادِي — ol piqəkin kïnadï ئۇ پەچىقىنى قىنلىدى، خەلاپلىدى (قِنارْ - قِناماقْ kïnar - kïnamak).

قَنَدِي kanadï قانىدى. بُرُونْ قَنَدِي — burun kanadï بۇرۇن قانىدى. ئادەم بەدىنىنىڭ ھەرقانداق يېرى قانسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ. ئەسلى «قانِيدِي» بولۇپ، ھەرپ چۈشۈپ قالغان (قَنِيرْ - قَنِيماقْ kanïr - kanïmak).

مُنادِي münədi قىرقىدى، كەستى. اُلْ تُونُغْ مُنادِي — ol tonuq münədi ئۇ تونىنى قىرقىدى، يەنى تونىنىڭ

ئۈزۈن ـ قىسقا جايلىرىنى تۈزەش ئۈچۈن، ئەترابلىرىنى كەستى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (مُناز ـ مُناماك münar ـ münəmak).

سَنادي sanadï ساندى. اُلْ قوين سَنادي ol koyin sanadï — ئۇ قويىنى ساندى (سَناز ـ سَناماق sanar ـ sanamak). ئەسلى «ساناديِ» بولۇپ، ھەرپ چۈشۈپ قالغان.

## بۇ باپتىكى باشقا بىر تۈر

بَيُودي bayudï بېيىدى. آرْ بَيُودي ər bayudï — ئادەم بېيىدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (بَيُوزْ ـ بَيُوماقْ bayur ـ bayumak).

تَيادي tayadï تايىدى، تايادى. اُلْ آني تَيادي ol ani tayadï — ئۇ ئۇنىڭغا تاياندى، ئۇنىڭغا تايىنىپ ئورە قوپتى (تَيازْ ـ تَياماق tayar ـ tayamak).

ئۈچ ھەرپلىكلەر بابى تۈگىدى.

# ئوت هەرپلكلەر باپلرى

## فَعْلَلْدى[1] fə'ləldi شەكلدە ئۇتتۇرا هەرپى ساكىنلىق كەلگەن هەرخىل هەرىكىلىك سوزلەر بابى

بُرْبادى burbadi كېينگە سوزدى. آرْ اِيشْغ بُرْبادى ər — ixiq burbadi ئادەم ئىشنى كەينگە سوزدى، كېيەن قىلمىدى (بُرْبار - بُرْباماق burbar - burbamak).

تُرْبيدى türpidi تۈرپىكلىدى، چوپسلىدى. آرْ يِغاچ تُرْبيدى ər yiƣaq türpidi — ئادەم ياغاچ چوپسلىدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (تُرْبير - تُرْبيماك türpir - türpimək).

---

[1] كەلتۈرۈلگەن مىساللاردىن قارىغاندا، ئاپتور بۇ سوزلەردىكى ئوتتۇرىدىكى ھەرپى بولغان ئىللەتلەرنى «فَعَلَلْدى» ۋەزنىدىكى ساكىنلىق كەلگەن «ل - l»غا ھېساپلىغان بولسا كېرەك.

**سِغْتادي** sïqtadï يىغلىدى. اُغْلانْ سِغْتادي *oqlan sïqtadï* — بالا يىغلىدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (سِغْتارْ ـ سِغْتاماقْ *sïqtar - sïqtamak*). بۇ سۆز «خ ـ *h*» بىلەنمۇ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. ئەرەپچىدە «غُمارُالنّاسِ وَخُمارُهُمْ وَغَدّارٌ وَخَتّارٌ» دېيىلگىنىدەك ئوخشاش. بۇنداق ئالمىشىش پېئىللاردىلا بولىدۇ، ئىسىملاردا بولمايدۇ، يەنى «يىغا» دېمەكچى بولغاندا «غ ـ *q*» نىڭ ئورنىغا «خ ـ *h*» نى قويۇپ، «سِخْتْ *sïhït*» دېيىشكە بولمايدۇ.

**تُرْجيدي** türqidi تۈرۈش قىلدى، باشلىدى. اِرْ ايشْ تُرْجيدي *ər ix türqidi* — ئادەم ئىشقا تۇرۇش قىلدى (تُرْجيرْ ـ تُرْجيماكْ *türqir - türqimək*).

**تَفْجيدي** təvqidi تەپچۈدى، تەپچۈپ تىكتى. اُلْ تونُغْ تَفْجيدي *ol tonuq təvqidi* — ئۇ تونىنى تەپچۈپ تىكتى. بۇ بىر نەرسىنى قىيىپ ئەمەس، تەپچۈپ تىكىشتۇر (تَفْجيرْ ـ تَفْجيماكْ *təvqir - təvqimək*).

**تِنْجيدي** tïnqïdi تىنجىدى، تىنىپ قالدى. اَتْ تِنْجيدي

ət tïnqïdi — گوش تىنجىدى(تنجير - تنجيماق -tïnqïr

tïnqïmak).

قُرْجادي kurqadï قۇرۇدى، قاتتى. يُمْشاق نانكْ قُرْجادي

yumxak nəŋ kurqadï — يۇمشاق نەرسە قۇرۇدى،

قاتتى (قَرْجارْ - قُرْجاماق kurqar① - kurqamak).

قِرْجادي kïrqadï قىرچىدى، سۇرۇندى. اُلْ اُقْ آماجْقا قِرْجادي

ol ok amaqka kïrqadï — ئۇ ئوق نىشانلانغان

يەرنىڭ يېنىغا سۇرۇنۇپ، قاڭقىپ كەتتى (قِرْجارْ-

قِرْجاماق kïrqar - kïrqamak).

قَفْجيدي kavqïdi ئېتىلدى. آري كشيكا قَفْجيدي — arï

kixigə kavqïdï — ھەرە (چېقىش ئۈچۈن) ئادەمگە

ئېتىلدى. ئادەم بىر كىمدىن غەزەپلىنىپ، ئۇنىڭغا

ئېتىلسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (قَفْجيرْ - قَفْجيماق-kavqïr

kavqïmak).

بَغْدادي baqdadï چاپۇتلىدى، چىماق سالدى. اُلْ آناڭْ

---

① بۇ سۆز يازما نۇسخىدا «قَرْجارْ» دەپ يېزىلغان بولسىمۇ، بىز ئۇنىڭ ئوتكەن زامان ۋە مەستەر شەكلىگە ئاساسەن «kurqar» دەپ ئالدۇق.

ئاداقىن بەغدادي — *ol anin azakin baoqdadi* ئۇ (چې-
لمىشتا) ئۇنىڭ ئايىغىنى چاپۇتلىدى (بەغدار - بەغداماق
*(baoqdar - baoqdamak*.

قۇندىدى kundidi قىتلىدى، پاقىراتتى، يالتىراتتى. ال قلىچ
قۇندىدى *ol kiliq kundidi* — ئۇ قىلىچنى (پاقىراتقۇچ
بىلەن) پاقىراتتى (قۇندىر - قۇندىماق *kundir - kundimak*).

تەبرادى təbrədi تەۋرىدى، مىدىرلىدى. تەبرادى نانىڭ
*təbrədi nəŋ* — نەرسە تەۋرىدى (تەبرار - تەبراماك
*(təbrər - təbrəmək*.

تۇپرادى topradi توپىغا ئايلاندى، قۇرۇپ ئۇۋۇلۇپ كەتتى.
ات تۇپرادى *ot topradi* — ئوت (قۇرۇپ) ئۇۋالدى
(تۇپرار - تۇپراماق *toprar - topramak*).

تاپرىدى tapridi لوكۇلدىدى، سەكرىدى. تقى تاپرىدى
*tavi tapridi* — توگە سەكرىدى. بۇ سوز توكىنىڭ
سەكرىشىدىن باشقىغا ئىشلىتىلمەيدۇ (تاپرىر - تاپرىماق
*(taprir - taprimak*.

سەزرادى səzrədi سىرەكلەشتى، شالاڭلىدى؛ سۇزۇلدى. كىشى

سذردي kixi səzradi — كىشلەر سىيرەكلەشتى. تون سذردي

ton səzradi — تون سۈزۈلدى (سذرار - سذراماك

(səzrar - səzramak).

**بغرادي** boqradi بوقۇردى، يونىدى. ال يغاچغ بغرادي ol — yiqaqiq boqradi ئۇ ياغاچنى يونىدى. باشقىلار-

دىمۇ شۇنداق (بغرار - بغراماق (boqrar - boqramak).

**تغرادي** tiqradi دىغىردى، قەيسەرلەشتى. آر تغرادي ər — tiqradi ئادەم دىغىردى، قەيسەرلەشتى (تغرار - تغراماق

(tiqrar - tiqramak).

**تغرادي** toqradi توغرىدى. آت تغرادي — ət toqradi

ئەت (گوش) توغرىدى، تۇتماچ (چوپ) ئۇچۇن گوش

توغرىدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (تغرار - تغراماق

(toqrar - toqramak).

**يغرادي** yavradi دىغىردى، قەيسەرلەشتى. آر يغرادي

ər — yavradi ئادەم قەيسەرلەشتى. بۇ سوز

«تغرادي tiqradi» سوزى بىلەن ئوخشاش (يغرار - يغراماق

(yavrar - yavramak). شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

قِشْ يايغرو سُڤْلنور
اَرْ اَتْ منن يَڤْريُور
اِكْلَرْ يَما سَڤْريُور
اَتْ يِنْ تَقِي بِكْرِشُور

*kïx yayqaru səvlənür*
*ər at mənin yavrayur*
*iglər yəmə savriyur*
*ət yən takï bəkrixür*

[قىش يازغا دەيدۇكى:
ئادەم، ئاتلار مەندە قەيسەرلىشىدۇ،
كېسەللەرمۇ ئازىيىدۇ،
ئەت - يەن يەنە چىڭىيىدۇ.]

قىش ياز بىلەن مۇنازىرىلىشىپ شۇنداق دەيدۇ: ئادەملەر بىلەن ئاتلارنىڭ گۆشى (مۇسكۇللىرى) مەندە كۆچىيىدۇ؛ كېسەللەر قىشتا ئازىيىدۇ، ئادەملەرنىڭ ئەت - يېنى چىڭىيدۇ.

**تُڤْرادي** tuvradi چوگايدى. اُشاقْ نانْكْ تُڤْرادِي — *uxak nəŋ tuvradi* ئۇششاق نەرسە چوگايدى، قوزىنىڭ چو-گايغىنىغا ئوخشاش (تُڤْرارْ - تُڤْراماقْ *tuvrar-tuvramak*).

بۇ سوز «چوك مەرۋايىت» مەلىسىدىكى «تۇر يىنجو «*tuvur yünqü*» ئىبارىسىدىن ئېلىنغان.

**بقرىدى** **bukrïdi** توسۇنلۇق قىلدى. آت سجيدي بقرىدى — ئات سەكرىدى، توسۇنلۇق *at suqïdï bukrïdï* قىلدى. بۇ سوز يالغۇز قوللىنىلمايدۇ، يەقەت جۇپ سوز قىلىپ قوللىنىلىدۇ (بقرار - بقراماق *bukrar - bukramak*).

**تكرادي** **tigrədi** دۇپۇرلىدى؛ ئوستى، چوك بولدى. آت آذاقي تكرادي — ئات ئايىغى *at azakï tigrədi* دۇپۇرلىدى. اغلان تكرادي — *oqlan tigrədi* بالا چوك بولدى (تكرار - تكراماك *tigrər - tigrəmək*).

**جغرودي** **qïoqrudi** قاتتى. يېر جغرودي — *yər qïoqrudï* يەر قاتتى، يەنى كوپ دەسسىلىپ مېڭىلغانلىقتىن چاپلە-شىپ قېتىپ كەتتى. ھەرقانداق يۇمشاق نەرسە كېپىن قېتىپ كەتسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (جغرور - جغروماق *qïoqrur - qïoqrumak*).

**جقرادي** **qokradï** قايندى، پىتقلاپ قايندى؛ بۇلدۇقلىدى. اشج جقرادي — *əxiq qokradï* قازان پىتقلىدى،

يەنى قازاندىكى بوتقىسمان قويۇق نەرسە پىشقىلاپ قاينىدى.
قازاندىكى سۇيۇق نەرسىلەرنىڭ قاينىشىغا بۇ سوز ئىشلە-
تىلمەيدۇ، بۇنىڭغا «قىينىدى kaynadi» دېيىلىدۇ. مىڭىر
چوقرادى miŋar qokradi — بۇلاق بۇلدۇقلىدى، يەنى
بۇلاق سۈيى قازان قاينىغاندەك بۇلدۇقلىدى (چوقرار-
چوقراماق qokrar - qokramak).

**چىقرادى** qïkradi چىقىرىدى؛ غىچىرلىدى. تىش چىقرادى
tïx qïkradi — چىشى غىچىرلىدى. قپغ چىقرادى
kapuoq qïkradi — ئىشىك غىچىرلىدى. ئادەم جىدەل-
ماجرا ياكى باشقا سەۋەپتىن ۋاقىرىسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ
(چىقرار - چىقراماق qïkrar - qïkramak).

**چىكرادى** qikrədi غىچىرلىدى. ئاتماكتا تاش چىكرادى
ətməktə tax qikrədi — ناندا تاش غىچىرلىدى، يەنى نان
ئىچىدىكى تاش چىشقا تېگىپ غىچىرلىدى (چىكرار - چىكراماك
qikrər - qikrəmək).

**جالرادى** qïlradi① شارقىلىدى. اق كيشتا جالرادى ok —

① يازما نۇسخىدا بۇ پېيىلنىڭ ئۆتكەن زامانى «جالرادى»
شەكلىدە يېزىلغان، بىز بۇ پېيىلنىڭ كەلگۈسى زامانى، مەستەر
شەكلى ۋە يازما نۇسخا 431 - بەتتىكى مەجبۇرى دەرىجىسىگە
ئاساسەن ترانسكرىپسىيىدە «qïlradi» دەپ ئالدۇق.

ئوق سادائقتا شاراقىلىدى، شۇ- kixtə qilradi
نىڭغا ئوخشاش ئاۋازغىمۇ مۇشۇ سوز ئىشلىتىلىدۇ
(جىلراز - جىلراماق qilrar - qilramak).

سَفْرادى safradi بوشىدى؛ ساقايدى، ايش سَفرادى ix — safradi ئىش بوشىدى. ئىشتىكى ئادەم ئىشتىن بوشى- سىمۇ شۇنداق دىيىلىدۇ (سَفْراز - سَفراماق savrar- safraframak). سُكَلْ ايگدِنْ سَفرادى — səkəl igdin safradi كېسەل (ئادەم) ئاغرىقتىن ساقايدى.

سَكْرىدى səkridi سەكرىدى. آرْ سُقْقا سَكْرىدى ər — suvka səkridi ئادەم سۇغا سەكرىدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (سَكْرىر - سَكْرىماك səkrir - səkrimək).

سَمْرىدى səmridi سەمرىدى. قُوى سَمْرىدى koy — səmridi قوي سەمرىدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (سَمْرىر- سَمْرىماك səmrir - səmrimək).

سَنْرىدى sanridi جويلۇدى. آسْرُكْ سَنْرىدى əsrük — sanridi مەس جويلۇدى. ئەسلى «سَنْدرىدى» دۇر (سَنْرىدى - سَنْرىر - سَنْرىماق sanridi - sanrir - sanrimak).

تَنْرِيدِي tənridi قايدى. آنِكْ بَشِي تَنْرِيدِي —*aniŋ baxi tənridi* ئۇنىڭ بېشى قايدى. بۇ ئۆيقۇ باسقان چاغدا ئۆيقۇنى قاچۇرماقچى بولغاندا، مۈگدىگەنلىكتىن بېشىدا چۈمۈلە ماڭغانغا ئوخشاش سېزىمدۇر (تَنْرِيرْ - تَنْرِيمَاكْ *tənrir - tənrimək*).

كُفْرَادِي kəvrədi[1] ئاجىزلىدى. آنِكْ كُوجِي كُفْرَادِي — *aniŋ küqi kəvrədi* ئۇنىڭ كۈچى ئاجىزلىدى. ھەرقانداق بىر قۇۋۋەتلىك نەرسە كۈچىدىن كېتىپ، ئاجىزلىشىنى شۇنداق دېيىلىدۇ (كَفْرَارْ - كَفْرَامَاكْ - *kəvrər - kəvrəmək*).

كُكْرَادِي kɵkrədi گۈكىردى، ھوكىردى، گۈلدۈرلىدى. آرْسْلَانْ كُكْرَادِي *arslan kɵkrədi* — ئارسلان ھوكىردى. بُغْرَا كُكْرَادِي *buqra kɵkrədi* — بۇغرا ھوكىردى. بُلِتْ كُكْرَادِي *bulit kɵkrədi* — بۇلۇت گۈلدۈرلىدى. جەڭدە باتۇرلارنىڭ ۋاقىراشلىرىنى شۇنىڭغا ئوخشىتىلىدۇ. ماقالىدا مۇنداق كەلگەن:

---

① بۇ پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامان شەكلىدە بىرىنچى ھەرپى «ك - *k*» زەممىلىك كەلگەن. بىز ئۇنىڭ كەلگۈسى زامان ۋە مەستەر شەكىللىرىگە ئاساسەن «ك - *k*» ھەرپىنى فەتھەلىك ئالدۇق.

تكرمندا تقمش سجغان كوك ككركنكا قرقماس — tagirmanda tuqmïx sïqqan kok kokrakiŋa korkmas تۈگمەندە تۇغۇلغان چاشقان ھاۋانلىق گۈلدۈرلىگىنىدىن قورقماس. بۇ ماقال بېشىدىن كۆپ ئېغىرچىلىقلارنى ئۆتكۈزگەن ئادەم كىچىك ئىشلار بىلەن قورقۇتۇلماقچى بولغانغا تەمسىل قىلىپ ئېيتىلىدۇ (ككرار - ككرامك kokrar - kokramak).

كلرادي külradi گۈلدۈرلىدى. تاش قدغدا كلرادي tax kuduqda külradi — تاش قۇدۇقتا گۈلدۈرلىدى (كلرار - كلرامك külrar - külramak).

تبزادي tapzadi كورەلمىدى، ھەسەت قىلدى. ال آني تبزادي ol ani tapzadi — ئۇ ئۇنى كورەلمىدى، يەنى ئۇنىڭغا ھەسەت قىلدى (تبزار - تبزامك tapzar - tapzamak).

سغزادي sïqzadi كولىدى، كوچىلىدى؛ زىغزىق سالدى. ال تيش سغزادي ol tïx sïqzadi — ئۇ چىشى كولىغۇچ بىلەن چىشلىرىنى كوچىلىدى. ال آتك يسن سغزادي ol atik yisin sïqzadi — ئۇ ئۇتۇكنىڭ ئىككىشى ئارىسىغا زىغزىق سالدى، ھەرقانداق نەرسىنى ئىككى نەرسە ئارىسىغا سىغداپ كىرگۈزسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ

(سغزار - سغزاماق *sïqzar - sïqzamak*).

**قبزادى kobzadi** چالدى. ال قبز قبزادى *ol kobuz kobzadi* — ئۇ قوبۇز چالدى (قبزار - قبزاماق *kobzar - kobzamak*).

**تبسادى təpsədi** ھەسەت قىلدى، كورەلمىدى. ال آنى تبسادى *ol anï təpsədi* — ئۇ ئۇنى كورەلمىدى، يەنى ئۇنىڭغا ھەسەت قىلدى (تبسار - تبساماك *təpsər - təpsəmək*). بۇ سوزنىڭ «ز - z» بىلەن كېلىدىغان شەكلىمۇ بار.

**بتسادى pütsədi** پۇتەي دىدى، ساقىياي دىدى. باش بتسادى *bax pütsədi* — يارا پۇتۇشكە (ساقىيىشقا) يېقىنـ-لاشتى (بتسار - بتساماك *pütsər - pütsəmək*).

**بخسادى puhsadi** پۇخسۇندى، بويۇنتاۋلىق قىلدى. ال آنكر بخسادى *ol aŋar puhsadi* — ئۇ ئۇنىڭغا پۇخسۇلدى، يەنى ئۇنىڭ بۇيرۇغىغا ئىتائەت قىلماي، ئىشنى مەجبۇرى ھالدا ئىشلىدى (بخسار - بخساماق *puhsar - puhsamak*).

جَبْسادى qapsadi چاپقۇسى كەلدى، ئۇزگۇسى كەلدى.

اُلْ سُفْدا جَبْسادى — ئۇنىڭ سۇدا *ol suvda qapsadi* ئۇزگۇسى كەلدى (جَبْسارْ - جَبْساماقْ - *qapsar* *qapsamak*[①]).

سَتْسادى satsadi ساتقۇسى كەلدى. اُلْ آتِنْ سَتْسادى — *ol atin satsadi* ئۇنىڭ ئېتىنى ساتقۇسى كەلدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (سَتْسارْ - سَتْساماقْ *satsar* - *satsamak*).

سُرْسادى sürsədi سۈرگۈسى كەلدى، ھەيدىگۈسى كەلدى.

اُلْ آتِغْ سُرْسادى — *ol atiq sürsədi* ئۇنىڭ ئاتنى سۈرگۈسى كەلدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (سُرْسارْ - سُرْساماكْ *sürsər* - *sürsəmək*).

سُفْسادى suvsadi ئۇسسىدى، سۇ ئىچكۈسى كەلدى.

آرْ سُفْسادى — *ər suvsadi* ئادەم ئۇسسىدى، يەنى سۇ ئىچكۈسى كەلدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (سُفْسارْ-

---

① يازما نۇسخىدا بۇ پېئىلنىڭ مەستىرى ئاۋال «ك - *k*» بىلەن يېزىلىپ، كېيىن «ق - *k*»غا ئۆزگەرتىلگەن. بىز بۇ پېئىلنىڭ يازما نۇسخا 265 - بەتتىكى ئاددى دەرىجىسىگە ئاساسەن «*qapsamak*» دەپ ئالدۇق.

سۇساماق suvsar - suvsamak). بۇ سۆز ئەسلىدە ئۈمىت
ۋە ئارزۇ قىلىش مەنىلىرىدىمۇ كېلىدۇ.

سۇسىدى suvsidi سۇلاشتى، سۇلىشىپ كەتتى. سىركا سۇسىدى — sirkə suvsidi سىركە سۇلىشىپ كەتتى، يەنى سىركە سۇ تېتىپ قالدى (سۇسىر - سۇسىماق suvsir - suvsimak).

قاپسادى kapsadi قاپسىدى، ئورىۋالدى. انىڭ تەگرا كىشى قاپسادى — aniŋ təgrə kixi kapsadi ئۇنىڭ ئەتراپىنى ئادەم قاپسىدى (قاپسار - قاپساماق kapsar - kapsamak).

قاپسادى kapsadi تارتىۋالغۇسى كەلدى. ال انىڭ تاۋارىن قاپسادى — ol aniŋ tavarin kapsadi ئۇ ئۇنىڭ مېلىنى تارتىۋالغۇسى كەلدى.

قوپسادى kopsadi قوپقۇسى كەلدى. ال يوقارۇ قوپسادى — ol yokaru kopsadi ئۇ يۇقىرى قوپقۇسى كەلدى (قوپسار - قوپساماق kopsar - kopsamak).

كۆرسادىم kərsədim كۆرگۈم كەلدى. مەن انى كۆرسادىم — mən ani kərsədim مېنىڭ ئۇنى كۆرگۈم كەلدى.

بۇ سۆزنىڭ ئەسلى «كۆرۈگسادىم korügsədim» دۇر.

تەركىۋىدە تىل ئۇچى ھەرپلىرى[1] بولغان سۆزلەردە بىرەر لەۋسىنى ئارزۇ قىلىش مەنىسىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، پېئىل يىلتىزىغا «كسا ـ *gsə*» ھەرپلىرىنى ئارتتۇرۇش بىر قائىدىدۇر (كۆرسارمَنْ ـ كۆرساماكْ *kørsərmən* ـ *kørsəmək*).

كَلْكْسادِمْ kəlsədim[2] كەلگۈم كەلدى. مَنْ سَنكا كَلْكْسادِمْ — مېنىڭ ساڭا كەلگۈم كەلدى. *mən saŋa kəlsədim*

بۇ سۆز «كَلْسادِمْ *«kəligsədim*[3] شەكلىدىمۇ كېلىدۇ (كَلْسارْمَنْ ـ كَلْساماكْ *kəlsərmən* ـ *kəlsəmək*).

قَقْسِدِي kaksïdi قاق بولاي دېدى. اَتْ قَقْسِدِي — *ət* — ئات (گوش) قاق بولاي دېدى *kaksïdi* (قَقْسِيرْ ـ قَقْسِيماقْ *kaksïr* ـ *kaksïmak*).

---

① بۇ سۆزنىڭ تەرەپچىسى «حُرُوفِ الـذَّلاقَة» بولۇپ، بۇ تەرەپچىدە «ل ـ *l*، ر ـ *r*، ن ـ *n*، ف ـ *f*، م ـ *m*» تاۋۇشلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

② يازما نۇسخىدا بۇ پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامانى «كَلِكْسادِمْ» شەكلىدە بېرىلگەن. بىز بۇ يەردىكى ۋەزن ۋە ئۇنىڭ كەلگۈسى زامان ھەم مەستەر شەكلى بويىچە «*kəlsədim*» دەپ ئالدۇق.

③ بۇ يەردە بۇ پېئىلنىڭ «كَلِكْسادِمْ» شەكلى كۆرسىتىلمەكچى بولسا كېرەك. بىز ترانسكرىپسىيىدە تۈزەتتۇق.

تۈۋشەدى tüvxədi مونچاقلىدى. ئانىڭ تەرى تۈۋشەدى — aniŋ təri tüvxədi ئۇنىڭ تېرى مونچاقلىدى، يەنى ئىشلە-گەنلىكتىن ئۇنىڭ تەرلىرى مونچاق-مونچاق بولۇپ ئاقتى (تۈۋشار-تۈۋشىماك tüvxər-tüvxəmək).

تەۋشادى təvxədi چىگىشلەشتى. يىپ قەمۇغ تەۋشادى — yïp kamuq təvxədi يىپ پۈتۈنلەي چىگىشلەشتى، يەنى بىر-بىرىگە چىرمىشىپ، ئۇچىنى تاپقىلى بولمايدىغان دەرىجىدە چىگىشلىشىپ كەتتى (تەۋشار-تەۋشاماك təvxər-təvxəmək).

چەخشادى qahxadï شاراقلىدى. تاش چەخشادى — tax qahxadï تاش شاراقلىدى، يەنى شاراق-شۇرۇق ئاۋاز چىقاردى. زىننەت بۇيۇملىرى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر ئاۋاز چىقارسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (چەخشار-چەخشاماق qahxar-qahxamak).

چۇۋشادى quvxadï ئېچىدى، بۇزۇلدى. چىغىر چۇۋشادى — qaqïr quvxadï ئىچىملىك ئېچىدى، يەنى كوپۇك چىقىرىپ بۇزۇلدى. قەرىن چۇۋشادى — karïn quvxadï قورساق بۇزۇلدى، يەنى تاماق زەردىنى قايناتتى (چۇۋشار-چۇۋشاماق quvxar-quvxamak).

**سُفْشادي** sufxadi شۋىرلىدى؛ سۇفلىدى، سۇف قىلدى. اُلْ قُلاقا سُفْشادي — ol kulakka sufxadi — ئۇ قۇلاققا شۋىرلىدى، يەنى قۇلاققا يوشۇرۇن گەپ قىلدى (سُفْشارْ ـ سُفْشاماقْ *sufxar ـ sufxamak*). سُكَلْ كا سُفْشادي — *sɵkəlgə sufxadi* — كېسەلگە (ئوقۇپ) سۇفلىدى. بۇ سوز «س ـ ى» بىلەنمۇ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.

**قَرْشادي** karxadi غىرىچلىدى. اُلْ تونُغْ قَرْشادي — *ol tonuq karxadi* ئۇ توننى غىرىچلىدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (قَرْشارْ ـ قَرْشاماقْ *karxar ـ karxamak*).

**قُرْشادي** kurxadi باغلىدى. اُلْ قَفْتانْ قُرْشادي — *ol kaftan kurxadi* ئۇ تونىنىڭ بەلۋېغىنى باغلىدى (قُرْشارْ ـ قُرْشاماقْ *kurxar ـ kurxamak*).

**قُغْشادي** kooqxadi پورلاشتى، يۇمشىدى. قَتِغْ نانْكْ قُغْشادي — *katiq nən kooqxadi* — قاتتىق نەرسە پورلاشتى (قُغْشارْ ـ قُغْشاماقْ *kooqxar ـ kooqxamak*).

**قُفْشادي** kovxadi پاقىراتتى، يالتىراتتى. اَرْ اُقْني قُفْشادي — *ər okni kovxadi* — ئادەم ئوقنى (قوغۇش ياغىچى بىلەن) پاقىراتتى (قُفْشارْ ـ قُفْشاماقْ *kovxar ـ kovxamak*).

كَفْشَدِي kəvxədi كوشىدى؛ يۇمشىدى. تقى اُت كَفْشَدِي
təvə ol kəvxədi — توگه ئوت كوشىدى.
قُرْج نانك كَفْشَدِي kurq naŋ kəvxədi — قاتتىق
نەرسە يۇمشىدى (كَفْشار ـ كَفْشاماك kəvxər_kəvxəmək).
خېمىرى ئوخشىغان، ئوبدان پىشۇرۇلغان مايلىق نانىى
«كَفْشَاك اَتْماك kəvxək ətmək» دېيىش شۇلىگەدىن
ئېلىنغان.

تَسْغادِي tasqadi تارس قىلىپ ئۇردى، تەستەكلىدى؛
شاپىلاقلىدى. اُلْ اَنِي تَسْغادِي ol anī tasqadī —
ئۇ ئۇنى تەستەكلىدى (تَسْغار ـ تَسْغاماق tasqar - 
tasqamak).

سَتْغادِي satqadi چەيلىدى، دەسسىدى؛ كېسىپ ئۆتتى.
خالاس قىلدى. اُلْ اَناكْ بِيْنِ سَتْغادِي ol anïŋ —
boynïn satqadi ئۇ ئۇنىڭ بوينىنى دەسسىدى،
يەنى ئۇنى كەمسىتتى. بِيرْ يُولْ بِيرِكْ سَتْغادِي bir —
yol birig satqadi بىر يول بىر يولنى كېسىپ
ئۆتتى، يەنى جەنۇپتىن كەلگەن يول غەربتىن كەلگەن
يولنى كېسىپ ئۆتتى. اَلِمْ بِيرِمْنِي سَتْغادِي alīm —

ئېلىمنى بىلەن بېرىمنىنى خالاس *bərimni satqadī* قىلدى (سَتْغَارْ ـ سَتْغَامَاقْ *satqar - satqamak*)· شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

آزُنْ تُنِي كُنْدُوزِي يَلْكِنْ كَجَارْ
كِمْنِي قَلِي سَتْغَسَا كُوجِنْ كَفَارْ

*azun tüni kündüzi yəlkin kəqər*
*kimni kali satqasa küqin kavər*

[زاماننىڭ تۈن ـ كۈنلىرى يولۇچىلاردەك ئۆتىدۇ،
ئۇ كىمنى دەسسە، شۇنىڭ كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ.]

زاماننىڭ كۈن ۋە تۈنلىرى خۇددى يولۇچىلاردەك ئۆتىدۇ؛ ئۇ كىمنى چەيلىسە، شۇنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ. بۇ سۆز يول ۋە قەرز ھەققىدە ئېيتىلىدۇ. ئوغۇزچە.

سِتْغَادِي sitqadi شىمايلىدى. اُلْ قُولِنْ سِتْغَادِي — *ol kolin sitqadi* ئۇ قولىنى (يېڭىنى) شىمايلىدى (سِتْغَارْ ـ سِتْغَامَاقْ *sitqar - sitqamak*)·

بَدْغَادِي badqadi چاپۇتلىدى، چىماق سالدى. اُلْ آتِنْكْ

آذاقِن بَدْغادي ol aniŋ ažakin badƣadi — ئۇ ئۇنىڭ
ئايىغىنى چاپۇتلىدى. بۇ سوز «بَغْدادي baƣdadi»
دەپ ھەرپ ئالماشتۇرۇپمۇ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ
(بَدْغارْ - بَدْغاماقْ badƣar - badƣamak).

**بُلْغادي** bulƣadi بۇلغىدى؛ ئارىلاشتۇردى؛ غەش قىلدى.
اُلْ سُوْقِغْ بُلْغادي ol suvuq bulƣadi — ئۇ سۇنى
بۇلغىدى. اُلْ تُتْماجْ بُلْغادي ol tutmaq bulƣadi —
ئۇ (قازاندىكى) تۇتماچنى (چوپنى) ئارىلاشتۇردى.
باشقىلاردىمۇ شۇنداق. بوتقا ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش
نەرسىلەرنىڭ ئاستى - ئۈستىنى تەكشى پىشۇرۇش ئۈچۈن
ئارىلاشتۇرسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ. اُلْ اَرْ اَنِنْكْ كُنْكُلِنْ بُلْغادي
ol ər aniŋ kəŋlin bulƣadi — ئۇ ئادەم ئۇنىڭ
كۆڭلىنى بۇلغىدى، غەش قىلدى. بۇ سوزنىڭ ئەسلى مەنىسى
تەبىئەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان تاماق يېيىشتىن، ئادەمنىڭ
كۆڭلى ئاينىپ، قۇساي دەپ قىلىشىدۇر.

**تَلْغادي** tolƣadi① تولغىدى، تاقىدى؛ ئورىدى. قِيزْ يِنْجُو

---

① بۇ پېئىل يازما نۇسخىدا «تَلْغادي» شەكلىدە يېزىلغان. بىز
بۇ پېئىلنى ئەرەپچە مەنىسى ۋە ئىككىنچى، ئۈچىنچى مىساللار-
دىكى شەكلىگە ئاساسەن، «tolƣadi» دەپ ئالدۇق.

تَلْغادي *kïz yinqü tolqadi* — قىز ئۈنچە تاقىدى، يەنى قىز ئۈنچە ۋە باشقا نەرسىلەردىن ياسالغان سىرغا تاقىدى. اُلْ يُونْكْ تُلْغادي *ol yuŋ tolqadi* — ئۇ يۇڭ تولغىدى. اَنِكْ قَرْنِي تُلْغادي *aniŋ karni tolqadi* — ئۇنىڭ قوسىقى تولغىدى، يەنى ئىچ ئۆتكۈ ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلاردىن قوسىقى تولغىدى (تُلْغارْ ـ تُلْغاماقْ *tolqar - tolqamak*).

قَرْغادي karqadi قاغىدى ~ قارغىدى. تَنْكْرِي اَنِي قَرْغادي *taŋri ani karqadi* — ئۇلۇغ تەڭرى ئۇنى قاغىدى (قَرْغارْ ـ قَرْغاماقْ *karqar - karqamak*).

قُرْغادي kurqadi قۇرغىدى. يِيرْ قُرْغادي *yər kurqadi* — (يامغۇرنىڭ ئازلىقىدىن) يەر قۇرغىدى (قُرْغارْ ـ قُرْغاماقْ *kurqar - kurqamak*).

قِزْغادي kïzqadi دەككە بەردى، ئەدەۋىنى بەردى. بَكْ اَنِي قِزْغادي *bəg ani kïzqadi* — بەگ ئۇنىڭغا دەككە بەردى، ئۇنىڭغا قوپاللىق قىلدى، قوغلىدى (قِزْغارْ ـ قِزْغاماقْ *kïzqar - kïzqamak*). كورمەمسىز، تۈركلەر ئەزىز ۋە ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ لەنىتى بىلەن بەندە-

نىڭ ئۆزىگە ئوخشاش بەندىنى قوغلىشىنىڭ ئارىسىنى قانداق پەرقلەندۈرگەن. ئالدىنقىسىنى فەتھە①، كېيىنكىسىنى كەسرە قىلغان.

قَرْڤادى karvadï ئىزدەشتۈردى، تىمىسقىلىدى. اُلْ قَرَنْكُودا قَرْڤادى — *ol karaŋkuda karvadï* ئۇ قاراڭغۇدا تىمىسقىلىدى، يەنى قاراڭغۇدا بىر نەرسىنى قولى بىلەن ئىزدەشتۈردى (قَرْڤار - قَرْڤاماق ***karvar - karvamak***). بۇ سۆز «قَرْوادي» شەكلىدىمۇ قوللىنىلىدۇ. يۇقۇرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، يۇمشاق «ڤ - *v*» بىلەن كەلگەن سۆزلەرنى ھەممە يەردە «و - *w*» بىلەن ئالماشتۇرغىلى بولىدۇ.

تَلْكادي tælgædi تەرگىدى، خاپا قىلدى. اُلْ آتاسِن بُلْغادِي تَلْكادي — *ol atasïn bulqadï tælgædi*② ئۇ ئاتىسىنى

---

① بۇ يەردە ئاپتور بۇنىڭدىن بىر سۆز ئاۋال ئۆتكەن «قَرْغادى *karqadï*» دېگەن سۆزنى كۆزدە تۇتىدۇ. بۇلاردىكى پەرق بىرىنىڭ فەتھەلىك، بىرىنىڭ كەسرىلىك بولۇشىدا دېگىنىگە قارىغاندا، بۇ سۆز «قِرْغادي» بولۇشى كېرەك ئىدى، بىز ئۆزگەرتمىدۇق.

② يازما نۇسخىدا بۇ ئېپىل مىسال ئېلىنغان جۈملىدە كۆرسىتىلمىگەن. ئاپتورنىڭ «تَلْكادي *tælgædi*» سۆزى يالغۇز قوللە-

تەرگەپ خاپا قىلدى. «تَلْكادى *təlgədi*» سوزى يالغۇز قوللىنىلمايدۇ، يۇقۇرقىدەك جوپ سوز قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ (تَلْكار - تَلْكاماك *təlgər - təlgəmək*).

بَتْلادى patladi پاتىلىدى. اَلْ بُوزْنى بَتْلادى *ol bəzni* — *patladi* ئۇ بوزنى (پات بىلەن) پاتىلىدى (بَتْلار - بَتْلاماق *patlar - patlamak*).

بُتْلادى putladi پۇتىنى چىشلىدى. اِتْ اَرِكْ بُتْلادى *it ərig putladi* — ئىت ئادەمنىڭ پۇتىنى چىشلىدى. بىر ئادەم باشقا بىر ئادەمنىڭ پاچىقىغا ئۆرسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (بُتْلار - بُتْلاماق *putlar - putlamak*).

بِتْلادى pitlədi پىت باقتى. آرْ بِتْ بِتْلادى *ər pit* —

---

ىلمايدۇ» دېگىنىگە، شۇنىڭدەك بۇ پېئىلنىڭ كەلگۈسى زامانى «تَلْكار، تَلْكاماك» شەكلىدە بېرىلگىنىگە قارىغاندا، بۇ يەردە كۆرسىتىلمەكچى بولغان پېئىلنىڭ «تَلْكادى *təlgədi*» ئىكەن-لىكى ئېنىق، بىز جۈپ سوزنىڭ بىرىنچى تەركىۋى «بُلْغادى *bulqadi*» بېرىلىپ، ئىككىنچى تەركىۋى «تَلْكادى *təlgədi*» ئۇنتۇلغان دەپ ھېساپلاپ، مىسال ئېلىنغان جۈملىگە بۇ پېئىلنى قوشۇپ قويدۇق.

pitlədi ئادەم پەست باقتى (بِتْلارْ - بِتْلاماكْ - pitlər
pitləmək).

بُزْلادي bozladi بوزلىدى. تِتِرْ بُزْلادي titir bozladi —
ھىنگان بوزلىدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (بُزْلارْ - بُزْلاماقْ
bozlar - bozlamak).

بَشْلادي baxladi باشلىدى، باشلامچىلىق قىلدى. آرْ اِيشْ
بَشْلادي ər ix baxladi — ئادەم ئىش باشلىدى.
اُلْ يولْ بَشْلادي ol yol baxladi — ئۇ يول باش-
لىدى. اُلْ سو بَشْلادي ol sü baxladi — ئۇ قوشۇن
باشلىدى، يەنى قوشۇنغا باشلامچىلىق قىلدى (بَشْلارْ① -
بَشْلاماقْ baxlar - baxlamak).

بَغْلادي baqladi باغلىدى. اُلْ اُتُنَكْ بَغْلادي ol otuŋ baqladi — ئۇ ئوتۇن باغلىدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق
(بَغْلارْ - بَغْلاماقْ baqlar - baqlamak).

بُغْلادي boqladi بوغدى، بوغۇچىلىدى. اُلْ تُونْ بُغْلادي
ol ton boqladi — ئۇ توننى بوغدى، بوغۇچىلىدى

① يازما نۇسخىدا بۇ پېئىلنىڭ كەلگۈسى زامانى بىرىنچى مىسالدىن
كېيىنلا بېرىلگەن. بىز ئورنىنى يۆتكەپ قويدۇق.

(بُغلاژ ـ بُغلاماق boqlar ـ boqlamak). تولنى بوخچا قىلىپ تۇگۇش بىلەن باشقا نەرسىلەرنى باغلاش پەرقلە ـ
دۈرۈلىدۇ. گالدىنقىسىدا «ب ـ b» ھەرپى فەتھىلىك، كىيىنكىسىدە زەممىلىك كېلىدۇ.

بۇقْلادى bokladi تېزەكلىدى، مايا قىلدى. يِلقِي بُقْلادى yilki bokladi — ھايۋان تېزەكلىدى. ئوغۇزچە (بُقلاژ ـ بُقلاماق boklar ـ boklamak).

بَكْلادى bəkladi ساقلىدى؛ بېكىتتى، ئەتتى. اُلْ نانكِنْ بَكْلادى ol nəŋin bəkladi — ئۇ نەرسىسىنى ساقلى ـ
دى، كۈزەتتى. اُلْ قَبغِنْ بَكْلادى ol kapuqin bəkladi — ئۇ ئىشىگىنى بېكىتتى. ھەرقانداق نەرسىنى قاتتىق باغلىسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (بَكْلاژ ـ بَكْلاماك bəklar ـ bəkləmək).

بَكْلادى bəgladi بەگ ھېساپلىدى، بەگ دەپ بىلدى. اُلْ اَنِي بَكْلادى ol ani bəgladi — ئۇ ئۇنى بەگ ھېساپلىدى، ئۇنى بەگ دېدى (بَكْلاژ ـ بَكْلاماك bəglər ـ bəgləmək).

تَبْلادى tapladi ياراتتى، ماقۇل كوردى. اُلْ تونُغْ تَبلادى

(تَزْلار ـ تَزْلاماقْ ـ tazlar ـ tazlamak).

تُزْلادي tuzladi تۇزلىدى. اُلْ آتْ تُزْلادي — ol at tuzladi ئۇ ئەت (گوش) تۇزلىدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (تُزْلارْ ـ تُزْلاماقْ tuzlar ـ tuzlamak).

تِزْلادي tizlədi تەزلىدى، دىسلىدى. بُغْرا اَرِكْ تِزْلادي — buqra ərig tizlədi بۇغرا ئادەمنى تېزلىدى، يەنى ئادەمنى تېزى بىلەن يېسۈيلىپ دىسلىدى. بىر كىم بىر نەرسىنى تېزى بىلەن دىسلىسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (تِزْلارْ ـ تِزْلاماكْ tizlər ـ tizləmak[1]).

تَشْلادي taxladi تاش بىلەن ئۇردى. اُلْ اِتِغْ تَشْلادي — ol itiq taxladi ئۇ ئىتنى تاش بىلەن ئۇردى.

تَشْلادي taxladi تاشلىدى، چەتلەندى. اَرْ تَشْلادي — ər taxladi ئادەم چەتلەندى،يەنى يۇرتىنى تاشلاپ مۇساپىر بولۇپ چىقىپ كەتتى (تَشْلارْـ تَشْلاماقْ taxlar ـ taxlamak).

---

① يازما نۇسخىدا بۇ يېلىنىڭ مەستىرى ئاۋال «ق ـ k» بىلەن يېزىلىپ، كېيىن، «ك ـ k» گە ئۆزگەرتىلگەن. بىز ئۆنىڭ مەستىرىنى يازما نۇسخا 434 ـ بەتتىكى مەجبۇرى دەرىجىسىگە ئاساسەن، «ك ـ k» بىلەن ئالدۇق.

تُشْلادِمْ tuxladïm تۇشلىدىم، ئۇدۇللىدىم، ئۇدۇللاشتىم.

مَنْ آنِي تُشْلادِمْ — *mən anī tuxladïm* — مەن ئۇنىڭغا
ئۇدۇللاشتىم، ئۇدۇدۇلمۇ - ئۇدۇل تۇردۇم (تُشْلارْمَنْ - تُشْلاماقْ
*tuxlarmən - tuxlamak*).

تِشْلادِي tixlədi چىشلىدى. اُلْ آنِي تِشْلادِي — *ol anī*
*tixlədi* ئۇ ئۇنى چىشلىدى. بىر كىم باشقا بىرسىنىڭ
چىشىغا ئۇرسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (تِشْلارْ - تِشْلاماكْ
*tixlər - tixləmək*).

تَغْلادِي taoqladī داغلىدى، تامغىلىدى، تامغا باستى. اُلْ آتِنْ
تَغْلادِي — *ol atīn taoqladī* — ئۇ ئېتىنى داغلىدى، تام-
غىلىدى (تَغْلارْ - تَغْلاماقْ *taoqlar - taoqlamak*). ئاتتىن
باشقا ھايۋانلارغا تامغا باسسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ. بۇ
تۈپ سۆز ئەمەس.

تُغْلادِي tuoqladī تۇغ تۇتتى، ئەتتى، توستى. اُلْ يارَغْ تُغْلادِي
— *ol yaraoq tuoqladi* — ئۇ يارغا تۇغ ئەتتى (تُغْلارْ -
تُغْلاماقْ *tuoqlar - tuoqlamak*).

تُمْلِيدِي tumlïdi توڭلىدى، مۇزلىدى. سُوفْ تُمْلِيدِي — *suv*
*tumlïdi* — سۇ توڭلىدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (تُمْلِيرْ -

تۇملىماق (*tumlīr - tumlīmak*)، ھېردا مۇنداق كەلگەن:

كُرْدِي مَنِي اَمْلَيُو
بَقْتِي مَنْكَا اِمْلَيُو
قَلْدِمْ كُنْكُلْ تُمْلِيُو
قَدْغُو مَنِي تُرْغُرُور

*kərdi məni əmləyü*
*bakti maŋa imləyü*
*kaldīm kəŋül tumlīyu*
*kadoqu məni turqurur*

[كورۇپ مېنى ئەمىلىدى،
ماڭا قاراپ ئىمىلىدى،
كوڭلۇم توڭلىغان پېتى قالدىم،
قايغۇ مېنى ھارغۇزىدۇ.]

سۆيگىنىم مېنى بىر بېقىش بىلەنلا داۋالىغان، ماڭا ئىشارەت بىلەن سالام بەرگەن ئىدى؛ ئەمدى ئۇنىڭ تەسىرىدە يەتكەن جاپا - مۇشەققەت ۋە قايغۇ - ئەلەملەر سەۋەبىدىن قەلبىم توڭلاپ كەتتى، قايغۇ مېنى ئېغىرلاشتۇرۇۋاتىدۇ.

جَرْلادى qarladï چىقىراپ يىغلىدى؛ نەرە تارتتى. اُغْلانْ جَرْلادى — oqlan qarladï — بالا يىغلىدى. يَنكانْ جَرْلادى — yaŋan qarladï — پىل نەرە تارتتى (جَرْلارْ - جَرْلاماقْ qarlar - qarlamak).

جُغْلادى quoqladï: بۇ سوز «جَرْلادى qarladï» سوزىگە ئوخشاش پىلنىڭ نەرە تارتىشىنى بىلدۈرىدۇ (جُغْلارْ - جُغْلاماقْ quoqlar - quoqlamak).

جُغْلادى qooqladï بوغچىلىدى. اُلْ تُونُغْ جُغْلادى — ol tonuq qooqladï — ئۇ تونىنى- يىغىشتۇرۇپ باغلىدى، بوغچىلىدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (جُغْلارْ- جُغْلاماقْ qooqlar - qooqlamak).

جِغْلادى qïoqladï چىپىلدى، گەزلىدى، ئۆلچىدى. اُلْ بُوزْ جِغْلادى — ol bez qïoqladï — ئۇ (تۇرك كىيزى بىلەن) بوز گەزلىدى (جِغْلارْ - جِغْلاماقْ qïoqlar - qïoqlamak).

جُفْلادى quvladï شىلاشتى، شۇلاشتى. آتْ جُفْلادى — at quvladï ئەت شۇلاشتى، يەنى گوش بۇمشاق پىشماي، شىلىشىپ قالدى (جُفْلارْ - جُفْلاماقْ quvlar - quvlamak).

جِنْلادي qïnladï چىنلىدى، ھەقىقەتلىدى، تەھقىقلىدى. اُلْ اِيشِغْ جِنْلادي *ol ïxïq qïnladï* — ئۇ ئىشنى تەھقىقلىدى (جِنْلارْ - جِنْلاماقْ *qïnlar - qïnlamak*).

سَبْلادي saplädï ساپلىدى. آرْ قِلِجْ سَبْلادي *ər kïlïq* — *saplädï* ئادەم قىلىچ ساپلىدى. ھەرقانداق نەرسىنى ساپلىسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (سَبْلارْ - سَبْلاماقْ *saplar - saplamak*).

سَرْلادي sarladï ئورىدى، يۇگىدى. اُلْ سُڤْلُقْ سَرْلادي *ol suvluk sarladï* — ئۇ سەللە ئورىدى. آذاقِنكا يِرْكانْجُو سَرْلادي *azakïŋa yərgənqü sarladï* — پۇتىغا پايتىما يوگىدى. ھەرقانداق بىر نەرسە بىر نەرسىنىڭ ئۈستىگە ئورالسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (سَرْلارْ - سَرْلاماقْ *sarlar - sarlamak*).

سِرْلادي sïrladï سىرلىدى. آياقْجي آياقْ سِرْلادي *ayakqï* — *ayak sïrladï* كۇلال ئاياق (ئىدىش) سىرلىدى، يەنى ئاياقنى نەقىشلەش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا سىر بەردى (سِرْلارْ - سِرْلاماقْ *sïrlar - sïrlamak*).

سُوزْلادي sɵzlədi سوزلىدى. اُلْ مَنكا سُوزْ سُوزْلادي —ol

maŋa sɵz sɵzlədi ئۇ ماڭا سوز سوزلىدى (سُوزْلارْ -

سُوزْلاماكْ sɵzlamək - sɵzlər).

سِزْلادي sïzladï سىزلىدى، سىقىرىدى. آنِكْ تِيشي بُوزْدِنْ

سِزْلادي sïzladï buzdun tïxï anïŋ — ئۇنىڭ چىشى

مۇزدىن سىزلىدى، يەنى ئۇنىڭ چىشى مۇز يېيىشتىن

ياكى سوغۇق سۇ ئىچىشتىن سىزلىدى. آرْنِكْ سُنكُوكِي

سِزْلادي sïzladï səŋüki ərniŋ — ئادەمنىڭ سۆڭىكى

ئاغرىقتىن سىقىرىدى (سِزْلارْ - سِزْلاماقْ - sïzlar

sïzlamak).

سُغْلِدي soqlïdï قولىنى تىقتى. آرْ قُوينْكا سُغْلدِي ər —

soqlïdï koyŋa ئادەم قوينىغا قولىنى تىقتى①. يەنى

بىر نەرسە ئاختۇرۇش ئۈچۈن، قولىنى قوينىغا تىقتى

(سُغْلِيرْ - سُغْلِيماقْ soqlïmak - soqlïr). باشقىلاردىمۇ

شۇنداق.

① ئەرەپچىدىن قارىغاندا، بۇ جۈملىنىڭ توغرىسى «آرْ آلكِنْ قُوينْكا سُغْلدِي» بولۇشى كېرەك ئىدى. بىز ئەسلىنى ئۆزگەرتمىدۇق.

**سَڤْلادي** savladï سوزلىدى. اُلْ تَلِمْ سَڤْلادي *ol təlim* —
*savladï* ئۇ جىق سوزلىدى. بىر كىم ھىكمەتلىك سوز-
لەرنى سوزلىسىمۇ شۇنداق دىيىلىدۇ (سَڤْلارْ- سَڤْلاماقْ
*(savlar - savlamak*.

**سُڤْلادي** suvladï سۇ ئىچتى؛ سۇلىدى، سۇ قۇيدى. آتْ
سُڤْلادي *at suvladï* — ئات سۇ ئىچتى. باشقىلاردىمۇ
شۇنداق. آرْ تِتِكْ سُڤْلادي *ər titik suvladï.* —
ئادەم لاي سۇلىدى، يەنى لايغا سۇ قۇيدى. باشقىلاردىمۇ
شۇنداق (سُڤْلارْ - سُڤْلاماقْ *suvlar - suvlamak*).

**سَمْلادي** samladï داۋالىدى. اُلْ آني آمْلادي سَمْلادي *ol*—
*anï əmlədi samladï* ئۇ ئۇنى ئەملىدى - داۋالىدى.
بۇ سوز يالغۇز قوللىنىلمايدۇ، مۇشۇنداق جۇپ سوز بولۇپ
قوللىنىلىدۇ (سَمْلارْ- سَمْلاماقْ *samlar - samlamak*).

**سُمْليدي** sumlïdi كالدىرلىدى. آرْ سُمْليدي *ər sumlïdï* —
ئادەم كالدىرلىدى، يەنى ئۆزىدىن باشقا ئادەم بىلمەيدىـ
غان، تۈركچىدىن باشقا بىر تىلدا سوزلىدى (سُمْليرْ-
سُمْليماقْ *sumlïr - sumlïmak*).

**سَنْلادي** sənlədi سەنلىدى. اُلْ آني سَنْلادي *ol anï* —

*sanladi* ئۇ ئۇنى سەنلىدى، يەنى ئۇنىڭغا ئۆزىدىن تۆۋەن تۇرىدىغانلارغا ئىشلىتىلىدىغان سۆز بىلەن خىتاپ قىلدى (سَنْلارْ ـ سَنْلاماكْ *sanlar - sanlamak*). بۇ سۆز «سەن» مەنىسىدىدۇر. بۇنداق ئورۇندا خىتاپ ئۈچۈن، كۆپىنچە «سِزْلادِي *sizladi*» سۆزى ئىشلىتىلىدۇ، بۇنىڭ ئەسلى مەنىسى «سىلەر (سىلى)» دېگەن بولىدۇ. بۇ خاقانىلارغا قارىتىپ ئېيتىلىدىغان خىتاپ سۆزى بولۇپ، ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ «اِنّا اَنْزَلْناهُ» دېگەن سۆزىگە ئوخشايدۇ.

**قَرْلادِي** karladi قار ياغدۇردى، قار ياغدى. بُلُتْ قَرْلادِي — *bulut karladi* بۇلۇتتىن قار ياغدى (قَرْلارْ ـ قَرْلاماقْ *karlar - karlamak*).

**قُرْلادِي** kurladi قۇر باغلىدى، پوتا باغلىدى. اُلْ قَفْتانِغْ قُرْلادِي — *ol kaftaniq kurladi* ئۇ تونىغا پوتا باغلىدى، يەنى تونىغا بەلۋاغ ئېلىپ باغلىدى (قُرْلارْ ـ قُرْلاماقْ *kurlar - kurlamak*).

**قِرْلادِي** kirladi قىرلىدى، چولەك تارتتى. اُلْ يِيرِكْ قِرْلادِي — *ol yərig kirladi* ئۇ يەرگە چولەك تارتتى، يەنى ئوغۇن ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنى ئېرىش ئۈچۈن يەرگە چولەك تارتتى. ئېتىزغا قىر تارتىشمۇ شۇنداق

دېيىلىدۇ (قىرلار ـ قىرلاماق kirlar - kirlamak).

**قاشلادى** kaxladi قاشلىدى. ئارىق قاشلادى — *arik kaxladi* ئېرىق قاشلىدى، ئېرىققا قاش ياسىدى. بىر كىم بىرسى ـ نىڭ قېشىغا ئۆرسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (قاشلار ـ قاشلاماق *kaxlar - kaxlamak*).

**قۇشلادى** kuxladi قۇشلىدى؛ قۇش ئوۋلىدى. بەگ قۇشلادى — *bəg kuxladi* بەگ قۇش ئوۋلىدى (قۇشلار ـ قۇشلاماق *kuxlar - kuxlamak*).

**قىشلادى** kixladi قىشلىدى. ئەر ئاۋىندا قىشلادى — *ər əvində kixladi* ئادەم ئۆيدە قىشلىدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (قىشلار ـ قىشلاماق *kixlar - kixlamak*).

**قىنلادى** kinladi قىنلىدى، غىلاپلىدى. ئول بىچاك قىنلادى *ol piqək kinladi* ئۇ پىچاق قىنلىدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (قىنلار ـ قىنلاماق *kinlar - kinlamak*).

**كۆتلادى** kətlədi كوت قىلدى. ئوغلانىڭ كۆتلادى — *oɣlaniŋ kətlədi* بالىنى كوت قىلدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (كۆتلار ـ كۆتلاماك *kətlər - kətləmək*).

كَژْلادى kəžlədi تىرىشتى، ئىجتىھات قىلدى. ئَرْ كَژْلادى — ər kəžlədi ئادەم ئىجتىھات قىلدى، يەنى تىرىشىپ كۈچلۈكلەرنىڭ ئىشىنى قىلدى (كَژْلارْ ـ كَژْلاماكْ kəžlər ـ kəžləmək).

كَزْلادى kəzlədi گەزلىدى، گەز چىقاردى، كىرتىك چىقاردى؛ بەتلىدى. اُلْ اُقِنْ كَزْلادى —ol okïn kəzlədi ئۇ ئوقىغا گەز چىقاردى، گېزىنى تۈزەتتى (كَزْلارْ ـ كَزْلاماكْ kəzlər ـ kəzləmək). قازانىڭ قاسىقىنى چىقارسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ.

كُزْلادى kəzlədi كوزىگە ئۇردى. اُلْ آنِي كُزْلادى — ol ani kəzlədi ئۇ ئۇنىڭ كوزىگە ئۇردى (كُزْلارْ ـ كُزْلاماكْ kəzlər ـ kəzləmək).

كِزْلادى kizlədi يوشۇردى. اُلْ كِزْلادى نانكْنِى — ol kizlədi nəŋni ئۇ نەرسىنى يوشۇردى (كِزْلارْ ـ كِزْلاماكْ kizlər ـ kizləmək).

كَسْلادى kəslədi چالىملىدى، چالما ئاتتى. اُلْ اِتِغْ كَسْلادى — ol itïq kəslədi ئۇ ئىتقا چالما ئاتتى (كَسْلارْ ـ كَسْلاماكْ kəslər ـ kəsləmək).

جىڭگىر - جىڭگىر يۈگەن — *yügün qiŋil qiŋil atti*
قىلدى. مۇشۇنىڭغا ئوخشايدىغان ھەرقانداق تاۋۇشقىمۇ
شۇنداق دېيىلىدۇ.

سِنكِيلْ siŋil سىڭىل. ئەرلەرنىڭ ئۆزىدىن كىچىك قىز
قېرىندىشى.

كُنكُلْ kəŋül كۆڭۈل، قەلب، زېرەكلىك، ھوشيارلىق. زېرەك
ئادەمنى «كُنكُلْلُكْ آرْ *kəŋüllüg ər*» دېيىش شۇنىڭ-
دىن ئېلىنغان. ماقالىدا مۇنداق كەلگەن: كُوزْدَنْ يِراسا
كُنكُلْدَنْ يَما يِرارْ — *kəzdən yirasa kəŋüldən yamə*
*yirar* كۆزدىن يىراق، كۆڭۈلدىن يىراق، يەنى دوستلار
كۆزدىن يىراقلاشسا، كۆڭۈلدىنمۇ يىراقلىشىدۇ. كُنْكُلُنْكْ نَتَكْ
— *kəŋlüŋ nətəg* كۆڭلۈڭ قانداق.

## بۇ باپتىكى مۇزائەفلەر

تَنكَكْ təŋək[1] ھاۋا.

---

① بۇ سۆز يازما نۇسخىدا ھەرىكىسىز ۋە بىرىنچى ھەرپى چېكىتسىز يېزىل-
غان. بۇ ھەقتە بېسىم ئاتالاي مۇۋاپىق ئىزاھ بەرگەن (تۈركچە
نەشرى، 3 - توم 366 - بەت). بىز بۇ ئىزاھنى توغرا تېپىپ،
بۇ سۆزگە «*təŋək*» دەپ ترانسكرىپسىيە بەردۇق.

كُكْلادي kəklədi كوكلىدى. اُلْ آذَرْ كُكْلادي *ol azər*—
*kəklədi* ئۇ ئېگەر كوكلىدى. (كُكْلارْ- كُكْلاماكْ
*kəklər - kəkləmək*).

كُكْلادي kəklədi كوك يىدى. يِلْقِي كُكْلادي *yilki*—
*kəklədi* مال كوك يىدى (كُكْلارْ - كُكْلاماكْ - *kəklər*
*kəkləmək*).

كُكْلادي küglədi كۆيلىدى، ناخشا ئېيتتى. آرْ كُكْلادي
*ər küglədi* — ئادەم كۆيلىدى، يەنى مۇڭلۇق ئاھاڭ
بىلەن ناخشا ئېيتتى (كُكْلارْ - كُكْلاماكْ - *küglər*
*küggləmək*).

كَمْلادي kəmlədi كېسەل بولدى، ئاغرىدى. آتْ كَمْلادي
*at kəmlədi* — ئات كېسەل بولدى، ئاغرىدى.
« كَمْلانْدي *kəmləndi*» مۇ دېيىلىدۇ (كَمْلارْ - كَمْلاماكْ
*kəmlər - kəmləmək*).

مُنْلادي münlədi شورپىلاندى، شورپا ئىچتى. آرْ مُنْلادي
*ər münlədi* — ئادەم شورپىلاندى (مُنْلارْ - مُنْلاماكْ
*münlər - münləmək*).

بُلْنادي bulnadi ئەسىر ئالدى. آرْ يَغِينِي بُلْنادي *ər* —

*bulnadi* *yaqini* ئادەم دۈشمەننى ئەسىر ئالدى
(بۇلنار - بۇلناماق *bulnar - bulnamak*).

**تۈگنادى** tügnədi داغلىدى. ئۆل باشىن تۈگنادى *ol baxin* —
*tügnədi* ئۇ يارىسىنى (ئوت بىلەن) داغلىدى (تۈگنار-
تۈگناماك *tügnər - tügnəmək*).

**چىكنادى** qəknədi كەشتىلىدى. قىز چىكىن چىكنادى *kiz* —
*qəknədi* *qəkin* قىز كەشتە كەشتىلىدى، يەنى قىز زەر
يىپ بىلەن يىپەك رەخت ئۈستىگە كەشتە تىكتى.

**چىگنادى** qignədi سورەم سالدى. ئار چىگنا چىگنادى *ər* —
*qignədi* *qignə* ئادەم سورەم سالدى (چىگنار-چىگناماك
*qignər - qignəmək*).

**سۆگنادى** səgnədi داۋالىدى. ئار سۆگۈل سۆگنادى *ər* —
*səgnədi* *səgül* ئادەم سوگەل داۋالىدى (سۆگنار -
سۆگناماك *səgnər - səgnəmək*).

**قەينادى** kaynadi قايىندى. ئار ئاڭار قەينادى *ər aŋar* —
*kaynadi* ئادەم ئۆلۈمگە قايىندى، يەنى ئادەم ئۆلۈمنىڭ
بۇيرۇغىدىن باش تارتتى، بۇيرۇغۇچىغا قارشى چىقىپ،
ئۆلۈمنىڭ سۆزىنى رەت قىلدى (قەينار - قەيناماق - *kaynar*
*kaynamak*).

قَسْنادي kasnadï جاقىلدىدى. ئاز تُمْلُقْقا قَسْنادي — ər tumluqka kasnadï ئادەم سوغۇقتىن جاقىلدىدى، يەنى سوغۇقتىن ئادەمنىڭ ئۇنگەكلىرى جاقىلداپ كەتتى. ئەت سوغۇققا چىدىماي غىڭشىسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (قَسْنار ـ قَسْناماق kasnar – kasnamak).

قَلْنُودي kalnudï قىلمىنلىدى. يُقْقا نانىك قَلْنُودي — yulka nəŋ kalnudï يۇپقا (نېپىز) نەرسە قىلمىنلىدى (قَلْنُور ـ قَلْنُوماق kalnur – kalnumak).

قُلْنادي kulnadï قۇلۇنلىدى. قِسْراق قُلْنادي — kïsrak kulnadï بايتال قۇلۇنلىدى (قُلْنار ـ قُلْناماق kulnar – kulnamak).

كِشْنادي kixnədi كىشنىدى. اَتْ كِشْنادي — at kixnədi ئات كىشنىدى. قَتِرْ كِشْنادي — katïr kixnədi — خېچىر كىشنىدى (كِشْنارْ ـ كِشْناماكْ kixnər – kixnəmək).

## بۇ باپتىكى مىساللار

يَسْتادي yastadi يۆلىدى، قويدى؛ دالدىلىدى. اُلْ اَنكَرْ

يَسْتُق يَسْتَادِي *ol aŋar yastuk yastadï* — ئۇ ئۇنىڭغا ياستۇق يۆلىدى. اُلْ مَنْكا سُوزْ يَسْتَادِي — *ol maŋa sөz yastadï* ئۇ ماڭا سوز دارىتمىلىدى، يەنى ياپتا سوز قىلدى (يَسْتَار - يَسْتَاماق *yastar - yastamak*).

يُنْجِيدي yunqïdi نامراتلاشتى، خاراپلاشتى، ياماىلاشتى.

اَرْ يُنْجِيدي *ər yunqïdï* — ئادەم نامراتلاشتى، يەنى يوقسۇزلۇقتىن ئادەمنىڭ ھالى خاراپلاشتى. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

بِلْكا بُكُو يُنْجِيدي
اَزُنْ اَتِي يَنْجِدي
اَرْدَمْ اَتِي تِنْجِدي
يَرْكا تَكِبْ سُرْتُلُورْ

*bilgə bөgü yunqïdï*
*azun əti yanqïdï*
*ərdəm əti tinqïdï*
*yərgə təgip sürtülür*

[بىلىملىكلەر، ئاقىللار خاراپلاشتى؛
دۇنيا (ئۇلارنىڭ) گوشىنى غاجىلىدى؛

ئەردەم گوشى بۇزۇلدى،
يەرگە تېگىپ سورۇلەر.]

زامانىنى چۈشەندۈرۈپ شۇنداق دەيدۇ: بىلىملىكلەر-
نىڭ ھالى خاراپلاشتى، زامان ئۇلارنى چىشلەپ تارتتى؛
ئەخلاق-پەزىلەتنىڭ گوشى بۇزۇلۇپ، ئاجىزلىشىپ كەت-
كەنلىكىدىن يەردە سورۇلۇپ يۈرمەكتە. «تَنجَدى
«tanqadï ① سوزىنىڭ ئەسلى «تَنجغادى «tanqqadï
دۇر. ئوغۇزلار بىلەن قىپچاقلار ئىسىملار ۋە پېئىللارنىڭ
ئوتتۇرىسىدا كەلگەن «غ - q» ھەرپىنى چۈشۈرۈپ قويىدۇ.
يَڤرىدى yavrïdi ئاجىزلىدى، ئورۇقلىدى. آر يَڤرىدى ar—
yavrïdï ئادەم ئاجىزلىدى، يەنى ئامراتلىق ياكى كېسەل-
لىك سەۋەبىدىن ئورۇقلىدى (يَڤرىر-يَڤرىماق - yavrïr
(yavrïmaq.

① بۇ پېئىل بۇ شېئىرنىڭ ئۈچىنچى مىسراسىدا ۋە دىۋاننىڭ
باشقا ئورۇنلىرىدا «تنجدى «tïnqïdï» شەكلىدە كورۈلىدۇ،
ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىمۇ «tïnqïdï» شەكلىدە قوللى-
نىلىدۇ. بۇ يەردە بولسا «تَنجَدى «tanqadï» پېئىلىنىڭ ئەسلى
«تَنجغادى «tanqqadï» دەپ، پېئىلنىڭ بىرىنچى ھەرپى كەس-
رىلىك ئەمەس، فەتھەلىك قىلىپ كورسىتىلگەن. بىز بۇنى
كوچۈرۈلۈشتىكى سەھۋەنلىكمىكىن، دەپ قارايمىز.

**يېسادى** yəysədi يېگۈسى كەلدى. ئۇل ئاتماك يېسادى *ol — ətmək yəysədi* ئۇ نان يېگۈسى كەلدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (يېسار ـ يېساماك *yəysər — yəysəmək*).

**يەپسادى** yapsadī ياپقۇسى كەلدى ~ ياققۇسى كەلدى؛ قويغۇسى كەلدى. ئار ئاتماك يەپسادى *— ər ətmək yapsadī* ئادەمنىڭ نان ياققۇسى كەلدى. ئىشىكنى ياپقۇسى كەلسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ. ئار توزاق يەپسادى *— ər tuzak yapsadī* ئادەمنىڭ (قۇشقا) تۇزاق قويغۇسى كەلدى (يەپسار ـ يەپساماق *yapsar — yapsamak*).

**يەتسادى** yatsadī ياتقۇسى كەلدى، ئۇخلىغۇسى كەلدى. ئار يەتسادى *— ər yatsadī* ئادەمنىڭ ياتقۇسى كەلدى (يەتسار ـ يەتساماق *yatsar — yatsamak*).

**يېتسادى** yətsədi يېتەكلىگۈسى كەلدى، يېتەكلىگىلى قويمىدى. ئۇل مەنى يېتسادى *— ol məni yətsədi* ئۇ ماڭا يېتەكلىگۈسى كەلدى (يېتسار ـ يېتساماك *yətsər — yətsəmək*).

**يەذسادى** yażsadī يايغۇسى كەلدى، سالغۇسى كەلدى؛ تارقات-

قۇسى كەلدى. اُلْ تُشاكْ يَذسادي *ol toxək yaźsadi* —
ئۆلۈك توشەك سالغۇسى كەلدى، توشەك سالاي دىدى.
اُلْ سُوسِنْ يَذسادي *ol süsin yaźsadi* — كۆڭلۈك
قوشۇننى تارقاتقۇسى كەلدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق.
خىمىر يايغۇسى كەلسىمۇ شۇنداق دىيىلىدۇ
(يَذسارْ ـ يَذساماق *yaźsar - yaźsamak*).

**يُذسادي** yoźsadi ئۇچۇرمەكچى بولدى. اُلْ بِتِكْ يُذسادي
*ol bitik yoźsadi* — ئۇ خەت ئۇچۇرمەكچى بولدى.
قىلىچتىن قالنى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنى سۇرت-
كۈسى كەلسىمۇ مۇشۇنداق دىيىلىدۇ (يُذسارْ ـ يُذساماق
*yoźsar - yoźsamak*).

**يَرْسيدي** yarsidi يىرگەندى، سەسكەندى. اُلْ يَرْسيدي
نانْكْنى *ol yarsïdï naŋni* — ئۇ بىر نەرسىدىن يىر-
گەندى (يَرْسيرْ ـ يَرْسيماق *yarsïr - yarsïmak*).

**يَزْسادي** yazsadi يەشكۈسى كەلدى. اُلْ قُورِينْ يَزْسادي
*ol kurïn yazsadi* — كۆڭلەك قۇرىنى يەشكۈ-
سى كەلدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (يَزْسارْ ـ يَزْساماق
*yazsar - yazsamak*).

**يَشْسادي** yaxsadi يوشۇرۇنغۇسى كەلدى. اُلْ مَنْدِنْ يَشْسادي

ol məndin yaxsadï — ئۇنىڭ مەندىن يوشۇرۇنغۇسى

كەلدى (يَشسار ـ يَشساماق yaxsar – yaxsamak).

يَغسادي yaqsadï ياغسىردى. أرْ يَغسادي ər yaqsadï —

ئادەم ياغسىردى (يَغسار ـ يَغساماق yaqsar–yaqsamak).

يَغسيدي yaqsïdi: يَغسيدي نانك yaqsïdï nəŋ — ئادەم

ياغ تەمنى تېتىدى①. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: يَقري

ياغي يَغسيماس yakrï yaqï yaqsïmas — چاۋا ياغ

سۇ يېغەنىنىڭ ئورنىنى باسالماس (يَغسير ـ يَغسيماق

yaqsïr – yaqsïmak). بۇ سوزنىڭ ئەسلى «ياغسادي

yaqsadï» بولۇپ، ئىدغام قىلىنغان②.

يُڤسادي yuvsadi يۇمۇلاتقۇسى كەلدى. اُلْ تپك يُڤسادي ol —

topik yuvsadï ئۇنىڭ توپ يۇمۇلاتقۇسى كەلدى. باشقى-

لاردىمۇ شۇنداق (يُڤسار ـ يُڤساماق yuvsar – yuvsamak).

يُڤسادي yüvsədi ياردەم قىلغۇسى كەلدى. اُل مَنكا تَقار

① بۇ جۇملىنىڭ مەنىسى «تەرسە ياغ تەمنى تالدى» بولۇشى كېرەك ئىدى، ئەمما ئەرەبچىدە «اى اخذ الرجل طعم الدهن» (ئادەم ياغ تەمىنى تېتىدى). دەپ بېرىلگەن. بىز ئۆزگەرتمىدۇق.

② توغرىسى «يېنىكلىتىلگەن» بولۇشى كېرەك ئىدى.

يۈۋسادى ol maŋa tavar yüvsədi — ئۇنىڭ ماڭا
تاۋار ياردەم قىلغۇسى كەلدى (يۈۋسار - يۈۋساماق yüvsər -
yüvsəmək)[①].

**يىقسادى** yïksadï يىقىتقۇسى كەلدى. ئۇ تام يىقسادى ol — tam yïksadï ئۇنىڭ تام يىقىتقۇسى كەلدى. باشقىلار-دىمۇ شۇنداق (يىقسار - يىقساماق yïksar - yïksamak).

**يۈكسادى** yüksədi يۈكسەلدى؛ ئۆزدىرىدى. يۈكسادى نانىڭ — yüksədi nəŋ نەرسە يۈكسەلدى (يۈكسار - يۈكساماك yüksər - yüksəmək).

**يۇمشادى** yumxadï يۇمشىدى. يۇمشادى نانىڭ — yumxadï nəŋ نەرسە يۇمشىدى (يۇمشار - يۇمشاماق yumxar - yumxamak).

**يالغادى** yaloqadï يالىدى. ئاياق يالغادى — ayak yaloqadï ئاياق (قاچا) يالىدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (يالغار -

---

① يازما نۇسخىدا بۇ پېئىلغا ھەرىكە قويۇلمىغان، شۇڭىدەك ئۇنىڭ مەستەر شەكلى ئاۋال «ق - k» بىلەن يېزىلىپ، كېيىن «ك - k» قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن. بىز بۇ پېئىلنىڭ مەنىسىگە ئاساسەن، «يۈۋدى — yüvdi ياردەم قىلدى» پېئىلىنىڭ خالاش رايى دەپ ھېساپلاپ «yüvsədi» دەپ ئالدۇق ۋە مەستىرىنى «ك - k» بىلەن بەردۇق.

يَلْغامَاقْ *(yalqar - yalqamak)*. ماقالدا مۇنداق كەلگەن:

يَقادَاقِي يَلْغاغالِي اَلِكْداكِي اِچْغِنُورْ — *yakadaki yalqaqali alikdaki iqqinur* ياقىدىكىنى يالايمەن دەپ، قولىدىكىدىن ئايرىلىپتۇ، يەنى ئادەم ياقىسىدىكى يۇقۇلدىنى يالايمەن دەپ ئاۋارە بولسا، قولىدىكى قاچا چۈشۈپ كېتىدۇ، يالىغۇچى قۇرۇق قالىدۇ. بۇ ماقال بىر نەرسىنى تاما قىلىپ قولىدىكىدىن مەھرۇم بولغان كىشىنى يوق نەرسىدىن ئۈمىت كۈتمەسلىككە، قولىدىكىنى چىڭ تۇتۇشقا ئۈندەپ ئېيتىلىدۇ.

يَلْڤادِي yalvadi يالىدى. اَرْ يَاغْ يَلْڤادِي — *ar yaq yalvadi* ئادەم ياغ يالىدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق. بۇ سۆز ئالدىنقى «يَلْغادِي *yalqadi*» سۆزىدىن كۆپ ئىشلىتىلىدۇ (يَلْڤارْ - يَلْڤامَاقْ *yalvar - yalvamak*).

يُرْكادِي yərgədi يۆگىدى، ئورىدى. اُلْ آذاقِنْ يُرْكادِي — *ol azakin yərgədi* ئۇ پۇتىنى يۆگىدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق. ھەرقانداق بىر نەرسىنى يۆگىسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (يُرْكارْ - يُرْكارْماكْ *yərgər - yərgəmak*[1]).

---

① بۇ مەستەر يازما نۇسخىدا «يُرْكارْماكْ» شەكلىدە بېرىلگەن. بىز ترانسكرىپسىيىدە تۈزىتىپ «*yərgəmək*» دەپ ئالدۇق.

يِپْلادي yïpladï يىپىلىدى، يىپ سالدى. اُزاغُتْ يُزِنْ
يِپْلادي — uraqut yüzin yïpladï — خوتۇن يۈزىنى يىپ-
لىدى (يِپْلارْ - يِپْلاماق yïplar - yïplamak).

يَتْلادي yatladï يادا قىلدى؛ ياتلىدى. ياتْچي يَتْلادي
yatqï yatladï — يادچى يامغۇر ياغدۇرۇش ئۈچۈن
يادا تاش بىلەن يادا قىلدى.

يَتْلادي yatladï ياتلىدى. اُلْ آني يَتْلادي — ol anï
yatladï ئۇ ئۇنى ياتلىدى، يات ھېساپلىدى (يَتْلارْ -
يَتْلاماق yatlar - yatlamak).

يِپْلادي yïpladï دارۋازلىق قىلدى. اَرْ يِپْلادي — ar
yïpladï ئادەم دارۋازلىق قىلدى، يەنى ئارغامچا ئۈستىدە
ئوينىدى (يِپْلارْ - يِپْلاماق yïplar - yïplamak).

يِذْلادي yïzladï يىدلىدى ~ ھىدلىدى، پۇرىدى. اُلْ يِپارْ
يِذْلادي — ol yïpar yïzladï — ئۇ ئىپار ھىدلىدى.
باشقىلاردىمۇ شۇنداق (يِذْلارْ - يِذْلاماقْ yïzlar -
yïzlamak).

يَرْلادي yarladï تۆكۈردى. اُلْ آنِكْ يُزِنْكا يَرْلادي — ol

ئۇ ئۇنىڭ يۈزىگە تۈكۈردى *anïŋ yüziŋə yarladï*
(يَرْلارْ - يَرْلاماق *yarlar - yarlamak*).

**يِرْلادى** yïrladï ئىرلىدى، چىرلىدى، ناخشا ئېيتتى. اَرْ يِرْلادى *ər yïrladï* — ئادەم ئىرلىدى، يەنى ناخشا ئېيتتى (يِرْلارْ - يِرْلاماق *yïrlar - yïrlamak*).

**يَشْلادى** yaxladï كۆك (ئوت) يېدى. اَتْ يَشْلادى *at yaxladï* — ئات (باھاردا) كۆك يېدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق. ئەسلى «باشلادى» دۇر. يېنىكلىتىش ئۈچۈن باشقا سۆزلەردىكىگە ئوخشاش ھەرپ چۈشۈرۈپ قالدۇرۇلغان (يَشْلارْ - يَشْلاماق *yaxlar - yaxlamak*).

**يَغْلادى** yaqladï ياغلىدى. اُلْ قُغْشْ يَغْلادى *ol koqux yaqladï* — ئۇ قېيىش ياغلىدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (يَغْلارْ - يَغْلاماق *yaqlar - yaqlamak*).

**يُغْلادى** yoqladï نەزىر قىلدى. اُلْ اُلْكْكا يُغْلادى *ol ɵlügkə yoqladï* — ئۇ ئۆلۈككە نەزىر قىلدى. بۇ تۈركلەرنىڭ ئادىتىدۇر (يُغْلارْ - يُغْلاماق *yoqlar - yoqlamak*).

**يِغْلادى** yïqladï يىغلىدى. اُغْلانْ يِغْلادى *oqlan yïqladï* — بالا يىغلىدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

يلكن بلب بردقي كنكلم آنكار بغليو
قلدم ارنج قدغقا ايشم اذو يغليو

*yəlkin bolup barduki kəŋlüm aŋar baqlayu*
*kaldïm əring kadquka ïxïm uzu yiqlayu*

[(سۆيگىنىم) مۇساپىر بولۇپ كەتتى، كۆڭلۈم ئۇنىڭغا باغلانغان ئىدى،
قايغۇ-ھەسرەتتە قالدىم، ئىشىم (ئۇنىڭ) كەينىدىن يىغلاش بولدى.]

سۆيۈملۈكۈم سەپەرگە چىقىپ كەتتى، ھالبۇكى مېنىڭ كۆڭلۈم ئۇنىڭغا باغلانغان ئىدى؛ ئۇ كەتكەندىن كېيىن، مەن قايغۇ-ھەسرەت ئىچىدە قالدىم، ئارقىسىدىن يىغلىدىم.

**يُكْلادي** yüklədi يۈكلىدى، ئارتتى. اُلْ تَفَى كا يُوكْ يكْلادي — *ol təvəgə yük yüklədi* — ئۇ تۆگىگە يۈك ئارتتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (يُكْلارْ – *yüklər* – يُكْلامَكْ *yükləmək*).

**يِكْلادي** yiglədi ئەيلىدى، چىگدىدى، دەسسىدى. اُلْ ييرِكْ يِكْلادي — *ol yərig yiglədi* — ئۇ يەرلى چىگدىدى. بۇ

سوز «ا - ئېلىق»نى «ى - يا»غا ئالماشتۇرىدىغانلارنىڭ شىۋىسىدە شۇنداق. چىرايلىقراغى «اِكلادي *iglədi*»دۇر (يِغلار - يِغلاماك *yiglər - yigləmək*).

**يَمْلادي** yamladi يامىدىدى، سۇپۇرۇردى. اُلْ اَوِنْ يَمْلادي *ol əvin yamladi* — ئۇ ئۆيىنى يامىدىدى، سۇپۇرۇردى (يَمْلار - يَمْلاماق *yamlar - yamlamak*).

**يِمْلادي** yimlədi ئىملىدى، ئىما قىلدى. اُلْ مَنكا يِمْلادي *ol maŋa yimlədi* — ئۇ ماڭا ئىملىدى، يەنى كۆزى بىلەن شەرەت قىلدى (يِمْلار - يِمْلاماك *yimlər - yimləmək*). ئەسلى «اِمْلادي *imlədi*»دۇر.

**يَشْنادي** yaxnadi چاقتى، چېقىلدى. يَشِنْ يَشْنادي *yaxin yaxnadi* — چاقماق چاقتى، پاقىراق چىلاپچا، ئەينەك قاتارلىق نەرسىلەر پاقىرىسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (يَشْنار - يَشْناماق *yaxnar - yaxnamak*).

**يَلْنادي** yəlnədi يېلىنلىدى، يېلىن سالدى. بي يَلْنادي *bi yəlnədi* — بىيە (بايتال) يېلىن سالدى. بىيە ۋە باشقا هايۋانلار تۇغۇش ئالدىدا يېلىن سېلىپ، يېلىنىدا سۈت پەيدا بولسا شۇنداق دېيىلىدۇ (يَلْنار - يَلْناماك *yəlnər - yəlnəmək*).

## بۇ باپتىكى مەنقۇسلار

پۇيبادى buybadi كېيىنكە سوزدى، ئارقىغا سورىدى. ئۇ ئىشىغ بۇيبادى ol ixiq buybadi — ئۇ ئىشنى سوزدى (بۇيبار ـ بۇيباماق buybar ـ buybamak).

سەيپادى saypadi چېچىۋەتتى، ئىسراپ قىلىۋەتتى. ئۇ تاۋارىن سەيپادى ol tawarin saypadi — ئۇ مېلىنى چېچىۋەتتى، يەنى مېلىنى تۈرلۈك نەرسىلەرگە ئىسراپ قىلىۋەتتى (سەيپار ـ سەيپاماق saypar ـ saypamak).

سەيرادى sayradi سايرىدى؛ جاۋۇلىدىدى، ۋاتىلىدىدى. سەندۇۋاچ سەيرادى sanduwaq sayradi — بۇلبۇل سايرىدى. ئەر تەلىم سەيرادى ər təlim sayradi — ئادەم بەك جاۋۇلىدىدى، ئالىجوقا سوزلىدى. بۇ سوز قارىمۇ ـ قارشى مەنىلىك سوزدۇر (سەيرار ـ سەيراماق sayrar ـ sayramak).

يېيلادي yaylaḋi يايلىدى. ئەر تاغدا يېيلادي ər taqda —

yaylaḋi ئادەم تاغدا يايلىدى (يېيلار ـ يېيلاماق yaylar-

.(yaylamak

قائىدە: بۇ باپنىڭ بۇيرۇق شەكلى تۆت ھەرپلىك-

تۈر. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ باپنى تۆت ھەرپلىكلەر بابى

دەپ ئاتىدۇق. «اَتْ تُغْرا ət toqra — ئەت (گوش)

توغرا»، «اَفْكا اُغْرا əvgə oqra — ئۆيگە بار» دېگەن-

دېكمەك. سۆزلىگۈچى بۇ سۆزلەرنى «تُغْراغِلْ toqraqil —

توغرىغىن»، «اُغْراغِلْ oqraqil — بارغىن» دېسىمۇ

بولىۋېرىدۇ. بۇ سۆزلەر ئۈچىنچى شەخس بۇيرۇق شەكلى-

دە «تُغْراسُونْ toqrasun — توغرىسۇن»، «اُغْراسُونْ

oqrasun — بارسۇن» دېيىلىدۇ. بولۇشسىز شەكلى بۇي-

رۇق شەكلىنىڭ ئاخىرىغا «ما ـ mə/ma»نى قوشۇش

يولى بىلەن ياسىلىدۇ: «اُغْراما oqrama — بارما»،

«تُغْراما toqrama — توغرىما» دېگەنگە ئوخشاش. بۇ

سۆزلەرنىڭ ئۈچىنچى شەخس بولۇشسىز شەكلى «اُغْراماسُونْ

oqramasun — بارمىسۇن»، «تۇغرامسون toqramasun — توغرىمىسۇن» بولىدۇ.

ئىشنى يېقىن كېلەچەكتە قىلماقچى بولغانلىقنى بىلدۈرمەكچى بولغاندا، ئومۇمەن تولدۇرۇپ ئېيتىلمىدىغان سۆزلەردە ياكى تەركىبىدە «غ - q» بولغان سۆزلەردە، بۇيرۇقنىڭ ئاخىرىدا «غاي qay» قوشۇلىدۇ، تەركىبىدە «ك - g - k» بولغان ياكى يۇمشاق ئېيتىلىدىغان سۆزلەردە «كاي gay||kay» قوشۇلىدۇ. مەسىلەن: «مەن ئات تۇغراغايمەن mən at toqraqaymən — مەن گۆش توغرىماقچىمەن»، «مەن ئانگار ئۇغراغايمەن — mən aŋar oqraqaymən مەن ئۇنىڭغا بارماقچىمەن».

بۇ باپتىكى ۋە بۇنىڭدىن باشقا باپلاردىكى پېئىللارمۇ مۇشۇ قائىدە بويىچە بولىدۇ. ئەرەپ تىلىدا ھەرخىل مەنىلەر سۆز ئالدىغا قوشۇلىدىغان قوشۇمچىلار ۋاستىسى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ، بۇلار كەلگۈسى زامان ۋە سوراقنى بىلدۈرىدىغان قوشۇمچىلار، يېقىن كەلگۈسى زاماننى بىلدۈرىدىغان قوشۇمچە «س - s»، بۇيرۇقنى بىلدۈرگۈچى قوشۇمچە «ا - ئېلىف»، باشلىغۇچى ۋەزىپىسىدە كېلىدىغان «و - ۋاۋ» ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلاردىن ئىبارەت. تۈركى تىللاردا سۆزلەرنىڭ يىلتىزى ئۆز شەكلىنى ساق-

لايدۇ، ھەرخىل ۋەزىپىلەرنى ئۆتەيدىغان تۈرلۈك قوشۇمچىلار بۇ تىلدا، يۇقۇرىدا كورسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، سوزنىڭ ئاخىرىغا قوشۇلىدۇ. پېئىلدىن سۈپەت ياسايدىغان قوشۇمچىلارمۇ شۇنداق. پېئىلدىن سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچە ئەرەپچىدە شۇ سوزلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا كېلىدۇ. مەسىلەن: «غافِر، غَفّار، غَفور»لارغا ئوخشاش. تۈركى تىللاردا سوزلەر ئوز پۈتۈنلۈگىنى ساقلايدۇ، قوشۇمچىلار بولسا، سوزلەرنىڭ ئاخىرىغا ئۇلىنىدۇ، بۇنى تۆۋەندە بايان قىلىپ ئوتىمىز.

پېئىلنىڭ كەلگۈسى زامان بولۇشسىز شەكلى پېئىللارنىڭ بولۇشسىزلىق قوشۇمچىسىدىن كېيىن، بىر «س-ز» قوشۇش يولى بىلەن ياسىلىدۇ. مەسىلەن: «اُلْ اَتْ تُغْراماسْ *ol at toqramas* — ئۇ گوش توغرىماس (توغرىمايدۇ)»، «اُلْ سَنكا اُغْراماسْ *ol saŋa oqramas* — ئۇ ساڭا بارماس (بارمايدۇ)» دېگەنگە ئوخشاش.

كەلگۈسى زامان پېئىلنىڭ 3-شەخس بولۇشسىز شەكلى «اُلْ اَتْ تُغْراماسُونْ *ol at toqramasun* — ئۇ گوش توغرىمىسۇن»، «اُلْ اَنكار اُغْراماسُونْ *ol aŋar oqramasun* — ئۇ ئۇنىڭغا بارمىسۇن» دېگەنگە ئوخشاش.

كوپلۈككە كەلسەك، يۇقۇرىدا كورسەتىپ ئۆتۈلگە-
نىدەك، ئوغۇز ۋە قىپچاقلاردا ئۇ بۇيرۇقنىڭ بىرلىك
شەكلى ئاخىرىغا «غۇنىنلىك كاف-ŋ» قوشۇش يولى
بىلەن ياسىلىدۇ. مەسىلەن: «اَتْ تُغْرانْكْ ət tooqraŋ —
گوش توغراڭلار»، «اَفْكا اُغْرانْكْ əfgə ooqraŋ — ئويگە
بېرىڭلار»① دىگەنگە ئوخشاش. بۇ توغرا قائىدە. لېكىن
تۈركلەر «غۇنىنلىك كاف-ŋ»نى ئىككىنچى شەخستە
هورمەتلىنىدىغان ياكى ياشانغانلارغا قوللىنىدۇ. دىمەك،
تۈركلەر كوپلۈكتە «تُغْرانْكْلارْ tooqraŋlar»، «اُغْرانْكْلارْ
ooqraŋlar» دىيىشىنىڭ توغرا ھېساپلىنىشى ئاساسىدا «غۇنىن-
لىك كاف-ŋ»نى ئىككىنچى شەخس بىرلىكتە هورمەتلەش
بەلگىسى قىلىۋالغان. ئەگەر مۇشۇ مەنە بولمىسا ئىدى،
تۈركلەرنىڭ بىرسى ئىككىنچىسىنىڭ ئورنىدا كېلىدىغان
ئىككى كوپلۈك قوشۇمچىسىنى بىر يەردە كەلتۈرۈشى توغرا
بولمىغان بولاتتى. ئوغۇزلار بىلەن قىپچاقلار بىرىنچى
ئۇسۇلنى قوللىنىدۇ. ئۇلارنىڭ قائىدىگە ئۇيغۇندۇر.

بۇ بابتىكى ساپ سۆپەتداش «اَتْ تُغْراغُوجِى
ət tooqraquqi — گوش توغرىغۇچى»، «اَفْكا اُغْراغُوجِى

① يازما نۇسخىدا بۇ ئىككى پېئىلنىڭ ئەرەپچىسى «لِبَقْطَعُوا»، «لِتَقْصُدُوا» شەكلىدە بېرىلگەن. بىزچە توغرىسى «اِقْطَعُوا»، «اِقْصُدُوا» بولۇشى كېرەك ئىدى. بىز كېيىنكى شەكىلدە تەرجىمە قىلدۇق.

afgə ooqraquqi — ئۆيگە بارغۇچى» دېگەنگە ئوخشاش-
لاردۇر. ئوغۇزلار بىلەن قىپچاقلار، شۇنىڭدەك ئۇلار بىلەن
بىللە ياشايدىغان كوچمەنلەر ۋە سۇۋارلار بۇنى «تغراداچى
tooqradaqi — توغرىغۇچى»، «اغراداچى oqradaqi —
بارغۇچى» شەكلىدە قوللىنىدۇ. بۇ قائىدە يۇقۇرىدا
سۆزلەپ ئوتۇلدى. ئىش-ھەرىكەتنىڭ داۋاملىشىشىنى
بىلدۇرىدىغان سۈپەت «تغراغان tooqraqan — توغرا-
ۋېرىدىغان»، «اغراغان oqraqan — بېرىۋېرىدىغان»
دۇر. بۇ قائىدە ھەممە ئۈچۈن ئومۇمىدۇر.

ئىشلىگۈچىنىڭ بىر ئىش-ھەرىكەتنى بېجىرىش
ئارزۇسىدا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان سۈپەت تولدۇرۇپ
ئېيتىلىدىغان سوزلەرگە ۋە تەركىۋىدە تىل ئۈچى ھەرپ-
لېرىدىن بىرى بولغان، ياكى تەركىۋىدە «غ-q» ھەرپى
بولغان سوزلەرگە «غساق-qsak» قوشۇلۇش بىلەن،
ئۈنىڭ ئەكسىچە، بولغان (يۇمشاق ئېيتىلىدىغان ياكى
تەركىۋىدە «ك-k» بولغان) سوزلەردە «گساك-gsak»
قوشۇلۇش بىلەن ياسىلىدۇ. مەسىلەن: «ال ات تغراغساق
ال ol at tooqraqsak ol — ئۈنىڭ گوش توغرىغۇسى
بار»، «ال تەۋيكا يۈك يۈكلەگسەك ال — ol tawayga
yük yüklagsak ol ئۈنىڭ توگىگە يۈك ئارتقۇسى
بار» دېگەنگە ئوخشاش. لېكىن بۇ قائىدە باشقا باپلار-
دىكى سوزلەردە كورۇلگىنىگە قارىغاندا، توت ھەرپلىكلەر-
نىڭ بۇ بابتا ئاز كورۇلىدۇ.

ئىشلىگۈچىنىڭ بىرەر ئىش-ھەرىكەتنى بېجىرىشكە نىيەت قىلغان، لېكىن تېخى باشلىمىغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان سۆپەت «اُلْ آتْ تُغْراغْلى اُلْ *ol ət toqraqli ol* — ئۇ گوش توغرىماقچى ئۇ»، «اُلْ سَنكا اُغْرَغْلى اُلْ *ol saŋa oqraqli ol* — ئۇ ساڭا بارماقچى ئۇ» دېگەنگە ئوخشاشلاردۇر. قالغانلىرى شۇنىڭغا قىياس قىلىنىدۇ.

بىر ئىش-ھەرىكەتنى بېجىرىش ئىشلىگۈچىنىڭ بۇرچى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان سۆپەت «اُلْ آتْ تُغْرَغْلِقْ آرْدى *ol ət toqraqlik ərdi* — ئۇ گوش توغرىغۇلۇق ئىدى (ئۇ گوش توغرىشى كېرەك ئىدى)»، «اُلْ سَنكا اُغْراغْلِقْ آرْدى *ol saŋa oqraqlik ərdi* — ئۇ ساڭا بارغۇلۇق ئىدى (ئۇ ساڭا بېرىشى كېرەك ئىدى)» دېگەنگە ئوخشاشلاردۇر. ئوغۇزلار بىلەن قىپچاقلارنىڭ تىللىرىدا بۇ سۆپەتنىڭ «ل - *l*» ئورنىدا «س - *s*» ئالماشتۇرۇلىدۇ. مەسىلەن: «اُلْ آتْ تُغْراغْسِقْ آرْدى *ol ət toqraqsik ərdi* — ئۇ گوش توغرىشى كېرەك ئىدى»، «اُلْ سَنكا اُغْراغْسِقْ آرْدى *ol saŋa oqraqsik ərdi* — ئۇ ساڭا بېرىشى كېرەك ئىدى» ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار. كۆپچىلىك بولسا تۈركلەرنىڭ قائىدىسى بويىچە سۆزلەيدۇ.

بۇ سۆپەتلەرنىڭ بولۇشسىز ھەكىللىرى بۇيرۇقنىڭ

ئاخىرىغا «م- m» قوشۇپ ياسىلىدۇ. مەسىلەن: «اَلْ اَرْ اَتْ تُغْرامَدَجي تُرُورْ *ol ər ət toqramadaqi turur* — ئۇ ئادەم گوش توغرىمىغۇچى (توغرىمايدىغان) ئادەمدۇر»، «اَلْ يُكْ يُكْلامَدَجي تُرُورْ *ol yük yükləmədəqi turur* — ئۇ يۈك يۈكلىمىگۈچى (يۈكلىمەيدىغان) ئادەمدۇر». قالغانلىرى شۇنىڭغا قىياس قىلىنىدۇ.

باشقا بىر شۇيدە «تُغْرامَغْلي اَلْ *toqramaqli ol* — توغرىغۇچى ئەمەس»، «يُكْلامَكْلي اَلْ *yükləməgli ol* — يۈكلىگۈچى ئەمەس» دېيىلىدۇ، يەنى تولدۇرۇپ ئېيتىلىدىغان سۆزلەردە «مَغْلي - *maqli*» قوشۇمچىسى قوشۇلىدۇ، ئەكسىچە بولغان (يەنى يۇمشاق ئېيتىلىدىغان) سۆزلەردە «مَكْلي - *məgli*» قوشۇمچىسى قوشۇلىدۇ.

بۇ باپتىكى سۆپەتداش «تُغْرامِشْ اَتْ - *toqramix at* — توغرالغان گوش»، «اِيْرغامِشْ يغاچ *irqamix yiqaq* — ئىرغىتىلغان ياغاچ» دېگەنگە ئوخشاشلاردۇر. بۇنىڭ قائىدىسى تۆپ سۆزلەر بابىدا بايان قىلىنغاندۇر.

مەستەرلەرگە كەلسەك، ئۇلارنى ئاساسىي پېئىللارنى ئىزاھلىغان ئورۇنلاردا بايان قىلىپ ئۆتكەن ئىدۇق، بۇ يەردە ئەسلىدە مەستەر بولمىسىمۇ ئىزافەت يولى بىلەن (قارالمىش ھالىتىدە) مەستەر بولىدىغان ئىككى خىل

مەستەرلى سوزلەيمىز: بۇنداق مەستەرلەر پېمل تومۇرىنىڭ
ئاخىرىغا «ك - *g*» ياكى «غ - *q*» ئۇلىنىپ يازىلىدۇ.
مەسىلەن: «اَنِڭْ اَتْ تُغْراغِي كُرْ — *anïŋ ət toqraqï kər* ئۇنىڭ گوش توغرىشىنى كور»، «اَنِڭْ اُغْراغِي كُرْ — *anïŋ oqraqï kər* ئۇنىڭ بېرىشىنى كور». بۇ مەستەرلەر ئىسىم ئورنىدىمۇ كېلىدۇ. بۇلار كوپ قوللىنىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ ھەققە ئىشارەت قىلىپ ئوتتۇم.

ۋاقىت - چاغ، ئورۇن - جاي، قورال - جابدۇق ئىسىملىرى بىر خىل ئۇسۇلدا يازىلىدۇ. مەسىلەن: «بُو اَتْ تُغْراغُو *bu ət toqraqu* — بۇ توغرىلىدىغان گوش[①]»، «بُو اَتْ تُغْراغُو اُغُرْ اُلْ — *bu ət toqraqu oqur ol* بۇ گوش توغراش ۋاقتى ئىدى»، «بُو تُغْراغُو يِيرْ اُلْ *bu toqraqu yər ol* — بۇ توغرايدىغان يەر ئىدى»، «تُغْراغُو نانِڭْ *toqraqu nəŋ* — توغرايدىغان نەرسە» دېگەنگە ئوخشاش.

بۇنىڭ بولۇشسىز شەكلى مۇنداق: «بُو تُغْراغُو اُغُرْ اَرْماسْ *bu toqraqu oqur ərməs* — بۇ توغراش

---

① بۇ يەردە ۋاقىت - چاغ، ئورۇن - جاي، قورال - جابدۇق ئىسىملىرى سوزلىنىۋاتقىنىغا قارىغاندا، بۇ مىسالنىڭ بۇ يەرگە كەلتۈرۈلۈشى ئورۇنسىز كورۈنىدۇ.

ۋاقتى ئەمەس» دىگەنگە ئوخشاش. قالغانلىرى شۇنىڭغا قىياس قىلىنىدۇ.

بۇنىڭدىن كېيىن، بىلگىنىكى، مەن ئۆتكەن زامان، كەلگۈسى زامان ۋە مەستەرلەرنى بىللە بايان قىلىپ ئۆتىمەن. چۈنكى، ئۆتكەن زامان بىلەن كەلگۈسى زامان پېئىللىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ھەرىكەتلەر بىلەن ساكىنلار بەزىدە بىر-بىرىگە ماس كېلىدۇ، بەزىدە ماس كەلمەيدۇ، شۇڭا بۇلى قائىدە بىلەنلا بىلىپ كەتكىلى بولمايدۇ.

«يېر قۇرغادى *yər kurƣadi* — يەر قۇرغىدى» (قۇرغار- قۇرغاماق *kurƣar - kurƣamak*). بۇ يەردە ئۆتكەن زامان، كەلگۈسى زامان ۋە مەستەر بىر-بىرىگە ماس كېلىدۇ. «يا قۇردى *ya kurdi* — يا قۇردى» (قۇرار - قۇرماق *kurar - kurmak*). بۇ يەردىمۇ ماس كەلگەن①. ماس كەلمەيدىغانلىرىنى يۇقۇرىدا سۆزلەپ ئۆتتۈم.

بۇ باپ بىرنەچچە خىل كېلىدۇ. بىرى، ئىككى ياكى ئۈچ ھەرپلىك مەنقۇس پېئىللاردىن تۈزۈلۈپ، بايان قىلىنغان نەرسە ئۈستىدە ئىشلەڭگۈچىنىڭ بىرەر ئىش قىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: «آرْ اُقْ كَزْلادى

① كېيىنكى مىسالدا «ر - r» ھەرپى ئۆتكەن زاماندا ساكىنلىق، كەلگۈسى زاماندا فەتھەلىك، مەستەردە ساكىنلىق كەلگەن، يەنى بىر-بىرىگە ماس كەلمىگەن. شۇڭا، ئاخىرقى جۈملە «بۇ يەردە ماس كەلمىگەن» بولۇشى كېرەك ئىدى. بىز ئەسلىنى ئۆزگەرتمىدۇق.

*ər ok kəzladi* — ئادەم ئوق كەزلەدى». ئەسلى «كز
*kəz* — كەز، قۇيرۇق» تۇر، «لادى *ladi* || *lədi*» قوشۇلە-
چىسى قوشۇلغانلىقتىن پېئىلغا ئايلانغدى. «آر تۋار كزلادى
*ər tavar kizlədi* — ئادەم مال يوشۇردى». باشقىلار-
دىمۇ شۇنداق. ئەسلى «كز — *kiz* — يوشۇرۇن» بولۇپ،
بۇمۇ ئىسىمدۇر.

مەنقۇس بولغان سوزلەر «بلت قرلادى *bulit* —
*karladi* بۇلۇتتىن قار ياغدى»، «قغش يغلادى
*koqux yaqladi* — قېيىشنى ياغلىدى» دېگەنگە ئوخ-
شاش. بۇلارنىڭ ئەسلى «قار *kar* — قار»، «ياغ *yaq* —
ياغ» دۇر. بۇ پېئىللاردا يېڭىلىكمۇ ئۈچۈن، ھەربىر
ئىللەت چۈشۈرۈلگەن.

ھەربىر ئىللەت بولمىغان ئۈچ ھەرپلىك ئىسىملار-
دىن پېئىل ياسىغاندا، ئىسىم ئاخىرىغا بىر «ا- ئېلىپ»
قوشۇلا كۆپايە قىلىدۇ. بۇنداق ئىسىملاردا «لا *la* || *lə*»
نى قوشۇشنىڭ ھاجىتى يوق. مەسىلەن: «چاقماق» مەنى-
سىدىكى «يشن *yaxin*» سوزىدىن پېئىل ياساش ئۈچۈن،
ئاخىرىغا بىر «ا- ئېلىپ» قوشۇپ، «يشن يشنادى *yaxin* —
*yaxnadi* چاقماق چاقتى» دېيىلىدۇ. «قىراق قلنادى

«قىراق قۇلۇنلىدى»، باياتال قۇلۇنلىدى — kisrak kulnadi يىلنادى «باياتال يىلىنلىدى» — kisrak yəlnadi
دېگەنگە ئوخشاش. بۇ مىساللاردىكى ئىسىملاردا ھەربىي ئىللەت بولمىغىنى ئۈچۈن، بىرلا «ا ـ ئېلىق» ئارتتۇرۇش يېتەرلىك بولدى؛ «ل ـ l» قوشماي، بىرلا «ا ـ ئېلىق» قوشۇش بىلەن سۆز تولۇق پېئىلغا ئايلاندى.
تەركىبىدە ھەربىي ئىللەت بولمىغان تۆت ھەرپلىك ساپ ئىسىملارمۇ بۇ باپقا كىرىدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن ئاخىرىدىكى ھەرپ چۈشۈرۈلۈپ، سۆز ئۈچ ھەرپلىككە ئايلاندۇرۇلىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭغا بىر «ا ـ ئېلىق» قوشۇلۇپ، تۆت ھەرپلىك پېئىلغا ئايلاندۇرۇلىدۇ. مەسىلەن: يۇمشاق نەرسە «يُمْشاق yumxak» دېيىلىدۇ. بىر نەرسە يۇمشىغان ھامان «يُمْشادي yumxadi» دېيىلىدۇ①. «اُلْ اَنَكَرْ سُوزْ يَسْتادي — ol aŋar søz yastadi ئۇ ئۇنىڭغا سۆز دارىتىملىدى»
جۈملىسىدىكى «يَسْتادي yastadi» سۆزىمۇ شۇنداق. يولىنىش ئۈچۈن ياستۇق قويۇلىشىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ.

---

① يازما نۇسخىدا «يُمْشادي» سۆزىنىڭ ئەرەپچىسى «لانَ الشَّى» دەپ ئېلىنغان. بۇنداق بولغاندا، تۈركىي ئىبارە «يُمْشادي نانْكْ — yumxadi naŋ» نەرسە يۇمشىدى» بولۇشى كېرەك ئىدى.

بۇنىڭ ئەسلى «يسْتق *yastuk* — ياستۇق» دۇر.

«سُوۋ بُلْغادي *suv bulqadi* — سۇنى بۇلغىدى» جۈملىسىدىكى «بُلْغادي *bulqadi* — بۇلغىدى» پېئىلىمۇ شۇنداق. بۇنىڭ ئەسلى «بُلْغايُق *bulqak*①» دۇر. بۇ ئىسىملاردىن «ق - *k*» چۈشۈرۈلگەن، ئاندىن «ا - ئېلىپ» قوشۇلۇپ، پېئىلغا ئايلانغان. ياكى بۇ ئىسىملار ئەسلىدە پېئىللارنىڭ ئاخىرىغا قوشۇمچە قوشۇلۇپ ياسالغان ئىسىم-لاردۇر. مېنىڭ قارىشىمچە، ئەڭ توغرىسى شۇ. چۈنكى ئىسىملار پېئىللاردىن ياسىلىدۇ. مەسىلەن: «سُوذتي *süzti* — سىيدى» ۋە «سِذتي *sizti* — تۈكۈردى» پېئىللىرىدىن «ق - *k*»، «ك - *k*» قوشۇلۇش بىلەن «سُذُق *süzuk* — تۈكرۈك» ۋە «سِذُك *sizük* — سۈيدۈك» ئىسىملىرى ياسالغان. «اَتْ بِشْدي *ət pïxdi* — ئەت (گۆش) پىشتى» جۈملىسىدىكى «بِشْدي *pïxdi* — پىشتى» سۆزىمۇ شۇنداق. «بِشِغ آتْ *pïxïq ət* — پىششىق گۆش» جۈملىسىدىكى «بِشِغ *pïxïq*» سۆزىمۇ «بِشْدي

① بۇ سۆز يازما نۇسخىدا «بُلْغايُق» شەكلىدە يېزىلغان. يۇقۇرىدىكى مىسالغا قارىغاندا، توغرىسى «بُلْغاق» بولۇشى كېرەك. بىز ترانسكرىپسىيىدە «*bulqak*» دەپ ئالدۇق.

«*pïxdi*» پېشلىدىن ياسالغان. بۇ ئەرەپ ۋە تۈرك
تىللىرىدىكى بىر ئارتۇقچىلىقتۇر. باشقا تىللاردا مۇنداق
ئارتۇقچىلىق يوق.

ئىككىنچى خىل ئەھۋال پېشلىنىڭ باشقا مەنىدە
كەلمەي، ئۆزىنىڭ ئەسلى مەنىسىدە كېلىشىدۇر.
«اَرْ يِغاچ اِرْغادى *ər yïqaq ïrqadi* — ئادەم دەرەخ
ئىرغىتتى»، «اَرْ يِغْلادى *ər yïqladi* — ئادەم يىغلىدى»،
«اَرْ اِيشْقا اُغْرادى *ər ixka oqradi* — ئادەم ئىشقا
يونەلدى» جۈملىلىرىدىكى پېشلارغا ئوخشاش.

ئەرەپ تىلىدىكى مۇفائەلە بابىغا ئوخشاش ئىشنىڭ ئىككى
ۋە ئۇنىڭدىن ئارتۇق كىشىلەرنىڭ ئىشتىراكىدا بېجىرىل-
گەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان پېشل ياساش ئۈچۈن، سۆز
ئاخىرىدىكى ھەرپى ئىللەت چۈشۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ ئورنىغا
«ش - *x*» قوشۇلىدۇ. مەسىلەن: «اُلْ مَنِكْ بِرْلا يِغاچ
اِرْغَشْدى *ol mənin birlə yïqaq ïrqaxdi* — ئۇ مېنىڭ
بىلەن دەرەخ ئىغاڭلىتىشتى». بۇ پېشل ياردەملىشىش، بەسلىشىش
مەنىلىرىنىمۇ بىلدۈرىدۇ. «كِشِى بَرْجا يِغْلَشْدى *kixi* —
*barqa yïqlaxdi* كىشىلەر ھەممىسى يىغلاشتى». مۇ
شۇنداق. سۆزلەرنىڭ ھەممىسى شۇنىڭغا قىياس قىلىنىدۇ.

قىلمايدىغان بىرەر ئىشنى ئىشلىگۈچى قىلىدىغاندەك
كۆرۈنگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان پېشل شەكلى سۆز

ئاخىرىدىكى ھەرپى ئىللەت چۈشۈرۈلۈپ، ئۇلىنىڭ ئورنىغا «مسن» قوشۇلۇپ ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

«اُلْ سَنكا اُغْرَمْسِنْدِي *ol saŋa oqramsīndi* — ئۇ ساڭا بارىدىغاندەك بولۇپ كورۇلدى، ھەقىقەتتە بارماقچى ئەمەس ئىدى»، «اُلْ يُكْ يُكْلَمْسِنْدِي *ol yük yüklamsīndi* — ئۇ يۈك يۈكلەيدىغاندەك بولۇپ كورۇلدى، ئەمەلىيەتتە يۈكلىمەكچى ئەمەس ئىدى» دىگەنگە ئوخشاش.

بۇ قائىدىلەردىن باشقىسىنى سالىم بولۇمىدە سوزلەپ ئوتكەن ئىدۇق. ھەممە سوزلەر مۇشۇ قائىدىلەر ئاساسىدا تۈزۈلىدۇ.

تۈلۈغ تەگرى خالىسا، بۇنىڭدىن چەتكە چىقمايدۇ.

## فَعالادِي *fəaladi*، فَعُولادِي *fəuladi*، فَعيلادِي *fəiladi* شەكىللىرىدە ھەرخىل ھەرىكىنىلىك سوزلەر بابى

تَبالادِي tapaladi تاۋالادى — تاپا قىلدى، تاپا - تەنە قىلدى.

اُلْ آنِي تَبالادِي *ol ani tapaladi* — ئۇ ئۇنى تاۋالادى، يەنى ئۇنىڭغا تاپا - تەنە قىلدى (تَبالارْ - تَبالاماقْ *tapalar* - *tapalamak*).

تَبُولادِي təpüladi بېشىغا ئۇردى. اُلْ بَغِيني تَبُولادِي *ol*—

yaqinī tepüladi گۇ دۇشمەنىنىڭ بېشىغا تۇردى
(تېپۇلار- تېپۇلاماك tepülar - tepülamak).

سُبيلادى subīladi ئۇزارتتى، ئېتتىكلەتتى. سُبيلادي نانگني
subīladi nəŋni — نەرسىنى ئۇزارتتى، يەنى توم نەرسىنى
ئۇزارتتى ۋە ئۇچىنى ئېتتىكلەتتى (سُبيلار- سُبيلاماق
subīlar - subīlamak).

قَتيلادى qatīladi چارتىلدىدى، قارسىلدىدى. بَرگا قَتيلادى
bərgə qatīladi — قامچا قارسىلدىدى. ھەرقانداق
نەرسە قامچىنىڭ قارسىلدىغىنىغا ئوخشاش ئاۋاز چىقارسىمۇ
شۇنداق دېيىلىدۇ (قَتيلار- قَتيلاماق qatīlar -
qatīlamak).

سَتُولادى satuladi ۋالاقلىدى. اُل تَلِم سَتُولادي ol təlim
satuladi — ئۇ تولا ۋالاقلىدى، يەنى بىھۇدە گەپلەرنى
جىق قىلدى (سَتُولار- سَتُولاماق satular - satulamak).

سَجُولادى saquladi چۇچىلدى، چۇچا بېكىتتى. اُل سُڤلُق
سَجُولادى ol suvluk saquladi — ئۇ لوگگە چۇچىلدى،
يەنى لوگگە ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرگە چۇچا
بېكىتتى (سَجُولار- سَجُولاماق saqular - saqulamak).

قَجالادى kaqaladi قاچىلىدى. اُل نانگني قَجالادي

ئۇ نەرسىنى قاچىلىدى — *ol nəŋni kaqaladï*

(قَجالارْ - قَجالاماقْ *kaqalar - kaqalamak*). ئەسلى «قاجالادى» بولۇپ، ھەرپ چۈشۈرۈلگەن.

**قِجيلادى** kïqïladï قىچىقلىدى ~ غىدىقلىدى. اُلْ مَنى قِجيلادى — *ol məni kïqïladï* — ئۇ مېنى غىدىقلىدى. بۇ ئادەمنى كۆلدۈرۈش ئۈچۈن، قولتۇغىنى ۋە تاپىنىنى غىدىقلاشتۇر (قِجيلارْ - قِجيلاماقْ *kïqïlar - kïqïlamak*).

**قَرالادى** karaladï قارايتتى، قارا قىلدى. اُلْ قَرالادى نانكْنى — *ol karaladï nəŋni* — ئۇ نەرسىنى قارايتتى (قَرالارْ - قَرالاماقْ *karalar - karalamak*).

**قَريلادى** karïladï گەزلىدى، ئۆلچىدى. اُلْ يِيرِكْ قَريلادى — *ol yərig karïladï* — ئۇ يەرنى ئۆلچىدى. باشقىلار- دىمۇ شۇنداق.

**قَريلادى** karïladï قېرى ھېساپلىدى. اُلْ اَرِكْ قَريلادى — *ol ərig karïladï* — ئۇ ئادەمنى قېرى دېدى، قېرى دەپ ھېساپلىدى (قَريلارْ - قَريلاماقْ *karïlar - karïlamak*).

**قَرالادى** karaladï چىچتى. اِتْ قَرالادى — *it karaladï* — ئىت چىچتى.

**قَريلادى** karïladï ئۆچۈردى. تُبي قارِغْ قَريلادى — *tüpi* —

kariq. karïladï. شامال قارنى ۋىرىلدىتىپ ئۈچۈردى
(قَرىلار - قَرىلاماق karïlar - karïlamak).

جُغيلادى quǫïladï چۇقىرىدى. ئَرْ جُغيلادى ər quǫïladï — ئادەم چۇقىرىدى، ۋاقىرىدى (جُغيلار - جُغيلاماق quǫïlar - quǫïlamak). بۇ سۆز بەزىدە «ج - q» ھەرپى فەتھەلىك قىلىنىپ، «جَغيلادى qaǫïladï» مۇ دېيىلىدۇ.

جَغيلادى qaǫïladï شاقىرىدى. سُوق جَغيلادى suv — سۇ شاقىرىدى. qaǫïladï «زَغيلادى zaǫïladï»، «شَغيلادى xaǫïladï» مۇ دېيىلىدۇ (شَغيلار - شَغيلاماق xaǫïlar - xaǫïlamak). شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

قَتُن سينى جُغيلادى
تَنكُت باكَن يَغيلادى
قَنى اَقِب زَغيلادى
بين سوفِن قِزل سَغدى

*katun sïnï quǫïladï*
*taŋut bəgin yaǫïladï*
*kanï akïp zaǫïladï*
*boyun suvïn kïzïl saǫdï*

[قاتۇن سىنى چۇقىرىدى،
تاڭغۇت بېگى (بىلەن) دۈشمەنلەشتى؛
قىنى ئېقىپ شاقىرىدى،
بويۇن سۈيىنى قىزىل ساغدى.]

قاتۇن سىنى (تاڭغۇت بىلەن چىن ئارىلىقىدىكى بىر كىچىك شەھەرنىڭ نامى) خەلقى بىلەن تاڭغۇتلار جەڭ قىلىشتى؛ تاڭغۇتلار قاتۇن سىنى خەلقىنى مەغلۇپ قىلدى. (شېئىردا) مۇشۇ ئەھۋال بايان قىلىنىدۇ؛ قاتۇن سىنى خەلقى چۇقان - سۈرەن كۆتىرىپ، تاڭغۇت خەلقى ۋە ئۇلارنىڭ بېگى بىلەن دۈشمەنلەشتى، قانلىرى سۇدەك شاقىراپ ئاقتى، بويۇنلىرىدىن قىزىل سۇ سىرغىلدى.

سَغُولادى saqulad̄i كەملىدى. اَرْ بُغْدَايْ سَغُولادى ər — buqday saqulad̄i ئادەم بۇغداي كەملىدى. باشقىلار- saqular - دىمۇ شۇنداق (سَغُولارْ - سَغُولاماقْ saqulamak).

قِفيلادى qïfïladi بۇژۇلدىدى. كُبْ قِفيلادى küp — qïfïladï كۆپ بۇژۇلدىدى. شىرنا بۇژۇلداپ قاينىسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (قِفيلارْ - قِفيلاماقْ qïfïlar-qïfïlamak).

تُقُولادى tokuladï توقۇ بېكىتتى. اَرْ قَدْشْ تُقُولادى ər — kazïx tokuladï ئادەم قېزىقتا توقۇ بېكىتتى (تُقُولارْ - تُقُولاماقْ tokular - tokulamak).

تِقيلادي tikīladī تاقىللىدى ~ تاقىلدىدى. تِقيلادي نانِڭ — tikīladī nəŋ نەرسە تەقىلدىدى. بۇ ئىشىك بىشىنىڭ يان ياغاچقا تەككىنىدەك ئۇيۇل نەرسىنىڭ قاتتىق نەرسىگە تېگىپ ئاۋاز چىقىرىشىدۇر (تِقيلار - تِقيلاماق tikīlar - tikīlamak)①.

تِكُولادي təküledi تۇتتى، ئاشاتتى، پارا بەردى. اُڭ مَنكا اَتْ تِكُولادي — ol maŋa at təküledi — ئۇ ماڭا ئەت (گوش) ئاشاتتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق. اُڭ بَكْكا نانِڭ تِكُولادي — ol bəgkə nəŋ təküledi — ئۇ بەگكە (بىر) نەرسە پارا بەردى. بۇ سوز ئالدىنقى سوزدىن ئېلىنغان (تِكُولارْ - تِكُولاماكْ təkülər - təkülәmək).

تِكيلادي tikiledi تىكىلدىدى، تىك - تىك قىلدى. تِكيلادي نانِڭ — tikiledi nəŋ — نەرسە تىكىلدىدى (تِكيلارْ - تِكيلاماكْ tikilər - tikilәmək).

---

① يازما نۇسخىدا بۇ پېئىلنىڭ بىرىنچى ھەرپى ھەم فەتھەلىك، ھەم كەسرىلىك يېزىلغان. لېكىن كېيىندىن فەتھە ئۈستىگە بىر تىك سىزىقچە تارتىش ئارقىلىق ئوچۇرۇلگەن. بىز كەسرىنى ئىناۋەتلىك ھېساپلىدۇق.

تَلُولادي taluladï تاللىدى، خىللىدى. اُلْ تَلُولادي تانگنى — ئۇ بىر ئەرسىنى تاللىدى ol taluladï nəŋni (تَلُولارْ ـ تَلُولاماق talular - talulamak).

تُميلادي tümilədi تاكراگلدى. آشْياكْ تُميلادي — əxyək tümilədi ئېشەك تاكراگلدى. بۇ ئېشەكنىڭ سەكرەپ يۈگرىشىدۇر. بۇ سوز كوپىنچە «تُميلَنْدي «tümiləndi شەكلىدە قوللىنىلىدۇ (تُميلارْ ـ تُميلاماكْ tümilər - tümiləmək).

تَمُولادي tamuladï توما ياسىدى. اُلْ سُوقْغْ تَمُولادي — ol suvuq tamuladï ئۇ سۇغا توما ياسىدى (تَمُولارْ ـ تَمُولاماقْ tamular - tamulamak).

## بۇ باپتىكى مىساللار

يُبيلادي yubïladi ئالدىدى. اُلْ اَنِي يُبيلادي — ol anï yubïladï ئۇ ئۇنى ئالدىدى. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

تَنكُتْ خاني يُبيلادي
اَلْمْ اِرْلا تَبُولادي

قَذَشْلارِي تَبالادِي
اُلُمْ كُوُرُبْ يُزِي آغدِي

*taŋut hanī yubīladi*
*ølüm birlə təpülədi*
*kažaxlari tapaladi*
*ølüm kørüp yüzi aqdi*

[تاڭغۇت خانى ئالدىندى،
ئۆلۈم بىلەن بېشىغا ئۇردى؛
قېرىنداشلىرى تاپا قىلدى،
ئۆلۈم(نى) كۆرۈپ رەڭگى ئۆچتى.]

تاڭغۇت خانى قاتتىق سىنى خاننى ئالدىدى، ئۆلۈم بىلەن ئۆنىڭ بېشىغا ئۇردى؛ يېڭىلگەن ئادەمنى قېرىنداشلىرى ئەيىپلىدى، دۈشمەنلىرى خوشال بولدى، ئۆلۈمنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ يۈزلىرى تاتىرىپ، رەڭگى ئۆچتى. ئوغۇز ۋە قىپچاق تىللىرىدا (يېبىلار- يېبىلاماق *yubīlar - yubī-lamak*). بۇنى باشقا تۈركلەر ئاز قوللىنىدۇ ۋە ھىلە مەنىسىدە «يَبْ يُبْ *yap yup*» دەيدۇ. بۇنىڭدىن پېئىل ياسالمايدۇ.

يَسِيلادِي *yasīladi* — يېسىلىدى. اُلْ يَسِيلادِي نانْكْنِي *ol yasīladi nəŋni* ئۇ نەرسىنى يېسىلىدى، يەنى بىر

ئەرسىنى سۇپرا ئۇستىدە يېيىلغان خېمىردەك يايدى.

اُلْ سُوزُكْ يَسِيلادي *ol sozüg yasiladi* — ئۇ سوزنى ياپىلىماي، ئوچۇق - يورۇق، كەڭ - كۇشادە سوزلىدى (يَسِيلارْ - يَسِيلاماقْ *yasilar - yasilamak*).

**يَغِيلادي** yaqiladi دۇشمەنلەشتى، دۇشمەن كوردى؛ جەڭ قىلدى، ئۇرۇشتى. اُلْ آنِي يَغِيلادي *ol ani yaqiladi* — ئۇ ئۇنى دۇشمەن كوردى. آرْ يَغِي يَغِيلادي *ər yaqi yaqiladi* — ئادەم دۇشمەن بىلەن جەڭ قىلدى (يَغِيلارْ - يَغِيلاماقْ *yaqilar - yaqilamak*).

## بۇ باپتىكى مەنقۇسلار

**آيالادي** ayaladi چاۋاك چالدى. قِيزْ آيالادي *kiz ayaladi* — قىز چاۋاك چالدى، يەنى قولىلىرىنىڭ ئالقىنىنى بىر-بىرىگە ئۇردى (آيالارْ - آيالاماقْ *ayalar - ayalamak*). بۇ پاساھەتلىك سوزدۇر.

**اُيالادي** uyaladi ئۇۋىلىدى، ئۇۋا سالدى، چاڭگا سالدى. قُشْ اُيالادي *kux uyaladi* — قۇش ئۇۋىلىدى

(ئۇيالار ـ ئۇيالاماق *uyalar - uyalamak*).

كۈيلادي كۈيە قاقتى. ئار كىزز كۈيلادي *ər* — ئادەم كىگىزنى قېقىپ كۈيىسىنى *kiziz küyələdi* تازىلىدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (كۈيالار ـ كۈيالاماك *küyələr - küyələmək*).

بۇ باپنىڭ قائىدىسى بۇنىڭدىن ئىلگىرىكى باپتا سۆزلىگىنىمىزگە ئوخشاشتۇر. بۇ باپ بىرقانچە ئەھۋاللاردا قوللىنىلىدۇ:

بىرىنچى، ئەسلى تۈت ھەرپلىك بولغان ئۈچ ھەرپلىك ئىسىملاردۇر. ئۇلارنىڭ ئارقىسىغا «لادي *ladi* ‖ *lədi*» قوشۇلۇپ پېئىل ياسىلىدۇ ۋە ئىشلىگۈچىنىڭ بايان قىلىنغان نەرسە ئۈستىدە بىرەر ئىش قىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: «ار تون قرالادي *ər ton* — *karaladi* ئادەم تونىنى قارايتتى»، «يير قريلادي *yər karïladi* — يەر ئۆلچىدى» دېگەنگە ئوخشاش.

ئىككىنچى، بىر ئىسىمغا «لادي *ladi* ‖ *lədi*» قوشۇلۇشى بىلەن ياسالغان پېئىل بولۇپ، مەزكۇر خىسلەتنى بايان قىلىنغان نەرسىگە مەنسۇپ قىلغانلىقنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: «ال ارك اقيلادي *ol ərig akïladï* — ئۇ ئادەمنى مەرت ھېساپلىدى» ۋە «ال اني قريلادي

ol ani karïladi — ئۇ ئۇنى قېرى ھېساپلىدى»
دېگەنگە ئوخشاش.

ئۈچىنچى، باشقا مەنىلەرنى بىلدۈرمەي، پېئىلنىڭ ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

«اۇل آنى قىچىلادى ol ani kïqïladi — ئۇ ئۇنى قىچىقلىدى»،

«ئەشياك تۈمىلادى əxyək tümilədi — ئېشەك تاكراڭ-
لىدى» دېگەنگە ئوخشاش.

تۇت ھەرپلىكلەر باپلىرى تۈگىدى.

# بەش ھەرپلىكلەر باپلرى

## فَعَلْعادى fəəl'adi شەكلىندە «ع»

## ھەرپى ھەرخىل ھەرىكلىك

## سوزلەر بابى

تُبُتْلادى tübütlədi تۈبۈت ھىساپلىدى. اُلْ آنى تُبُتْلادى — ol ani tübütlədi ئۇ ئۇنى تۈبۈت ھىساپلىدى. ئۇلار بىر تائىپىدۇر (تُبُتْلارْ ـ تُبُتْلاماكْ — tübütlər ـ tübütləmək).

كِرِتْلادى kiritlədi قۇلۇپلىدى. اُلْ قَبُغْ كِرِتْلادى — ol kapuq kiritlədi ئۇ قوۋۇق (ئىشىك) قۇلۇپلىدى (كِرِتْلارْ ـ كِرِتْلاماكْ kiritlər ـ kiritləmək).

جَنَجْلادى qanaqladi ئاجىز ھىساپلىدى، بوشاڭ ھىساپلىدى. اُلْ آنى جَنَجْلادى — ol ani qanaqladi ئۇ ئۇنى ئاجىز

ھېساپلەندى، بوشاڭ ھېساپلىندى (جەنجلار - جەنجلاماق
qanaqlar - qanaqlamak).

قلجلادى kulaqladi غولاچلىندى. ال ارقنى قلجلادى
ol urukni kulaqladi — ئۇ ئارغامچىنى غولاچلىدى.
باشقىلاردىمۇ شۇنداق (قلجلار - قلجلاماق kulaqlar -
kulaqlamak).

قلجلادى kiliqladi قىلىچلىدى، قىلىچ بىلەن چاپتى.
ال انى قلجلادى ol ani kiliqladi — ئۇ ئۇنى قىلىچلىدى
(قلجلار - قلجلاماق kiliqlar - kiliqlamak).

قمجلادى kamiqladi چوموچ بىلەن ئۇستى. ال مونك
قمجلادى ol münüg kamiqladi — ئۇ شورپىنى
چوموچ بىلەن ئۇستى (قمجلار - قمجلاماق kamiqlar -
kamiqlamak).

بغرلادى baqirladi بېغىرىغا ئۇردى؛ تۈزىدى. ال انى
بغرلادى ol ani baqirladi — ئۇ ئۇنىڭ بېغىرىغا ئۇردى.
ال ياسن بغرلادى ol yasin baqirladi — ئۇ يايىنىڭ
دەستىسىنى تۈزىدى (بغرلار - بغرلاماق baqirlar -
baqirlamak).

چَغِرْلادي qaoqīrladi شەرۋەت قىلدى. اُلْ اُزُمْني چَغِرْلادي

ئۇ ئۈزۈمنى شەرۋەت قىلدى — ol üzümni qaoqīrladi

(چَغِرْلارْ ـ چَغِرْلاماقْ qaoqīrlar - qaoqīrlamak). بىر كىم شەرۋەت ئىچىشىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ.

چِغِرْلادي qīoqīrladi چىقىر يول پەيدا قىلدى. يِرِكْ چِغِرْلادي

(ئۇ) يەردە چىقىر يول پەيدا — yərig qīoqīrladi

قىلىپ ماڭدى. يەر يۈزىنى قار قاپلىغاندا بىر كىم پۇتى بىلەن يول ئاچىشىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (چِغِرْلارْ ـ چِغِرْلاماقْ

qīoqīrlar - qīoqīrlamak).

سِغِرْلادي sïoqīrladi سىيىر ھېساپلىدى، ئىنەك ھېساپلىدى.

ئۇ ئۇنى — ol anī sïoqīrladi اُلْ آني سِغِرْلادي

سىيىر ھېساپلىدى، سىيىر قاتارىدا كۆردى

(سِغِرْلارْ ـ سِغِرْلاماقْ sïoqīrlar - sïoqīrlamak).

بُكُرْلادي bəgürlədi بورىگىگە ئۇردى. اُلْ آني بُكُرْلادي

ئۇ ئۇنىڭ بورىگىگە ئۇردى ۋە — ol ani bəgürlədi

يەنە اُلْ يَغِيني بُكُرْلادي — ol yaoqīnī bəgürlədi

ئۇ دۈشمەن سىپىگە ئۇدۇلدىن بارماي، ئوڭدىن ياكى سولدىن كىرىپ يەڭدى، ياندىن ئۇردى (بُكُرْلارْ ـ بُكُرْلاماكْ

(bəgürlar - bəgürləmak).

**تَرَسْلادى** tarasladï تېرى - پېرەن قىلىۋەتتى، توزىتىۋەتتى. ئالپ جَرِك تَرَسْلادى *alp qərik tarasladï* — باتۇر ئەسكەرلەرنى تېرى - پېرەن قىلىۋەتتى. چغرى قازِغ تَرَسْلادى *qaqrï kazïq tarasladï* — لاچىن غاز (توپى)نى تېرى - پېرەن قىلىۋەتتى. ھەرقانداق كىشى ئۆز كۈچى بىلەن بىر نەرسىنى تارقىتىپ توزىتىۋەتسە شۇنداق دېيىلىدۇ (تَرَسْلار - تَرَسْلاماق *taraslar - taraslamak*).

**تَرُسْلادى** tarusladï تورۇسنى ياپتى. ئل ئَفِن تَرُسْلادى *ol əvin tarusladï* — ئۇ ئۆيىنىڭ تورۇسىنى ياپتى (تَرُسْلار - تَرُسْلاماق *taruslar - taruslamak*).

**قُرُتْسادى** kurutsadï قۇرۇتسىرىدى، قۇرۇت يېگۈسى كەلدى. ئَر قُرُتْسادى *ər kurutsadï* — ئادەم قۇرۇتسىرىدى (قُرُتْسار - قُرُتْساماق *kurutsar - kurutsamak*).

**بَغِرْسادى** baqïrsadï بېغىرسىرىدى، بېغىر يېگۈسى كەلدى. ئَر بَغِرْسادى *ər baqïrsadï* — ئادەم بېغىرسىرىدى

(بَغِرساز ـ بَغِرساماق *baqïrsar - baqïrsamak*).

كَذُرْسادي kəzürsədi كيگوزگوسى كەلدى. اُلْ مَنكا تونْ كَذُرْسادي — *ol maŋa ton kəzürsədi* ماڭا تونلۇق كيگوزگوسى كەلدى (كَذُرْسارْ ـ كَذُرْساماكْ *kəzürsər - kəzürsəmək*).

تَتِغْسادي tatïqsadï تاتلىقسىرىدى، تاتلىق (لەرسە) يىگۈسى كەلدى. اَرْ تَتِغْسادي *ər tatïqsadï* — ئادەم تاتلىقسىرىدى (تَتِغْسارْ ـ تَتِغْساماقْ *tatïqsar - tatïqsamak*).

سَتِغْسادي satïqsadï ساتقۇسى كەلدى. اَرْ اَتِنْ سَتِغْسادي *ər atïn satïqsadï* — ئادەم ئېتىنى ساتقىلى قوپتى، ساتقۇسى كەلدى. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

اَقِنْ بِرِقِنْ سَتِغْسادي
بُلُغْ بِيرِبْ يَرِغْسادي
تِرِكْ اَرْسا تُرُغْسادي
اَنكَرْ ساقِنجْ كُنِي تُغْدي

*əvin barkïn satïoqsadï*
*yuluoq bərip yarïoqsadï*
*tirig ərsə turuoqsadï*
*aŋar sakïnq küni tuoqdï*

[ئوي ـ جايىنى ساتماقچى بولدى،
تولەم بېرىپ قۇتۇلماقچى بولدى؛
تىرىك بولۇپ تۇرغۇسى كەلدى،
ئۇنىڭغا قايغۇ كۈنى تۇغدى.]

دۈشمەن جېنىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئوي ـ جايىنى ساتماقچى بولدى؛ ئۇ تىرىك قېلىشنى ئارزۇ قىلدى، ئۇنىڭ بېشىغا قايغۇلۇق كۈنلەر كەلدى (سَتِغسارْ ـ سَتِغساماق *satïoqsar - satïoqsamak*).

بَرِغسادي barïoqsadï بارغۇسى كەلدى. اُلْ اَفْكا بَرِغسادي ـ ئۇنىڭ ئۆيگە بارغۇسى كەلدى. *ol əvgə barïoqsadï*
باشقىلاردىمۇ شۇنداق (بَرِغسارْ ـ بَرِغساماق *barïoqsar - barïoqsamak*).

تُرْغسادي turuoqsadï تۇرغۇسى كەلدى. اُلْ مُنْدا تُرْغسادي ـ ئۇنىڭ مۇندا (بۇ يەردە) *ol munda turuoqsadï*
تۇرغۇسى كەلدى (تُرْغسارْ ـ تُرْغساماق *turuoqsar - turuoqsamak*).

**قرغسيدي** kuruoqsïdi قۇرۇغلى تۇردى① (قرغسير ـ قرغسيماق (kuruoqsïr ـ kuruoqsïmak). شۇنىڭ ئۈچۈن، مەيدىگە «قرغساق» kuruoqsak دەپ ئات بېرىلگەن؛ چۈنكى ئۇ سائەتمۇ ـ سائەت قۇرۇپ، تاماق يېيىش ئىستىكىنى قوزغايدۇ.

**بلقسادي** balïksadi بېلىقسىرىدى، بېلىق يېگۈسى كەلدى.

ار بلقسادي *ər balïksadï* — ئادەم بېلىقسىرىدى (بلقسار ـ بلقساماق *(balïksar ـ balïksamak*).

**بلگسادي** biligsədi ئەقىللىق بولغۇسى كەلدى. اغلان بلگسادي *oqlan biligsədi* — بالىنىڭ ئەقىللىق بولغۇسى كەلدى (بلگسار ـ بلگساماك *(biligsər ـ biligsəmək*).

**برگسادي** bərigsədi بەرگۈسى كەلدى. ال منكا توار برگسادي — *ol maŋa tawar bərigsədi* ئۇنىڭ ماڭا مال بەرگۈسى كەلدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (برگسار ـ برگساماك *(bərigsər ـ bərigsəmək*).

---

① ئەرەبچىسىگە قارىغاندا، بۇ يەردە «نىڭ» قرغسيدي «دېگەن جۈملىدىكى «nəŋ» «نىڭ» سۆزى چۈشۈپ قالغان.

كُرُكْسادي kərügsədi كورگۈسى كەلدى. اُلْ مَني كُرُكْسادي
ol məni kərügsədi — ئۇنىڭ مېنى كورگۈسى كەلدى
(كُرُكْسارْ ـ كُرُكْساماكْ kərügsər ـ kərügsəmək).

كِرِكْسادي kirigsədi كىرگۈسى كەلدى. اُلْ اَنْكا كِرِكْسادي ol —
əvgə kirigsədi ئۇنىڭ ئۆيگە كىرگۈسى كەلدى. باشقىلاردىمۇ
شۇنداق (كِرِكْسارْ ـ كِرِكْساماكْ kirigsər ـ kirigsəmək).

كَلِكْسادي kəligsədi كەلگۈسى كەلدى. اُلْ مَنكا كَلِكْسادي
ol maŋa kəligsədi — ئۇنىڭ ماڭا كەلگۈسى كەلدى
(كَلِكْسارْ ـ كَلِكْساماكْ kəligsər ـ kəligsəmək).

بَغِشْلادي baqïxladï بېقىشلىدى. اُلْ مَنكا اَتْ بَغِشْلادي ol —
maŋa at baqïxladï ئۇ ماڭا ئات بېغىشلىدى. باشقىلاردىمۇ
شۇنداق (بَغِشْلارْ ـ بَغِشْلاماقْ baqïxlar ـ baqïxlamak).

تَفُشْلادي tavuxladï تاپشۇرۇپ بەردى، شەپە بەردى.
تَفُشْلادي نانِكْ tavuxladï naŋ — ئەرسە شەپە بەردى
(تَفُشْلارْ ـ تَفُشْلاماقْ tavuxlar ـ tavuxlamak).

سُرُشْلادي suruxladï چۇرۇش قىلدى، پۇچۇلىدى. اُلْ تَرِغْ
سُرُشْلادي ol tarïq suruxladï — ئۇ بۇغداي چۇرۇش

قىلدى (سُرُشْلارْ ـ سُرُشْلاماقْ suruxlar - suruxlamak).

قَدِشْلادِي kaźïxladï قىيىش قىلدى. اُلْ كُونُكْ قَدِشْلادِي — ol konüg kaźïxladï ئۇ كوڭلىنى قىيىش قىلىپ تىلدى (قَدِشْلارْ ـ قَدِشْلاماقْ kaźïxlar - kaźïxlamak).

قَرِشْلادِي karïxladï غىڭىچىلىدى. اُلْ بَرْجِنْ قَرِشْلادِي — ol barqïn karïxladï ئۇ يىپەك رەخت غىڭىچىلىدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (قَرِشْلارْ ـ قَرِشْلاماقْ karïxlar - karïxlamak).

پِشِغْلادِي pïxïoqladï پىششىقلىدى، پىشۇردى. اُلْ آتْ پِشِغْلادِي — ol at pïxïoqladï ئۇ ئەت (گوش) پىشۇردى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (پِشِغْلارْ ـ پِشِغْلاماقْ pïxïoqlar - pïxïoqlamak).

سَتِغْلادِي satïoqladï سودا قىلىشتى، سېتىشتى. اُلْ آنِڭْ بِرْلا سَتِغْلادِي — ol anïŋ birlə satïoqladï ئۇ ئۇنىڭ بىلەن سودا - سېتىق قىلىشتى (سَتِغْلارْ ـ سَتِغْلاماقْ satïoqlar - satïoqlamak)، توغرىسى «سَتِغْلَشْدِي satïoqlaxdï» دۇر. ئەككىلىسى قوللىنىلىدۇ.

سَرِغْلادي sarïoqladï سارغايتتى، سېرىق قىلدى. اُلْ تُونِنْ سَرِغْلادي — ol tonïn sarïoqladï — ئۇ تونىنى سار-غايتتى، سېرىق قىلدى. باشقىلاردىمۇ شۇلداق (سَرِغْلارْ - سَرِغْلاماقْ *sarïoqlar - sarïoqlamak*).

قِذِغْلادي kïzïoqladï قىيىقلىدى ~ جىيەكلىدى. اُلْ بُرْكْ قِذِغْلادي — *ol børk kïzïoqladï* — ئۇ بوكنى جىيەكلىدى. باشقىلاردىمۇ شۇلداق (قِذِغْلارْ - قِذِغْلاماقْ *kïzïoqlar - kïzïoqlamak*).

قُرِغْلادي kurïoqladï قۇرۇغدىدى. قُرِغْلادي نانْكْني — *kurïoqladï nəŋni* — بىر نەرسىنى قۇرۇغدىدى، يەنى بىر نەرسىنى ئىشلىتىپ قۇرۇغدىدى (قُرِغْلارْ - قُرِغْلاماقْ *kurïoqlar - kurïoqlamak*).

قَسِغْلادي kasïoqladï جاۋغىيىغا ئۇردى. اُلْ قُلِنْ قَسِغْلادي — *ol kulïn kasïoqladï* — ئۇ قۇلىنىڭ جاۋغىيىغا ئۇردى (قَسِغْلارْ - قَسِغْلاماقْ *kasïoqlar - kasïoqlamak*)①.

① يازما نۇسخىدا بۇ سوزنىڭ ئۆتكەن زامان، كەلگۈسى زامان شەكىللىرى ۋە مەستىرى «قَسْغَلادي، قَسْغَلارْ - قَسْغَلاماقْ» شەكلىدە يېزىلغان. بىز بۇ پېيلنىڭ «قَسِغْ *kasïq* — جاۋغاي» سوزىدىن ياسالغىنىنى نەزەردە تۇتۇپ، فەقەت بويىچە ترانسكرىپسىيە بەردۇق.

**بتقلادى** putakladï پۇتىدى. اُل يغاجغ بتقلادى *ol* — *yïƣaqïƣ putakladï* ئۇ ياغاچنى پۇتىدى، يەنى ياغاچنىڭ پۇتاقلىرىنى كەستى (بتقلار - بتقلاماق *putaklar - putaklamak*)①. توغرىسى «بتيدى *putïdï*» دۇر.

**تتقلادى** tutukladï تۇتقۇزدى، پىچتى، ئاختا قىلدى، ئاختا دەپ ھېساپلىدى. اُل اُغلن تتقلادى *ol oƣlïn tutukladï* — ئۇ ئوغلىنى ئاختا قىلدى، ياكى ئۇنى ئاختا دېدى (تتقلار - تتقلاماق *tutuklar - tutuklamak*).

**بشقلادى** baxakladï باشاق بېكىتتى. اُل سنكو بشقلادى *ol süŋü baxakladï* — ئۇ نەيزىگە باشاق (تۇمۇر ئۇچ) بېكىتتى (بشقلار - بشقلاماق *baxaklar - baxaklamak*).

**ترقلادى** turukladï ئورۇقلاتتى. اُل اَتغ ترقلادى *ol* —

① يازما نۇسخىدا بۇ سوزنىڭ ئۆتكەن زامان، كەلگۈسى زامان شەكىللىرى ۋە مەستىرى «بتقلادى، بتقلار - بتقلاماق» شەكلىدە يېزىلغان. ئاپتور يازما نۇسخا 189 - بەت(ئۇيغۇرچە I- توم 488- بەت)تە بۇ سوزنىڭ ھەم فەتھىلىك، ھەم كەسرىلىك ئوقۇلۇشى مۇمكىنلىكى توغرىسىدا ئىزاھ بەرگەن. بىز بۇ يەردە فەتھە بويىچە ترانسكرىپسىيە بەردۇق.

*atïq turukladï* ئۇ ئاتنى ئورۇقلاتتى؛ ئاتنى ئورۇق
ھېساپلىدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (تُرُقلار - تُرُقلاماق
*turuklar - turuklamak*).

**جِبِقلادي** qïbïkladï چىۋىقلىدى، چىۋىق بىلەن ئۇردى.
اُل اَتِن جِبِقلادي *ol atïn qïbïkladï* — ئۇ ئېتىنى
چىۋىقلىدى (جِبِقلار - جِبِقلاماق *qïbïklar - qïbïklamak*).

**جَرُقلادي** qarukladï چورۇق كىيدى. اُل اَذاقِن جَرُقلادي
*ol azakïn qarukladï* — ئۇ پۇتىغا چورۇق كىيدى
(جَرُقلار - جَرُقلاماق *qaruklar - qaruklamak*)①.
«جَرُق — *qaruk* — چارۇق» دەپ ئاتىلىدىغان قەبىلىگە مەنسۇپ
دەپ ھېساپلىسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ.

**قَبَقلادي** kapakladï قىزلىقىنى ئالدى. اَر قِزِغ قَبَقلادي
*ər kïzïq kapakladï* — ئادەم قىزنىڭ قىزلىقىنى
ئالدى (قَبَقلار - قَبَقلاماق *kapaklar - kapaklamak*).

---

① يازما نۇسخىدا بۇ پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامان، كەلگۈسى زامان شەكىللىرى ۋە مەستىرى «جَرُقلادي، جَرُقلار - جَرُقلاماق» شەكلىدە يېزىلغان. بىز بۇ سۆزنىڭ «دىۋان»نىڭ باشقا ئورۇنلىرىدا زەممىلىك يېزىلغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، زەممە بويىچە ترانسكرىپسىيە بەردۇق.

قُجَقْلادِي kuqakladï قوچاقلىدى. اُلْ بَرْجِنْ قُجَقْلادِي *ol*— ① *barqïn kuqakladï* ئۇ يىپەك رەخت قوچاقلىدى (قُجَقْلارْ ـ قُجَقْلاماقْ *kuqaklamak* ـ *kuqaklar*).

قَرَقْلادِي karakladï بۇلىدى، تالىدى. اُلْ تَوارِغْ قَرَقْلادِي *ol tawarïq karakladï* — ئۇ يول توسۇپ مال بۇلىدى (قَرَقْلارْ ـ قَرَقْلاماقْ *karaklamak* ـ *karaklar*). ياغمىچە.

قَشُقْلادِي kaxukladï قوشۇقلاپ يىدى، قوشۇق بىلەن يىدى. اُلْ بالِغْ قَشُقْلادِي *ol balïq kaxukladï* — ئۇ بېلىق (ھەسەل)نى قوشۇقلاپ يىدى (قَشُقْلارْ ـ قَشُقْلاماقْ *kaxuklamak* ـ *kaxuklar*)②.

---

① يازما نۇسخىدا بۇ جۈملە ئەرەبچە «وأي ـ انه تأبط الشيء» ئۇ نەرسە قوچاقلىدى» دەپ يېزىلغان. بىز تەرجىمىدە ئەسلى تېكىستنى ئاساس قىلدۇق.

② يازما نۇسخىدا بۇ پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامان، كەلگۈسى زامان شەكىللىرى ۋە مەستىرى «قَشُقْلادِي، قَشُقْلارْ ـ قَشُقْلاماقْ» شەكلىدە بېرىلگەن. «دىۋان»دا بۇ سۆزنىڭ ئىككىنچى ھەرپى كۆپ ئورۇنلاردا زەممىلىك، بەزى جايلاردا كەسرىلىك كەلگەن. بۇ، بۇ سۆزنىڭ ئىككى خىل تەلەپپۇز قىلىنىش ئېھتىمالى بارلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. بىز بۇ يەردە زەممە بويىچە ترانسكرىپسىيە بەردۇق.

قُلَقْلادِي kulakladi قۇلىقىغا ئۇردى. اُلْ اُغْلَنْ قُلَقْلادِي

ol oɣlïn kulakladi — ئۇ ئوغلىنىڭ قۇلىقىغا ئۇردى

(قُلَقْلار - قُلَقْلاماق kulaklamak - kulaklar).

قُمُقْلادِي kumukladi تېزەكلىدى. اَتْ قُمُقْلادِي — at

kumukladi ئات تېزەكلىدى. «قُمُقْ kumuk — قۇمۇق»

قەبىلىسىدىن ھېساپلىنىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ. بۇ بىر

ئادەمنىڭ ئىسمىدۇر (قُمُقْلار - قُمُقْلاماق - kumuklar

kumuklamak).

قُنُقْلادِي konukladi مېھمان قىلدى. بَكْ مَنِي قُنُقْلادِي

bəg məni konukladi — بەگ مېنى مېھمان قىلدى.

باشقىلاردىمۇ شۇنداق (قُنُقْلار - قُنُقْلاماق - konuklar

konuklamak).

ئوغۇزلاردىن باشقىلارنىڭ تىلىدا بۇ سوز بىر كىمنىڭ ئۆيى ئىگىسىنىڭ ماقۇللۇغىنى ئالماستىن، شۇ ئۆيدە قونۇش مەنىسىدىدۇر. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

يَغِي بَكْدِنْ اُذْقْلادِي

كُرُبْ سُونِي اَذِقْلادِي

الُم آني قُنقُلادي
آغِز اِجرا آغُو سَغدي

*yaqï bəgdin użukladï*
*kɵrüp süni ażïkladï*
*ɵlüm anï konukladï*
*aqïz iqrə aqu saqdï*

[دۈشمەن بەگدىن مۈگدەپ قالدى،
قوشۇنىنى كۆرۈپ مەگدەپ قالدى؛
ئۆلۈم ئۇنى مېھمان قىلدى،
ئاغزى ئىچىگە ئوغا سالدى.]

بەگ كەلگەندە دۈشمەن مۈگدەپ قالدى، ئاندىن بەگنىڭ قوشۇنلىرىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى، ھودۇقتى؛ ئۇنى ئۆلۈم مېھمان قىلدى، ئۆلۈم ئۇنىڭ ئاغزىغا ئوغا ساغدى، ئۇ شۇنىڭ بىلەن ئۆلدى.

بِجَكْلادي piqəklədi پىچاقلىدى، پىچاق بىلەن ئۇردى.

اُلْ آني بِجَكْلادي *ol ani piqəklədi* — ئۇ ئۇنى پىچاقلىدى، پىچاق بىلەن ئۇردى (بِجَكْلار ـ بِجَكْلاماكْ *(piqəklər - piqəkləmək)*.

بَدُكْلادي bədüklədi بۈيۈكلىدى، ئۇلۇغلىدى، چوڭ كوردى. اُلْ مَني بَدُكْلادي *ol məni bədüklədi* — ئۇ مېنى چوڭ كوردى (بَدُكْلارْ ـ بَدُكْلاماكْ *bədüklər – bədükləmək*).

بَلَكْلادي bələklədi بولەك بەردى، سوغا بەردى. اُلْ مَنْكا بَلَكْلادي *ol maŋa bələklədi* — ئۇ ماڭا سوغا بەردى (بَلَكْلارْ ـ بَلَكْلاماكْ *bələklər – bələkləmək*).

تَزَكْلادي təzəklədi تېزەكلىدى. اَتْ تَزَكْلادي — *at təzəklədi* ئات تېزەكلىدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (تَزَكْلارْ ـ تَزَكْلاماكْ *təzəklər – təzəkləmək*).

تَزِكْلادي təziklədi تاجىك (پارس) ھېساپلىدى. اُلْ اَنِي تَزِكْلادي *ol ani təziklədi* — ئۇ ئۇنى تاجىك ھېساپلىدى، پارس قاتارىدا كوردى (تَزِكْلارْ ـ تَزِكْلاماكْ *təziklər – təzikləmək*).

تَشُكْلادي təxüklədi ئاچكوز ھېساپلىدى. اُلْ اَنِي تَشُكْلادي *ol ani təxüklədi* — ئۇ ئۇنى ئاچكوز ھېساپلىدى (تَشُكْلارْ ـ تَشُكْلاماكْ *təxüklər – təxükləmək*).

جُرَكْلادي qərəklədi توقاچ قىلدى. اُلْ اُونَغْ جُرَكْلادي — ol unuq qərəklədi ئۇ ئۇننى توقاچ قىلدى (جُرَكْلارْ - جُرَكْلاماكْ qərəklər - qərəkləmək).

كَرَكْلادي kərəklədi كېرەك قىلدى، ئاختۇردى، ئىزدىدى ~ ئىزلىدى. اُلْ آني كَرَكْلادي — ol anï kərəklədi ئۇ ئۇنى كېرەك قىلدى، يەنى ئۇنى ئىزدىدى (كَرَكْلارْ - كَرَكْلاماكْ kərəklər - kərəkləmək).

كُرُكْلادي kərüklədi كورۇكلىدى. اُلْ اُوتَغْ كُرُكْلادي — ol otuq kərüklədi ئۇ ئوتنى كورۇكلىدى، يەنى ئوتنى كورۇك بىلەن پۈۋدىدى (كُرُكْلارْ - كُرُكْلاماكْ kərüklər - kərükləmək).

كُجُكْلادي keqüklədi ساغرىسىغا ئۇردى. اُلْ اُغْلَنْ كُجُكْلادي — ol oqlïn keqüklədi ئۇ ئوغلىنىڭ ساغرىسىغا ئۇردى (كُجُكْلارْ - كُجُكْلاماكْ keqüklər - keqükləmək).

كِجِكْلادي kiqiklədi كىچىك ھېسابلىدى. اُلْ آني كِجِكْلادي — ol anï kiqiklədi ئۇ ئۇنى كىچىك ھېسابلىدى (كِجِكْلارْ - كِجِكْلاماكْ kiqiklər - kiqikləmək).

تُرُمْلادي turumladï بويلىدى. اُلْ سُوقُغْ تُرُمْلادي — ol —

suvuq turumladï ئۇ سۇنى بويلىدى، يەنى سۇنىڭ
چوڭقۇرلۇغىنى بويى بىلەن ئۆلچىدى (تُرُمْلارْ - تُرُمْلاماقْ
turumlar - turumlamak).

**تَرِمْلادِي** tarïmladï: اُلْ اُكُزْنِي تَرِمْلادِي — ol ɵgüzni
tarïmladï ئۇ دەريانىڭ بولۇنۇپ ئاققان يېرىدىن ئۆتتى
(تَرِمْلارْ - تَرِمْلاماقْ tarïmlar - tarïmlamak). بۇ
پاتقاقلىقتىن قېچىش ئۈچۈندۇر.

**بُتُنْلادِي** pütünlədi ھەقىقەتىنى تەكشۈردى. اُلْ سُوزُكْ
بُتُنْلادِي ol sɵzüg pütünlədi — ئۇ سۆزنىڭ ھەقىقە-
قىتىنى تەكشۈردى، باشقىلاردىمۇ شۇنداق (بُتُنْلارْ -
بُتُنْلاماكْ pütünlər - pütünləmək).

**بُرُنْلادِي** burunladï بۇرۇنغا ئۇردى. اُلْ اَنِي بُرُنْلادِي
ol anï burunladï — ئۇ ئۇنىڭ بۇرنىغا ئۇردى
(بُرُنْلارْ - بُرُنْلاماقْ burunlar - burunlamak).

**تَبَنْلادِي** tapanladï تاپانلىدى، تاپان بىلەن تەپتى. تَوِي
تَبَنْلادِي təwəy tapanladï — توگە تاپان بىلەن تەپتى
(تَبَنْلارْ - تَبَنْلاماقْ tapanlar - tapanlamak).

سَبْنْلادِي sapanladi ساپان سالدى. اُلْ يِيرِكْ سَبْنْلادِي — ئۇ يەرگە ساپان سالدى ol yərig sapanladi (سَبْنْلارْ - سَبْنْلاماقْ sapanlar - sapanlamak).

## بۇ باپتىكى مىساللار

يَغِرْلادِي yaqirladi يېغىرىنى ساقايتتى. اُلْ اَتِنْ يَغِرْلادِي — ئۇ ئېتىنىڭ يېغىرىنى ساقايتتى. ol atin yaqirladi «ئۇ ئاتنى يېغىر قىلدى» دېيىلسەكچى بولسا، «اُلْ اَتِغْ يَغْرِتِي» «ol atiq yaqritti» دېيىلىدۇ. بۇ ئەرەپچىدىكى «كەمبەغەللەشتى»نى «تَرِبَ»، «باي بولدى»نى «اَتْرَبَ»؛ «زۇلۇم سالدى»نى «قَسَطَ»، «ئادىللىق قىلدى»نى «اَقْسَطَ»دېگەنگە ئوخشاش (يَغِرْلارْ - يَغِرْلاماقْ yaqirlar - yaqirlamak).

يَفُزْلادِي yavuzladi ياۋۇز دەپ ھېساپلىدى، يامان دەپ ھېساپلىدى. اُلْ يَفُزْلادِي نانْكْنِي — ol yavuzladi nəŋni ئۇ نەرسىنى يامان دەپ ھېساپلىدى (يَفُزْلارْ - يَفُزْلاماقْ yavuzlar - yavuzlamak).

يَزُقْلادِي yazukladi ئەيىپلىدى، جازاغا تارتتى. بَكْ اَنِي

**يۇزۇقلادى** *bəg anï yazukladï* — بەگ ئۇنى جازاغا تارتتى، يەنى جىنايىتى ئۈچۈن قولغا ئالدى (يۇزۇقلار - يۇزۇقلاماق *yazuklar - yazuklamak*).

**يىتىكلادى** yitiklədi ئىز-دېرىكىنى قىلدى. ئول ئات يىتىكلادى *ol at yitiklədi* — ئۇ يۈتكەن ئاتنى ئىزدىدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (يىتىكلار - يىتىكلاماك *yitiklər - yitikləmək*).

**يېرىملادى** yarïmladï يېرىملىدى. ئول يولغ يېرىملادى *ol yoluq yarïmladï* — ئۇ يولنى يېرىملىدى، يەنى يولنىڭ يېرىمىنى باستى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (يېرىملار - يېرىملاماق *yarïmlar - yarïmlamak*).

**يېلىملادى** yəlimlədi يېلىملىدى، يەملىدى، چاپلىدى. ئول ئوق يېلىملادى *ol ok yəlimlədi* — ئۇ ئوق يېلىملىدى، يەنى ئوققا پەي چاپلىدى.

**يىلىملادى** yəlimlədi چارلىدى. ئول يولغ يىلىملادى *ol yoluq yəlimlədi* — ئۇ يولنى چارلىدى، يەنى ئۇ يولدا دۈشمەننىڭ پىستىرمىسى ياكى چارلىغۇچىسى بار-يوقلۇغىنى بىلىش ئۈچۈن ئەسكەرنىڭ ئالدىدا ماڭدى (يىلىملار - يىلىملاماك *yəlimlər - yəlimləmək*).

يَغْرِنْلادِي آنِي اُلْ. ئۆردى تاغىغا yaqrïnladï يَغْرِنْلادِي

*ol anī yaqrīnladī* — ئۇ ئۇنىڭ تاغىغا ئۆردى

(يَغْرِنْلار - يَغْرِنْلاماق *yaqrīnlamak* - *yaqrīnlar*).

قائىدە: بۇ باپنىڭ بۇيرۇق شەكلى بەش ھەرپلىكتۇر.

مەسىلەن: «مَنِي آغِرْلا *məni aqīrla* — مېنى ئىز-

زەت قىل»، «مَنكا آتْ بَغِشْلا *maŋa at baqïxla* —

ماڭا ئات بېغىشلا» دېگەن جۈملىلەردىكى «آغِرْلا

*aqīrla*»، «بَغِشْلا *baqïxla*» لارغا ئوخشاش.

تۈرلۈك پېئىللارنىڭ بولۇشسىز شەكىللىرى، پېئىلدىن ياسالغان سۈپەتلەر، ئورۇن - جاي، ۋاقىت - چاغ، قورال - جابدۇق ئىسىملىرى يۇقۇرىدىكى باپلاردا بايان قىلىنغان قائىدىلەرگە ئاساسەن ياسىلىدۇ. ھەممە باپلار ئۈچۈن قائىدە بىردۇر. بۇ باپتىن مەجھۇل پېئىل ياساش ئۈچۈن بۇيرۇق شەكلىگە بىر «ل - *l*» قوشۇلىدۇ، بۇ چاغدا پېئىلدا ئىككى «ل - *l*» پەيدا بولىدۇ. مەسىلەن: «آرْ آغِرْلَلْدِي *ər aqīrlaldī* — ئادەم ئىززەت قىلىندى» ۋە «آتْ بَغِشْلَلْدِي *at baqīxlaldī* — ئات سوغا قىلىندى» دېگەنگە ئوخشاش. بۇ پېئىللاردا «ل - *l*» نىڭ ئورنىغا «ن - *n*» نى قويۇپ، «آتْ بَغِشْلَنْدِي *at* —

*baqïxlandï* ئات سوغا قىلىندى»، «آر آغرلاندى *ar*—
*aqïrlandï* ئادەم ئىززەت قىلىندى» شەكلىدە قوللانىلمۇ
بولىدۇ. لېكىن بىرىنچى شەكلى كۆپرەك قوللىنىلىدۇ. ئىش
ئىككى كىشى ئوتتۇرىسىدا بېجىرىلگەنلىكىنى بىلدۈرۈش
ئۈچۈن، پېئىلغا «ش - *x*» قوشۇپ ياساش قائىدىسى
يۇقۇرىدا تونۇشتۇرۇلغان ئىدى.

بۇ باپ ئالتە تۈرلۈك بولىدۇ:

بىرىنچى: پېئىل ھەرپى ئىللەتسىز ئۈچ ھەرپلىك
ئىسىملاردىن ياسالغان بولىدۇ. مەسىلەن: «قپغ كرتلادى
*kapuq kiritlədi* — ئىشىكنى قۇلۇپلىدى». ئەسلى
«كرت *kirit* — ئاچقۇچ» بولۇپ، بۇنىڭغا «لادى *lədi*»
قوشۇلۇپ پېئىل ياسالغان، «ال انى قسغلادى *ol ani* —
*kasiqladi* ئۇ ئۇنىڭ جاۋغىيىغا ئۇردى». «قسغ
*kasiq* — جاۋغاي» دېمەكتۇر، بۇنىڭغا «لادى *ladi*»
قوشۇلۇپ پېئىل ياسالغان، ھەر بىر مەنىنى ئىپادىلەشتە
بۇ باپ مۇشۇ قائىدە بويىچە بولىدۇ.

ئىككىنچى: بايان قىلىنغان سۆز، گۈلىك ئادەم ئىسمى
ياكى باشقا سۆز بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، بىر نەرسە
قاتارىدا ھېساپلانغانلىق مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

«ال آني اغزلادي *ol ani oquzladi* — ئۇ ئۇنى ئوغۇز ھېساپلىدى»، «ال آني جككلادي *ol ani qigilladi* — ئۇ ئۇنى چىكىل ھېساپلىدى» دىگەنگە ئوخشاش. شۇنىڭدەك، بىر ئادەم ھەرقانداق بىر نەرسىگە نىسبەت قىلىنىشىمۇ شۇنداق دىيىلىدۇ. مەسىلەن: «ال آني سرنلادي *ol ani saranladi* — ئۇ ئۇنى بېخىل ھېساپلىدى». ئەرەپچىدىمۇ شۇنداق. «ظلمته فسقته» ئىبارىسى «سەن ئۇنى زالىمغا ۋە پىخسىققا ئوخشاتتىڭ» دىمەكتۇر.

ئۈچىنچى: بايان قىلىنغان ئەزاغا ئۇرۇش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: «ال آني قرنلادي *ol ani karinladi* — ئۇ ئۇنىڭ قارنىغا ئۇردى»، «ال آني بكرلادي *ol ani bogürladi* — ئۇ ئۇنىڭ بورىگىگە ئۇردى» دىگەنگە ئوخشاش.

بۇ ھال تۈركى تىللارنىڭ ئالاھىدە چوڭ پەزىلىتىدۇر. بۇ تىل خۇددى بەيگىگە چۈشكەن ئىككى ئاتقا ئوخشاش ئەرەپ تىلى بىلەن مۇسابىقىدە تەڭ يۈرەلەيدۇ. ئەرەپچىدىمۇ ئىسىمدىن پېئىل ياسىلىدۇ. مەسىلەن: «يانپاش» مەنىسىدىكى «فخذ» ئىسمىدىن پېئىل ياساپ، «فخذه — يانپىشىغا ئۇردى» دىيىلىدۇ، «راسه — بېشىغا ئۇر-

دى»، «مىنە — دوۋسۇنغا ئۇردى» ۋە «جىلدە — تېرىسىگە ئۇردى» دېگەنلەرگە ئوخشاش. تۈركى تىللاردىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاشلا ئىسىمدىن پېئىل ياسىلىدۇ. مەسىلەن: «تۇش — توش tox» دېگەن ئىسىمدىن ياسالغان «تۇشلادى texladi — توشىگە ئۇردى» پېئىلىغا ئوخشاش.

پۈتۈن تۈركى تىللاردا ئىسىملاردىن مۇشۇ مەنىنى بىلدۈرىدىغان پېئىللار ياسىلىدۇ.

تۆتىنچى: ئىشلىگۈچىنىڭ بىر ئىشنى بايان قىلىنىدىغان قورال بىلەن ئىشلىگەنلىك مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: «اُلْ آنى قىلىچلادى ol ani kiliqladi — ئۇ ئۇنى قىلىچلىدى، قىلىچ بىلەن چاپتى»، «اُلْ اتىغ چىقىلادى ol atiq qibikladi — ئۇ ئاتنى چىۋىقلىدى، چىۋىق بىلەن ئۇردى» دېگەنگە ئوخشاش.

بەشىنچى: بايان قىلىنغان نەرسىنىڭ ئۆز جىنسىدىن ئايرىلىپ چىققانلىق مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: «بامُق ارُغلادى pamuk uruqladi — پاختىنى چىگىتتىن ئايرىدى»، «تَلُولادى نانْكنى taluladi nəŋni — نەرسىنى (ئۆز جىنسىدىن) تاللىدى» دېگەنگە ئوخشاش.

ئالتىنچى: مۇشۇ بابنىڭ ئەسلى شەكلى بولۇپ، يۇقۇرىدا ئېيتىلغان مەنىلەردىن ھېچبىرى ئىپادە قىلمايدۇ. مەسىلەن:

«اُلْ مَنكا آتْ بَغشْلادي — *ol maŋa at baqixladi*
ئۇ ماڭا ئات بېغىشلىدى (سوغا قىلدى)»، «تَنْكْرِي مَنِي
آغِرْلادي — *tənri məni aqïrladï* تەڭرى مېنى ئەزىزلە-
لىدى» دېگەنگە ئوخشاش.

ئۇندىن قالسا شۇنى بىلگىنكى، ھەرقانداق ئىسىمدىن پېئىل ياساشنىڭ قائىدىسى ئومۇمىي بولسىمۇ، ھەممىلا ئىسىمدىن پېئىل ياسىلىۋەرمەيدۇ. «پىندىق» مەنىسىدىكى «قَسِقْ *kosik*» سۆزىدىن «قَسِقْلادي *kosikladï*» شەكلىدە پېئىل ياسىغىلى بولمايدۇ. ئەمما «قَشُقْ *kaxuk* — قوشۇق» سۆزىدىن «قَشُقْلادي *kaxukladï* — قوشۇق بىلەن يىدى» شەكلىدە پېئىل ياسىغىلى بولىدۇ. «اُلْ مَنِي قُنُقْلادي — *ol məni konukladï* — ئۇ مېنى مېھمان قىلدى» دېگىلى بولسىمۇ، ئەمما «ئات قوناق يىدى» دېگەن مەنىدە «آتْ قُنَقْلادي *at konakladï*» دېگىلى بولمايدۇ. «قُنَقْ *konak* — قوناق»، «قُنُقْ *konuk* — مېھمان» سۆزلىرىنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئۈچ ھەرپلىك بولسىمۇ، بۇلارنىڭ بىرىدىن پېئىل ياسىغىلى بولىدۇ، يەنە بىرىدىن پېئىل ياسىغىلى بولمايدۇ. ئەگەر بىر كىم بۇ ئىسىملاردىن باشقىلارغا قىياس قىلىپ پېئىل ياساپ قوللانسا، ئۇنىڭغا يول قويسا بولىدۇ، بۇمۇ خاتا

بولمايدۇ، ئۇمۇ يولدۇق.

بۇ باپ بىلەن «ن - *n*»لىق پېئىللار بابى ئارىسىدىكى پەرقنى يۇقۇرىدا سۆزلەپ ئۆتتۇق. «ن - *n*» لىق پېئىللار ھەركەتنىڭ ئىشلىگۈچى بىلەن چېگرىلىنىدىغانلىغىنى، ئىشلىگۈچىنىڭ ئىشنى ئۆزى قىلغانلىغىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ ھەقتە يۇقۇرىدا سۆزلەپ ئۆتتۇق. بۇ باپتىكى پېئىللارغا كەلسەك، ھەركەت ئىشلىگۈچىدىن باشقىغا ئۆتىدۇ.

ئالدىنقى پېئىل تۈرىنىڭ مىسالى: «اَرْ اَتُكْلَنْدِي *ər atükləndi* — ئادەم ئۈتۈكلۈك بولدى»، «يِغَاجْ اَرُكْلَنْدِي *yiqaq ərükləndi* — دەرەخ ئۆرۈكلىدى» دېگەنگە ئوخشاش. بۇ باپ ئەرەپچىدىكى «اِنْفِعَالْ» بابىغا توغرا كېلىدۇ. «ل - *l*»لىق پېئىللار بابىغا كەلسەك (مەن بۇنىڭدا «لادِي *ladi*∥*lədi*» قوشۇلۇپ ياسالغان پېئىلنى كۆزدە تۇتۇۋاتىمەن)، بۇ باپ ئەرەپچىدىكى «تَفْعِيلْ» بابىغا توغرا كېلىپ دائىم ئۆتۈملۈك بولىدۇ. مەسىلەن: «اُلْ اُتْ كُرُكْلادِي *ol ot kərükladi* — ئۇ ئوت كۆرۈكلىدى، يەنى ئوتنى كۆرۈك بىلەن پۈۋلىدى»، «اُلْ قَبُغْ كِرِتْلادِي *ol kapuq kiritlədi* — ئۇ ئىشىك قۇلۇپلاندى» دېگەنگە ئوخشاش.

ئىشلىگۈچى بايان قىلىنغان ئىسىم بىلەن بىللىلىكنى ئىپادىلەشنى مەقسەت قىلسا، «ن - *n*»لىق پېئىل باغلى-رىنىڭ ھەممىسىدىن شۇ مەنىدە پېئىل ياسىشى مۇمكىن. بۇلىنىڭ قائىدىسى يۇقۇرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلدى. بۇ پېئىللار شەخس قوشۇمچىلىرى بىلەن قوشۇلۇپ كەلگەندە، ئۇ پېئىللاردىكى ھەرپى لىن چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

«مَنْ اُذِقْلَدِمْ *mən uzïkladïm* — مەن مۆگدىدىم»،

«سَنْ اُذِقْلَدِنْكْ *sən uzïkladïŋ* — سەن مۆگدىدىڭ»،

«اُذِقْلَدِي *uzïkladï* — مۆگدىدى» دېگەنگە ئوخشاش.

باشقا پېئىللارمۇ شۇنىڭغا قاراپ ياسىلىۋېرىدۇ. ئۇلۇغ تەگرى خالىسا.

تۆت ھەرپلىك پېئىللار ئىچىدە بىر ئورۇندا ئارقىمۇ-ئارقا ئىككى ساكىن كەلگەن پېئىللار تېپىلمايدۇ. چۈنكى بۇنداق پېئىللارنىڭ ئاخىرقى ھەرپى تىل ئۇچى ھەرپلىرى بىلەن بىللە كېلىدۇ. ئۇ مەنە بۇ يەردە بولمايدۇ. مەسىلەن: «اَرْمَكُورْدِي *ərməgürdi* — ھورۇنلاشتى»، «اَرْمَكُورَارْ *ərməgürər* — ھورۇنلىشار»، «اَرْمَكُورْمَاكْ *ərməgürmək* — ھورۇنلاشماق» دېگەنگە ئوخشاش پېئىللار «و - ۋاۋ» چۈشۈرۈلۈپ «اَرْمَكْرْدِي *ərməgürdi*» شەك-لىدىمۇ قوللىنىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىككى ساكىن بىر يەردە كېلىپ قالمايدۇ، بۇنى ياخشى بىلىۋېلىڭلار.

## فَعْلَعْلادى fə'lə'lədi[1] شەكلىدە ھەرخىل ھەرىكىلەنگەن بەش ھەرپلىك سۆزلەر بابى

**تَفْغاجْلادى** tavoqaqladi تاۋغاچ ھېساپلىدى، ماچىنلىق ھېساپلىدى، ماچىنلىق دېدى. اُلْ اَنى تَفْغاجْلادى — *ol ani tavoqaqladi* — ئۇ ئۇنى تاۋغاچ ھېساپلىدى، يەنى ماچىنلىق دېدى (تَفْغَجْلار - تَفْغَجْلاماق *tavoqaqlar - tavoqaqlamak*).

**سُرْقُجْلادى** surkuqladi سۈرغۈچلىدى. اُلْ بِچاكْ سُرْقُجْلادى — *ol piqək surkuqladi* — ئۇ پىچاقنى سۈرغۈچلىدى، يەنى ئۇ پىچاقنىڭ دەستىسىنى سىر دەرىخىنىڭ يېلىمى بىلەن يەملىدى (سُرْقُجْلار - سُرْقُجْلاماق *surkuqlar - surkuqlamak*).

---

① يازما نۇسخىدا بۇ سۆز «تَعْلَعْلادى» شەكلىدە يېزىلغان. بۇ بۇ يەردىكى ۋەزىنگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. بىز مىسالغا ئېلىنغان سۆزلەرنىڭ ۋەزنىگە ئاساسەن، ترانسكرىپسىيىدە «*fə'lə'lədi*» دەپ ئالدۇق.

قَلْبُزْلادِي kalbuzladī قوۋۇزلاپ يۇتتى. اُلْ قَلْبُزْلادِي نانْگْنِي — ئۇ بىر نەرسىنى ol kalbuzladī nəŋni قوۋۇزلاپ يۇتتى (قَلْبُزْلارْ ـ قَلْبُزْلاماقْ kalbuzlar - kalbuzlamak).

قِرْتِشْلادِي kīrtīxladī قىرتىشلىدى، قىردى، سىلىقلاشتۇردى. اُلْ سَغْرِينِي قِرْتِشْلادِي ol saqrīnī kīrtīxladī — ئۇ ساغرىنى قىرتىشلىدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (قِرْتِشْلارْ ـ قِرْتِشْلاماقْ kīrtīxlar - kīrtīxlamak).

بُغْمَقْلَلْدِي boqmakladī بوغماقلىدى، تۈگمىلىدى. كُنْكْلَكْ بُغْمَقْلَلْدِي kəŋlək boqmakladī — كۆڭلەك تۈگمىلىدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (بُغْمَقْلَنُورْ ـ بُغْمَقْلَنْماقْ boqmaklar - boqmaklamak)①.

---

① يازما نۇسخىدا بۇ پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامانى «بُغْمَقْلَلْدِي» شەكلىدە، كەلگۈسى زامانى «بُغْمَقْلَنُورْ»، مەسدىرى «بُغْمَقْلَنْماقْ» شەكلىدە يېزىلغان. بۇ باب مەجھۇل پېئىللار بابى ئەمەس. شۇڭا بىز بۇ پېئىلنىڭ ئەرەبچە مەنىسى ھەم باش ۋە ئاخىردىكى پېئىللار-

تَمَغْقَلادى tamoqakladi تامغىغا ئۇردى، گېلىگە ئۇردى.

اُلْ آنِي تَمَغْقَلادى — ol ani tamoqakladi ئۇ ئۇنىڭ تامىغىغا ئۇردى (تَمَغْقَلار - تَمَغْقَلاماق tamoqaklar - tamoqaklamak).

قَرْلُقْلادى karlukladi قارلۇق ھېساپلىدى، قارلۇق دېدى.

اُلْ آنِي قَرْلُقْلادى — ol ani karlukladi ئۇ ئۇنى قارلۇق ھېساپلىدى، قارلۇق دېدى. ئۇلار تۈركمەنلەرنىڭ بىر قەبىلىسىدۇر (قَرْلُقْلار - قَرْلُقْلاماق karluklar - karluklamak).

قِفْجاقْلادى kifqakladi قىپچاق ھېساپلىدى، قىپچاق دېدى.

اُلْ آنِي قِفْجاقْلادى — ol ani kifqakladi ئۇ ئۇنى قىپچاق ھېساپلىدى، قىپچاق دېدى (قِفْجاقْلار - قِفْجاقْلاماق kifqaklar - kifqaklamak).

قُلْتُقْلادى koltukladi قولتۇقلىدى. اُلْ اُتُنْكْ قُلْتُقْلادى — ol otun koltukladi ئۇ ئوتۇن قولتۇقلىدى. قولتۇغىغا ئورىسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (قُلْتُقْلار - قُلْتُقْلاماق koltuklar - koltuklamak).

---

نۇسخا يېزىلىش شەكلىگە ئاساسەن، ترانسكرىپسىيىسىنى «boqmakladi ،boqmaklar ،boqmaklamak» دەپ ئالدۇق.

# بۇ باپتىكى باشقا بىر تۈر

كُرْبالادي kərpələdi كورپە ئوت يىدى. آتْ كُرْبالادي — at kərpələdi ئات كورپە ئوت (يۇمران ئوت) يىدى (كُرْبالارْ - كُرْبالاماكْ kərpələr - kərpələmək).

تُرْتالادي burtaladi①: اُلْ بُرْكْ تُرْتالادي — ol bərk burtaladi ئۇ بۆككە ئالتۇن قاداقلارنى بەكىتتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (تُرْتالارْ - تُرْتالاماكْ burtalar–burtalamak)②.

قِفْتُولادي kiftuladi قايچىلىدى. اُلْ قِفْتُولادي بُوزُكْ — ol kiftuladi bəzüg ئۇ بوزنى قايچىلىدى. قايچا بىلەن باشقا نەرسىلەرنى قىرقىسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ

---

① يازما نۇسخىدا بۇ پېئىلنىڭ بىرىنچى ھەرپى «ت - t» بىلەن كەلگەن. بىز بۇ پېئىلنىڭ يازما نۇسخا 210 - بەتتە ئۆتكەن «بُرْتا burta — زەر ۋەرەق» سۆزىدىن ياسالغىنىنى نەزەردە تۇتۇپ، بىرىنچى ھەرپىنى «ب - b» بىلەن ئالدۇق.

② يازما نۇسخىدا بۇ پېئىلنىڭ مەستىرى ئاۋال «ك - k» بىلەن يېزىلىپ، كېيىن «ق - k»غا ئۆزگەرتىلگەن. بىز ئۆزگەرتىلگەن شەكلىنى ئاساس قىلىپ، مەستىرنى «ق - k» بىلەن ئالدۇق.

(قِفتُولار ـ قِفتُولاماق *kiftular - kiftulamak*).

كِرْتُولادي kirtülədi تەستىقلىدى، راستقا چىقاردى. اُلْ آني كِرْتُولادي *ol anī kirtülədi* — ئۇ ئۇنى تەستىقلىدى، يەنى گۇۋاھلىق سوزىنى راستقا چىقاردى (كِرْتُولارْ ـ كِرْتُولاماكْ *kirtülər - kirtüləmək*).

تَنْجُولادي tanquladī چاينىدى. آرْ اَتْماكْ تَنْجُولادي *ər ətmək tanquladī* — ئادەم نان چاينىدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (تَنْجُولارْ ـ تَنْجُولاماقْ *tanqular - tanqulamak*).

قَمْجيلادي kamqīladi قامچىلىدى. اُلْ اَتِنْ قَمْجيلادي *ol atin kamqīladī* — ئۇ ئېتىنى قامچىلىدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (قَمْجيلارْ ـ قَمْجيلاماقْ *kamqīlar - kamqīlamak*).

بُكْدالادي bəgdəladi خەنجەرلىدى، خەنجەر سالدى. اُلْ آني بُكْدالادي *ol anī bəgdələdi* — ئۇ ئۇنىڭغا خەنجەر سالدى (بُكْدالارْ ـ بُكْدالاماكْ *bəgdələr - bəgdələmək*).

سَغْريلادي saqrīladī ساغرا قىلدى. اُلْ كُونُكْ سَغْريلادي *ol kənüg saqrīladī* — ئۇ كونىنى (سىلىقلاشتۇرۇپ)

ساقىرا قىسلىدى (سَقريلارْ ـ سَقريلاماقْ ـ saqrilar ـ saqrilamak).

**تَمْغالادى** tamoqaladi تامغىلىدى. اُلْ بِتِكْ تَمْغالادى ol bitik tamoqaladi — ئۇ خەت تامغىلىدى، يەنى خەتكە خاتىملىق تامغىسىنى باستى (تَمْغَلارْ ـ تَمْغالاماقْ ـ tamoqalar ـ tamoqalamak).

**سُرْكيلادى** sürkilədi سۈردى، قوغلىدى. اِتْ كَيِكْنى سُرْكيلادى it kəyikni sürkilədi — ئىت كېيىكنى سۈردى، يەنى ئىت كېيىكنىڭ ئىزىغا چۈشۈپ، ئۇنى تۇتۇش ئۈچۈن قوغلىدى. بىر كىم ھەرقانداق بىر نەرسىنى قوغلىسا، ئارقىسىغا چۈشسە ۋە ھۇجۇم قىلسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (سُرْكَلارْ ـ سُرْكَلاماكْ ـ sürkələr ـ sürkələmək)①.

**سِرْكالادى** sirkələdi سىركىنى تازىلىدى؛ سىركىلىدى. اُلْ اُغْلَنْ باشِنْ سِرْكالادى ol oqlan baxin sirkələdi — ئۇ بالىنىڭ بېشىنى سىركىدىن تازىلىدى. اُلْ سُوقْغ

① يازما نۇسخىدا بۇ پېئىلنىڭ 2 ـ بۇيرۇق كەلگۈسى زامان ۋە مەستەر شەكىللىرىدە پەتھىلىك يېزىلغان، ئۆتكەن زامان شەكلى بولسا كەسرىلىك يېزىلغان، بىز ئەسلىنى ئۆزگەرتمىدۇق.

سِرْكالادي — ئۇ سۈلى سىر- *ol suvuq sirkələdi*
كىلىدى، يەلى سۈغا سىركە ئارىلاشتۇردى. باشقىلاردىمۇ
ھۇنداق (سِرْكالار- سِرْكالاماك *sirkələr - sirkələmək*).

بۇ باپىلىق قائىدىسى يۇقۇرىدا كورسىتىلگەندەك،
شۇنىڭغا قىياس قىلىنسا بولىدۇ.

قَرْمالادي karmaladi قارمىدى، قامالىلىدى، تالىدى. ئُل
قَرْمالادي نانْكْنى — ئۇ لەر- *ol karmaladi nəŋni*
سىنى قامالىلىدى، تالىدى (قَرْمالار- قَرْمالاماق *karmalar -*
*karmalamak*).

توت ھەرپلىكلەر بولۇمى تۈگىدى.

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمْ

ئايىغۇچى، كويۇنگۇچى تەگرىنىڭ ئېتى بىلەن باشلايمەن

## غۇنىلىكلەر بولۇمى

# ئىككى ھەرپلىك ئىسىملار بابى

مەھمۇت ئېيتىدۇكى، غۇنىدە ئىككى خىل: «ج - q» لىق ۋە «ك - g» لىك بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا بۇلارنىڭ ھەر بىرى ئىككىگە بولۇنىدۇ. بىر قىسمى سوز ئوتتۇرىسىدا، بىر قىسمى سوز ئاخىرىسىدا كېلىدۇ.

مۇھىملىرىنى تۆۋەندە سوزلەيمىز.

بُنْڭْ bøŋ مۇڭ، كالاكىپاي، بُنْڭْ كِشِي — *bøŋ kixi* مۇڭ كىشى. بۇ سوز «شَبُنْڭْ *xabəŋ* — تومۇر ھاسا» دېگەن سوزدىن قىسقارغان.

بُنْڭْ boŋ بوڭ، بُنْڭْ آتِي — *boŋ atti* بوڭ قىلدى. ئېغىر بىر نەرسە يەرگە چۈشكەندە چىققان ئاۋاز.

بَنْكْ baŋ پاڭ، ۋاڭ. اُغْلانْ بَنْكْ سِغْتادي — *ooqlan baŋ sïoqtadï* بالا پاڭگىدە يىغلىدى.

تَنْكْ təŋ تەڭ، باراۋەر. «تَنْكْ تُوشْ *təŋ tux* — تەڭ-تۇش» دېگەن سوز مۇشۇنىڭدىن ئېلىنغان.

تنْكْ təŋ ئىمكان، پۇرسەت، جاي. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: تَنْكْسِزْدا تَكِرْمانْ تُرْغُرْسا يَرَغْسِزْدا يازْ بَرِيْرْ— *təŋsizdə təgirmən turoqursa yaraoqsïzda yar barïr* ناباپ جايغا تۈگمەن قۇرسا، كۆتەمگەندە يار كېتەر. بىر كىم تۈگمەننى ئۆز ئورنىغا ئەمەس، ناباپ جايغا قۇرۇپ قويسا، كۆتۈلمىگەن جايدىن يار ئېلىپ كېتىدۇ. بۇ ماقال ئىشنى ئۆز پەيتىدە قىلمىغان كىشىگە قارىتىپ ئېيتىلىدۇ.

تَنْكْ taŋ (تولدۇرۇپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ) ئەگلەك. ئارغۇچە.

تَنْكْ taŋ تاڭسۇق، تاڭ قالارلىق، ئاجايىپ. تَنْكْ نانْكْ— *taŋ nəŋ* ئاجايىپ نەرسە. «تانْكْ كُرْدُمْ — *taŋ kərdüm* — تاڭ كوردۇم، تاڭ قالارلىق نەرسە كوردۇم» دېگەن ئىبارە مۇشۇنىڭدىن ئېلىنغان.

تَنْكْ taŋ تاڭ، سەھەر ۋاقتى. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

تَنْكْ اَتا يُرْتَلِمْ

بِذْرُجْ قِنِنْ اِرْتَلِمْ

بَسْمِلْ بَكِنْ اُرْتَلِمْ
آمْدِي يِكِتْ يَڤُلْسُونْ

*taŋ ata yortalïm*
*buẓruq kaṇïn irtəlim*
*basmïl bəgin ərtəlim*
*əmdi yigit yəvülsün*

[تاڭ ئاتقاندا ماڭايلى،
بۇزرۇچ قېنىنى ئىستەيلى،
باسمىل بېگىنى ئۇرتەيلى،
ئەمدى يىگىت(لەر) توپلانسۇن.]

تاڭ ئېتىشى بىلەن يولغا چىقايلى، بۇزرۇچ (بۇ ياباقۇلاردىن بىر كىشى بولۇپ، ئۆلتۈرۈلگەن ئىدى) نىڭ خۇنىنى تەلەپ قىلايلى، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئوچ ئالايلى؛ باسمىللارنىڭ بېگىنى كويدۇرەيلى، ئەمدى يىگىتلەر توپلانسۇن. تَنْكْ آتِي *taŋ atti* — تاڭ ئاتتى.

تُنْكْ toŋ توڭ (ئىملىق). تُنْكْ تُنْكْ آتِي *toŋ toŋ ətti* — توڭ - توڭ قىلدى. بۇ ئېغىر بىر نەرسە ئۈستىگە چۈشكەندە چىققان ئاۋاز.

تُنْكْ toŋ پۇتەي. تُنْكْ نانْكْ *toŋ naŋ* — پۇتەي نەرسە،

يەنى ئىچى كاۋاك بولمىغان نەرسە. «پۈتەي قومۇش»
«تُنْكْ قَمِشْ» «toŋ kamix» دېيىلىدۇ. «بۇ ئىچى كاۋاك
بولمىغان قومۇش» دېمەكتۇر.

**تُنْكْ** toŋ توڭ. ھەرقانداق توڭلاپ قالغان نەرسە. تُنْكْ آتْ
— توڭ ئەت (گۆش)، سوغۇقتا مۇزلاپ قاتقان
گۆش. باشقىلاردىمۇ شۇنداق.

**تَنْكْ** taŋ: خارابە. قەدىمقى زاماندىكى بىنالارنىڭ
ئورۇلۇپ تۆكەپ، قېلىپ قالغان ھۇلى. مەسىلەن:
قەدىمقى خارابىلەرنىڭ ئىزى بار دوڭلۇكلەر ۋە شۇنىڭغا
ئوخشاشلار.

**تِنْكْ** tiŋ تىنىك. آرْ تِنْكْ تُرْدِي — ar tiŋ turdi — ئادەم
تىنىك تۇردى.

**جَنْكْ** qaŋ چاڭ. چالغۇ ئەسۋابى.

**جُنْكْ** quŋ لوق. جُنْكْ آتْ — quŋ at — لوق ئەت، لوق گۆش.

**جِنْكْ** qïŋ زىڭ، غۇڭ. قُلاقِمْ جِنْكْ آتِّي — kulakïm qïŋ
atti قۇلىقىم زىڭ قىلدى، زىڭىلدىدى. قوڭغۇراق،
لېكەن - تاۋاق ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنىڭ
چىقارغان ئاۋازىنىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ. «قُلاقِمْ جِنْكْ آتِّي

«kulakim qiŋ ətti① دېيىلسە ئاۋالقىسىدىن پاساھەد-
لىنكرەك بولىدۇ.

جِنْگ qiŋ چىڭ، لىق، لىقمۇ - لىق. جِنْگ تُلُوكُول *qiŋ* —
*tolu kəl* لىق تولغان كول، سۇيى لىقمۇ - لىق كول.
ھەرقانداق بىر نەرسە ئاخىرقى چېكىگە قەدەر تولسىمۇ
«جِنْگ تُلُو *qiŋ tolu*» دېيىلىدۇ.

دَنْگ daŋ داڭ، داڭ - دۇڭ. دَنْگ دُنْگ آتّى نانگ
*daŋ duŋ ətti nəŋ* — نەرسە داڭ - دۇڭ قىلدى،
يەنى داڭ - دۇڭ قىلغان ئاۋاز چىقاردى. بۇ سوز
«تَنْگ تُنْگ آتّى *taŋ tuŋ ətti*»گە ئوخشاش، «تاڭ-
تۇڭ قىلغان ئاۋاز چىقاردى» دېگەن بولىدۇ.

سَنْگ saŋ ماياق. قُش سَنْگى *kux saŋi* — قۇش مايىقى.

سُنْگ soŋ بىر ئادەمنىڭ بالىلىرى، ئەۋلادى.

سُنْگ soŋ كېيىن، ئارقا. سَنْ مَنِگ سُنْگدا كَل *sən məniŋ* —

① بۇ كېيىنكى جۈملە يازما نۇسخىدا بۇ سوزدىن كېيىنكى سوز-
نىڭ ئاخىرىدا بېزىلغان، مەنە ۋە تەلەپپۇز جەھەتتىن ئالدىن-
قىسىدىن ھېچقانداق پەرقى يوق. بىزچە ئاپتور مۇشۇ سوزدىن
كېيىنكى 7 - سوزگە بېرىلگەن مىسال يەنى «قُلاقِم سِنْگ آتّى
*kulakim siŋ ətti*»نى پاساھەتلىك دەپ كورسەتمەكچى
بولسا كېرەك.

*soŋda kəl* سەن مېنىڭ كەينىمدىن كەل، مېنى سوگداپ كەل.

سُنْكْ soŋ سوڭ. ھەر شەيئى ۋە ھەر ئىشنىڭ ئاخىرى. بُو سُوزْ سُنكِنْدا اَيْغِلْ — *bu səz soŋinda ayqil* بۇ سوزنى ئاخىرىدا ئېيتقىن.

سِنْكْ siŋ زىڭ، غۇڭ. قُلاقِمْ سِنكْ آتّي — *kulakim siŋ ətti* قۇلىقىم زىڭ قىلدى، زىڭىلدىدى. كُمِنْجا سِنْكْ آتّي — *küminqə siŋ ətti* پاشا كىڭىلدىدى. چىۋىننىڭ كىڭىلدىشىنىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ.

قَنْكْ kaŋ غاق. قازْ قَنْكْ آتّي *kaz kaŋ ətti* — غاز غاق قىلدى، غاقىلدىدى. بۇ ھەرقانداق نەرسە چىقارغان ئاۋازنىڭ شۇ ئاۋازغا تەقلىت قىلىپ ئاتىلىشىدۇر.

قُنْكْ kuŋ بۇلجۇڭ. قُنْكْ آتْ *kuŋ ət* — بۇلجۇڭ گوش؛ لوق گوش.

كُنْكْ küŋ كۈڭ، دىدەك.

كِنْكْ kəŋ كەڭ. ھەرقانداق كەڭ نەرسە «كِنْكْ نانكْ *kəŋ nəŋ*» دېيىلىدۇ. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: كِنْكْ تُونْ اُپْرَاماسْ تَنكاشْ بِلِكْ آرْتاماسْ — *kəŋ ton upramas*

*kəŋəxlig bilik artamas* كەڭ تون ئۈپرىماس،
كېڭەشلىك ئىش بۇزۇلماس. كەڭ تون يىرتىلمايدۇ،
كېڭەش بىلەن قىلىنغان ئىش بۇزۇلمايدۇ. بۇ ماقال ئىش
قىلغاندا باشقىلار بىلەن مەسلىھەتلىشىشكە، ئۆز بېشىمچىلىق
قىلماسلىققا ئۈندەپ ئېيتىلىدۇ.

مَنْكْ məŋ دان، يەم. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: قُشْ تُوزَقا
مَنْكْ اُچُنْ اِلنُورْ — *kux tuzakka məŋ üqün ilinür*
قۇش تۇزاققا يەم ئۈچۈن ئىلىنەر. بۇ ماقال ئوزۇق ئىزلەپ،
قىيىنچىلىققا ئۇچراپ قالغان ئادەمگە قارىتىپ ئېيتىلىدۇ.

مَنْكْ məŋ مەڭ. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

بيرنك مَنكا سُوزْكيا
مَنْكْلك قَرا تُزْقيا
يَلِغْن تتار كُزْكيا
مُنكم مَنك بلنكا①

*bəriŋ maŋa səzkiya*
*maŋlig kara tuzkiya*

---

① يازما نۇسخىدا بۇ شېئىردىكى «سۆزكيا»، «تزقيا» ۋە «كزكيا»
سۆزلىرىدىكى «ي – يا» ھەرپىنىڭ ئۈستىگە يەنە بىر دىن چېكىت
قويۇلغان. بۇ مۇشۇ كېچىكلىتىش قوشۇمچىسىنىڭ «*kiya*»
ۋە «*kina*» ئوقۇلۇشى مۇمكىنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

*yəlvin tutar kəzkiyə*
*muŋum məniŋ biliŋə*

[ ماگا بىر سوز (ۋەدە) بېرىلڭ،
قارا مەگلىلىك گۈزەل يۈزلۈگۈم،
كوزلىرىڭىزنى (مېنى) سېھىرلىۋالدى،
مۇڭ - زارىمنى بىلىڭگا. ]

ماگا ۋەدە قىلىپ سوز بېرىلڭ، ئەي قارا مەگلىلىك، سېھىرلىك كوزلىرى بىلەن ئوۋلايدىغان، تىلى چۈچۈك گۈزەل؛ مېنىڭ ئىشقى - مۇھەببەتتىن تارتقان مۇشەققىتىم، مۇڭ - زارىمنى بىلىڭ.

مُنْكْ mun ئەقىل. مُنْكْ تاغْ *mun taq* — ئەقىل چىشى.

مُنْكْ تاغْ اُنْدي *mun taq ündi* — ئەقىل چىشى ئۈندى (چىقتى).

مُنْكْ mun مۇڭ، مۇڭ - زار، جاپا - مۇشەققەت. ماقالىدا مۇنداق كەلگەن: اَرْكا مُنْكْ تَكْيرْ تاغْ سَنكْرِينكا يِيلْ تَكْيرْ —*ərgə muŋ təgir taq səŋiriŋə yəl təgir* ئادەمگە مۇڭ تېگەر، تاغ سىگىرىغا يەل تېگەر. تاغ تۇمشۇغىغا يەل تەككەندەك، ئادەمگە جاپا - مۇشەققەت كېلىدۇ. تاغ ئۇمشۇغىدىن يەل ئوتۇپ كېتىپ، تۇمشۇق ئوز پېتى قالغاندەك، جاپا - مۇشەققەتمۇ ئادەمدىن ئوتۇپ كېتىدۇ.

مِنْكْ miŋ مىڭ، ساناقتىكى مىڭ. ماقالدا مۇنداق كەلگەن:

بِيرِنْ بِيرِنْ مِنْكْ بُلُوْرْ تَما تَما كُلْ بُلُوْرْ — *birin birin miŋ bolur tama tama kөl bolur* بىرلەپ - بىرلەپ مىڭ بولار، تاما - تاما كۆل بولار. بۇ ماقال ئاز بولـ- سىمۇ بىر نەرسىنى قوبۇل قىلىپ ئېلىشقا ئۈندەپ ئېيتىلمىدۇ.

نَنْكْ nəŋ نەرسە. بُو نَا نَانْكْ اُنْ *bu nə nəŋ ol* — بۇ قانداق نەرسە ئۇ.

نَنْكْ nəŋ مال، دۇنيا. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

بُلْمِشْ نَنكِكْ سَڤَرْسَنْ
اَقْرُنْ اَنكَرْ سَڤِنْكِلْ
بَرْمِشْ نَنكِكْ سَڤْنَما
اَزْرَاقْ اَنكَرْ اُكُنْكِلْ

*bulmïx nəŋiŋ səvərsən*
*akrun aŋar səvingil*①.

① يازما نۇسخىدا بۇ سۆز «سَفْنكِل» شەكلىدە يېزىلغان. لېكىن «ڤ»دىكى ئىككى چېكىتنىڭ ئۈستىدە يەنە بىر چېكىت ئىزى بار، ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇشۇ ئورۇندىكى مەنىسىدىن قارىغاندىمۇ بۇ سۆز

*barmïx nəŋiŋ sakïnma*
*azrak aŋar əküngil*

[بار مېلىڭنى سويەرسەن،
ئاڭا ئاستا سويۈنگىن؛
كەتكەن مېلىڭغا ئېچىنما،
ئاڭا ئازراق ئوكۈنگىن.]

قولۇڭدىكى بار مېلىڭنى سويسەڭ، ئۇنىڭ ئۈچۈن خو-
شال بولۇشقا ئالدىرىما، ئۇنىڭ ئۈچۈن كورەڭلەپ كەتمە؛
چۈنكى مال قولۇڭدىن كېتىپ قېلىشى مۇمكىن؛ مال قولۇڭ-
دىن كېتىپ قالسا، ئۇنىڭغا قايغۇرما، ئازراق ئېچىنغىن، چۈنكى
قايغۇ-ھەسرەت مېلىڭنى ساق قايتۇرۇپ ئەكېلىپ بېرەلمەيدۇ.

## بۇ باپتىكى مىساللار

يەڭ yaŋ ئەندىزە، قېلىپ. ھەرقانداق نەرسىنىڭ پەچىمى
شۇنىڭغا ئاساسەن ئولچىنىپ ياسىلىدۇ. بۆرك يەڭىكى
*børk yaŋï* — بوك ئەندىزىسى. بۇ مۇنداق بولىدۇ:
قەغەز قانات شەكلىدە ياكى ئۈچ بۇرجەك قىلىپ كېسى-
لىدۇ ياكى ئويۇلىدۇ، ياكى لايدىن يۇمۇلاق تونۇر

«سەڤىنگىل — سويۈنگىن» بولۇشى كېرەك. شۇڭا بىز
«*savingil*» دەپ ئالدۇق.

شەكلىدە بىر قىلىپ ياسىلىدۇ، بوكىنىڭ يىپەك رەختى شۇنىڭغا ئۇلىچىنىپ كېسىلىدۇ. ھەرقانداق نەرسىنىڭ قىلە-پىمۇ شۇنداقتۇر.

يُنْكْ yun ئۇپكىگە چاپلاشقان ئىچ گوش. بۇنى ئايالىلار يەيدۇ، ئەرلەر يىمەيدۇ.

يُنْكْ yun يۇك. توگە ياكى قوينىڭ يۇگى.

يُنْكْ yun ياختا. ئارغۇچە. ياغىما ۋە قارلۇق تىللىرىدىمۇ شۇنداق.

يَنْكْ yən يەك. كىيىمنىڭ يېڭى.

يِنْكْ yiŋ ماڭقا، پوتلا.

ئىككى ھەرپلىكلەر باپلىرى تۈگىدى.

# فَعَلْ fəəl، فَعُلْ fəul، فَعِلْ fəil

## شەكىللىرىدە ھەرخىل ھەرىكىلىك سۆزلەر بابى

تَنْكُتْ taŋut تاڭغۇت، تۈركلەردىن بىر قەبىلە بولۇپ، ئۇلار چىنغا يېقىن جايلاشقان. ئۇلار نەسلىمىز ئەرەپ دېيىشىدۇ.

كِنْكُتْ kiŋüt كىڭۈت، ئۇيغۇر چېگرىسىدىكى بىر شەھەرچىنىڭ نامى.

سِنْكُتْ siŋüt① بەدىلىگە بىر نەرسە بېرىلمەيدىغان ۋە قايتۇرۇلمايدىغان سوغا. بُو آتْ مَنْكا سِنْكُتْ بِيرْدِي — *bu at maŋa siŋüt bərdi* بۇ ئاتنى ماڭا (سوغات قىلىپ) بەردى.

---

① بۇ سۆز يازما نۇسخىدا «سُنْكُتْ» شەكلىدە بىرىنچى ھەرپى ھەم زەممىلىك، ھەم كەسرىلىك بېرىلگەن. شۇ دەۋردە بۇ سۆز ھەم «سِنْكُتْ» *siŋüt*، ھەم «سُنْكُتْ» *süŋüt* دەپ ئوقۇلسا كېرەك.

تُنْكُرْ tüŋür خوتۇن تەرەپتىن بولغان تۇققانلار. بۇلار خو- تۇنىنىڭ قېرىنداشلىرى، ئاتا - ئانىلىرى ئوخشاش كىشىلەردۇر.

سَنِكِرْ səŋir تاغ تۇمشۇغى، تاغ قاڭشىرى. ھەرقانداق تام قىرىنىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ.

سِنِكِرْ siŋir سىڭىر، پەي.

قُنْكُرْ koŋur يىغىر - يىغىر، بوغۇق. قُنْكُرْ اُونْ *koŋur ün* — بوغۇق ئۈن (ئاۋاز).

قُنْكُرْ koŋur قوڭۇر. قُنْكُرْ قوي *koŋur koy* — قوڭۇر قوي. مۇشۇ رەڭدىكى ھەرقانداق نەرسىگىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ.

قِنِكِرْ kiŋir قىڭغىر، ئەلەس. قِنِكِرْ آرْ *kiŋir ər* — ئەلەس ئادەم. ئىككىلا كوزى ئەلەس ئادەمگە «اِكِي كُوزِي قِنِكِرْ *iki kozi kiŋir*» دېيىلىدۇ.

مُنْكَرْ muŋar بۇنىڭغا. مَنْ مُنْكَرْ آيْدِمْ *man muŋar aydim* — مەن بۇنىڭغا ئېيتتىم. بۇ كوز ئالدىدا تۇرغانغا ئىشارەتتۇر.

مِنْكَرْ miŋar بۇلاق، ئوغۇزچە.

تَنْكِزْ taŋiz دېڭىز.

تُنْكُزْ toŋuz توڭغۇز.

تُنْكُزْ toŋuz توڭغۇز. ئون ئىككى مۇچەل يىلىنىڭ بىرى.

قُنْكُزْ koŋuz قوڭغۇز، ئوسۇرغاق قوڭغۇز.

كُنْكُزْ küŋüz گۈك، قىغ. خارابىلاردا سۈيدۈك ۋە ماياقلارنىڭ
ئارىلىشىپ، چاپلىشىشىدىن ھاسىل بولغان ئوغۇت.

مَنْكِزْ məŋiz مەڭىز، ئادەمنىڭ مەڭزى. «قِزِلْ مَنْكِزْلِكْ
— kizil məŋizlig قىزىل مەڭىزلىك» دېگەن ئىبارە
شۇنىڭدىن ئېلىنغان. بۇ ئىبارە كوپىنچە مەڭىزنىڭ قىزىلـ
لىقىغا قارىتىپ ئېيتىلىدۇ.

مُنْكُزْ müŋüz مۈڭگۈز ~ مۈڭگۈز. ھەممە ھايۋانلارنىڭ مۈڭگۈزى.

مُنْكُزْ müŋüz: مُنْكُزْ مُنْكُزْ müŋüz müŋüz — مۈڭگۈزـ
مۈڭگۈز. بىر خىل بالىلار ئويۇنى. بۇ مۇنداق بولىدۇ: بالىلار
دەريا بويىدا تىزىلىنىپ ئولتۇرىدۇ، پۇتلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىنى
ھول قۇم بىلەن تولدۇرۇپ، ئاندىن قوللىرى بىلەن قۇمنى
شاپىلاقلايدۇ. ئۇلاردىن بىرى: «مُنْكُزْ مُنْكُزْ müŋüz —
مۈڭگۈزـ مۈڭگۈز» دەيدۇ. باشقىلىرى: «نا مُنْكُزْ müŋüz

nə müŋüz — نېمە مۈڭگۈز؟» دەپ سورايدۇ. بىرسى ئارقا-
ئارقىدىن مۈڭگۈزلۈك ھايۋانلارنى ساناپ كېتىدۇ. قالغانلارمۇ
ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى تەكرارلايدۇ. ئاندىن ئۇ شۇ ھايۋانلارنىڭ
نامى ئارىسىغا تۆگە، ئېشەك قاتارلىق مۈڭگۈزسىز ھايۋانلارنىڭ
ئىسمىنى قوشۇپ قويىدۇ. بىرەر بالا ئۇنىڭغا ئەگىشىپ
مۈڭگۈزسىز ھايۋاننىڭ ئىسمىنى ئاتاپ قويسا، ئۇنى سوغا
ئىتتىرىۋېتىدۇ. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: سُسكَانْ اُوذْقا
تَنكْرِى مُنكُزْ بيرْماسْ süsəgən uzka taŋri müŋüz —
bərmas ئۈسكەك ئۇيغا تەڭرى مۈڭگۈز بەرمەس. بۇ
ماقال كىشىلەرگە زەرەر يەتكۈزىدىغان بىرەر ئىشنى
قىلماقچى بولسىمۇ، قىلالمىغان كىشىلەرگە قارىتىپ
ئېيتىلىدۇ.

كَنكَشْ kəŋəs تېيىز. كَنكَش سُوف kəŋəs suv — تېيىز
سۇ. ئاسان ئېشىقمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ.

سُنكِشْ süŋix ئۇرۇشۇش، تەيزىلىشىش، جەڭ قىلىش؛ ھۇجۇم.

سُنكِشْ süŋix سۈڭەش. ئەرلەر ئىسمى.

كَنكَشْ kəŋəx كېڭەش. ئىشلاردا كېڭىشىش، مەسلىھەتلىشىش.

مَنكِغْ maŋïq ماڭدام، چامدام. آنِكْ مَنكِغِي كُورْ — anïŋ
maŋïqï kör ئۇنىڭ ماڭدىمىنى كۆر.

**تَنكُقْ** taŋuk خانلار سەپەرگە چىققاندا ياكى بىر يەرگە ماگغاندا بېرىلىدىغان سوغا، يوللۇق. بۇ يېمەك ـ ئىچمەك ۋە يېپەك كىيىملىك قاتارلىق نەرسىلەردىن ئىبارەت بولىدۇ.

**تَنكُقْ** taŋuk چوگەن ئويۇنىدا توپنى تارتىلغان يىپتىن ئۆتكۈزۈۋەتكەن ئادەمگە بېرىلىدىغان يىپەك پارچىسى.

**تَنكُقْ** taŋuk جەگدە نەيزىلەرنىڭ ۋە بايراقلارنىڭ ئۇچلىرىغا تاقىلىدىغان يىپەك پارچىسى.

**سِنكُقْ** sïŋuk سۇنۇق. سِنكُقْ نانكْ *siŋuk naŋ* — سۇنۇق نەرسە. ئوغۇزلار بۇ سۆزنى غۇننىسىز «سِنُقْ *sïnuk*» شەكلىدە قوللىنىدۇ. بۇلارنىڭ قائىدىگە ئۇيغۇن، چۈنكى بۇ سۆز «سِنْدِى — سۇندى» *sïndï* پېئىلىدىن ياسالغان. بۇ پېئىلدا «نْكْ ـ *ŋ*» يوقتۇر.

**تَنِكلْ** təŋil: تَنِكلْ كَيِكْ *təŋil kəyik* — ئالدىنقى پۇتلىرىدا يول ـ يول سىزىقلار بولغان كېيىك. باشقىلاردىمۇ شۇنداق.

**جِنكِلْ** qïŋil: جِنكِلْ جِنكِلْ *qïŋil qïŋil* — جىگگىر ـ جىگگىر، جىرىلىق ـ جىرىلىق. يُكُونْ جِنكِلْ جِنكِلْ آتِى

سَنَكْ sənək سۇ ئىچىلىدىغان كوزا، تەشتەك، ئوغۇزچە.

سِنَكْ siŋək: شەھەرلىكلەرنىڭ تىلىدا پاشا، سەھرالىقلارنىڭ تىلىدا چىۋىن. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

سَنْدا قُبَرْ قَزَنْلارْ
قُزْغُو سِنَكْ يِلَنْلارْ
دُكْ مِنْكْ قُيُو تُمَنْلارْ
قُزْرُقْ تِكِبْ يُگْرُشُورْ

*səndə kopar qażanlar*
*kużoqu siŋək yïlanlar*
*dük miŋ koyu təmənlər*[①]
*kużruk tikip yügrüxür*

[سەندە قوپار چايانلار،
قۇرۇت، چىۋىن، يىلانلار،
مىڭلاپ يىگىنە ـ نەشتەرلەر،
قۇيرۇق تىكىپ يۈگرىشۇر.]

① «تومۇنە» ھەنىسىدىكى بۇ سوز «دىۋان»نىڭ باشقا جايلىرىدا «تَمَن» شەكلىدە ئۇچرىسىمۇ، بۇ يەردە «تُمَن» شەكلىدە يېزىلغان. بىز مۇشۇ يېزىلىشىغا ئاساسەن ترانسكرىپسىيە بەردۇق.

قىش بىلەن يازلىق مۇنازىرىسى تەسۋىرلىنىپ، قىش يازغا مۇنداق دەيدۇ: چاپانلار، چېۋىن، پاشا، خەلققە زەرەر يەتكۈزىدىغان ھەرخىل ھاشارەتلەر، يىلانلار سەندە ئورنىدىن تۇرىدۇ، ئۇلار قۇيرۇقلىرىنى تىكىپ، خەلققە ھۇجۇم قىلىدۇ.

سُنُكْ soŋük سۆڭەك. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: اَذْكُو اَرْ سُنُكُي اَرِيرْ اَتِي قَلِيرْ — əzgü ər soŋüki ərir ati kalir ياخشى ئادەمنىڭ سۆڭىكى چىرىر، نامى قالار. ياخشى ئادەمنىڭ سۆڭىكى تۇپراقتا چىرىپ كەتسىمۇ نامى مەڭگۈگە قالىدۇ. بۇ ماقال ئادەملەرنى ياخشىلىق قىلىشقا ئۈندەپ ئېيتىلىدۇ.

## تۇت ھەرپلىكلەر

تُنْكُو tuŋu گاس، پاك.

تُنْكَا toŋa قاپلان جىنسىدىن بىر ھايۋان، ئۇ پىلىنىڭ كۈ-شەلدىسى. بۇ سۆزنىڭ ئاساسىي مەنىسى مۇشۇ. لېكىن بۇ سۆز تۈركلەردە ئەسلى مەنىسىنى يوقاتقان بولسىمۇ ئىسىم ھالىتىدە ساقلانماقتا. بۇ سۆز كۆپىنچە ئادەملەرگە لەقەم بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن: «تُنْكَا خَانْ — toŋa han توڭا خان»، «تُنْكَا تَكِينْ — toŋa təgin توڭا تېگىن»

قاتارلىقلار. تۈركلەرنىڭ ئۇلۇغ خاقانى ئافراسىياب «تُنكا آلْپ اَرْ» *taŋa alp ər* دەپ ئاتىلاتتى. بۇ «قاپلانغا ئوخشاش كۈچلۈك، باتۇر ئادەم» دېمەكتۇر.

سُنكُو süŋü نەيزە.

سَنكا saŋa ساڭا. سَنكا اَيْدِمْ *saŋa aydïm* — ساڭا ئېيتتىم.

سنكى siŋi سىڭىشلىق. بُو آشْ اُلْ سنكى *bu ax ol siŋi* — بۇ سىڭىشلىق ئاشتۇر.

## باش ۋە ئاخىرى ھەرپى ئىللەتلىك سۆزلەر

يَنكا yaŋa ياقا، قىرغاق. ۋادىنىڭ ياقىسى، ھەرقانداق دەريانىڭ قىرغىقى. ئوغۇزچە.

يَنكِى yaŋï يېڭى. يَنكِى نانْكْ *yaŋï nəŋ* — يېڭى نەرسە.

يُنكُو yuŋu يۇڭۇ. «بارْمانْ» *barman* — «بارمان» شەھەرچە-سىگە ئاقىدىغان بىر دەريانىڭ نامى. بۇ شەھەرنى ئافرا-سىياپنىڭ ئوغلى شۇ دەريانىڭ بويىغا قۇرغان. قۇرغۇ-چىنىڭ ئىسمى «بارْمانْ» *barman* — «بارمان» بولۇپ، شەھەر شۇنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. بۇ رۇم، ئېلىنىڭ تەگرى

يارلىقىغان ئىسھاق پەيغەمبەر ئوغلى ئىسرائىلنى ئوغلى رۇمنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغىنىغا ئوخشاش.

# ئاخىرى غۇننىلىك سوزلەر

شَبِنْكْ xəbiŋ كىچىك تومۇر چوقماق، تومۇر ھاسا. چىگىلچە.

سِدِنْكْ sidiŋ: سِدِنْكْ كُوْلْ sidiŋ kəl — سىدىڭ كول.

قُجْنكار باشي koqŋar baxi — قوچقار بېشىغا يېقىن بىر كولنىڭ نامى.

قَذِنْكْ kaziŋ قېيىن، قېيىن دەرىخى. ماقالىدا مۇنداق كەلگەن:

قَذِنْكْ قاسنكا سُكُتْ سُولِنْكا — kaziŋ kasiŋa səgüt səliŋa. بۇ ماقالىنىڭ مەنىسى ئالدىدا ئېيتىپ ئوتۇلگەن①.

قَشَنْكْ kaxaŋ قاشاڭ. قۇللارنى سوككەندە ئىشلىتىلىدىغان بىر سوز بولۇپ، «پەس، پەسكەش» مەنىسىدىدۇر.

بُرُنكْ buruŋ بىر ئوق يېتىم يەر. بُرُنك آتِي — buruŋ atti بىر ئوق يېتىم يەرگە ئاتتى.

بُرُنكْ bərüŋ (»ر – r« ھەرپى لەۋلەشتۇرۇپ ئېيتىلىدۇ).

① ئۇيغۇرچە 1 – توم 462 – بەتكە قاراڭ.

سۇلنىڭ يەردە پەيدا قىلغان يېرىقلىرى.

تَرِنْكْ təriŋ تېرەن، چوڭقۇر. تَرِنْكْ تَنِكز — *təriŋ taŋiz*
تېرەن دېڭىز. ئوغۇزلار ھەرقانداق چوڭقۇر ۋە چوڭ
نەرسىنى «تَرِنْكْ *təriŋ*» دەيدۇ. كەڭ سايلارنى ۋە
ئۇزۇنغا سوزۇلغان يوللارنى «تَرِنْكْ أُورِي *təriŋ uri*»
دېيىش شۇنىڭدىن ئېلىنغان. بىلىمى چوڭقۇر، ئالىم
ئادەملەرنى «تَرِنْكْ بِلْكا *təriŋ bilgə*» دەيدۇ.

تِرِنْكْ tiriŋ تىرىڭ ~ دىرىڭ. قُلاقِمْ تِرِنْكْ اَتّي —*kulakim tiriŋ ətti*
قۇلىقىم تىرىڭ ئەتتى، مۇشۇنىڭغا ئوخشاي-
دىغان ھەرقانداق ئاۋازغا شۇنداق دېيىلىدۇ. ياسِنْ
تِرِنْكْ اَتْتُرْدِي — *yasin tiriŋ əttürdi* يايىنى تىرىڭ
ئەتتۈردى. بۇ كىرىچتىن چىقىدىغان ئاۋازنى بىلدۈرىدۇ.

جِرِنْكْ qiriŋ جىرىڭ. لېگەن، تاۋاققا ئوخشاش نەرسىلەرنىڭ
چىقارغان ئاۋازى.

كُرُنْكْ körüŋ: كُرُنْكْ كُولْ *kөrüŋ kөl* — كۆرۈڭ كۆل.
قەشقەرگە يېقىن بىر كۆلنىڭ نامى[1].

بِزِنْكْ biziŋ بىزنىڭ. بۇ سۆز «بِزْ *biz*» سۆزى بىلەن

---

① بۇ كۆل ئاقتۇ ناھىيىسىدىكى سېرىقنۇل يايلىقىدا.

ئىگىلىكنى بىلدۈرىدىغان «ك - ŋ»نىڭ قوشۇلۇشىدىن ياسالغان بولۇپ، بىر نەرسىنىڭ «بىز»گە قاراشلىقلىقىنى بىلدۈرىدۇ. بىزىڭ ئاۋ — *biziŋ əv* — بىزنىڭ ئۆي.

**تېگىڭ** təgiŋ تىيىن.

**بەلىڭ** bəliŋ قورقۇنچ، ۋەھىمە. دۈشمەن كەلگەنلىكى تۈپەيلىدىن خەلق ئارىسىدا پەيدا بولغان قورقۇنچ. ئاھايىتى قورقۇنچاق كىشى «بەلىڭچى كىشى *bəliŋqi kixi*» دېيىلىدۇ.

**بۇلۇڭ** buluŋ بۇلۇڭ.

**تۇلۇڭ** tuluŋ چېكە.

**تۇلۇڭ** tuluŋ توڭگە، ھالقا. يۈگەندە بولىدىغان بىر ھالقا. ئۇ ئات قۇلىقىنىڭ ئاستىدا بولىدۇ. ئاتنىڭ بېشى ۋە پېشانىسىدىن ئۆتكەن قېيىشلار شۇنىڭغا ئۇلاشتۇرۇلىدۇ. بۇنى «يۈگۈن تۇلۇڭى — *yügün tuluŋi* — يۈگەن توڭگىسى» دەيدۇ.

**چالاڭ** qalaŋ: چالاڭ باشى — *qalaŋ baxi* — ۋالاقتەككۈر، ۋات - ۋات.

**چەلىڭ** qəliŋ چىنە، فارفور. چەلىڭ ئاياق — *qəliŋ ayak* — چىن ئاۋۇغى، چىنە تاۋاق.

جَلَنكْ qalaŋ يالاڭ، يالىڭاچ، قاقاس. جَلَنكْ يِيزْ — qalaŋ yər يالاڭ يەر، يەنى ئوت كەتكەندەك قارا، گىيا ئۆنمەيدىغان قاقاس يەر.

خُلِنكْ hulïŋ چىندىن كەلتۈرۈلىدىغان بىر خىل رەڭدار يىپەك رەخت.

قَلِنكْ kalïŋ قالىڭ مال. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: قَلِنكْ بِيرْسا قِيزْ آلِيرْ كَراكْ بُلْسا قِيزْ آلِيرْ — *kalïŋ bərsə kïz alïr kərək bolsa kïz alïr* قالىڭ مال بەرسە قىز ئالار، كېرەك بولسا قىممەتكە ئالار. قالىڭ مال بەرسە قىز كېلىن ئالىدۇ، بىر نەرسىگە ئېھتىياجى چۈشكەن ئادەم ئۇ نەرسە زۆرۈر بولغاچقا قىممەت باھادا بولسىمۇ ئالىدۇ. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

بَرْدِمْ سَنكا قَلِنكْ
اَمْدِى مُنِى آلِنكْ
اَمْكاكْ مَنكْ بِلِنكْ
اُغْرَزْ تَنكر بَرْغلِى

*bərdim saŋa kalïŋ*
*əmdi munï alïŋ*

*amgak maniŋ biliŋ*
*oqrar tüŋür barqali*

[ساڭا قالىلىق مال بەردىم،
ئەمدى بۇنى ئېلىڭ،
ئەمگەك مېنىڭ، بىلىڭ،
قېيناتا: بارغىلى تەييار.]

كۈيوغۇل قېيناتىسىغا: «مەن ساڭا قالىلىق مال بەردىم، بۇنى ئال، بۇ مالنى توپلاشتىكى جاپا - مۇشەققەتلىرىمنى بىل» دېدى. قېيناتا: «ئۇ بېرىش ئالدىدا تۇرىدۇ» دېدى.

كۆلۈڭ kөlüŋ كولچەك، يىغىلىپ قالغان سۇ، بۇنىڭغا قۇشلار چۈشىدۇ.

## بۇ باپتىكى مىساللار

يَبَنْكْ yabaŋ ياۋان. يَبَنْكْ يِرْ *yabaŋ yər* — ياۋان يەر، قۇملۇق يەر. بۇ شۇنداق بىر قۇملۇقكى، ھايۋانلارنىڭ پۇتلىرى پېتىپ قالسا، چىقىرىۋېلىشى قىيىن بولىدۇ.

يَتَنْكْ yataŋ ياتاڭ، ئاتقۇ، يۇڭ ئاتىدىغان ئەسۋاپ.

يَدِنْكْ yadïŋ يېيىق، يېيىنغۇ. يَدِنْكْ سُوْ — *yadïŋ suv*

يېپىق سۇ، يەنى يەر ئۈستىگە يېيىلغان سۇ.

يۇشەنگ yüxəŋ سىلىق، تۈز. يۇشەنگ تاش — *yüxəŋ tax* سىلىق تاش.

يَلىنگ yaliŋ يالاڭ، يالىڭاچ. يَلىنگ قِلِج — *yaliŋ kiliq* يالىڭاچ قىلىچ، يەنى قىنىدىن چىقىرىلغان قىلىچ.

يَلىنگ yaliŋ يالىڭاچ. يَلىنگ اَر — *yaliŋ ər* — يالىڭاچ ئادەم. ھەرقالداق يالىڭاچ نەرسىگىمۇ «يَلىنگ *yaliŋ*» دېيىلىدۇ.

يَلىنگ yəliŋ شامالىلىق، شاملىق جىق يەر①. بۇ يَلىنگ كُون — *bu yəliŋ kün* — بۇ شامالىلىق كۈن.

## تەركىۋدە «ج-q» بولغان غۇنىلىكلەر

بِرِنج biriŋq بىرىنچى. بِرِنج نَانگ — *biriŋq nəŋ* — بىرىنچى نەرسە، قائىدىگە مۇۋاپىق بىر سوز. ئاز قوللىنىلىدۇ.

كُزُنج kəzüŋq تاماشابىن، بىر نەرسىنى كورۈۋاتقان ئادەملەر.

---

① ئەرەپچىسىگە قارىغاندا، بۇ يەردە ئىبارە «يَلىنگ يِر *yəliŋ yər*» بولۇشى كېرەك ئىدى.

بزنج bəzinq يۇمغاق، يىپەك ياكى پاختا يىپ كالتىكى.

بزنج bəzinq غولى ۋە يوپۇرماقلىرى قىزىل بىر خىل ئۆ-
سۈملۈك بولۇپ، باغلاردا ئۆسىدۇ، دورا قاتارىدا يېيىلىدۇ.

سَڤِنْج səvinq سۆيۈنچ، خۇشاللىق، شاتلىق. ماقالدا مۇنداق
كەلگەن: اُكُوش سَڤِنْج بُلْسا قَتِغ اَخْسُنُور — *üküx səvinq bolsa katïoq ohsunur* كۆپ سۆيۈنۈپ كەتسە، قاتتىق
ئۆكۈنەر، كۆپ خۇشال بولۇپ كەتكەن كىشى بىرەر
ئىشتا قاتتىق قايغۇغا چۈشىدۇ. بۇ ماقال ھەددىدىن
ئارتۇق خۇشاللىنىپ كەتمەسلىككە ئۈندەپ ئېيتىلىدۇ.
شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

مَنْدا بُلْنُر سَڤِنْج اُتِي قَدْغُو اَتارْ
قَرْشِي كُرُبْ سَغْدِج اَنِي اُجْمَق اَتارْ

*məndə bulnur səvinq otī każoqu atar*
*karxï körüp saoqdīq anī uqmak atar*

[مەندە سۆيۈنچ ئوتى تېپىلىدۇ، ئۇ قايغۇنى ئاتار،
دوستلار ئوردىنى كۆرۈپ ئۇنى جەننەت ئاتار.]

مەندە سۆيۈنچ ۋە خۇشاللىقنىڭ داۋاسى بار،
ئۇ قايغۇنى كەتكۈزىدۇ؛ دوستلار مېنىڭ ئىمارىتىمنى

چۈشكۈرتسدىغان ئوت.

آغَرْتغو aoqartoqu بۇغداي يارمىسىدىن ياسالغان بوزىغا

ئوخشاش ئىچىملىك.

آسرتغُق asurtoquk ئەقىللىق، زىرەك. آسرتغق آر asurtoquk ər —

ئەقىللىق، زىرەك ئادەم.

آمِرْجكا əmirqkə كومۇرچەك.

قَلْدُرْغا kalduroqa تاراقلايدىغان، شالدىرلايدىغان.

قَلْدُرْغا تُونْ kalduroqa ton — تاراقلايدىغان تون.

قەغەز ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش شالدىرلايدىغان، تاراقشىيدىغان

نەرسىلەرگىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ.

## بۇ باپتىكى پېئىللار

آرْتْلادي artladi كاچاتلىدى، شاپىلاقلىدى؛ ئۇردى.

اُلْ آني آرْتْلادي ol ani artladi — ئۇ ئۇنى كاچاتلىدى

(آرْتْلار- آرْتْلاماق artlar - artlamak).

اِرْقْلادي irkladi پال سالدى، رەمل باقتى. قامْ اِرْقْلادي

kam irkladi — رەممال پال سالدى، رەممال رەمل

باقتى (اِرقلار ـ اِرقلاماق irklamak ـ irklar).

**ارگلادى ərglədi** دەسسدى. اُل يِيرك ارگلادى ol yərig — ərglədi ئۇ يەرلى دەسسدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (اركلار ـ اركلاماك ərglər ـ ərgləmək). بۇ سوزنىڭ «اَگلادى əglədi» شەكلىمۇ بار.

**اُركلادى ərklədi** ئارقانلىدى، ئارقانداپ قويدى. اُل اَتِغ اُركلادى — ol atïq ərklədi ئۇ ئاتنى ئارقانلىدى، يەنى ئاتنى ئۇزۇن ئارغامچا بىلەن (ئوتلىتىش ئۈچۈن) باغلاپ قويدى (اُركلار ـ اُركلاماك ərklər ـ ərkləmək).

**تُربلادى turpladï** ئەندىزىلىدى. اَر تُربلادى نانكنى — ər turpladï nəŋni ئادەم نەرسىنى ئەندىزىلىدى، يەنى ئادەم نەرسىنىڭ ئەندىزىسىنى، ئۆلچىمىنى ياسىدى (تُربلار ـ تُربلاماق turplar ـ turplamak).

**سُربلادى sərplədi** قومۇلاق سالدى، پال باقتى. اُل اَرنكاك بِلا سُربلادى — ol ərŋək bilə sərplədi ئۇ بارمىقى بىلەن قومۇلاق سالدى (سُربلار ـ سُربلاماك sərplər ـ

(sərpləmək)①.

كُرپلادى kürplədi قاقىلدى، كاۋاپ قىلدى. اُل كُزى كُرپلادى ol kozi kürplədi — ئۇ قوزىنى قاقىلدى، يەنى يەردە بىر ئورەك كولاپ قوزىنى كاۋاپ قىلدى (كُرپلار - كُرپلاماك kürplər - kürpləmək)②.

سَرْتلادى sartladi سارت ھېساپلىدى، سودىگەر ھېساپلىدى. اُل انى سَرتلادى ol ani sartladi — ئۇ ئۇنى سودىگەر ھېساپلىدى (سَرتلار - سَرتلاماق sartlar - sartlamak).

سِرْتلادى sirtladi ئۇردى، ياماشتى. يِپنى سِرتلادى yipni sirtladi — يىپنى ئاتىنىڭ قۇيرۇغىغا ئۇردى. ئادەم كىچىك بىر ۋادىدىن يۇقۇرىغا ياماشسىمۇ شۇنداق

① بۇ يەردىكى ھەرپ تەرتىۋى بويىچە بۇ پېئىلنىڭ ئۈچىنچى ھەرپى «ى - يا» ئەمەس، ساكىنلىق «ب - p» بولۇشى كېرەك. شۇنىڭدەك بۇ پېئىلنىڭ مەستىرى ئاۋال «ق - k» بىلەن يېزىلىپ، كېيىن «ك - k»گە ئۆزگەرتىلگەن. بىز بۇ پېئىلنىڭ ھەر ئۈچىلا شەكلىنى ترانسكرىپسىيىدە تۈزەتتۇق.

② بۇ يەردىكى ھەرپ تەرتىۋى بويىچە بۇ پېئىلنىڭ ئۈچىنچى ھەرپى «ى - يا» ئەمەس، ساكىنلىق «ب - p» بولۇشى كېرەك. بىز بۇ پېئىلنىڭ ھەر ئۈچىلا شەكلىنى ترانسكرىپسىيىدە تۈزەتتۇق.

دېيىلىدۇ (سىرتلار ـ سىرتلاماق sirtlamak ـ sirtlar)①.

قىرتلادى kartladi قىرتلىدى، قىرت ھېساپلىدى. ئول ئارىك قىرتلادى ol arig kartladi ــ ئۇ ئادەمنى قىرتلىدى، يەنى خۇيىنى قىرت ھېساپلىدى، بىرەر يارا، جاراھەتنى ساقايتىسمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (قىرتلار ـ قىرتلاماق kartlamak ـ kartlar)②.

---

① يازما نۇسخىدا بۇ پېيىلنىڭ بىرىنچى ھەرپى «س - s» ھەر ئۈچىلا شەكىلدە ئاۋال فەتھەلىك يېزىلغان بولسىمۇ، كەلگۈسى زامان شەكلى بىلەن مەستۇردە بىر تىك سىزىق ئارتۇقلۇق ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ كەسرە يېزىلغان. شۇڭلىدەك، «ت - t» ھەرپىنىڭ ئاستىغا ئىككى چېكىت قويۇلۇپ «ى - يا»غا ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنۇلغان. بىز بۇ پېيىلنى يازما نۇسخا 172 - بەت (ئۇيغۇرچە 1 - توم 446 - بەت) تىكى «توپە ۋە ئېدىر» مەنىسىدە كەلگەن «سىرت sirt» سۆزىدىن ياسالغان دەپ ھېساپلاپ «sirtlamak ،sirtlar ،sirtladi» دەپ ئالدۇق.

② يازما نۇسخىدا بۇ پېيىلدىكى «ق - k» ھەرپى ئۆتكەن زامان شەكلىدە ھەم فەتھەلىك، ھەم كەسرىلىك يېزىلىپ قالغان، كەلگۈسى زامانى بىلەن مەستۇردە بولسا، فەتھەلىك يېزىلغان. بىز بۇ پېيىلنى يازما نۇسخا 172 — بەت (ئۇيغۇرچە 1 - توم 446 - بەت) تىكى «قىرت kart - يارا» سۆزىدىن ياسالغان دەپ ھېساپلاپ، ھەر ئۈچىلا شەكىلدە فەتھە بويىچە ترانسكرىپسىيە بەردۇق.

**تۇرقلادى** turkladi: ئۇل يېر تۇرقلادى *ol yər turkladi* — ئۇ يەرنىڭ بويىنى ۋە ئېنىنى ئۆلچىدى. ئاتنىڭ گەۋدىسىنى ۋە باشقا نەرسىلەرنى ئۆلچىسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (تۇرقلار - تۇرقلاماق *turklar - turklamak*).

**بەركلادى** bərklədi ساقلىدى. ئۇل تاۋارىن بەركلادى *ol tawarin bərklədi* — ئۇ مېلىنى ساقلىدى. ئادەمنى ۋە باشقا نەرسىلەرنى سولىسا، ھەرقانداق نەرسىنى ساقلىسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (بەركلار - بەركلاماك *bərklar - bərklamak*). بۇ سۆزنىڭ ئەسلى «بەكلادى *bəklədi*» دۇر. بۇ سۆز «قورۇق سېلىنغان ۋە پۇختا ئېتىلگەن يەر» دېگەن مەنىدىكى «بەرك يېر *bərk yər*» دىن ئېلىنغان بولۇشى مۇمكىن.

**تەركلادى** tərklədi ئالدىراتتى. ئۇل ئىشىغ تەركلادى *ol ixiq tərklədi* — ئۇ ئىشنى ئالدىراتتى (تەركلار - تەركلاماك *tərklər - tərklamək*).

**تۈركلادى** türklədi تۈرك ھېسابلىدى. ئۇل مەنى تۈركلادى *ol məni türklədi* — ئۇ مېنى تۈرك ھېسابلىدى. بىر كىشىنى ئەجەم (ئەرەبلەردىن باشقا) ھېسابلىسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (تۈركلار - تۈركلاماك *türklər - türklamək*).

بۇ باپنىڭ بۇيرۇق شەكلى بەش ھەرپلىكتۇر.

مەسىلەن: «بەركلا نانكنى *bərkla nənni* — نەرسىنى ساقلا» دېگەن جۈملىدىكى «بەركلا *«bərkla* ۋە قومۇلاق سال مەنىسىدىكى «سەرپلا *«sərpla»* دېگەنگە ئوخشاش. لېكىن بۇ سۆزلەر تەلەپپۇزدا تۆت ھەرپلىكلەرگە ئوخشاپ كەتكەنلىكتىن، شۇلارنىڭ قاتارىدا بېرىلدى. چۈنكى بۇلاردىكى ئىككى ساكىننىڭ بىرى تەلەپپۇزدا ئېنىق ۋە ئوچۇق سېزىلمەيدۇ. شۇڭا شائىرلار بۇنى بىر ھەرپ دەپ ھېسابلىسا بولىۋېرىدۇ. بۇنى يۇقۇرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەن ئىدىم. بۇلارنىڭ باشقا تۈرلىنىشلىرى يۇقۇرىدىكى باپلاردا بايان قىلىنغان قائىدىلەرگە ئاسا-سەن بولىدۇ.

بۇ باپتىكى پېئىللار ئۈچ خىل بولىدۇ:

بىرىنچىسى: پېئىل سۆزلەنگەن نەرسە جۈملىسىدىن ھېسابلانغانلىق مەنىسىدە كېلىدۇ. مەسىلەن: «تۈركلادى *türklədi* — تۈرك ھېسابلىدى» دېگەنگە ئوخشاش.

ئىككىنچىسى: ئوتتۇرىسى ساكىنلىق بولغان ئىككى ھەرپلىك ئىسىملاردىن ياسالغان پېئىل بولىدۇ. مەسىلەن: «تەۋەي قۇرتلادى *təwəy kurtladi* — تۆگىدىن قۇرۇت-لارنى ئېلىۋەتتى». باشقىلاردىمۇ شۇنداق.

ئۈچىنچىسى: يۇقۇرىدىكى مەنىلەردىن ھېچبىرى ئىپادىلەنمەي، پېئىل ئۆز مەنىسىدە كېلىدۇ. مەسىلەن:

«ئاڵ تاۋارىن ئالقدى ol tawarin alkdi — ئۇ مېلىنى

ئۆگەتتى» ۋە «ئار يالقدى ar yalkdi — ئادەم يېلىقتى،

يەنى ئادەم مايلىق تاماقنى جىق يەپ، ئۇنىڭدىن زېرىكتى»

دېگەنگە ئوخشاش.

## تۇت ھەرپلىكلەر

تۇلدرادى tuldradi تارقالدى. تۇي تۇلدرادى toy — توي تارقالدى، يەنى تويغا كەلگەن خەلق tuldradi تارقىلىپ كەتتى (تۇلدراز - تۇلدراماق tuldrar - tuldramak).

قالدرادى kaldradi تاراقلىدى، شالدىرلىدى. تۇن قالدرادى ton kaldradi — تون شالدىرلىدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (قالدراز - قالدراماق kaldrar - kaldramak).

چالدرادى qaldradi شاراقلىدى، شاراق - شۇرۇق قىلدى. تاش چالدرادى tax qaldradi — تاش شاراقلىدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق. زەنجىر ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر يەرگە چۈشكەندە چىققان ئاۋازغىمۇ شۇنداق

دېيىلىدۇ (جَلْدِرازْ - جَلْدِراماقْ - *qaldrar - qaldramak*).

**كُلْدُرادِي** küldrədi گۈلدۈرلىدى. تاش قُدُغْ اِجْرا كُلْدُرادِي — *tax kużuq iqrə küldrədi* — تاش قۇدۇق ئىچىدە گۈلدۈرلىدى، يەنى تاش قۇدۇقتا گۈلدۈرلىدى ۋە ئۇنىڭ چوڭقۇرلۇغىنى بىلدۈردى (كُلْدُرازْ - كُلْدُراماكْ *küldrər - küldrəmək*).①

## تەركىۋىدە «ج - q» بولغان غۇنىلىكلەر

**اُتُنْجْ** ɵtünq ئۆتۈنە قەرز. مَنْ اَنْكارْ يَرْماقْ اُتُنْجْ بِيرْدِمْ — *mən aŋar yarmak ɵtünq bərdim* — مەن ئۇنىڭغا يارماق ئۆتنە بەردىم. ئوغۇزچە.

**اُتُنْجْ** utunq ئۇيات، نومۇس. اُتُنْجْ اِيشْ *utunq ix* — ئۇيات ئىش. ئوغۇزچە.

---

① يازما نۇسخىدا بۇ ۋە بۇنىڭ ئالدىدىكى ئىككى پېئىلنىڭ ئۈچىنچى ھەرپى ھەر ئۈچىلا شەكىلدە ھەرىكىلىك يېزىلغان. بۇ يەردىكى ۋەزىننىڭ تەلىۋى بويىچە ھەر ئۈچىلا پېئىلنىڭ ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى ھەرپلىرى ساكىنلىق كېلىشى كېرەك ئىدى. شۇڭا بىز بۇ ئۈچ پېئىلنىڭ ئۈچىنچى ھەرپىنى ترانسكرىپسىيىدە ساكىنلىق ئالدۇق.

**اُچُنچ** üqünq ئۈچىنچى، دەرىجە سان. بۇ بىر قائىدە، ئۇ مۇنداق بولىدۇ: ئوندىن تۆۋەن بولغان سانلاردا تەرتىپ جەھەتتە ئوزىدىن ئىلگىرىكى سانغا ئەگەشكەنلىك مەنىسى ئىپادىلەنمەكچى بولسا، ساننىڭ ئوزىگە «نچ - *nq*» قوشۇلىدۇ: «تورتُنچ *tortünq* — تۆتىنچى»، «بېشِنچ *bəxinq* — بەشىنچى» دېگەنگە ئوخشاش. بۇ سۆزلەرنىڭ ئەسلى «تورت *tort* — تۆت» ۋە «بېش *bəx* — بەش» تۇر، دېمەك، دەرىجە سان مەنىسىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، بۇ سۆزلەرنىڭ ئاخىرىغا «نچ - *nq*» قوشۇلغان.

ئونلۇق سانلاردىمۇ تەرتىپ سانى يۇقۇرىدىكى ئۇسۇلدا ياسىلىدۇ: «اونُنچ *onunq* — ئونىنچى»، «يِگرمِنچ *yigirminq* — يىگىرمىنچى» دېگەنگە ئوخشاش. چۈنكى يىگىرمىنچى ئون توققۇزنىڭ داۋامىدۇر. بۇ ئومۇمىي بىر قائىدىدۇر.

**آرِنچ** əring ئېھتىمال، بولسا كېرەك، بولغاي. اُل بَردي آرِنچ *ol bardi əring* — ئۇ باردى بولغاي.

**اُرُنچ** urunq پارا.

**اِرِنچ** ərinq مول لۇق، پاياشاتلىق، راھەت - پاياشات تۇرمۇش كەچۈرۈش. بەزى شېۋىلەردە بۇ سۆز ئىككى مەخرەج ئارىسىدىكى «ژ - z» بىلەن «اِرِنژ *ərinz*» دېيىلىدۇ.

اَفِنْچ avinq ئاۋۇنۇچ، كوڭۈلنىڭ بىر نەرسە بىلەن مەشغۇل بولۇپ ئۇۋۇلىنىشى، ئارام تېپىشى.

اِكِنْچ ikinq ئىككىنچى. اِكِنْچ نانِكْ iking nəŋ — ئىككىنچى دەرسە.

اُكُنْچ əkünq ئۆكۈنۈچ، پۇشايمان، ھەسرەت. اُلْ آنَكَرْ اُكُنْچ قِلْدى ol aŋar əkünq kildi — ئۇ ئۇنىڭغا ئۆكۈندى، پۇشايمان قىلدى.

اُكُنْچ əgünq ماختىنىش، مەدھىيە.

اِلَنْچ ilənq ئەگرى - توقاي، ئەگرى - بۈگرى: اِلَنْچ يُولْ ilənq yol — ئەگرى - توقاي يول، تۈز بولمىغان يول.

اِلَنْچ ilənq تاپا - تەنە. بۇزۇقلۇغى مەلۇم بولۇپ قالغان بىر ئىشتا يول كۆرسەتكەن كىشىنى ئەيىپلەش، تاپا تەنە قىلىش.

اُمُنْچ umunq ئۈمۈلۈش ~ ئۈمۈنۈش، ئۈمىت. اُمُنْچ تَنْكْرِيكا umunq təŋriga — ئۈمىت تەڭرىگە.

اِنَنْچ inanq ئىشەنچ، ئىشەنچلىك. «اِنَنْچ بَكْ inanq bəg — ئىشەنچلىك بەگ» دىگەن ئىبارە شۇنىڭدىن ئېلىنغان.

كورۇشى بىلەنلا، چىرايلىقلىقىدىن كۆلى جەلبىت دەپ كېتىدۇ.

سَقِنْج sakïnq قايغۇ، دەرت - ئەلەم؛ كوي.

قِلِنْچ kïlïnq قىلىق، خۇي - مىجەز. «اَذْكو قِلِنْچ — özgü kïlïnq ياخشى قىلىق» دېگەن ئىبارە شۇنىڭدىن ئېلىنغان. بۇنىڭ تەتۈرىگىمۇ (يامان قىلىقىمۇ) شۇ سوز ئىشلىتىلىدۇ.

قِلِنْچ kïlïnq خۇلق. خوتۇنلارنىڭ نازۇ - كەرەشمىسى. ئاياللارغا «اُكُش قِلِنْجْلَنْما — üküx kïlïnqlanma كوپ خۇلقلانما، كوپ نازلانما» دېيىلىدۇ.

كُلُنْج külünq[1] كۈلۈش.

بۇ باپتىكى مىساللار

يفنج yafïnq يافىنچ. «اِلا — ila ئىلى» يېنىدىكى بىر كىچىك شەھەرنىڭ نامى.

يُكُنْج yüküng يۈكۈنچ، ناماز، ئىبادەت. قىيچاقچە، تەنگرىگا

[1] بۇ سوزدە «ل - l» ھەربىي ھەم زەممىلىك، ھەم كەسرىلىك يېزىلغان. بىز زەممىنى ئاساس قىلدۇق.

اُنُنْچ onunq ئونىنچى. اُنُنْچ يَرْماق — onunq yarmak ئونىنچى يارماق. باشقىلاردىمۇ شۇنداق.

## بۇ باپتىكى پېئىل

يِنْجكالَنْدى yinqkələndi خوشامەت قىلدى؛ بويسۇندى؛ ھەرىسىگە ئالدى. اُلْ مَنْگا يِنْجكالَنْدى — ol maŋa yinqkələndi ئۇ ماڭا خوشامەت قىلدى. اُلْ قِيزِغْ يِنْجكالَنْدى — ol kiziq yinqkələndi ئۇ قىزنى ھەرىسىگە ئالدى. قُلْ تَنْكْرِيكا يِنْجكالَنْدى — kul təŋrigə yinqkələndi بەندە تەڭرىگە بويسۇندى، يەنى بەندە ئالەمنى ياراتقۇچى تەڭرىگە بويسۇنۇپ، دۇنيانى تەرك ئېتىپ، ئىبادەت قىلدى، روزا تۇتتى، ناماز ئوقۇدى ۋە بويسۇندى (يِنْجكالَنُورْ — يِنْجكالَنْماكْ — yinqkələnür — yinqkələnmək).

ئىككى ساكىن بىر يەردە كېلىدىغان بولۇم تۈگىدى.

بۇ سەككىز بولۇمنىڭ ئاخىرقىسىدۇر. ئالەمنى ياراتقۇچى ۋە تەربىيىلىگۈچى تەڭرىگە ئالقىشلار بولسۇن.

هۈسەيىن ئوغلى مەھمۇت ئېيتىدۇكى: تۈركى تىللارنىڭ سۆزلۈكلىرىنى توپلاش، قائىدە ۋە ئاساسلىرىنى بايان قىلىش، پەرقلىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش، بولۇملەرگە بولۇشنى كىتابنىڭ بېشىدا شەرت قىلغان ئىدۇق. بۇ سۆزىمىز بەجا كەلدى، ئارزۇيىمىز ئەمەلگە ئاشتى. ئوشۇقچە، گورۇنسىز ۋە كېرەكسىز بولغانلىرىنى كىتابتىن چىقىرىپ تاشلىدىم. ئەمدى كىتاب ئۇزاق زامانلارغىچە كەڭ تارقالسۇن، ئەبەدى يادىكارلىق بولۇپ قالسۇن. كىتاۋىمىز مۇشۇ يەردە تاماملانسۇن.

تەڭرىگە ئەبەدى ئالقىشلار بولسۇن. تەڭرىنىڭ ئەلچىسىگە ۋە ئۇنىڭ ئۇرۇق - ئەۋلادلىرىغا تەڭرىنىڭ چەكسىز رەھمىتى تەگسۇن.

ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ پەقىر قۇلى ساۋالىق، ئاندىن دەمەشقلىق مۇھەممەت ئىبىن ئەبى بەكىر ئىبىن ئەبۇلفەتھ (تەڭرى ئۇنى كەچۈرسۇن) بۇ كىتابنى ئەسلى نۇسخىسىدىن كۆچۈرۈش ئىشىنى 664 - يىلى شەۋۋال ئېيىنىڭ 27 - كۈنى يەكشەنبە تاماملىدى.

مەھمۇت قەشقەرى ئۆز قولى بىلەن يازغان نۇسخىنىڭ ئاخىرقى جۈملىسىنى بۇ يەردە ئۆز پېتى كۆچۈرۈپ ئۆتىمەن:

«كىتابنى 464 - يىلى جۇمادىيەلئەۋۋەلنىڭ باشلىرىدا يېزىشقا كىرىشكەن ئىدىم، تۆت قېتىم قايتا يېزىپ، تۈزىتىپ ۋە تەھرىرلەپ 466 - يىلى جۇمادىيەل ئاخىرنىڭ 10 - كۈنى دۈشەنبە تۈگەتتىم».

لَاحَوْلَ وَلَاقُوَّةَ اِلَّا بِاللّٰهِ الْعَلِيِّ الْعَظِيمِ وَهُوَحَسْبُنَا وَنِعْمَ الْوَكِيلْ (پۈتۈن كۈچ - قۇۋۋەت ئۇلۇغ ۋە يۈكسەك تەڭرىگىلا خاس، تەڭرى بىزنىڭ ئىشەنچىمىز ۋە ئەڭ ياخشى ئىگىمىز).

كىتاب تۈگىدى.

# تۈركى تىللار دىۋانى (3)

مەھمۇت قەشقەرى

«تۈركى تىللار دىۋانى»نى نەشرگە تەييارلاش
گۇرۇپپىسى نەشرگە تەييارلىدى

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھەر ئازاتلىق كوچا 306 №)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇدىدا تىزىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇدىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مىللىمېتىر 1/32،
باسما تاۋىقى: 19.25، قىستۇرما ۋارىقى: 6
1984 - يىل 1 - ئاي 1 - نەشرى
1984 - يىل 5 - ئاي 1 - بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: M17098-32
تىرازى: 1 — 10،000
باھاسى: 5.70 يۈەن

突厥语大词典（三）（维吾尔文）
麻赫穆德·喀什噶里 著
《突厥语大词典》译审小组译审

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市解放路306号）
新疆新华书店发行 新疆新华印刷厂排版
新疆新华印刷厂印刷
850×1168 毫米 32 开本 19.25 印张 6插页
1984年1月第1版 1984年5月第1次印刷
印数：1——10,000

统一书号：M17098·32 定价：5.70元

书号：M10098·32
定价：　　5.70元

يُكُنْج يُكُنْدي yükündi yüküng taŋriga — تەڭرى-
گە ئىبادەت قىلدى. أُلْ بَكْكا يُكُنْج يُكُنْدي ol —
bəgkə yüküng yükündi ئۇ بەگكە بېشىنى ئەگدى.
باشقىلاردىمۇ شۇنداق.

## توت ھەرپلىكلەر

تُتُنْجُو tutunqu ئاسراندا. تُتُنْجُو أُغُل tutunqu oqul —
ئاسراندا ئوغۇل.

سَزِنْجِي sazïnqi: سَزِنْجِي تاشِي sazïnqi taxi — گەج
تېشى.

قَرِنْجا karïnqa چۈمۈلە، ئوغۇزچە.

## بۇ باپتىكى مىسال

يُرِنْجا yorïnqa بېدە، ئوغۇزچە.

## فَعال fəal شەكلىدىكى سوزلەر بابى

سِنكارْ siŋar سىڭار، تەرەپ، يان، چەت. سِنكارْدِنْ يُرِي
siŋardin yori — چەتتىن ماڭ.

مُنكارْ muŋar بۇلىڭغا. مُنكارْ آيْدِمْ muŋar aydim —
بۇنىڭغا ئېيتتىم.

مِنكارْ miŋar بۇلاق. ئوغۇزچە.

يَنكان yaŋan[1] ئاق باش قارغا.

سَنكانْ saŋan: سَنكانْ نانكْ saŋan naŋ — موزا تەمىدى-
كى ھەرقاندا ق نەرسە.

## بۇ باپتىكى مىساللار

يُنكاغْ yoŋaq يوڭاق، چېقىمچىلىق. آنِي يُنكاغْ يُنكادِي

① يازما نۇسخىدا بۇ سوزنىڭ بىرىنچى ھەرپى چېكىتسىز، قالغان ھەرپلىرى ھەرىكىسىز بېرىلگەن. بىز بۇ سوزنى مەنىسىگە قا-راپ يازما نۇسخا 551 - بەت 7 - قۇردىكى «يىنكان» سوزى بىلەن بىر ھېساپلىدۇق ۋە ترانسكرىپسىيىدە «yaŋan» دەپ ئالدۇق.

ئۇنى خانغا چاقتى، چىقىشتۇردى. — *ani yoŋaq yoŋadï*

**يَنكاقْ** yaŋak ياڭاق. ئېغىزنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى چىشلار

چاپلاشقان سۆڭەك. ھەرقانداق نەرسىنىڭ يىنىغىمۇ شۇن-

داق دېيىلىدۇ. ئىشىكنىڭ يان ياغىچىنى «قَبُغْ يَنكاقِي

»*kapuq yaŋakï*» دېيىشمۇ مۇشۇنىڭدىن ئېلىنغان.

**يَنكانْ** yaŋan پىل. بۇنى ئوغۇزلار بىلمەيدۇ.

## فَعْلى fə'li شەكلىدە ھەرخىل ھەرىكىلىك سوزلەر بابى

**تَنكْرِي** təŋri تەڭرى، ئەزىز ۋە ئۇلۇغ تەڭرى. ماقالدا

مۇنداق كەلگەن: تَينْ تَبغُساقْ تَنكْرِي سَفِنغ سِزْ —*toyin*

*tapuqsak taŋri sətinqsiz* تويىن تەڭرىگە تېپىنغاق،

لېكىن تەڭرى ئۇنىڭ بۇ ئىشىدىن مەمنۇن ئەمەس؛

كاپىرلارنىڭ دىنى باشلىقلىرى ئۇلۇغ تەڭرىگە ئىبادەت

قىلىدۇ، لېكىن ئۇلۇغ تەڭرى ئۇلارنىڭ ئىشىدىن رازى

ئەمەس. بۇ ماقال ئۆز ئىشىنى بەزىلەرگە ياقىدۇ دەپ

گۇمان قىلغان، ئەمما ئۆز ئىشى كىشىلەرگە ياقمىغان

ئادەملەر ئۈچۈنلا ئېيتىلىدۇ. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

تُنْ كُنْ تَبِنْ تَنْكْرِيكا بُيْنَتمَقِلْ
قُرْقُبْ اَنكَرْ آيمَنُو اُيْنَتمَقِلْ

*tün kün tapun təŋrigə boynamaqil*
*korkup aŋar əymənü oynamaqil*

[تەڭرىگە تۈن - كۈن تېپىن، بويۇنتاۋلۇق قىلما، ئۇنىڭدىن قورقۇپ ئەيمەن، ئوينىمىغىن.]

كېچە - كۈندۈز ئۇلۇغ تەڭرىگە ئىبادەت قىل، يولدىن چىقىپ ئاداشما؛ تەڭرىدىن ھايا قىل، ئۇيالغىن، قورق، ئوينىما.

خۇدا ئۇرغۇر كاپىرلار ئاسماننى «تَنْكْرِى *təŋri*» دەيدۇ. ئۇلار كۆزلىرىگە چوڭ كۆرۈنگەن ھەر قانداق نەرسىنى — ئېگىز تاغ، يوغان دەرەخلەرنىمۇ «تَنْكْرِى *təŋri*» دەيدۇ. شۇڭا بۇنداق نەرسىلەرگە سەجدە قىلىدۇ. ئۇلار يەنە بىلىملىك ئادەمنى «تَنْكْرِكَانْ *təŋrikən*» دەيدۇ. مۇنداق ئازغۇنلۇقتىن خۇدا ساقلىسۇن.

**أُنْكْرا** oŋra ئوڭدا. اَرْ اُنْكْرا يَتِّي *ər oŋra yatti* — ئادەم ئوڭدا ياتتى.

**تُنْكْرا** toŋra توگرا، بەدەندىكى كىر.

تۇنْكْرا toŋra دوگدا، دوم. آرْ تۇنْكْرا تۇشْنى *ər toŋra* — *tüxti* ئادەم دوم چۈشتى.

تۇنْكْشۇ tuŋxu شامدان.

جَنْكْشُو qəŋxü قىسقا پاختىلىق چاپان.

جَنْكْشى qəŋxi چەڭشى. خوتەن بېكەسىنىڭ ئىسمى. خوتەن شۇلىنىڭ سەۋدۇى بىلەن ئېلىنغان. كىشىلەر «جَنْكْشى *qəŋxi*» سوزىنى «جَمْشِيدْ *jəmxid*» سوزىنىڭ ئۆزگەر- گىنى دېيىشىدۇ.

مَنْكْكُو məŋgü مەڭگۈ، ئەبەدى، ئەبەدىلىك. بۇ سوز ھەم ئىسىم، ھەم مەستەردۇر. مَنْكْكُو آزُونْ *məŋgü azun* — مەڭگۈلۈك دۇنيا، ئەبەدى دۇنيا. شېئىردا مۇلداق كەلگەن:

تُغُبْ تَقِي قَلْمَدِي مَنْكْكُو آرَنْ
آزُونْ كُنِي يُلْدُزِي تُتْجِي تُغَارْ

*tuqup taki kalmadi məŋgü ərən*
*azun küni yulduzi tutqi tuqar*

[ئادەم تۇغۇلۇپ مەڭگۈلۈككە قالمىدى،
دۇنيانىڭ كۈنى، يۇلتۇزى دائىم تۇغۇلۇپ تۇرىدۇ.]

زامان تەرىپلىنىپ شۇلداق دېيىلىدۇ: كىمكى تۇغۇلـ
سا، ئۇ مەڭگۇ ياشىمايدۇ؛ دۇنيانىڭ قۇياشى، يۇلتۇزى
دائىم تۇغۇلىدۇ، ھەرگىز ئۆپرىسمايدۇ.

**چَنْگْلى** qəŋli: چَنْگْلى مَنْگْلى *qəŋli məŋli* — دىگگىلداقـ
تاق. بىر خىل بالىلار ئويۇنىنىڭ نامى. ئەرەبلەر بۇنى
«ئَلدُوداق» دەيدۇ.

**قَنْگْلى** kaŋli كوتەك ھارۋا، ئۈستىگە ئېغىر يۈك بېسىلىدىغان
ھارۋا.

**قَنْگْلى** kaŋli قاڭلى. قىپچاقلاردىن ئۇلۇغ بىر ئادەمنىڭ
ئېتى.

**سَلْنْگُو** salŋu سالغا. ئىچىگە تاش سېلىپ ئاتىدىغان سالغا.

**شُنْگْلا** xüŋlə شۈگلە. ئارغۇ تىلىدە ئۆسىدىغان بىر خىل ئوت.
يەلتىزى يېيىلىدۇ.

**قَلْنْگُو** kalŋu لەيلەش، سۇ يۈزىدە لەيلەش. سُفْدا قَلْنْگُولادى
— *suvda kalŋuladi* سۇدا لەيلىدى، يەنى سۇ
دەسسىدى.

**كُزْنْگُو** kɵzŋü كوزگۇ، ئەينەك.

# بۇ باپتىكى مەساللار

**يَنكْقُو** yaŋku يانغۇ، ئەكس سادا. قايتقان ئاۋاز. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: يَزْماسْ اَتِمْ يَغْمُرْ يَنِكْلماسْ بِلْكا يَنكْقُو — *yazmas atïm yaqmur yaŋïlmas bilgə yaŋku* ئازماس مەرگەن يامغۇر، يېڭىلمەس ئالىم ئەكس سادا. ئۇستا مەرگەن يامغۇردۇر، چۈنكى يامغۇرنىڭ نىشانغا ئالغان يېرى يەر يۈزىدۇر، يەر يۈزى ئىنتايىن كەڭدۇر، شۇنداق كەڭ جايغا ئېتىلغان نەرسە خاتا كەتمەي تېگىدۇ؛ ھەر نەرسە ئۈستىدە توغرا گەپ قىلىدىغان ئالىم ئەكس سادادۇر، چۈنكى نىمە دىسەڭ شۇنى دەپ جاۋاپ قايتۇرىدۇ. بۇ ماقال بىر خاتا ئىش قىلىپ قويۇپ، ئۇنىڭدىن ئۆزۈر سورىغان كىشىگە نىسبەتەن ئېيتىلىدۇ.

**يَلنكُو** yalŋu ئىلانگۈچ ~ گۈلەڭگۈچ. قىزلار ئوينايدىغان بىر خىل ئويۇننىڭ نامى. ئارغامچىنىڭ ئىككى ئۇچى بىر ياغاچقا ياكى لىمغا باغلىنىدۇ، ئوتتۇرىسىغا بىر قىز ئولتۇرىدۇ، پۇتلىرى بىلەن يەرنى تېپىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بەزەن ئورلەپ، بەزەن پەسلەيدۇ.

**يِنجكا** yinqkə يىڭىچكە ~ ئىنچىكە، نازۇك. يِنجكا تُرقُو — *yinqkə torku* ئىنچىكە تورقا. يِنجكا قِيزْ — *yinqkə*

نازۇك قىز. يِنجكا كِشي *yinqkə kixi* — تەگ- *kiz*
رىگە ئىبادەتلا قىلغۇچى كىشى، زاھىت.

يَنكْكا yəŋgə يەڭگە. ئاكىنىڭ خوتۇنى.

## فَعالُو fəalu شەكلىدىكى سوزلەر بابى

تَيانكُو tayaŋu تايانغۇ، تايانچ. بۇ سوز تۈركلەردە «حاجب
*hajip*» سوزى كوپ قوللىنىلغاندىن كېيىن ئىستېمالدىن
قالغان. بۇ سوز «تَيَنْدي *tayandi* — تاياندى، يولەن-
دى» بىيلىدىن ياسالغان. خاقان بۇ ئادەمگە ئىشىنىدۇ،
تايىنىدۇ. خەلقمۇ ئۇز تىلەكلىرىنى ۋە ئىشلىرىنى خاقانغا
تايانغۇ ئارقىلىق يەتكۈزۈپ، ئۇنىڭدىن تېگىشلىك جاۋاپ
ئالىدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا تايىنىدۇ.

## بۇ باپتىكى مىسال

يَنكيلا yaŋila يېڭىدىن، يېڭىۋاشتىن. اُلْ اِيشِغْ يَنكيلا قِلْدِي
*ol ixiq yaŋila kildi* — ئۇ ئىشنى يېڭىۋاشتىن
قىلدى، ئىككىنچى قېتىم باشلىدى.

ئۈچ ھەرپلىكلەر بابلىرى تۈگەدى.

# تۆت ھەرپلىكلەر باپلىرى

## فَعْلَلْ fə'ləl، فَنْعَلْ fən'əl شەكلىدە

## ھەرخىل ھەرىكىلىك سۆزلەر بابى

تَنْكُجْ tənguq تۆمۈر ئوچاق ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش يېرىم گەز ئېگىزلىكتىكى ھەرقانداق نەرسە.

سَنْلج sənkəq[1] سەركەچ ئالما، فىندىق ياڭغىقى چوگلۇغـ دىكى بىر خىل تاتلىق ئالما.

سُنْقُر suŋkur شۇڭقار. يىرتقۇچ قۇشلاردىن بىرىنىڭ نامى. ئۇ «طُغْرِلْ toqril — تۇغرۇل» قۇشىدىن كىچىك بولىدۇ.

قُجْنْكار koqŋar قوچقار، ماقالىدا مۇنداق كەلگەن: ئىكى

---

① بۇ سۆز يازما نۇسخىدا «سَنْلج» شەكلىدە يېزىلغان. بىز مۇشۇ باپتىكى ۋەزنگە ۋە بۇ سۆزنىڭ يازما نۇسخا 229-بەتتىكى شەكلىگە ئاساسەن «sənkəq» دەپ ئالدۇق.

ئۇجىنكار بېشى بىر ئاشقتا پىشماس — *iki koqnar baxi bir əxəqta*① *pixmas*

بىر بېشى قوچقارنىڭ ئىككى
قازانىدا پىشماس. بۇ ماقال بىر شەھەردىكى ئىككى بەگ،
ئىككى باشلىقنىڭ بىر - بىرى بىلەن چىقىشالمايدىغانلىقى،
بىرىنىڭ بۇ يەردىن چىقىپ كېتىشى لازىملىقى ھەققىدە
ئېيتىلىدۇ. قوچقار باشى — *koqnar baxi* قوچقار
بېشى، بىر شەھەرچىنىڭ نامى.

قىنكدش قدش قانداش. قىنكدش *kandax* — *kandax kadax*
ئاتىسى بىر، ئانىسى باشقا - باشقا قېرىنداشلار. ماقالدا
مۇنداق كەلگەن: قىنكدش قما ارور اكدش ارو ترتار
ئاتىسى — *kandax kuma urur ikdix orü tartar*
بىر، ئانىسى باشقا - باشقا بولغانلار ئارىلىرىدىكى ئاداۋەت
تۇپەيلىدىن، بىر - بىرى بىلەن چىقىشالمايدۇ؛ ئانىسى
بىر، ئاتىسى باشقا - باشقا بولغانلار ئارىسىدىكى مېھىر-
مۇھەببەت تۇپەيلىدىن بىر - بىرىگە ياردەم بېرىدۇ.

مۇڭلۇق، قىينالغان، سىقىلغان. مُنكلغ ار *munluq* مُنكلغ

---

① بۇ سۆز دىۋاننىڭ باشقا جايلىرىدا «ئاشج *axiq*» — «قازان» شەكلىدە كەلگەن بولسىمۇ، بۇ يەردە «ئاشج *axaq*» شەكلىدە كەلگەن. بىز ئەينەن يازدۇق.

*muŋluq ər* — قىينالغان ئادەم.

تَنكْسُق taŋsuk تاڭسۇق. تَنكْسُق نانكْ — *taŋsuk nəŋ* تاڭسۇق نەرسە. ئادەم بەزى - بەزىدە ئېرىشىپ قالىدىغان ئېسىل تاماقلارنى «تَنكْسُق آشْ *taŋsuk ax* — تاڭسۇق ئاش» دېيىش ئەنە شۇنىڭدىن كەلگەن.

تِرْنكْق tïrŋak تىرناق.

قِرنكاق kïrŋak قىڭراق. گوش ۋە نېمىر كېسىدىغان قىڭراق.

قَزْنكُق kazŋuk① قوزۇق. قۇتۇپ يۇلتۇزىنى «تَمُرْ قَزْنكُق *təmür kazŋuk* — تۆمۈر قوزۇق» دېيىش شۇنىڭدىن ئېلىنغان. چۈنكى ئاسمان شۇنى دەۋر قىلىپ ئايلىنىدۇ.

جِنكْرَق qïŋrak چىڭقىراق. جِنكْرَق اُونْ — *qïŋrak ün* چىڭقىراق ئۈن، قاتتىق ۋە زىل ئاۋاز.

قنكرق kaŋruk قاڭرۇق، دىماق.

قَنكْسِق kaŋsïk قاڭسىق، ئوكەي. قَنكْسِق آتا — *kaŋsïk ata*

---

② بۇ سوز يازما نۇسخىدا «قَزُنكُق» شەكلىدە يېزىلغان. بىز بۇ يەردىكى ۋەزىننىڭ تەلىۋى بويىچە ترانسكرىپسىيىدە «*kazŋuk*» دەپ ئالدۇق.

ئوگەي ئاتا. قَنْگسِقْ اُغْلْ *kaŋsik oɣul* — ئوگەي ئوغۇل.

قَلِنْكُقْ kalŋuk[①] باش كىيىمى، باشتىكى كىيەك. جۇۋا ۋە تېرىلەرگە بىر شىلىمشىق نەرسە تېگىپ قورۇلۇشىدىن پەيدا بولغان يۇرۇملەر.

تُنْكْلُكْ tünlük تۈڭلۈك.

جِنْكْلَكْ qiŋlək چىڭگىلدەك.

كُنْكْلَكْ kəŋlək كوڭلەك ~ كوينەك.

دنكال dəngəl داڭگال، چار - چاپماق (بۇغدايىنىڭ چار - چاپىمىغى).

## بۇ باپتىكى مىساللار

يَنْكَجْ yəngəq قىسقۇچ پاقا. ئوغۇزچە.

يَلنكُوشْ yalŋus يالغۇز. يَلنكُوسْ آرْ *yalŋus ər* — يالغۇز

① يازما نۇسخىدا بۇ سوز «قَلِنْكُنْ» شەكلىدە يېزىلغان. بۇ باپتىكى ۋەزىنگە توغرا كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، بىز ترانسكرىپسىيەدە «ل - *l*» ھەرپىنى ساكىنلىق ئالدۇق.

ئادەم. باشقىلاردىمۇ شۇنداق. ماقالدا مۇنداق كەلگەن:
يَلْنُكُوسْ قازْ اُتْماسْ *yalŋus kaz ətməs* — يالغۇز
غازنىڭ ئاۋازى چىقماس. بۇ ماقال ئىشلاردا باشقىلاردىن
ياردەم سوراشقا ئۈندەپ ئېيتىلىدۇ.

**يَنْكْرَقْ** yaŋrak تاغلاردىكى تار ھاڭ، ئاستىدا ئېقىن ئاقىدىغان
يول. ئادەم بۇنداق يەردىن سەكرەش ۋە شۇنىڭدەك
ئۇسۇللار بىلەن ئۆتىدۇ.

**يَنْكْشَقْ** yaŋxak ۋات - ۋات. يَنْكْشَقْ آرْ *—yaŋxak ər*
ۋات - ۋات ئادەم.

**يَلْنُكُقْ** yalŋuk① يالغۇق. ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسمى.
ماقالدا مۇنداق كەلگەن: يَلْنُكْ اُغْلي يُوقاذُورْ اَذْكُو
اَتي قَايِرْ *—yalŋuk oqlï yokazur əzgü atï kalïr*
ئادەم بالىسى يوقىلار، ياخشى ئېتى قالار. ئادەم بالىسى
ئۆلۈم بىلەن يوقىلىدۇ، ياخشىلىق قىلغان نامى قالىدۇ.
بۇ ماقال كىشىلەرنى ياخشىلىق قىلىشقا ئۈندەپ
ئېيتىلىدۇ.

---

① بۇ سۆز يازما نۇسخىدا «يَلْنُكْ» شەكلىدە يېزىلغان. بۇ باپ-
نىڭ تەلەپپۇزىنى ۋە بۇ سۆزنىڭ «دىۋان»نىڭ باشقا جايلى-
رىدىكى شەكلىنى نەزەردە تۇتۇپ، ترانسكرىپسىيىدە
«*yalŋuk*» دەپ ئالدۇق.

يَلنُكُقْ yalŋuk ئىنسانىيەت، پۈتۈن ئىنسانىيەت. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

يَغِي اَرُزْ يَلنُكُقنِك نَانِكِي تَڤَار
بِلِكْ اَرِي يَاغِسِنْ نَالِكْ سَڤَارْ

*yaƣï ərür yalŋukuŋ nəŋi tavar*
*bilik əri yaƣïsïn nəlik ṣəvər*

[ئىنساننىڭ مېلى - دۇنياسى دۈشمەندۇر،
ئەقىل ئىگىسى دۈشمىنىنى قانداقمۇ سۆيسۇن.]

ئادەمنىڭ مال - دۇنياسى ئۆزىگە دۈشمەندۇر، ئەقىللىق ئادەم ئۆز دۈشمىنىنى قانداقمۇ سۆيسۇن.

يَلنُكُقْ yalŋuk دېدەك. ئوغۇز، قىپچاق ۋە سوۋار تىللىرىدا.

يَنكُلُقْ yaŋluk يېڭىلىش، خاتالىق. ئېزىش، سۆز، ھەرىكەت ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلاردىكى خاتالىق.

## بۇ باپتىكى غۇنىلىكلەر

تَپْجَنكْ tapqaŋ ئۇچاياق. ئۈستەلگە ئوخشايدىغان بىر سايمان. باغۋەن بېدىشتىكى ئۈزۈمنى شۇنىڭغا چىقىپ

تۈرۈپ ئۆزمدۇ، كەنچەكچە،

جَلْبَنكْ qalpaŋ چالپاڭ ~ چەلپەڭ، شاتراق لاي.

جِفشانك qifxəŋ ئاچچىق. جِفشانك جَغِرْ *qifxəŋ qaqïr*—
ئاچچىق شىرنە.

جَفشانك qafxaŋ شوشاڭ. قوي قىرقىيدىغان شوشاڭ. چىكملچە.

جِفْشانك qəvxəŋ كوزى ياشائىغىرايدىغان، كورۈش قۇۋۋىتى
ئاجىز ئادەم.

كفسنك kəfsəŋ كەپسەن. خامان چەشلەنگەندىن كېيىن
كەلگەن ئكشلەرگە بېرىلىدىغان ئاشلىق سوغىتى.

سُفْلانكْ suvlaŋ سۇۋاي، شاخسىز، پۇتاقسىز. سُفْلانك يِغاج
*suvlaŋ yïqaq* — سۇۋاي دەرەخ، شاخسىز، پۇتاقسىز
دەرەخ.

سُفْلانكْ suvlaŋ تۈز، بۇدرە ئەمەس. سُفْلانك سَجْ *suvlaŋ*—
*saq* تۈز چاچ.

قَلقنك kalkaŋ قالقان. بۇ سوزنىڭ «قَلْقَن» *«kalkań* شەك-
لىمۇ بار.

## بۇ باپتىكى مەنقۇسلار

تَيْلَنكْ taylaŋ كېلىشكەن، زىرەك، پاكىز. تَيلَنكْ آرْ *taylaŋ*—

*ər* زىرەك، زىلۋا، رەڭگى پاكىز، كىيىم - كېچەكى تازا، ئادەم. بۇ سۆز كۆپىنچە ياشلارغا نىسبەتەن قوللىنىلىدۇ.

تېيلاڭ يىگىت — *taylaŋ yigit* كېلىشكەن يىگىت.

## بۇ باپتىكى «ج - q»لىق سۆزلەر

قازغانچ kazoqanq تاپاۋەت، قازانغان نەرسە.

قورقۇنچ korkunq قورقۇنچ.

تەزگىنچ təzginq تاغ ئەگىمى. باشقىلاردىن شۇلداق. ئەگرى- توقاي يول «تەزگىنچ يول *təzginq yol*» دېيىلىدۇ.

## بۇ باپتىكى مىساللار

يۆرگەنچ yərgənq: بۇ سۆز «تەزگىنچ *təzginq*» بىلەن بىر مەنىدىكى سۆز بولۇپ، يول ۋە باشقىلاردىكى ئەگرى- توقايلىقنى بىلدۈرىدۇ.

يۆرگەنچ yərgənq يۆگىمەچ. دەرەخلەرگە يۆگىلىپ ئۆسۈپ، ئۆلارنى قۇرۇتۇۋېتىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك.

# فَعْلَلُو fə'ləlu شەكلىدىكى
## سوزلەر بابى

قُنْكْرَغُو koŋraqu قوڭغۇراق.

قُنْكْرَغُو koŋraqu قۇلاقنىڭ تۈۋىدىكى تومپىيىپ تۇرغان سوڭەك.

سَنْكْرَكُو səŋrəgü ماڭقا. سَنْكْرَكُو آتْ *səŋrəgü at* — ماڭقا ئات، بۇرنىدىن ماڭقا ئېقىپ تۇرىدىغان ئات. بۇرنىدىن دائىم ماڭقا ئېقىپ تۇرىدىغان بالىنىمۇ «سَنْكْرَكُو *səŋrəgü* — ماڭقا» دەپ ئاتىلايدۇ.

## بۇ باپتىكى مىسال

يِنْكْدَكُو yiŋdəgü بالىنى ئاتىلىشائىدا «يِنْكْدَكُو *yiŋdəgü*» دەيدۇ، بۇ «ھەي ماڭقا» دېمەكتۇر.

## بۇ باپتىكى فَعَنْلاَلْ fəənlal شەكلىدە
## ھەرخىل ھەرىكىلەنگەن بەش
## ھەرپلىك سوزلەر

سِنگَرْسُقْ siŋarsuk ئىككى كىشى ئاتقا مىنگەشكەندە، مىن-
گەشكۈچىنىڭ ئولتۇرغان يېرى.

مُنكزكاك müŋüzgək قاداق. ئىشلەش تۈپەيلىدىن قولدا
پەيدا بولىدىغان قاداق.

## ئاخىرى غۇنىلىك سوزلەر

قَرَنگْغُو karaŋoɋu قاراڭغۇ.

قَزَنگْقُو kazaŋku چېكىش. يِبْ قَزَنگْقُو بُلْدِي yïp —
kazaŋku boldï يىپ چىگىشلەشتى، يەنى يىپ يەشكىلى
بولمايدىغان دەرىجىدە چىگىشلىشىپ كەتتى.

## بۇ باپتىكى مىسال

يَنكِلْغانْ yaŋilqan يېڭىلىشىدىغان، ئادىشىدىغان. يَنكِلْغانْ آزْ

yaŋilqan ər — يېڭىلىشىدىغان ئادەم، يەنى ئۆتكەن ھەرقانداق ئىشنى ئۇنتۇپ قالىدىغان ۋە ئادىشىدىغان ئادەم.

## بۇ باپتىكى باشقا بىر تۈر

تَنكلكُج təŋəlgüq سا. ئوغۇزچە.

تَنكلكُون təŋəlgün سا. باشقا تۈركلەرنىڭ تىلىدا.

تَنكرِكانْ təŋrikən تەڭرىگە ئىبادەت قىلىدىغان ئالىم، روھانى، زاھىت. كاپىرلار (مۇسۇلمان بولمىغان تۈركلەر) تىلىدا.

## بۇ باپتىكى ئالتە ھەرپلىكلەر

يَنكلدُرق yaŋalduruk يامغۇرلۇق بۆك، يامغۇردىن ۋە شىۋىر-غاندىن ساقلىنىش ئۈچۈن يامغۇرلۇققا تىكىپ قويۇلغان كىگىز قالپاق.

بۇ باپتا ئىككى ساكىن بىر يەردە كەلمىدى، چۈنكى دىماق تاۋۇشى تەلەپپۇز ئۈچۈن ئېغىردۇر. ئىككى ساكىن بىر يەردە كەلگەندە، ئۇتۇقتا ئۇنى تەلەپپۇز قىلىش قىيىن بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن غۇنىلىر تىل ئۇچى ھەرپلىرى بىلەن بىللە كەلگەن. بۇلداقتا سوزلەش

ئاسانلىشىدۇ، بۇ ئەھۋال كەم ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:
«سۆزنگرى كىشى *sөzŋəri kixi* — ۋاتىلداق ئادەم»
دىگەنگە ئوخشاش. بۇ سۆزدە تىل ئۈچى ھەرپلىرىدىن
«ر - r» باردۇر. بۇنىڭ بىلەن سۆزلەش راۋانلىشىدۇ.
بۇنى بىلىۋال.

غۇلىنىك ئىسىملار باپلىرى تۈگىدى.

# بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمْ

ئايغۇچى، كويۇنگۇچى تەڭرىنىڭ ئېتى بىلەن باشلايمەن

# غۇننىڭ پېئىللار بولۇمى

## ئىككى ھەرپلىكلەر بابى

تىڭدى təŋdi پەرۋاز قىلدى. قۇش تىڭدى *kux təŋdi* — قۇش پەرۋاز قىلدى. شۇنىڭدەك ئاسمانغا قارىتىپ ئېتىلغان ئوق كوزدىن غايىپ بولسىمۇ «ئاق تىڭدى *ok təŋdi*» دېيىلىدۇ (تىڭار ـ تىڭماك *təŋər-təŋmək*).①

① بۇ پېئىل يازما نۇسخىدا «سىڭدى، سىڭدى، سىڭار، سىڭماك» شەكىللىرىدە يېزىلغان، ئاپتورنىڭ بۇ سوزلەرنىڭ ئالدىغا بىر «ت» بەلگىسىنى قويۇپ «ت - t» بىلەن باشلىنىدىغان سوزلەر دىگەن ئىشارىتىگە ئاساسەن، بىز بۇ پېئىلنىڭ ئوتكەن زامان، كەلگۈسى زامان شەكلى ۋە مەستىرىنى تۈزىتىپ، باش ھەرپىنى «ت» بىلەن ئالدۇق.

تَنگْدی taŋdi تاگدی. اُلْ آنِگْ باشِنْ تنگْدی — *ol aniŋ baxin taŋdi* ئۇ ئۇنىڭ بېشىنى لاتا بىلەن تاڭدى. ھەرقالداق لەرسىنى ئارغامچا ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەر- سىلەر بىلەن قاتتىق تاڭسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (تَنگارْ - تَنگْماقْ *taŋar - taŋmak*).

تُنگْدی toŋdi توڭدى ~ توڭلىدى. سُوقْ تُنگْدی — *suv toŋdi* سۇ توڭلىدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق. آرْ تُنگْدی — *ər toŋdi* — ئادەم توڭدى، يەنى ئادەم سوغۇقتىن ئۆلگۈدەك توڭلاپ كەتتى (تُنگارْ - تُنگْماقْ *toŋar - toŋmak*).

سِنگْدی siŋdi سىڭدى؛ جايلاشتى، ئورۇنلاشتى. آشْ سِنگْدی — *ax siŋdi* — ئاش سىڭدى، ھەزىم بولدى. سُوقْ يِيرْكا سِنگْدی — *suv yərgə siŋdi* — سۇ يەرگە سىڭدى. سُوزْ كُنگُلْكا سِنگْدی — *sөz kөŋülgə siŋdi* — سۆز كۆڭۈلگە ئورۇنلاشتى ۋە تەسىر قىلدى (سِنگارْ - سِنگْماكْ *siŋər - siŋmək*).

سِنگْدی siŋdi يوشۇرۇلدى، موكۇندى. اُردَكْ قَمِشْقا سِنگْدی — *ordək kamixka siŋdi* — ئۆردەك قومۇشلۇققا يوشۇرۇلد-

دى، يەنى ئۆدەك ۋە باشقىلار قومۇشلۇققا ياكى چۆپلۈككە كىرىۋالدى ۋە يوشۇرۇندى. شۇنىڭدەك ھەرقانداق بىر نەرسە بىر نەرسىگە كىرىۋالسا، مەسىلەن: بىر ئادەم بىرسىنىڭ ئۆيىگە ئوسۇپلا كىرىۋالسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (سِنكار - سِنكْماك *siŋar - siŋmak*).

مُنْكدي məŋdi مۆگدى ~ مۆگكىدى. آتْ مُنْكدِي *at məŋdi* — ئات مۆگكىدى (مُنكار - مُنكْماك *məŋər - məŋmək*).

## بۇ باپنىكى مىسال

يَنكْدي yəŋdi يەگدى. آرْ آنِي يَنكْدِي *ər ani yəŋdi* — ئادەم ئۇنى بىر ئىشتا يەگدى، غەلىبە قىلدى. ئوغۇزچە ۋە قىپچاقچە (يَنكار - يَنكْماك *yəŋər - yəŋmək*).

## فَعَلْدي fəəldi شەكلىدە ھەرخىل ھەرىكىلەنگەن ئۈچ ھەرپلىك سۆزلەر بابى

تَنكردي təŋürdi: آرْ اُقْ تنكردي *ər ok təŋürdi* —

ئادەم ئوقنى ئاسمانغا قارىتىپ ئاتتى، ئوق ئاسماندا غايىپ بولدى. قۇش قولدىن ئۇچۇپ كېتىپ، كوزدىن غايىپ بولسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (تنكرر ـ تنكرماك *tənürür - tənürmək*).

**سِنكِرْدِي** siŋirdi يۇتتى. اُلْ تَنْجُو سِنكِرْدِي — *ol tanqu siŋirdi* ئۇ لوقما يۇتتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (سِنكِرْ ـ سِنكُرْماك *siŋürür - siŋürmək*).

**سِنكِرْدِي** siŋirdi سىڭدۈردى. ياغْنِي تَرِيكا سِنكِرْدِي — *yaqni tərigə siŋirdi* ياغنى تېرىگە سىڭدۈردى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (سِنكِرِرْ ـ سِنكُرْماك *siŋürür - siŋürmək*).

**قُنكُرْدِي** koŋurdi قومۇردى. اَرْ يِغاچ قُنكُرْدِي — *ər yïqaq koŋurdi* ئادەم ياغاچ قومۇردى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق. شامال بىر نەرسىنى قومۇرۇپ تاشلىسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (قُنكُرُرْ ـ قُنكُرْماق *koŋurur - koŋurmak*).

**كِينكُرْدِي** kəŋürdi كېڭەيتتى. اَرْ اَفِنْ كِينكُرْدِي — *ər əvin kəŋürdi* ئادەم ئۆيىنى كېڭەيتتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (كِينكُرُرْ ـ كِينكُرْماك *kəŋürür - kəŋürmək*).

تَنِكزْدی taŋïzdi ئېسىلدى، كۆپتى. اَرْ اُپكاسِندا تَنِكزْدی — ər өpkəsində taŋïzdi — ئادەم ئاچچىقىدىن ئېسىلىپ كەتتى. اُپكا تَنِكزْدی өpkə taŋïzdi — ئۆپكە كۆپتى. ئۆلسىگە سىركە، قىچا قۇيۇپ تولدۇرۇپ پىشۇرۇلدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۆپكە كۆپىدۇ (تَنِكزَرْ - تَنِكزْماق taŋïzar - taŋïzmak).

تَنَگشْدی təŋəxdi تەڭلەشتى. تَنَكَشْدی نانكْ təŋəxdi — nəŋ نەرسە تەڭلەشتى، يەنى بىر نەرسە بىر نەرسىگە تەڭلەشتى. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

مَنكْ بِلا كِينَكَشْدی
بِلْكی مَنكا تَنَكَشْدی
اَرَنْ بِلا سُنكشْدی
اَلْپْلارْ بَشِنْ اُلْ يوار

*mənin bilə kəŋəxdi*
*bilki maŋa təŋəxdi*
*ərən bilə süŋüxdi*
*alplar baxïn ol yuwar*

[مېنىڭ بىلەن كېڭەشتى،
ئەقلى ماڭا تەڭلەشتى؛
ئەرلەر بىلەن نەيزىلەشتى،
باتۇرلار بېشىنى دومۇلتار.]

جەڭ ھەققىدە كېڭەشكەن بىر كىشى تەسۋىرلىنىپ شۇنداق دېيىلىدۇ: ئۇ مەن بىلەن مەسلىھەتلەشتى، مېنىڭ ئەقلىم ئۇنىڭ ئەقلى بىلەن تەڭ كەلدى؛ ئۇرۇشتا پالۋانلار بىلەن نەيزىلەشتى، باتۇرلارنىڭ بېشىنى توپقا ئوخشاش دومۇلاتتى (تَنكاشُورْ ـ تَنكَشْماكْ *taŋaxür* ـ *taŋaxmak*).

تُنكُشدى tüŋüxdi بېشىنى ساڭگىلاتتى. ئَرْ تُنكُشدى — *ər tüŋüxdi* ئادەم بېشىنى ساڭگىلاتتى (تُنكُشُورْ ـ تُنكُشْماكْ *tüŋüxür* ـ *tüŋüxmak*).

تُنكُشدى toŋuxdi: تُنكُزْ تُنكُشدى — *toŋuz toŋuxdi* توڭغۇز گولىيىپ، ئادەمگە ھۇجۇم قىلماقچى بولدى. بىرەر ئىشنى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتىپ، بۇ ئىشنى ياقتۇرماي، ئىش بۇيرۇغۇچىغا گولەيگەن كىشىگە «ئَرْ تُنكُشدى *ər toŋuxdi* ئادەم گولەيدى» دېيىلىدۇ (تُنكُشُورْ ـ تُنكُشْماكْ *toŋuxur* ـ *toŋuxmak*①).

① يازما نۇسخىدا بۇ پېئىلنىڭ مەستىرى ئاۋال «ك ـ *k*» بىلەن يېزىلىپ، كېيىن «ق ـ *k*»غا ئۆزگەرتىلگەن. بىز ئۆزگەرتىلگىنى بويىچە ترانسكرىپسىيە بەردۇق.

سِنِكْشْدِی siŋixdi سىڭىشتى. سُوْلَارْ قَمُغْ سِنِكْشْدِي —*suvlar kamuq siŋixdi* سۇلار پۈتۈنلەي سىڭىشتى. ھەرقانداق سۇيۇق نەرسە باشقا نەرسىگە سىڭىشىنى شۇنداق دېيىلىدۇ (سِنِكْشُورْ - سِنِكْشْمَاكْ *siŋixür - siŋixmək*).

سُنُكْشْدِي sünüxdi نەيزىلەشتى. اِكِّي آرْ بِرْلَا سُنُكْشْدِي — *ikki ər birlə sünüxdi* ئىككى ئادەم (جەڭدە) بىر - بىرى بىلەن نەيزىلەشتى (سُنُكْشُورْ - سُنُكْشْمَاكْ *sünüxür - sünüxmək*).

كَينَكْشْدِی kənəxdi كېڭەشتى. اُلْ مَنْكَا كَينَكْشْدِي — *ol maŋa kənəxdi* ئۇ مېنىڭ بىلەن كېڭەشتى (كَينَكَاشُورْ - كَينَكَاشْمَاكْ *kənəxür - kənəxmək*).

اُنُكْفْتِی oŋukti ئوڭدى. آنِكْ يُوزِي اُنُكْفْتِي —*anïŋ yüzi oŋukti* ئۇنىڭ يۈزى ئوڭدى، يەنى كېسەل ۋە باشقا سەۋەبلەردىن ئۇنىڭ يۈزى تاتاردى. بَرْقِينْ اُنُكْفْتِي — *barqïn oŋukti* يىپەك رەخت ئوڭدى، يەنى يىپەك رەختنىڭ پېتى، گۈزەللىكى، رەڭگى كەتتى (اُنُكْفَارْ - اُنُكْفْمَاقْ *oŋukar - oŋukmak*). ھەرقانداق نەرسە مۇشۇنداق بولۇپ قالسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ.

مُنْكُقْتِي munŋukti مۇڭلاندى. آرْ مُنْكُقْتِي — *ər munŋukti* ئادەم مۇڭلاندى، قايغۇغا چۆمدى (مُنْكُقارْ - مُنْكُقْماق *munŋukar - munŋukmak*).

اُنْكُلْدِي oŋuldi ئوڭلاندى، ساقايدى. سُكَلْ اُنْكُلْدِي — *sokal oŋuldi* كېسەل ئوڭلاندى، ساقايدى. اِيشْ اُنْكُلْدِي — *ix oŋuldi* ئىش ئوڭلاندى، يەنى چىگىش ئىش ئوڭلاندى (اُنْكُلُورْ - اُنْكُلْماقْ *oŋulur - oŋulmak*).

اُنْكُلْدِي üŋüldi ئۈيۈلدى. يِغَاجْ اُنْكُلْدِي — *yiqaq üŋüldi* ياغاچ ئۈيۈلدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (اُنْكُلُورْ - اُنْكُلْماكْ *üŋülür - üŋülmək*).

تَنِكْلْدِي taŋildi تېڭىلدى. تَنِكْلْدِي باشْ — *bax taŋildi* باش تېڭىلدى. ھەرقانداق نەرسە يىپ بىلەن تېڭىلسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (تَنِكْلُورْ - تَنِكْلْماقْ *taŋilur - taŋilmak*).

تُنْكُلْدِي tüŋüldi تۈگۈلدى، ئۈمىدىنى ئۈزدى. آرْ اِيشْتِنْ تُنْكُلْدِي — *ər ixtin tüŋüldi* ئادەم ئىشتىن ئۈمىدىنى ئۈزدى.

تَنِكْنْدِي taŋindi تېڭىۋالدى. آرْ بِشِنْ تَنِكْنْدِي — *ər*

*baxin taŋindi* ئادەم بېشىنى تېڭىۋالدى (تَنكِنُورْ -
تَنكِنماق *taŋinmak - taŋinur*).

## بۇ باپتىكى مۇزائەفلەر

تُنكُتّي tüŋütti ساگگلاتتى. آرْ بَشِنْ تُنكُتِي *ər baxin* —
*tüŋütti* ئادەم بېشىنى ساگگلاتتى، باشقىلاردىمۇ شۇنداق
(تُنكُتُورْ - تُنكُتماكْ *tüŋütmək - tüŋütür*).
تَنكِتّي təŋitti ئاسمانغا قارىتىپ . ئاتتى. آرْ اُقِنْ تَنكِتِي
*ər okin təŋitti* — ئادەم ئوقىنى ئاسمانغا قارىتىپ
ئاتتى (تَنكِتُورْ - تَنكِتماكْ *təŋitmək - təŋitür*).
كِينكِتّي kəŋitti كېڭەيتتى. آرْ آڤِنْ كِينكِتِي *ər əvin* —
*kəŋitti* ئادەم ئۆيىنى كېڭەيتتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق
(كِينكِتُورْ - كِينكِتماكْ *kəŋitmək - kəŋitür*).

## تۇت ھەرپلىكلەر

كِينكادِي kəŋədi كېڭەشتى، مەسلىھەتلەشتى. اُلْ مَنكا

كېنكادى *ol maŋa kəŋədi* — ئۇ (ئۆزىنىڭ ئىشىنى) مەن
بىلەن كېڭەشتى (كېنكار - كېنكاماك *kəŋər - kəŋəmək*).

كېنكودى kəŋüdi كېڭەيدى. يېر كېنكودى *yər* — *yər kəŋüdi* يەر كېڭەيدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (كېنكور -
كېنكوماك *kəŋür - kəŋümək*).

## بۇ باپتىكى باش ۋە ئاخىرى هەرپى
## ئىللەتلىك سوز

يۇنكادى yoŋadi يونىدى، چاقتى. ئۇ ئانى بەككا يۇنكادى *ol* — *ani bəgkə yoŋadi* ئۇ ئۇنى بەككە چاقتى. باشقىلاردىمۇ
شۇنداق (يۇنكار - يۇنكاماق *yoŋar - yoŋamak*).

## فەئلەلدى fə'ləldi شەكلىدە هەرخىل
## هەرىكىلەنگەن توت هەرپلىك
## سوزلەر بابى

تۇنكتردى təŋtürdi① ئۇچۇردى. ئۇ قۇش تۇنكتردى *ol* —

① يازما نۇسخىدا بۇ پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامانى «تۇنكەردى» شەكلىدە يېزىلغان بولسىمۇ، كەلگۈسى زامان شەكلى ۋە

kux təŋtürdi ئۇ قۇش ئۇچۇردى، يەنى قۇشنى قولىدىن ئۇچۇرۇۋەتتى. ئوقنى ئاسمانغا قارىتىپ ئاتسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (تَنْكُتُرُرْ - تَنْكُتْرْماكْ təŋtürür - təŋtürmək).

تُنْكَدْرْدِي təŋdərdi ئوڭتەردى ~ ئۆڭتەردى. اُلْ آياقْ تُنْكَدْرْدِي ol ayak təŋdərdi — ئۇ ئاياق (قاچا) ئۆڭتەردى، باشقىلاردىمۇ شۇنداق (تُنْكَدُرُرْ - تُنْكَدْرْماكْ təŋdərür - təŋdərmək).

سِنْكُدْرْدِي siŋdürdi سىڭدۇردى؛ يوشۇردى. سُجِكْ آشِغْ سِنْكُدْرْدِي süqik axïq siŋdürdi —شاراپ ئاشنى سىڭدۇردى (سِنْكُدُرُرْ - سِنْكُدْرْماكْ siŋdürür - siŋdürmək).

اُلْ آنِي اَفْكا سِنْكُدْرْدِي ol ani əvgə siŋdürdi — ئۇ ئۇنى ئۆيگە كىرگۈزدى، يوشۇردى.

مُنْكَقْرْدِي muŋkardï مۆكلاندۇردى، قايغۇغا سالدى. اُلْ آنِي مُنْكَقْرْدِي ol anï muŋkardï — ئۇ ئۇنى مۆكلاندۇردى (مُنْكَقُرُرْ - مُنْكَقْرْماقْ muŋkarur - muŋkarmak).

---

مەتنىدە «تَنْكُتُرُرْ - تَنْكُتْرْماكْ» شەكلىدە بېرىلگەن. شۇڭا «təŋtürdi» دەپ ترانسكرىپسىيە بەردۇق.

تَنْگَرْدى tәngәrdi تەگلەشتۈردى. اُلْ بِيرْ نانگْنى بِيرْگا تَنْگَرْدى — *ol bir nәŋni birgә tәngәrdi* — ئۇ بىر ئەرسىنى بىر ئەرسىگە تەگلەشتۈردى (تَنْگَرُورْ - تَنْگَرْماكْ *tәngәrür - tәngәrmәk*).

تَنْگْلَشْدى tәŋlәxdi تەگلەشتى. بِيرْ نانكْ بِيرْكا تَنْگْلَشْدى — *bir nәŋ birgә tәŋlәxdi* — بىر ئەرسە بىر ئەرسىگە تەگلەشتى (تَنْگْلَشُورْ - تَنْگْلَشْماكْ *tәŋlәxür - tәŋlәxmәk*).

تِنْگْلَشْدى tiŋlaxdi تىڭلاشتى ~ تىڭشاشتى، ئاڭلاشتى. اُلْ مَنِكْ بِرْلا سُوزْ تِنْگْلَشْدى — *ol mәniŋ birlә sөz tiŋlaxdi* ئۇ مېنىڭ بىلەن سۆز تىڭشاشتى، تىڭشىشىپ باقتى (تِنْگْلَشُورْ - تِنْگْلَشْماقْ *tiŋlaxur - tiŋlaxmak*).

تَنْگْلَشْدى taŋlaxdi تاڭ قېلىشتى، ھەيران قېلىشتى. كِشِيلارْ بُو اِيشِغْ تَنْگْلَشْدى — *kixilәr bu ixiƣ taŋlaxdi* كىشىلەر بۇ ئىشتىن تاڭ قېلىشتى (تَنْگْلَشُورْ - تَنْگْلَشْماقْ *taŋlaxur - taŋlaxmak*). شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

اُردِي بُلِتْ اِنْكَرَشُو
اقتي اقن مُنكرشو
قَلْدي بُدُنْ تَنْكَلَشُو
كُكْرَرْ تَقِي مَنْكَرَشُورْ

*ərdi bulït ïŋraxu*
*akti akïn müŋrəxü*
*kaldï bodun taŋlaxu*
*kəkrər takï maŋraxur*

[بولۇت ئۈگرىشىپ ئۆرلىدى،
ئېقىن شاقىرىشىپ ئاقتى؛
خەلق ھەيران بولۇپ قالدى،
گۈكىرەر، تېخى چاقنىشار.]

يامغۇر تەرىپلىنىپ شۇنداق دېيىلىدۇ: گۈلدۈرلەيدىغان بۇلۇتلار ئۆرلىدى، ئۆتۈشكەندىن شاقىراپ سەللەر ئاقتى؛ بۇنىڭدىن كىشىلەر تاڭ قېلىشتى، بۇلۇتلار گۈلدۈرلەۋاتىدۇ، چاقماق چېقىۋاتىدۇ.

مَنْكْدَشْدِي məŋdəxdi يېپ سېلىشتى. اِكِّي اُراغُتْ مَنْكْدَشْدِي — *ikki uraqut məŋdəxdi* ئىككى خو-

تۈن يىپ سىيلىشتى، يەنى يىپ بىلەن بىر ـ بىرىنىڭ يۈزىدىكى تۈكلەرنى ئېلىشتى (مَنگْدَشُورْ ـ مَنگْدَشماكْ mandaxür ـ mandaxmak).

## بۇ باپتىكى باشقا بىر تۈر

مِنگَشْدِي mingaxdi مىنگەشتى. اُلْ مَنِكْ بِرْلَا مِنگَشْدِي ـ ol manin birla mingaxdi ئۇ مېنىڭ بىلەن مىنگەشتى، ئاتقا مىنگەشتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (مِنگَشُورْ ـ مِنگَشماكْ mingaxür ـ mingaxmak)[1].

كُنكَرْنْدِي künrandi كۈگرىدى، غۇمۇتلىدى. اَرْ اِيشْقا كُنكَرَنْدِي ـ ar ixka künrandi ئادەم ئىشقا ئۇنى ماستىن غۇمۇتلىدى (كُنكَرَنُورْ ـ كُنكَرَنْماكْ künranür ـ künranmak).

كِينكُرْنْدِي kanründi كەگرىپ كەتتى، بېيىدى، باياشاتلاندى. اُلْ كِينكُرْنْدِي ol kanründi ـ ئۇ (بىر مەزگىل

① يازما نۇسخىدا بۇ پېئىلنىڭ بىرىنچى ھەرپى ھەم زەممەلىك، ھەم كەسرىلىك يېزىلغان. «دىۋان»دا بۇ پېئىلنىڭ زەممە بىلەن تەلەپپۇز قىلىنىدىغان تۈرىمۇ ئۇچرايدۇ، بىز بۇ يەردە كەسرىنى ئاساس قىلدۇق.

باپاشاتلاندی (کینگرنور - کینگرنماك kəŋrünür - kəŋrünmək).

تنگلندی təŋləndi تەگلەندی، تویلاندی. آر ایشن تنگلندی ər ixin təŋləndi — ئادەم ئشىنى ئويلاندی (تنگلنور - تنگلنماك təŋlənür - təŋlənmək).

## بۇ باپتىكى مەسالالار

ینکشردی yiŋxürdi تەگشدی، ئارىلاشتۇردى. اول اسیغ سووغ تملغقا ینکشردی ol isig suvuq tumluqka yiŋxürdi — ئۇ ئىسسىق سۇنى (ئىلىسۇن دەپ) سوغۇق (سۇ)قا ئارىلاشتۇردى (ینکشرر - ینکشرماك yiŋxürür - yiŋxürmək).

ینکقردی yaŋkurdi: آر ینکقردی ər yaŋkurdi — ئادەم غايىپتىن بىر ئاۋاز ئاڭلىغاندەك ياكى بىر نەرسە سەزگەندەك تۇيۇقسىز - بۇياققا قارىدى (ینکقرار - ینکقرماق yaŋkurar - yaŋkurmak).

## فَعْلادي fə'ladi شەكلىدە ھەرخىل
## ھەرىكەتلىك سۆزلەر بابى

سُنْكدادي soŋdadi سوگدىدى، كەينىگە چۈشتى، ئىزمۇ-ئىز قوغلىدى. اُلْ يَقِيني سُنْكدادي ol yaqïnï soŋdadi — ئۇ دۈشمەننى ئىزمۇ-ئىز قوغلىدى. ھەر-قانداق نەرسىنى قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن، ئۇنىڭ كەينىگە چۈشىشمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (سُنْكدارْ - سُنْكداماقْ (soŋdar - soŋdamak).

مَنْكدادي məŋdədi يۇلدى، يۈگىدى. اُلْ اَنِكْ سَچِنْ مَنْكدادي ol aniŋ saqïn məŋdədi — ئۇ ئۇنىڭ چېچىنى يۇلدى. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

اذُم بَرِبْ سُنْكدادي
تكر تُرب آنكْدِي
سَجِن قرا مَنْكدَدي
آرزْلِيُو آر اقار

*użu*① *barīp soŋdadi*
*təgrə turup aŋdīdi*
*saqīn kīra məŋdədi*
*arzulayu ər avar*

[كەينىدىن بىرىپ قوغلىدى،
چورىدەپ تۇرۇپ پايلىدى،
چېچىنى قىرىپ يۇلۇشتى،
ئادەملەر چىلبۆرىدەك ئولاشتى.]

بىر بەگنى يەگگەن ئادەم ھەققىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: ئارقىسىدىن پايلاپ باردى، ئۇنى ھىيلە بىلەن قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن ئادەملەر ئەۋەتىپ ئۇنىڭ ئەتراپىنى ئورىۋالدى، ئۇنىڭ چاچلىرىنى يۇلدى. شائىر بۇ يەردە ئادەملەرنىڭ يىغىلغانلىقىنى چىلبۆرىلەرنىڭ توپلانغانلىقىغا ئوخشىتىدۇ. چۈنكى چىلبۆرىلەر يالغۇز ئادەمنى ئۇچرىتىپ قالسا، ئۇنى چۇرىدىۋېلىپ يەيدۇ (مَنْكدار- مَنْكدامَاك *məŋdər - məŋdəmək*).

جِنْكْرَدِي qiŋradi جىرىڭلىدى، اُڭ قُنْكْراغُو جِنْكْرَدِي

---

① بۇ سۆز يازما نۇسخىدا «اُذْم» شەكلىدە يېزىلغان. بىز بۇ سۆزنى ئەرەبچىسىگە ئاساسەن، «ئارقا، كەينى» مەنىسىدىكى «اُذُو *użu*» دەپ ئالدۇق.

ول قوڭغۇراق جىرىڭلىدى — ol koŋraqu qiŋradi①.
بۇگەن جىرىڭلىسىمۇ شۇلداق دىيىلىدۇ (جىڭىراز-
جىڭىراماق (qiŋrar-qiŋramak). شۇنىڭغا ئوخشايدىغان
ھەرقانداق ئاۋازغىمۇ مۇشۇ سوز ئىشلىتىلىدۇ.

سُنْڭْرادى soŋradi كەينىگە تارتتى، ئارقىغا سورىدى.

آر ايشقا سُنْڭْرادى ar ixka soŋradi — ئادەم ئىشنى
كەينىگە تارتتى، يەنى ئىش قىلىشقا ئۇنىماي، سوز
ياندۇردى (سُنْڭْراز - سُنْڭْراماق soŋrar-soŋramak).

قُنْڭْرادى koŋradi غورۇڭلىدى، يوغىنىدى؛ قوڭۇرلاشتى.

اُغْلان اُونى قُنْڭْرادى oqlan üni koŋradi — بالىنىڭ
ئۈنى غورۇڭلىدى. بۇ، بالا بالاغەتكە يەتكەندە يۈز
بېرىدۇ. قوي قُنْڭْرادى koy koŋradi — قوي قوڭۇر-
لاشتى، قوڭۇر رەڭگە كىردى (قُنْڭْراز - قُنْڭْراماق koŋrar-
koŋramak).

---

① بۇ جۈملىنىڭ ئەرەبچىسى «صوّتَ الجُلاجل — قوڭغۇراق
جىرىڭلىدى» دەپ بېرىلگىنىگە قارىغاندا، بۇ يەردە
«ال ol» سوزى ئوشۇقچە يېزىلىپ قالغان.

مَنْگْرادي maŋradï ۋاقىرىدى. آرْ مَنْگْرادي ər maŋradï —
ئادەم ۋاقىرىدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (مَنْگْرارْ- مَنْگْراماقْ
(maŋrar - maŋramak).

مُنْگْرادي mənrədi موگرىدى~مورىدى. اُوزْ مُنْگْرادي
ئۆزي — uz mənrədi مورىدى (مُنْگْرارْ. مُنْگْراماكْ
(mənrər - mənrəmak).

مَنْگْزادي məŋzədi ئوخشىدى. بيرْ نانك بيرْكا مَنْگْزادي
بىر — bir nəŋ birgə məŋzədi بىر نەرسە بىر (نەرسە
گە ئوخشىدى (مَنْگْزارْ - مَنْگْزاماكْ (məŋzər-məŋzəmək).

تَنْگْلادي taŋladï تاڭ قالدى، ھەيران قالدى.
آرْ اِيشِغْ تَنْگْلادي ər ïxïq taŋladï — ئادەم بىر
ئىشتىن تاڭ قالدى (تَنْگْلارْ- تَنْگْلاماقْ - taŋlar
(taŋlamak).

تَنْگْلادي təŋlədi تەڭلىدى، تەڭ قىلدى. بيرْ نانك بيرْكا
تَنْگْلادي bir nəŋ birgə təŋlədi — بىر نەرسىنى
بىر (نەرسە)گە تەڭ قىلدى (تَنْگْلارْ- تَنْگْلاماكْ - təŋlər
(təŋləmək).

تِنكْلادي tiŋladi تىڭلىدى ~ تىڭشىدى، ئاڭلىدى. اَرْ سُوزْ تِنكْلادي ər søz tiŋladi — ئادەم سوز تىڭشىدى (تِنكْلاز - تِنكْلاماق tiŋlar - tiŋlamak).

سَنكْلادي saŋladi ماياقلىدى، چېچىتى. قُشْ سَنكْلادي kux saŋladi — قۇش ماياقلىدى (سَنكْلاز - سَنكْلاماق saŋlar - saŋlamak).

## بۇ باپتىكى مىساللار

يَنكْرادي yaŋradi ياڭرىدى، ئاۋاز چىقاردى؛ ئېيتىپ سالدى. اُلْ بِيرْ سُوزْ يَنكْرادي ol bir søz yaŋradi — ئۇ (يوشۇرۇشقا تېگىشلىك) بىر سوزنى ئېيتىپ سالدى (يَنكْراز - يَنكْراماق yaŋrar - yaŋramak).

يُنكْلادي yuŋladi قىرقىدى، يۇڭ قىرقىدى. اُلْ قُويُنْ يُنكْلادي ol koyun yuŋladi — ئۇ قوينى قىرقىدى (يُنكْلاز - يُنكْلاماق yuŋlar - yuŋlamak).

## فَعيلادي fəiladi شەكلدە ھەرخىل ھەرىكىلىك سوزلەر بابى

تِنكيلادي tiŋiladi تىرىڭلىدى. ئانىڭ تِنكيلادي **nəŋ** — *tiŋiladi* نەرسە تىرىڭلىدى، يەنى ھاۋانچىغا ئوخشاش ئېغىر نەرسە يەرگە چۈشۈپ، تىرىڭلىغان ئاۋاز چىقاردى (تِنكيلار - تِنكيلاماكْ *tiŋilar - tiŋilamak*[1]).

جَنكيلادي qaŋiladi چاڭىلدىدى، غىڭشىدى. اِتْ جَنكيلادي *it qaŋiladi* — ئىت غىڭشىدى، يەنى ئىت تاياق يېگەندە غىڭشىدى. بۇ ھاۋشۇشتىن تۇۋەنرەك بىر ئاۋازدۇر. بىر ئادەم يامان سوز قىلىپ كوتۈلداۋەرسىمۇ «تَلِمْ جَنكيلادناك *təlim qaŋiladiŋ* — تولىمۇ چاڭىلدىدىڭ» دېيىلىدۇ (جَنكيلار - جَنكيلاماق *qaŋilar — qaŋilamak*).

سُنكولادي sünülədi تەيزىلىدى، تېزە سانچىدى.

---

[1] يازما نۇسخىدا بۇ پېيىلنىڭ مەستىرى ئاۋال «ك - *k*» بىلەن يېزىلىپ، كېيىن «ق - *k*»غا ئۆزگەرتىلگەن. بىز بۇ پېيىلنىڭ مەستىرىنى ئۆزگەرتىلگىنى بويىچە «ق - *k*» بىلەن ئالدۇق.

اُلْ آنِي سُنْكُولادِي — *ol ani süŋüladi* — ئُو ئُوني لەيزىلىدى، ئۇنىڭغا لەيزە سانچىدى (سُنْكُولارْ ـ سُنْكُولاماكْ *süŋülər ـ süŋüləmək*).

**سِنكيلادي** siŋiladi غىڭشىدى؛ غوڭغۇلدىدى؛ سوۋىدى. اِتْ سِنكيلادي — *it siŋiladi* — ئىت غىڭشىدى، ئىت سوغۇقتا غىڭشىدى. سُوڤْ سِنكيلادي — *suv siŋiladi* — سۇ مۇز قاتقۇدەك دەرىجىدە سوۋىدى. قُلاقِمْ سِنكيلادي — *kulakim siŋiladi* — قۇلىقىم غوڭغۇلدىدى (سِنكيلارْ ـ سِنكيلاماقْ *siŋilar ـ siŋilamak*).

**تُنكالادي** toŋaladi باتۇرلۇق قىلدى. آرْ تُنكالادي — *ər toŋaladi* — ئادەم باتۇرلۇق قىلدى، يەنى ئادەم باتۇرلار ۋە پالۋانلارنىڭ ئىشىنى قىلدى (تُنكالَرْ ـ تُنكالاماقْ *toŋalar ـ toŋalamak*).

**مَنكيلادي** məŋilədi مېڭە يىدى. آرْ مَنكيلادي — *ər məŋilədi* — ئادەم مېڭە يىدى. بۇنىڭ تېگى مۇنداق: بۇ سوز ئەرەبلەرنىڭ «طُوبىٰ لَكَ» دىگەن سوزىگە ئوخشايدۇ. مېڭە ئۇچۇنلا قوي سويۇش مېڭىنىڭ قويىنىڭ

ئەڭ قەدىرلىك يېرى بولغانلىقىدىندۇر. بىر كىمنىڭ ھۆرمىتىگە قوي سويۇپ، مېڭىسىنى تەقدىم قىلىش ئەڭ چوڭ ھۆرمەت ھېساپلىنىدۇ. كېيىن بۇ سۆز ياخشى غىزا - تاماقلارغا ئېرىشكەن ئادەملەرگىمۇ قوللىنىلىدىغان ئىسىم بولۇپ كەلگەن. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

انِي يتِبْ سُنكُولادِي
بَشِنْ يَنْدُرُو يَنكيلادي
آرَنْ بايُبْ مُنكيلادي
آنِكْ آلْبِنْ قِرا بُغْدِي①

*anï yətip süŋülədi*
*baxïn yandru yaŋïladi*
*ərən bayup məŋilədi*
*anïŋ alpïn kïra boqdï*

① بۇ شېئىردا بىر قانچىلىغان ئېنىقسىزلىق بار. بۇلار تۆۋەندىكىچە بىر تەرەپ قىلىندى. بىرىنچىسى: ئىككىنچى مىسرادىكى «يَنْدُرُو» شېئىرنىڭ ۋەزن ئېتىۋارى بىلەن «*yandru*» دەپ ئېلىندى؛ ئىككىنچى: ئۈچىنچى مىسرادىكى «بايُب» سۆزى ئەرەپچىسىگە قاراپ بېسىم ئاتالاينىڭ ئىزاھى بويىچە «*bayup* — باي بولۇپ» دەپ ئېلىندى؛ ئۈچىنچى: يەنە شۇ ئۈچىنچى مىسرادىكى «مُنكيلادي» سۆزى «*məŋilədi*»

[ئۇنىڭغا يېتىپ نەيزىلىدى،
يارىسىنى يەنە ئېڭىلىدى؛
باتۇرلار بېرىپ مېڭە يىدى،
ئۇنىڭ باتۇرلىرىنى قىرىپ بوغدى.]

قوشۇقنى يەڭگەن بىر ئادەم تەرىپلىنىپ شۇنداق دېيىلىدۇ: ئۇ ئۇنىڭغا يېتىشىۋېلىپ نەيزە سانچىدى، ئۇنىڭ يارىسىنى يېڭىلىدى؛ بۇلاپ ـ تالاپ كەلگەن ماللىرىدىن ئادەملىرىنى بەھرىمەن قىلدى، دۈشمەن باتۇرلىرىنى قىرىپ، بوغدى.

## بۇ باپتىكى مىسال

يَنْكِيلادِى yaŋiladi يېڭىلىدى. اُلْ تُونِنْ يَنْكِيلادِى *ol tonïn yaŋiladï* — ئۇ تونىنى يېڭىلىدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (يَنْكِيلارْ ـ يَنْكِيلاماقْ *yaŋilar – yaŋilamak*).

— «مَنْكِيلادِى *maŋiladi*» دەپ ئېلىنىدى، چۈنكى بۇ شېئىر «مېڭە يىدى» دېگەن سۆزگە مىسال قىلىپ ئېلىنغان؛ تۆتىنچى مىسرادىكى «قِرا» سۆزى ئەرەبچىگە ئاساسەن «قىرىش» مەنىسىدە «*kïra*» دەپ ئېلىندى.

## بۇ باپتىكى باشقا بىر تۇر

**يَشانكُرْدِي** yaxaŋurdi ياشانغۇردى. آنِكْ كُوزِي يَشانكُرْدِي — ئۇنىڭ كۆزى (كۈن نۇرىدىن) *aniŋ kɵzi yaxaŋurdi* ياشانغۇردى (يَشانكُرْ ـ يَشانكُرْماق *yaxaŋurur*① ـ *yaxaŋurmak*).

## بۇ باپتىكى بەش ھەرپلىكلەر

**تُنكُرْلَنْدِي** tüŋürləndi: اُلْ مَنكا تُنكُرْلَنْدِي *ol maŋa tüŋürləndi* — ئۇ ئۇزىنى ماڭا قۇدا ھېساپلىدى (تُنكُرْلَنُرْ ـ تُنكُرْلَنْماكْ *tüŋürlənür* ـ *tüŋürlənmək*).

**سِنكِرْلَنْدِي** siŋirləndi سىڭىرلەندى، سىڭىر كۆپەيدى. آتْ سِنكِرْلَنْدِي *ət siŋirləndi* — گۆش (ئەت)تە سىڭىر كۆپەيدى. يا سِنكِرْلَنْدِي *ya siŋirləndi* — ياغا سىڭىر

---

① بۇ پېئىلنىڭ كەلگۈسى زامان شەكلى «يَشانكُرْ» شەكلىدە بېرىلگەن. بىز ترانسكرىپسىيەدە توغرىلاپ «*yaxaŋurur*» دەپ ئالدۇق.

يوگەلدى. باشقىلاردىمۇ شۇلداق (سِنكِرْلَنُورْ- سِنكِرْلَنْماكْ (siŋirlənür - siŋirlənmək.

مَنكِزْلَنْدى mənizləndi مەگزى گۈزەللەشتى، چىرايلىقلاشتى. كِشى مَنكِزْلَنْدى — kixi məŋizləndi ئادەم چىرايلىقلاشتى، يەنى ئادەمنىڭ مەگزى گۈزەللەشتى (مَنكِزْلَنُورْ- مَنكِزْلَنْماكْ (məŋizlənür - məŋizlənmək.

مُنكُزْلَنْدى müŋüzləndi مۈگگۈز چىقاردى. قُزى مُنكُزْلَنْدى — قوزا مۈگگۈز چىقاردى. kozi müŋüzləndi باشقىلاردىمۇ شۇنداق (مُنكُزْلَنُورْ- مُنكُزْلَنْماكْ müŋüzlənür - (müŋüzlənmək.

سُنكُوكْلَنْدى səŋükləndi: اُغْلانْ سُنكُوكْلَنْدى — ooqlan səŋükləndi بالىنىڭ سۆگەكلىرى چوڭايدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (سُنككْلَنُورْ- سُنككْلَنْماكْ səŋüklənür - (səŋüklənmək.

كُنكُلْنْدى kəŋülləndi كوڭۈللەندى. اَرْ اِيشْقا كُنكُلْنْدى — ئادەم ئىشقا كوڭۈللەشتى، ər ixka kəŋülləndi يەنى ئىشلەشكە بەل باغلىدى. بالا ئەقىلگە كىرسە ۋە زىرەكلىشىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (كُنكُلْنُورْ- كُنكُلْنْماكْ (kəŋüllənür - kəŋüllənmək.

سِنکِلَّنْدِي siŋilləndi سڭىل قىلدى. اُلْ قِيزِغْ سِنکِلَّنْدِي (ئۇ (بىر) قىزنى ol kiziq siŋilləndi — (دىدەكنى سىڭىل قىلدى (سِنکِلَّنُورْ ـ سِنکِلَّنْماكْ — siŋillənür (siŋillənmək.

بۇ باپتىكى تۇت ھەرپلىكلەر

تُنکُرْلادِي tüŋürlədi: اُلْ مَنِي تُنکُرْلادِي — ol məni tüŋürlədi ئۇ مېنى ئوزىنىڭ قۇدىسى ھېساپلىدى، قۇدىسى قاتارىدا كوردى (تُنکُرْلارْ ـ تُنکُرْلاماكْ tüŋürlər - (tüŋürləmək.

سِنکَرْلادِي siŋarladi يالغۇز كوردى، بوزەك تاپتى. اُلْ آنِي سِنکَرْلادِي — ol ani siŋarladi ئۇ ئۇنى يالغۇز، يار ـ يولەكسىز ۋە ئاجىز كورۇپ، ئۇلىگىدىن ئوچ ئالدى (سِنکَرْلارْ ـ سِنکَرْلاماقْ siŋarlar - siŋarlamak).

سِنکِرْلادِي siŋirlədi سىڭىرلىدى. اُلْ يَاسِنْ سِنکِرْلادِي — ol yasïn siŋirlədi ئۇ يانى سىڭىرلىدى، يەنى ياغا سىڭىر يوگىدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (سِنکِرْلارْ ـ سِنکِرْلاماكْ siŋirlər - siŋirləmək).

گَنِكِرْسِيدِي kəŋirsidi قاڭسىدى. آشِغْ گَنِكِرْسِپدِي əxəq ـ kəŋirsidi قازاننىڭ تېگىدىكى ئىرىسە قاڭسىدى، يەنى كۆيگەن پۇراق چىقتى (گَنِكِرْسِيرْ ـ گَنِكِرْسِيمَاكْ kəŋirsir ـ kəŋirsimək).

بَلِنْكْلادِي bəliŋlədi چوچىدى، ئۈركىدى. اَرْ بَلِنْكْلادِي ər bəliŋlədi ـ ئادەم بىرەر قورقۇنچ سەۋەبىدىن ئۇيقۇسىدىن چاچراپ تۇردى. ھەرقانداق بىر ھايۋان ئۇيۇقسىز بىر ئىرىسىدىن ئۈركۈپ، سەكرەپ كەتسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (بَلِنْكْلارْ ـ بَلِنْكْلامَاكْ bəliŋlər ـ bəliŋləmək).

تُلُنْكْلادِي tuluŋladi: اُلْ قُلِنْ تُلُنْكْلادِي ol kulïn ـ tuluŋladi ئۇ قولىنىڭ قولاق تۇۋىگە مۇشتلىدى (تُلُنْكْلارْ ـ تُلُنْكْلامَاقْ tuluŋlar ـ tuluŋlamak).

## بۇ باپتىكى بەش ھەرپلىكلەر

سَرِنْكُولادِي sərŋülədi سىرىلدى، تېيىلدى. اَرْ سَرِنْكُولادِي ər sərŋülədi ـ ئادەم تېيىلدى، يەنى ئادەم مۇز ئۈستىدە تېيىلىپ كەتتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (سَرِنْكُولارْ ـ سَرِنْكُولامَاكْ sərŋülər ـ sərŋüləmək①).

سَلِنْكُولادي salŋuladi ساڭگىلىدى؛ سالغا ئاتتى.

اُزُمْ سَلِنْكُولادي üzüm salŋuladi — ئۈزۈم ساڭگىلىدى، يەنى ئۈزۈم ساپلىرى بىردىنتە ساڭگىلىدى. ھەرقانداق بىر نەرسە يۇقۇرىدىن پەسكە ساڭگىلاپ تۇرسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ. آرْ اِتِغْ سَلِنْكُولادي ər itiq salŋuladi — ئادەم ئىتقا سالغا ئاتتى (سَلِنْكُولارْ- سَلِنْكُولاماقْ salŋular - salŋulamak).

قَلِنْكُولادي kalŋuladi سۇ دەسسىدى. آرْ سُفْدا قَلِنْكُولادي ər suvda kalŋuladi — ئادەم سۇدا سۇ دەسسىدى، يەنى ئادەمنىڭ پۇتلىرىنى ھەركەتلەندۈرۈپ، مۈرىلىرىنى مىدىرلىتىپ سۇ ئىچىدە ئۆرە تۇرۇشىدۇر (قَلِنْكُولارْ- قَلِنْكُولاماقْ kalŋular - kalŋulamak).

## بۇ باپتىكى مىساللار

يَنْكْقُولادي yaŋkuladi ئاۋاز قايتۇردى، ئەكس سادا چىقاردى.

تاغْ يَنْكْقُولادي taq yaŋkuladi — تاغ ئەكس سادا

① يازما نۇسخىدا بۇ يەردە ئاۋال «ق-k» بىلەن يېزىلىپ، كېيىن «ك-k» گە ئۆزگەرتىلگەن. بىز «ك-k» نى ئىناۋەتلىك ھېسابلىدۇق.

چىقاردى. بۇ، سەن چىقارغان ئاۋازنىڭ ئۆزەڭگە ئەينەن قايتىپ ئاڭلىنىشىدۇر. ئەر قۇلاقى يەڭقۇلادى — *ər kulaki yaŋkuladi* ئادەم قۇلىقى بىرەر ئاۋازنى ئاڭلىغاندەك ياكى بىرەر نەرسىنى سەزگەندەك ئۇياق - بۇياققا قارىدى (يەڭقۇلار - يەڭقۇلاماق *yaŋkular - yaŋkulamak*).

يەلىنكۇلادى yalŋuladi يىلانگۈچ ئۇچتى، گۈلەڭگۈچ ئۇچتى.

قىز يەلىنكۇلادى — *kiz yalŋuladi* — قىز يىلانگۈچ ئۇچتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق. بۇ يۇقۇرىدا بايان قىلىندى (يەلىنكۇلار - يەلىنكۇلاماق *yalŋular - yalŋulamak*)①.

يىنجكالادى yinqkələdi ئىنچىكە ھېساپلىدى. ئۇل نانىنى يىنجكالادى — *ol nəŋni yinqkələdi* — ئۇ نەرسىنى ئىنچىكە ھېساپلىدى. نەرسىنى ئىنچىكە قىلىشقىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (يىنجكالار - يىنجكالاماك *yinqkələr - yinqkələmək*).

---

① يازما نۇسخا 610 - بەتتىكى «يەلنكۇ» سۆزى بىلەن 621 -، 622 - بەتلەردىكى مۇشۇ ۋەزندىكى سۆزلەردىن ياسالغان «يەلنكۇلادى»، «قەلنكۇلادى»، «سەلنكۇلادى»، پېئىللىرى ۋە «سەرنكۇلادى» پېئىلى بۇ جايلاردىكى ۋەزنىگە ئۇيغۇن ئەمەس. يازما نۇسخا 609 - بەتتە «سەلنكۇ» سۆزى ئىككى بوغۇم قىلىپ يېزىلغان، 610 - بەتتە «قەلنكۇ» سۆزى ۋە بولىنىڭدىن

## تۈت ھەرپلىكلەردىن مۇزائەفلەر

**تَرِنكُكْلَنْدى** tərinüklǝndi تېرەڭلىدى، تۈلغايدى. سۇق تَرِنكُكْلَنْدى — سۇ تېرەڭلىدى، *suv tərinüklǝndi* تۈلغايدى (تَرِنكُكْلَنورْ- تَرِنكُكْلَنْماكْ — *tərinüklǝnür* - *tərinüklǝnmǝk*).

**كُنْكَلَكْلَنْدى** kənlǝklǝndi كوينەكلىك بولدى. آرْ كُنْكَلَكْلَنْدى — *ər kənlǝklǝndi* ئادەم كوينەكلىك بولدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (كُنْكَلَكْلَنورْ - كُنْكَلَكْلَنْماكْ — *kənlǝklǝnür* - *kənlǝklǝnmǝk*).

خۇداغا شۈكرى، غۇنچىلىكلەر بولۇمى تۈگىدى.

---

ياسالغان. «تَنْكُولادى» پېئىلىدىكى «ل - l» ھەرپى ئاۋال كەسرىلىك يېزىلىپ، كېيىن كەسرە سىزۋېتىلگەن. بۇ ھال بۇ سوزلەرنىڭ ئىككىنچى ھەرپى — «ل - l، ر - r» لار ئۆزىدىن كېيىنكى «نك - ŋ» بىلەن قوشۇلغاندا، تەلەپپۇزدا بىر ئوتكۇنچى سوزۇق تاۋۇش «ı»نىڭ پەيدا بولىدىغانلىقىنى ۋە بۇنى يېزىقتا ئىپادىلەشتە ئىككىلىنىش بولغانلىقىنى كورسىتىپ بېرەك. بىز ۋەزن تەلىۋى بويىچە بۇ سوزلەرنىڭ ئىككىنچى ھەرپىنى ترانسكرىپسىيىدە ھەممىلا جايدا ساكىنلىق ئالدۇق.

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمْ

ئايغۇچى، كويۇنگۈچى تەگرىنىڭ ئېتى بىلەن باشلايمەن

# ئىككى ساكىن بىر يەردە كەلگەن سوزلەر بولۇمى

## ئىسىملار بابى

الدرك əldrük ئادراسمان ئۇرۇغى.

اُرتمان ərtmən ئوكۇزە.

اُرتكُون ərtkün چەش.

آرْسْلانْ arslan ئارسلان، شىر. خاقانلارغا ئىسىم بولۇپمۇ كېلىدۇ. ماقالىدا مۇنداق كەلگەن: آلِينْ آرْسلانْ تُتارْ كُوجِنْ سِجغانْ تُتْماسْ — *alïn arslan tutar küqin*

*sïqoqan tutmas* ھىلە بىلەن ئارسلان تۇتۇلار، كۆچ بىلەن چاشقانمۇ تۇتۇلماس. بۇ ماقال ئىشلاردا زوراۋان-لىق يولىنى تۇتماستىن، ياخشى چارە-تەدبىر كۆرۈشى لازىم بولغان كىشىلەرگە قارىتىپ ئېيتىلىدۇ.

أُلْدُرُمْ ɵldrüm① ئۆلدۈم، ئۆلەرمەن، پالەچ.

## بۇ باپتىكى باشقا بىر تۈر

تُرْكْمَانْ türkmən تۈركمەن. بۇلار ئوغۇزلاردۇر. بۇلارنىڭ تۈركمەن دەپ ئاتىلىشىدا مۇنداق بىر ھىكايە بار:

زۇلقەرنەيىن سەمەرقەنتتىن ئۆتۈپ، تۈرك شەھەر-لىرىگە يول ئالغان چاغلاردا، تۈركلەرنىڭ «شو *xu*» ئىسىملىك بىر ياش خاقانى بار ئىدى. ئۇ چوڭ قوشۇن ئىگىسى ئىدى. بالاساغۇن يېنىدىكى «شو *xu*» قەلئەسىنى شۇ ئۆزى ئالغان ۋە بىنا قىلدۇرغان. بۇ قەلئە ئالدىدا ھەر كۈنى بەگلەر شەرىپىگە ئۈچ يۈز ئاتمىش قېتىم دۇمباق چېلىناتتى. ئادەملىرى ئۇنىڭغا: «زۇلقەرنەيىن يېقىن كېلىپ قاپتۇ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشىمىزمۇ؟ نىمە بۇيرۇقلىرى بار ئىكەن؟» دەيدۇ. ئەسلىدە خاقان «شو *xu*»

① بۇ ئىككى ساكىن قاتار كەلگەن سۆزلەر بابى. شۇڭا بىز بۇ سۆزدىكى «د» ھەرپىنى زەممىلىك ئوقۇماي ساكىنلىق ئوقۇپ، ترانسكرىپسىيىدە تۈزەتتۇق.

خوجەند دەرياسى بويىغا قاراۋۇل قويۇش ۋە زۇلقەرنەيىن-
نىڭ دەريادىن ئوتكەنلىكىدىن خەۋەر بېرىش ئۈچۈن،
بۇ دەريا قىرغىقىغا تارخانلاردىن تەركىب تاپقان قىرىق
كىشىلىك چارلىغۇچى ئەۋەتكەن ئىكەن. چارلىغۇچىلار
مەخپىي ھالدا كەتكەچكە، ئۇلارنىڭ كەتكەنلىكىنى خان
ئەسكەرلىرىدىن ھېچكىممۇ بىلمەيدىكەن. خاقاننىڭ كوڭلى
بۇنىڭدىن خاتىرجەم ئىكەن. خاقاننىڭ كۈمۈشتىن ياسالغان
بىر كولچىكى بولۇپ، سەپەرگە چىققاندا ئوزى بىلەن
بىللە ئېلىپ يۈرىدىكەن، ئۇنىڭغا سۇ تولدۇرۇلغاندىن
كېيىن، غاز، ئودەكلەر چۈشۈپ شۇڭغۇپ ئوينايدىكەن.
خاقان زۇلقەرنەيىن بىلەن ئۇرۇشمىزمۇ دىگەنلەرگە ئوزىنىڭ
مۇشۇ كۈمۈش كولچىكىنى كورسىتىپ: «غاز، ئودەكلەرگە
قاراڭلار، ئۇلار سۇغا قانداق شۇڭغۇيدىكەن؟» دەپ
جاۋاب بېرىپتۇ. خاقاننىڭ بەرگەن جاۋابى ئادەملىرىنى
ئويغا سېلىپ قويۇپتۇ. ئۇلاردا «خاقان زۇلقەرنەيىن بىلەن
ئۇرۇشماقچىمۇ ئەمەس، چېكىنمەكچىمۇ ئەمەس» دىگەن
گۇمان پەيدا بولۇپتۇ. زۇلقەرنەيىن دەريادىن ئوتۇپتۇ.
چارلىغۇچىلار ئۇنىڭ ئوتكەنلىكىنى خاقانغا كېچىسى
كېلىپ مەلۇم قىلىپتۇ. خاقان شۇ كېچىسىلا دۇمباق چال-
دۇرۇپ، شەرققە قاراپ يول ئاپتۇ. خاقاننىڭ تەييارلىقسىزلا
يولغا چىققانلىقىدىن، خەلق ئارىسىدا ئەنسىزلىك، تەش-
ۋىش پەيدا بولۇپتۇ. ئۇلاق تاپالمىغانلار ئالدىراش-
تېنەش ئۇدۇل كەلگەن ئۇلاقلارغا مىنىشىپ خاقاننىڭ
كەينىدىن مېڭىپتۇ، ئالدىراشچىلىقتا ئۇ بۇنىڭ، بۇ ئۇنىڭ
ئۇلىغىنى ئېلىۋاپتۇ. تاڭ ئاتقاندا قارارگاھ تۈپ-تۈز

بىر سايغا ئايلىنىپتۇ. ئۇ چاغلاردا ئىراز، ئىسىجاپ، يالاساغۇن ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش شەھەرلەر بىنا قىلىنمىغان ئىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى كېيىن بىنا قىلىنغان. ئۇ يەرلەردە چېدىرلاردا ياشايدىغان كوچمەنلەر ھايات كەچۈرەتتى. خاقان ۋە ئۇنىڭ قوشۇنى كېچىلەپ كېتىپ قالغاندا، يىگىرمە ئىككى كىشى ئۇلار بىلەن بىللە كېتىشكە ئۇلاق تاپالمىغانلىقتىن، بالا - چاقىلىرى بىلەن شۇ يەردە قېلىپ قاپتۇ. مەن ئۇلارنىڭ ناملىرىنى كىتابنىڭ بېشىدا كورسىتىپ ئوتكەن ئىدىم، ماللىرىغا باسىدىغان تامغىلىرىنىمۇ شۇ يەردە بايان قىلىپ ئوتكەن ئىدىم. مەسىلەن: «قنق kinik — قىنىق»، «سلغر salqur — سالغۇر» ۋە باشقىلار. بۇ يىگىرمە ئىككى ئائىلە ئۇلارنىڭ كەينىدىن پىيادە يېرىش ياكى مۇشۇ يەردە تۇرۇۋېرىش ھەققىدە مەسلىھەتلىشىۋاتقاندا، ئۇلارنىڭ يېنىغا ئىككى كىشى كەپتۇ، ئۇلارنىڭ بالا - چاقىلىرىمۇ بىللە ئىكەن. ئۇلار يۈك - تاقلىرىنى دۈمبىلىرىگە ئارتىپ، قوشۇننىڭ كەينىدىن كېتىۋاتقان، ھېرىپ - ئاچقان، ئېغىر يۈكنىڭ دەستىدىن تەرگە چومگەن ئىكەن. بۇ ئىككى ئائىلە قېلىپ قالغان ھېلىقى يىگىرمە ئىككى ئائىلىگە يولۇقۇپ، ئۇلار بىلەن پاراڭلىشىپتۇ. يىگىرمە ئىككى ئائىلە ئۇلارغا: «ئەي ئادەملەر، ھېلىقى ئادەم (زۇلقەرنەين) بىر يولۇچى، ئۇ بىر يەردە تۇرمايدۇ، بىزنىڭ يەرلەردە قېپقالمايدۇ، ئوتۇپ كېتىدۇ، بىز بەربىر ئوز يېرىمىزدە ئوزىمىز قالىمىز» دەپتۇ.

ئۇلار ئىككى ئاتىلىپ تۈركچە: «قال آج *kal: aq* — مۇشۇ يەردە تۇرۇپ قېلىڭلار» دەپتۇ. كېيىن ئۇلار «خَلَج — *halaq* خالاچ» دەپ ئاتىلىپ قالغان. خالاچلارنىڭ ئەسلى شۇ. ئۇلار ئىككى قەبىلىدۇر.

زۇلقەرنەيىن كەلگەندىن كېيىن، بۇ ئادەملەرنىڭ ئۇزۇن چاچلىرىنى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش تۈركلەرگە خاس بەلگىلىرىنى كۆرۈپ، ئۇلاردىن كىم سورىمايلا بۇلار «تُرْكْمانْ آنْدْ — *türk manənd*①» تۈرككە ئوخشايدۇ» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ سۆز ئۇلارغا بۈگۈنگە قەدەر نام بولۇپ قالغان.

تۈركمەنلەر ئەسلىدە يىگىرمە توت قەبىلىدۇر. لېكىن ئىككى قەبىلىدىن ئىبارەت بولغان خالاچلار بەزى جەھەتتە ئۇلاردىن ئايرىم تۇرىدۇ. شۇڭا ئۇلار ئوغۇزلار قاتارىغا كىرمەيدۇ. بۇ سۆزنىڭ ئەسلى شۇدۇر.

خاقان «شو *xu*» چىن تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىدۇ. زۇلقەرنەيىن ئۇنىڭ كەينىگە چۈشىدۇ. ئۇيغۇرلارغا يېقىن بىر يەردە خاقان زۇلقەرنەينىگە بىر قىسىم چارلىغۇچى قوشۇن ئەۋەتىدۇ، زۇلقەرنەينمۇ شۇنداق قوشۇن ئەۋەتىدۇ. توقۇنۇش نەتىجىسىدە زۇلقەرنەيىن ئەۋەتكەن قوشۇن مەغلۇپ بولىدۇ.

① بۇ سۆزنىڭ «تُرْكْ مانَنْدْ» بولۇشى كېرەكلىكى توغرىسىدا بېسىم ئاتالاي مۇۋاپىق پىكىر بەرگەن. بىز بۇ پىكىرنى توغرا تېپىپ، ترانسكرىپسىيەدە «*türk manand*» دەپ ئالدۇق.

بۇ توقۇنۇش «اَلْتُونْ قانْ» altun kan — «ئالتۇن قان»
دېگەن يەردە بولغان ئىكەن. بۇ تاغ ھازىرقى كۈندە
«اَلْتُونْ خانْ» altunhan — «ئالتۇنخان» دەپ ئاتىلىدۇ.
زۇلقەرنەيىن ئەنە شۇ يەردە خاقان بىلەن سۈلھ تۈزىدۇ.
ئاندىن ئۇيغۇر شەھەرلىرىنى بىنا قىلىدۇ ۋە بىر مەزگىل
شۇ يەردە تۇرۇپ قالىدۇ. زۇلقەرنەيىن چېكىنىپ كەتكەن-
دىن كېيىن، خاقان «شۇ xu» قايتىپ كېلىدۇ ۋە بالا-
ساغۇنغا قەدەر ئىلگىرىلەيدۇ، ئاندىن ئوز نامى بىلەن
ئاتالغان «شۇ xu» شەھىرىنى سالدۇرۇپ، ئۇ يەرگە
بىر تىلسىم قۇردۇرىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە لەيلەكلەر ئۇ
تىلسىملىق شەھەرنىڭ ئەتراپىغا كېلىپ توختاپ قالىدۇ،
ئۆلىگىدىن ئۇچۇپ ئۆتەلمەيدۇ. تىلسىم بۈگۈنگە قەدەر
بۇزۇلماي كېلىۋاتىدۇ.

## بۇ باپتىكى باشقا بىر تۈر

**سَنْدْرُشْ** sandrux تالاش-تارتىش. ماقالدا مۇنداق كەلگەن:

سَبَنْدا سَنْدْرُشْ بُلْسا اُرْتْكُونْدا اِرْتَشْ بُلْماسْ —*sapanda*
*sandrux bolsa ərtkündə irtəx bolmas* — ساپان
ۋاقتىدا تالاش-تارتىش بولسا، خامان ۋاقتىدا جاڭجال
بولماس. بۇ ماقال ئىشنى باشتا پىششىق ئىشلەش لازىم-
لىقىغا ئۈندەپ ئېيتىلىدۇ.

بُرسمُق borsmuk① بورسۇق. سىمىزلىك شۇنىڭغا ئوخشىتى-
لىدۇ. ئوغۇزلار بۇ سوزدىكى «م - *m*»نى چۈشۈرۈپ،
«بُرسُق *borsuk*» دەيدۇ. لېكىن ئۇلار باشقا تۈركلەر
«باشماق» مەنىسىدە ئىشلىتىدىغان «بَشَق *baxak*» سو-
زىنى بىر «م - *m*» ئارتتۇرۇپ «بَشمَق *baxmak*» دەيدۇ.

قلدرق kildruk قىلتىرىق. بۇغدايىنىڭ باشاقلىرىدا بولىدى-
غان قىلتىرىق. باشقىلاردىمۇ شۇنداق.

قُرقُلُق korkluk قورققاق، قورقۇنچاق. قُرقُلُق ار *korkluk* —
*ər* قورقۇنچاق ئادەم.

تُرتكُل tortkül تۆت چاسا، تۆت بۇرجەك. تُرتكُل اَو
*tortkül av* — تۆت چاسا ئۆي. ھەرقانداق تۆت چاسا
نەرسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ.

بَرسغان barsoqan بارسغان. ئافراسىياپنىڭ ئوغلىنىڭ ئېتى.
بارسغان شەھىرىنى شۇ بىنا قىلدۇرغان. بۇ مەھمۇتنىڭ
ئاتىسىنىڭ شەھىرىدۇر.

بەزىلەر ئۇيغۇر خانىنىڭ بارسغان ئىسىملىك بىر

---

① بۇ سوز يازما نۇسخىدا «بُرسمُق» شەكلىدە
يېزىلغان بولسىمۇ، بىز ۋەزن ئېھتىياجى بىلەن «س - s» نى
ساكىنلىق قىلىپ «*borsmuk*» دەپ ئالدۇق.

ئاتباقارى بار ئىدى، بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى ياخشى بولغان-لىقتىن، ئۇ ئاتلارنى شۇ يەردە باقاتتى، كېيىنچە بۇ ئىسىم بۇ يەرگە نام بولۇپ قالغان دېيىشىدۇ.

**بُرسلان** burslan بۇ سۆزنىڭ ئەسلى مەنىسى قاپلان. «ارسلان بُرسلان — *arslan burslan* — ئارسلان-قاپلان» دېيىش شۇنىڭدىن ئېلىنغان.

**بُرسلان** burslan بۇرسلان. ئەرلەرنىڭ ئىسمى. «برسلان *burslan*» سۆزى يالغۇز قوللىنىلماي، «ارسلان *arslan*» سۆزىگە قوشۇلۇپ، جۈپ سۆز قىلىپ قوللىنىلىدۇ. توغرىسىنى ئېيتقاندا بۇ «قاپلان» مەنىسىدىكى سۆزدۇر. ئەگەر دائىم ئارسلان سۆزى بىلەن بىللە قوللىنىلىدىغان بولسا، بۇ سۆز ئەرلەر ئىسمى بولالماس ئىدى. چۈنكى ئەرەپچىدىمۇ شۇنداق، ئۇلاردا «ھەداشى بىن» دېيىلمەي «ھەسەن بىن» دېيىلىدۇ.

**قِرقْلم** kirklum قىرقلۇم، كەمچەن. قِرقام ساغُو — *kirklum saqu* بىر خىل كەمچەن، لىق توشقىنى بىر بىرلىك ھېساپلىنىدۇ.

## بۇ باپتىكى ئالتە ھەرپلىكلەر

**اِكِرْجكُون** ikirqgün ئارىسالدى. اِكِرْجكُون اِيش

*ikirqgün ix* — قىلىش - قىلماسلىق ئارىسىدا ئىككى خىيالدا بولۇنغان ئىش. كُنكُلُم اِكِرْجْكُونْ بُلْدي *konlüm ikirqgün boldi* — كۆڭلۈم قىلىش - قىلماسلىق ئارىسىدا ئارىسالدا بولدى.

كُكُرْجْكُونْ kekürqgün كەپتەر.

## بۇ باپتىكى پېئىللار

آلْقتي alkti ئالدۇرۇپ قويدى، يوقاتتى، يوقىتىپ قويدى.

اُلْ تَوارِنْ آلْقتي *ol tawarīn alkti* — ئۇ مېلىنى يوقاتتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (آلْقار - آلْقماق *alkar* - *alkmak*).

شۇنى بىلگىنكى، ئىككى ساكىن قاتار كەلگەن سۆزلەر ئازدۇر. ئىككى ساكىن تىل ئۇچى ھەرپلىرى دېيىلىدىغان «ن - *n*»، «ل - *l*»، «ر - *r*» لاردىلا بىر پەردە كېلىشى مۇمكىن. بۇ ئىسىم ۋە پېئىللاردا لەزەردە تۇتۇشقا تېگىشلىك بىر قائىدىدۇر. ئىككى ساكىن يۇقۇرىدىكى ھەرپلەردىلا بىر پەردە كېلەلەيدۇ. بۇ ھەرپلەر سۆزنى يېنىكلەشتۈرىدۇ، ئىككى ھەرپنى بىر ھەرپتەك قىلىۋېتىدۇ. شۇڭا شائىرلار ئۇچۇن بۇلارنى بىر ھەرپ ئورنىدا ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

**اۇرکتی** ürkti ئۈركتى ~ ھۈركتى، ئۈركىدى. قوی اۇرکتی — *koy ürkti* قوي ئۈركتى، يەنى قوي كېچىسى ياكى كۈندۈزى بورە ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەردىن ئۈركىدى. بۇدون اۇرکتی — *bodun ürkti* (دۈشمەن كەلگەنلىكتىن) خەلق ئۈركىدى، خەلق ئارىسىدا قورقۇنچ پەيدا بولدى (اۇركار - اۇركاماك *ürkər-ürkmək*).

**اِرکتی** irkti يىغدى، توپلىدى. اَر تَوار اِرکتی — *ər tawar irkti* ئادەم مال يىغدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (اِرکار - اِرکاماك *irkər - irkmək*)[1].

**سۇرقدی** sürqdi سۈرۈندى، پۈتلاشتى. اَت سۇرقدی — *at sürqdi* ئات سۈرۈندى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (سۇرقار- سۇرقماك *sürqər - sürqmək*).

**سَنقدی** sanqdi سانچتى ~ سانچىدى؛ يەگدى. اُل اَنی بِچاکِن سَنقدی — *ol ani piqəkin sanqdi* ئۇ — ئۇنى پىچىقى بىلەن سانچىدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق.

---

① يازما نۇسخىدا بۇ ۋە بۇنىڭ ئالدىدىكى پېئىلنىڭ مەستىرىنىڭ ئۈچىنچى ھەرپى فەتھەلىك يېزىلغان. بىز ۋەزىندىكى باشقا پېئىللارغا قارىغاندا ساكىنلىق يېزىلىشى كېرەك ئىدى. بىز ترانسكرىپسىيىدە تۈزىتىپ ساكىنلىق ئالدۇق.

بَكْ يَغِيسِنْ سَنْجْدِي — bәg yaqisin sanqdi بەگ دۈشمەننى يەڭدى (سَنْجَارْ ـ سَنْجْمَاقْ sanqar-sanqmak).

كُرْسْدِي kürsdi توشتى، تاشتى. يِكِتْ قانكا كُرْسْدِي yigit kanŋa kürsdi — يىگىت قانغا تولدى، سەمرىدى، قۇرامىغا يەتتى. بۇ سوزلۈك ئەسلى ھەرقانداق بىر قاچىغا بىر نەرسە تولدۇرۇلۇپ بىرەر سائەت ئۆتۈشى بىلەن قاچىغا سىغماي تېشىپ كېتىش دېگەن مەنىدىدۇر. مەسىلەن: خېمىر ئېچىتقۇ ياخشى بولسا قاچىغا سېلىنىپ بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، كۆپچۈپ قاچىدىن تېشىپ كېتىدۇ (كُرْسَارْ ـ كُرْسَامَاكْ kürsәr - kürsәmәk). بۇ پېئىل «تەكەببۇر، ھاكاۋۇر ئادەم» دېگەن مەنىدىكى ئىسىمغا «سادِي sadi‖sәdi» قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ ياسالغان.

سَرْقْدِي sarkdi سارقىدى؛ ئۆيۈشتى، كۆيۈشتى. سُوْقْ سَرْقْدِي suv sarkdi — سۇ سارقىدى. ھەرقالداق بىر سۇيۇق ـ لۇق بىر نەرسىدىن تامچىلىسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ. اَذاقِمْ سَرْقْدِي azakim sarkdi — پۇتۇم ئۆيۈشتى، يەنى ئات ـ ئۇلاقىقا مىنىشتىن پۇتۇم كۆيۈشتى (سَرْقَارْ ـ سَرْقْمَاقْ sarkar sarkmak).

قُرْقْدِي korkdi قورقتى. قُلْ تَنْكْرِيدَنْ قُرْقْدِي kul —

tanridən korkdi قۇل (بەندە) تەڭرىدىن قورقتى. باشقا بىرنەرسىدىن قورقىشمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (قُرقار - قُرقماق korkar - korkmak). ماقالدا مۇنداق كەلگەن:

قَرِي اُكُوز بَلْدُوقا قُرقماس — kari øküz balduka korkmas قېرى ئۆكۈز پالتىدىن قورقماس. بۇ ماقال بىر كىشىنى ئادەتلىنىپ قالغان نەرسىسى بىلەن قورقۇتماقچى بولغان كىشىگە قارىتىپ ئېيتىلىدۇ. چۈنكى ئۆكۈزنىڭ پالتىغا ئۆگىنىپ قالغىنىدەك، ئۇمۇ قورقۇتۇلغان نەرسىگە ئۆگىنىپ قالغاندۇر. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

قُرقما اَنكَر اُترُو تُرِب تَكْرا يِرا
قَبسا اَنِنك اَلپقُتين اَنْدَن يَرا

*korkma aŋar utru turïp təgrə yərə*
*kapsa anïŋ alpaqutïn andan yara*

[ئۇنىڭدىن قورقما، قارشىسىدا تىك تۇر،
ئۇنىڭ باتۇرلىرىنى قاپساپ، ئاندىن يېرىپ تاشلا.]

دۈشمەندىن قورقما، ئۇنىڭغا ئۇدۇلمۇ-ئۇدۇل تاقابىل تۇر؛ ئۇنىڭ باتۇرلىرىنى چۇرۇۋەت، قەغەز پۈكلىگەندەك پۈكلەپ تاشلا.

قِرْقْدِي kïrkdi قىرقىدى. اُلْ قُويُنْ قِرْقْدِي — *ol koyun kïrkdi* ئۇ قويىنى قىرقىدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (قِرْقار - قِرْقْماق *kïrkar - kïrkmak*).

سِلْكْدِي silkdi سىلكىدى. اَرْ يِغاجْ سِلْكْدِي — *ər yïqaq silkdi* ئادەم دەرەخ سىلكىدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (سِلْكار - سِلْكْماك *silkər - silkmək*).

## بۇ باپتىكى توت ھەرپلىكلەر

اَنْدْغَرْدِي andoqardï ئانت ئىچكۈزدى، قەسەم قىلدۇردى. اُلْ اَنِي اَنْدْغَرْدِي — *ol ani andoqardï* — ئۇ ئۇنى ئانت ئىچكۈزدى (اَنْدْغُرْرْ - اَنْدْغُرْماق *andoqarur - andoqarmak*).

كُنْدْكَرْدِي kəndgərdi كوندۇردى، توغرىلىدى، تۈزلىدى؛ ئىقرار قىلدۇردى؛ باشلىدى. اُلْ يِغاجْ كُنْدْكَرْدِي — *ol yïqaq kəndgərdi* ئۇ ياغاچنى كوندۇردى، يەنى ياغاچنى تۈز قىلدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق. اُغْرِينِي كُنْدْكَرْدِي — *oqrïnï kəndgərdi* ئوغرىنى ئىقرار قىلدۇردى.

اُلْ آنِي يُولْقا كُنْدْكَرْدِي *ol anī yolka kəndgərdi* —
ئۇ ئۇنى يولغا باشلىدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق
(كُنْدْكُرُرْ - كُنْدْكُرْماكْ *kəndgürür - kəndgürmək*).
كِرْتْكُنْدِي kirtgündi ئىقرار قىلدى، ئىمان كەلتۈردى.

قُلْ تَنْكْرِيكا كِرْتْكُنْدِي *kul təŋrigə kirtgündi* —
بەندە ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ بىرلىكىگە ئىمان كەلتۈردى ۋە
تەڭرىنىڭ ئەلچىلىرىگىمۇ ئىشەندى. شۇنىڭدەك، ئادەم
ئېيتقان سۆزىگە ۋە قىلغان ئىشىغا ئىقرار قىلىشىمۇ مۇشۇ
سۆز قوللىنىلىدۇ (كِرْتْكُنُرْ - كِرْتْكُنْماكْ *kirtgünür* -
*kirtgünmək*).

بۇ باپنىڭ بۇيرۇق شەكلى بەش ھەرپلىكتۇر.
مەسىلەن: «يِغاجْ كُنْدْكُرْ *yïqaq kəndgür* — ياغاچ
كوندۇر، تۈز قىل»، «تَنْكْرِيكا كِرْتْكُنْ *təŋrigə* —
*kirtgün* تەڭرىگە ئىمان كەلتۈر» دېگەنگە ئوخشاش.

ئىككى ساكىن بىر يەردە كېلىدىغان پېئىللاردىن
ئىككىنچى بىر ئىشلىگۈچىگە ئۆتىدىغان ئوتتۇملۇك پېئىل
ياساش ئۈچۈن، سۆز يىلتىزىغا بىر «ت - *t*» قوشۇلىدۇ.
مەسىلەن: «اُلْ نانْكْ بَرْكْلَتّي *ol naŋ bərklətti* —
ئۇ نەرسە ساقلاتتى»، «اُلْ يِغاجْ كُنْدْكُرْتّي *ol* —

ئۇ ياغاچ كولدۇرتتى، تۇز قىلدۇر- yiqaq kəndgürtti دى» دىگەنگە ئوخشاش.

بۇ باپتا ئۇتتۇملۇك پېئىل ياسىغۇچى «تر tur ‖ tür» قوشۇمچىسى بولمايدۇ. مەسىلەن: «برتردي barturdï — باردۇردى ~ بارغۇزدى» سوزىدىكى «تر tur ‖ tür»، ياكى «ال اني تدغردي — ol anï todqurdï ئۇ ئۇنى تويغۇزدى» جۈملىسىدە كەلگەن «تدغردي todqurdï — تويغۇزدى ~ تويدۇردى» پېئىلىدىكى «غر - qur»، ياكى «تنكري الك ترگردي tənri əlüg tirgürdi — تەڭرى ئولۇكنى تىرىلدۇردى» جۈملىسىدە كەلگەن «تركردي tirgürdi — تىرىلدۇردى» پېئىلىدىكى «كر - gür»گە ئوخشاش.

## بۇ باپتىكى مۇزائەفلەر

ترسكاك tərsgək يەڭناسقۇ. كوز قاپاقلىرىنىڭ چېتىگە چىقىدىغان قاپارتقۇ.

ترسكاك tərsgək تەرسەك، بېغىش، قولنىڭ بېغىشى.

مۇزائەف ئىسىملاردا ئوتتۇرىسى ساكىنلىق سوزلەر

بولمايدۇ. پەقەت «مَكّة» *makkah* سۆزى باردۇر. بۇنىڭ-
دا «ك - *k*» ھەرپى تەشدىتلىنىكتۇر. سۆزنىڭ ئاخىرى-
دىكى «ە - *h*» نىڭ ئىسلى «ا - ئېلىپ» تۇر. بۇ چىندىن
كەلتۈرۈلىدىغان بىر خىل سىيا بولۇپ، تۈركى يېزىقلار
شۇنىڭ بىلەن يېزىلىدۇ.
ئوتتۇرىسى ساكىنلىق بولغان سۆزلەر زىيادىلىك
(ياسالما) سۆزلەردىمۇ بولمايدۇ.

## بۇ باپتىكى پېئىللار

**أرْتّي** artti ئارتتى، ئاشتى. آرْتّي نانْك *artti naŋ* — نەرسە ئارتتى. آنِكْ آياكُوسي آرْتّي *anïŋ əyagüsi artti* — ئۇنىڭ قوۋۇرغىسى ئارتتى. بۇ ھاكاۋۇرلۇق، تەكەببۇرلۇق-تىن كىنايىدۇر (آرْتار - آرْتماق *artar - artmak*).

**أُرْتّي** ərtti ياپتى، يوشۇردى. أُل أرْتّي نانكْني *ol ərtti naŋni* — ئۇ نەرسىنى ياپتى (أرْتار - أرْتماك *ərtar - ərtmək*).

**آرْتّي** ərtti ئۆتتى، أُذْلَكْ آرْتّي *əzlək ərtti* — زامان ئۆتتى. آرْ آفِنْدَنْ آرْتّي *ər əvindən ərtti* — ئادەم ئۆيىدىن ئۆتتى، ھەرقانداق كىشى ئۆتۈپ كەتسىمۇ

شۇنداق دېيىلىدۇ (ئارتار ـ ئارتماق artar – artmak).

بَرْتّي bartti زەخىملەندى، زەخىملەندۈردى. اُلْ آنِكْ اَلِكِنْ بَرْتّي — ol aniŋ əlikin bartti — ئۇ ئۇنىڭ قولىنى زەخىملەندۈردى. ھەرقانداق نەرسىنى بىلىنمىگۈدەك دەرىجىدە زىدە قىلىپ قويۇشمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (بَرْتار ـ بَرْتْماك bartar – bartmak).

تُرْتّي türtti سۈرتتى، سۈركىدى. كُونكا ياغْ تُرْتّي — kənga yaq türtti كۆنگە ياغ سۈرتتى. ھەرقانداق نەرسىنى سۈۋۈتىشمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (تُرْتار ـ تُرْتْماكْ türtar – türtmak).

تَرْتّي tartti تارتتى، ئۆلچىدى؛ سوزدى، سالدى، يەشتى. اُلْ يَرْماق تَرْتّي — ol yarmak tartti — ئۇ يارماق تارتتى، ئۆلچىدى. باشقىلارمۇ شۇنداق. اُلْ يِبْ تَرْتّي — ol yip tartti — ئۇ يىپ تارتتى، سوزدى. باشقىلارمۇ شۇنداق. اُلْ تَرْتِنْ تَرْتّي — ol tartin tartti — ئۇ تاماق (ئاش) تارتتى. ھەرقانداق نەرسىنى تارتىشمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (تَرْتار ـ تَرْتْماق tartar – tartmak).

اُلْ اَتُوكِنْ تَرْتّي — ol atükin tartti — ئۇ ئۆتۈكىنى

تارتتى، سالدى. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: سُوْ كُرْماكِنْجا
اَتُكْ تَرْتما *suv kərməginqə ətük tartma* — سۇنى
كۆرمىگۈچە ئۆتۈك سالما. بۇ ماقال ئىشتا ئالدىرىماسلىققا
ئۈندەپ ئېيتىلىدۇ.

جَرْتِي qərtti قويۇۋەتتى؛ سۇندۇرۇۋەتتى. اُلْ جَرْتِي نانكْني
*ol qərtti nəŋni* — ئۇ نەرسىنى قويۇۋەتتى. اُلْ يَرْماقْ
اُوجِنْ جَرْتِي *ol yarmak uqïn qərtti* — ئۇ يارماق-
نىڭ ئۇچى (چېتى)نى سۇندۇرۇۋەتتى. ھەرقانداق نەر-
سىنىڭ ئۇچىنى سۇندۇرۇۋەتسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ
(جَرْتارْ - جَرْتْماكْ *qərtər - qərtmək*).

سُرْتِي sürtti سۈرتتى، سۈركىدى. اُلْ اَتْماكا ياغْ سُرْتِي
*ol ətməkkə yaƣ sürtti* — ئۇ نانغا ياغ سۈرتتى.
اُلْ يَرْماقِغْ تاشْقا سُرْتِي *ol yarmakïƣ taxka* —
*sürtti* ئۇ يارماقنى تاشقا سۈركىدى. باشقىلاردىمۇ
شۇنداق (سُرْتارْ - سُرْتْماكْ *sürtər - sürtmək*).

كَرْتِي kərtti كەرتتى، بەلگە سالدى. اُلْ يِغاجْ كَرْتِي *ol* —
*yïƣaq kərtti* ئۇ ياغاچ كەرتتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق.
اُلْ قُلْنْ بُيْنِي كَرْتِي *ol kulïn boyni*① *kərtti* —

① يازما نۇسخىدا بۇ سۆز «بُيْنِي» شەكلىدە يېزىلغان. «بُيْنِن»
«*boynïn*» بولۇشى كېرەك ئىدى. بىز ئەسلىنى ساقلىدۇق.

ئۇ قۇلىنىڭ بويىنىنى كەرتتى، يەنى ئۇ قۇلىنىڭ بويىنغا بەلگە سالدى. بۇ قۇلنى خورلاشنى كۆرسىتىدۇ (كَرْتارْ-كَرْتْماكْ kərtar - kərtmək).

بۇ باپنىڭ بۇيرۇق شەكلى ئۈچ هەرپلىكتۇر. مەسە-لەن: «اَرْتْ ərt — ئوت»، «كَرْتْ kərt — كەرت، بەلگە سال» دىگەنگە ئوخشاش. بۇ پېئىللار ئەسلىدە ئۈچ هەرپ-لىك بولۇپ، تەلەپپۇز قىلغاندا ئىككى هەرپلىك بولىدۇ. پېئىللارنىڭ هەممە تۈرلىنىشلىرى يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان قائىدە بويىچە بولىدۇ.

## بۇ باپتىكى تۆت هەرپلىكلەر

ابُرْتُمْ epürttüm هوپلەتتىم، ئىچكۈزدۈم. مَنْ اَنكَرْ سُوفْ ابُرْتُمْ mən aŋar suf epürttüm — مەن ئۇنىڭغا سۇ هوپلەتتىم، ئىچكۈزدۈم. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (ابُرْتُرْمَنْ-ابُرْتْماكْ epürtürmən - epürtmək).

آسُرْتِي əsürtti مەست قىلدى. سُجِكْ اَنِي آسُرْتِي süqik ani əsürtti — شاراپ ئۇنى مەست قىلدى (آسُرْتُرْ-آسُرْتْماكْ əsürtür - əsürtmək).

اِسِرْتِي isirtti چىشلەتتى. اُلْ اَنكَرْ اَتْماكْ اِسِرْتِي ol —

‥‥ aŋar ətmək isirtti ئۇ ئۇنىڭغا نان چىشلەتتى، باشقا
هەرقانداق بىر نەرسە چىشلەتسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ
(اسرتور - اسرتماق isirtur - isirtmak).

اكرتي əgirtti ئېگىرتتى. اُل كنكا يب اكرتي ol küngə yip əgirtti — ئۇ چۆرىسىگە يىپ ئېگىرتتى. بىر قورغاننى ئېلىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئەتراپىنى قورشاشقا بۇيرۇسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (اكرتور - اكرتماك əgirtür - əgirtmək).

آلرتي alartti ئالايتتى. اُل آنكار كوزن آلرتي ol aŋar kөzin alartti — ئۇ ئۇنىڭغا كۆزىنى ئالايتتى (آلرتر - آلرتماق alartur - alartmak).

الرتي ilərtti ئىلدۇردى. اُل انك كوزينكا بير نانك الرتي ol aniŋ kөziŋə bir naŋ ilərtti — ئۇ ئۇنىڭ كۆزىگە بىر نەرسىنى ئىلدۇردى، يەنى ئۇ ئۇنىڭ كۆزىگە بىر نەرسىنىڭ قارىسىنى ئىلدۇردى (الرتر - الرتماك ilərtür - ilərtmək).

آمرتي amurtti باستى، تىنچلاندۇردى. اُل بك اُبكاسن آمرتي ol bəg өpkəsin amurtti — ئۇ بەگنىڭ ئۆپكىسىنى باستى. تاينىڭ تۇسۇللۇقىنى، قازاننىڭ قاينىـ

...ەغسىنى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارنى تىنچىتسىمۇ شۇنداق
دېيىلىدۇ. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

تُسُن مُنُب سَكِرتسُن
اَسِزلِكِن اَمُرتسُن
اِتقا كَيِك قَيترتسُن
يُتمِش① ساني اُمنَليم

*tosun münüp səkirtsün*
*əsizlikin amurtsun*
*ītka kəyik kaytartsun*
*tutmix sanī umnalīm*

[تۇسۇن مىنىپ سەكرەتسۇن،
ئاساۋلىقنى تىنچىتسۇن؛
ئىتقا ئوۋنى قايتارتسۇن،
تۇتۇلدى دەپ ئۇمۇنايلى.]

بىر يىگىت تەرىپلىنىپ شۇنداق دېيىلىدۇ: ئۇ تۇسۇن تايغا مىنىپ ئۇنى سەكرەتسۇن، ئۇنىڭ ئاساۋلىقىد-

① يازما نۇسخىدا بۇ سوزنىڭ بىرىنچى ھەرپى ھەم «ت» ھەم «ي» شەكلىدە يېزىلغان. بىز بۇ سوزنىڭ مەنىسىگە ئاساسەن، ترانسكرىپسىيىدە «*tutmix*» دەپ ئالدۇق.

نى بېسىپ ئۇنىڭ ئۈستىدە ئوۋ قىلسۇن؛ ئىتتىڭ ئوۋنى بىز تەرەپكە قايتۇرۇشقا سالسۇن، شۇ چاغدا بىز، ئوۋ قولغا كەلدى، دەپ ئۇنىڭ گوشىنى يېيىشتىن ئۇمىتلىنەيلى.

**جبرتى** qubartti بولدى، تالدى. اغرى ارك جبرتى oqri ərig qubartti — ئوغرى ئادەمنى بولدى، يەنى ئوغرى ئادەمنىڭ مېلىنى بولاپ، ئۇنى يالىڭاچلاپ قويدى (جبرتر - جبرتماق *qubartur - qubartmak*).

بۇ سوز بەزىدە «جبرتوسيدى *qubartusidi* — بولدى، يالىڭاچلىدى» شەكلىدىمۇ قوللىنىلىدۇ.

**جبرتى** qibirtti چوۋقلىدى، چوۋق بىلەن ئۇردى. ال اغلن جبرتى *ol oqlin qibirtti* — ئۇ ئوغلىنى چەۋقلىدى (جبرتور - جبرتماق *qibirtur - qibirtmak*).

**قبرتى** kopurtti قوپۇردى، قوپقۇزدى. ال ارك ارندن قبرتى *ol ərig ornindin kopurtti* — ئۇ ئادەمنى ئورنىدىن قوپۇردى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (قبرتور - قبرتماق *kopurtur - kopurtmak*).

**قبرتى** kapartti قاپارتتى؛ كۆپتۈردى. اتلك اذاقغ قبرتى *ətük azakiq kapartti* — ئۆتۈك ئاياقنى قاپارتتى.

بۇ ئىششىقتىن ھاسىل بولغان قاپارتقۇدۇر (قَبَرْتُورْ - قَبَرْتماق kapartur - kapartmak). اُلْ سُوزُكْ قَبَرْتي ol sozüg kapartti — ئۇ سوزنى كوپتۇردى، سوزنى كوپتۇرۇپ مۇبالىغىلەشتۈرىدىغان ئادەمگە «قَبَرْتغان kapartoqan» دىيىلىدۇ.

**كُبْرَتّي** kəpürtti كوپۈكلەتتى. اُوتْ اَشِجْني كُبْرَتّي — ot əxiqni kəpürtti ئوت قازاننى كوپۈكلەتتى. بىر نەرسە ئىغىز، سۇ ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلاردا كوپۈك پەيدا قىلد-سىمۇ شۇنداق دىيىلىدۇ (كُبْرتُورْ - كُبْرتْماكْ kəpürtür - kəpürtmək).

**قَتَرْتّي** katartti قايتۇرتتى، قايتۇرغۇزدى. اَتِغْ قَتَرْتّي — atïq katartti ئاتنى قايتۇرتتى (قَتِرْتُرْ - قَتِرْتماق katïrtur - katïrtmak).

**قَجُرْتّي** kaqurtti قاچۇرتتى، قاچۇرغۇزدى. اُلْ اَني قَجُرْتّي — ol anï kaqurtti ئۇ ئۇنى قاچۇرتتى (قَجُرْتُرْ - قَجُرْتماق kaqurtur - kaqurtmak).

**قَذِرْتّي** każirtti قايرىتتى، قايرىغۇزدى. اُلْ اَنِكْ بُيْنِنْ قَذِرْتّي — ol aniŋ boynïn każirtti ئۇ ئۇنىڭ بويىنىنى قايرىتتى (قَذِرْتُرْ - قَذِرْتماق każirtur - każirtmak).

قَرَرْتِي karartti قارايتتى. اُلْ آنِكْ تُونِنْ قَرَرْتِي — ol
aniŋ tonin karartti ئۇ ئۇنىڭ تونىنى قارايتتى.
باشقىلاردىمۇ شۇنداق (قَرَرْتُرْ - قَرَرْتْماق - karartur
(karartmak.

قِزَرْتِي kizartti قىزارتتى. اُلْ قِزَرْتِي نانْكْنِي ol kizartti —
nəŋni ئۇ ئەرسىنى قىزارتتى (قِزَرْتُرْ - قِزَرْتْماق - kizartur
(kizartmak.

سَڤُرْتِي savurtti سورۇتتى. اُلْ آنْكَرْ تَرِغْ سَڤُرْتِي ol aŋar —
savurtti tariq ئۇ ئۇنىڭغا بۇغداي سورۇتتى. باشقىـ
لاردىمۇ شۇنداق (سَڤُرْتُرْ - سَڤُرْتْماق - savurtur
(savurtmak.

سَكِرْتِي səkirtti سەكرەتتى. اُلْ آتْ سَكِرْتِي ol at —
səkirtti ئۇ ئات سەكرەتتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق
(سَكِرْتُرْ - سَكِرْتْماكْ səkirtür - səkirtmək).

كَجُرْتِي kəqürtti كەچتۇردى ~ كەچكۈزدى. اُلْ آنْكَرْ
سُوفْ كَجُرْتِي ol aŋar suf kəqürtti — ئۇ ئۇنىڭغا
سۇ كەچتۇردى. ئۇزىدىن باشقا بىرىگە بىر ئىشنى
كەچۈرگۈزسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (كَجُرْتُرْ - كَجُرْتْماكْ
(kəqürtür - kəqürtmək.

بۇ باپنىڭ بۇيرۇق شەكلى ئۈت ھەرپلىكتۇر. مەسىلەن: «سَكِرْتْ sәkirt — سەكرەت» دىگەنگە ئوخ- شاش. لېكىن ئۇ تەلەپپۇز قىلىنغاندا ئۈچ ھەرپلىككە ئوخشايدۇ.

پېئىللاردىن ياسالغان سۆپەت، سۆپەتداش، ئورۇن-جاي، ۋاقىت-چاغ ئىسىملىرى ۋە قورال-جابدۇق ئىسىملىرى يۇقۇرىدىكى باپلاردا بايان قىلىن- غان قائىدىلەرگە ئاساسەن ياسىلىدۇ. بۇلاردا قائىدە ئومۇمى بولۇپ، ئەكسىچە بولمايدۇ.

## بۇ باپتىكى مىساللار

**يَلْتْقا** yaltoqa زاڭلىق، مەسخىرە. اُلْ آنِي يَلْتْقا قِلْدِي *ol* — *ani yaltoqa kildi* ئۇ ئۇنى زاڭلىق قىلدى.

**يَلْدُرِقْ** yaldruk① يالتىراق. يَلْدُرِقْ نَانْكْ *yaldruk naŋ* — يالتىراق نەرسە، يەنى داس ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش پاقىرايدىغان نەرسە. ياسانچۇق خوتۇنلارغا «يَلْدُرِقْ اِشْلَارْ *yaldruk ixlar*» دىيىلىدۇ. بۇ ئىككى سۆزدىكى

---

① يازما نۇسخىدا بۇ سۆزدىكى «ر» ھەرپى ئىككى يەردە ئوخشاشلا ھەم زەممىلىك، ھەم كەسرىلىك يېزىلغان. بىز زەممە بويىچە ترانسكرىپسىيە بەردۇق.

«ى - يا» زەمىنە بىلەنمۇ كېلىدۇ.

**يَرِيماقْ** yartmak① يارماق، تەڭگە. ئۇيغۇرچە.

## بۇ باپتىكى مۇزائەف

**يَرْسْغاغْ** yarsoqaq تاغ ۋە باشقا جايلاردىكى تېپىلغاق يەر.

## بۇ باپتىكى باشقا بىر تۈر

**يُلْدُرْغا** yoldruqa قىلىچقا ئوخشايدىغان، ئېگىز ئۆسىدىغان ئو- سۈملۈك. بەزىدە بۇ سۆزدىكى «د - *d*» ھەرپى ھەرىكىلىنىپ «يُلْدُرْغا *yolduroqa*»مۇ دېيىلىدۇ.

**يَرْسْكُو** yərsgü: آيا يَرْسْكُو *aya yərsgü* — شەپەرەڭ. چېكىلچە. بەزىلەر بۇنى «يَرِسا *yərisa*» دەيدۇ.

---

① بازما نۇسخىدا بۇ سۆز ئاۋال «يَرْتماق» شەكلىدە يېزىلىپ، كېيىن «ت - *t*» ھەرپىنىڭ چېكىتى قىرىپ تاشلىنىپ «ى - يا»غا ئۆزگەرتىلگەن. بۇ يەردىكى ۋەزن بۇ سۆزنىڭ «يَرْتماق *yartmak*» بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭا بىز بېسىم ئاتالاينىڭ بۇ ھەقتىكى ئىزاھىنى توغرا تېپىپ، ترانسكرىپسىيەدە «*yartmak*» دەپ ئالدۇق.

# ئاخىرى ھەرپى ئىللەتلىك سۆزلەر

يۇرِنجغا yorinqoqa بىدە.

يلِنْجغا yilinqoqa لاۋزا. يلِنجغا آش yilinqoqa ax —
يېغى، تۇزى، تەمى بولمىغان لاۋزا ئاش.

يۇمرتْغا yumurtoqa تۇخۇم. توخۇ ۋە باشقا قۇشلارنىڭ
تۇخۇمى. ئىنسان ۋە ھايۋانلارنىڭ تاشقىسىمۇ «يۇمرتْغا
*yumurtoqa*» دېيىلىدۇ.

يِمرتْغا yimirtoqa يۇمران. يِمرتْغا ياش *yimirtoqa yax* —
يۇمران ئۆتياش، يەنى پالەك، سەيچېچەك قاتارلىق ھەر-
قانداق تومۇرسىز ئۆتياش. تەرخەمەككە ئوخشاش ھەرقانداق
چۈرۈك نەرسىگىمۇ «يۇمرتْغا[1] *yumirtoqa*» دېيىلىدۇ.

## بۇ باپتىكى پېئىللار

ياذْتِي yazti ياپدى. اُلْ ياذْتِي نانكْنِي *ol yazti nəŋni* —

[1] يازما نۇسخىدا بۇ سۆزنىڭ بىرىنچى ھەرپى بولغان «ى-يا»
باشتا كەسرىلىك، ئاياقتا زەممىلىك يېزىلغان. بۇ بەلكىم

ئۇ ئەرسىنى پايدى، دەستۇرخانغا قان يايغانغا ئوخشاش (يَذارْ - يَذْماقْ yażar - yażmak).

يُوذْتي yożti سۇرتتى، ئەرتتى؛ ئوچۇردى. اُلْ تُبْراقْ يُوزِنْدِنْ يُوذْتِي ol toprak yüzindin yożti — ئۇ يۈزىدىن تۇپراقنى سۇرتتى. اُلْ بِتِكْ يُوذْتِي ol bitik yożti — ئۇ پۈتۈك (خەت) ئوچۇردى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (يُوذارْ - يُوذْماقْ yożar - yożmak).

يُوذْتي yüżti يۈتتى، يۈدىدى. اُلْ يُكْ يُوذْتِي ol yük yüżti — ئۇ يۈك يۈدىدى (يُوذارْ - يُوذْماكْ yüżər - yüżmək).

يَيذْتي yəżti چىگىتتى. اُلْ يَتْكاكْ يَيذْتِي ol yətgək yəżti — ئۇ بوغچىنى چىگىتتى، بەلى مالنىڭ بېغىنى ياكى بوغچىنى چىگىتتى (يِيذارْ - يِيذْماكْ yəżər - yəżmək).

## بۇ باپتىكى ئۈچ ھەرپلىكلەر

يُرْتي yortti يورتتى. اَتْلِغْ يُرْتِي atlïq yortti — ئاتلىق

---

ئىككى خىل ئوقۇلۇشى مۇمكىنلىكىدىن بولسا كېرەك. بىز ترانسكرىپسىيەدىمۇ ئىككى خىل ئالدۇق.

(ئېتىنى) يورتتى (يُرتُور - يُرتماق *yortur - yortmak*).
بىر شۋىدە «يُرتار *yortar*»مۇ دېيىلىدۇ.

**يِرتّى** yirtti يىرتتى. اُل تونِن يِرتّي *ol tonin yirtti* — ئۇ تونىنى يىرتتى (يِرتار - يِرتماق *yirtar - yirtmak*).

**يَنجدى** yənqdi يەنچىدى ~ يانچىدى، چەيلىدى. اُل قاغونُغ يَنجدي *ol kaqunuq yənqdi* — ئۇ قوغۇننى يەنچىدى، يەنى قوغۇننى يەرگە ئۇرۇپ، ئايىغى بىلەن چەيلىدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق. ھەرقانداق نەرسىنى چايناپ، بىر - بىرىگە ئارىلاشتۇرۇۋەتسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (يَنجار - يَنجماك *yənqər - yənqmək*).

**يَلقدى** yalkdi يالقىدى ~ يېلىقدى، زېرىكتى. اُل ياغقا يَلقدي *ol yaqka yalkdi* — ئۇ ياغدىن يېلىقتى، يەنى ئۇنىڭغا ياغ ئېغىر كېلىپ، ئۇنىڭدىن زېرىكتى (يَلقار - يَلقماق *yalkar - yalkmak*). ماقالدا مۇنداق كەلگەن:
يَلقسا يَما ياغ اَذكو كُويسا يَما كُون اَذكو — *yalksa yəmə yaq əzgü køysə yəmə kün əzgü* يېلىقسىمۇ ياغ ياخشى، كۆيدۈرسىمۇ كۈن ياخشى. ئادەم ياغدىن ھەرقانچە زېرىكىپ كەتسىمۇ، قۇرغاق، تۇزلۇق تاماقتىن

ياخشى؛ قۇياش ھەرقانچە قىزدۇرسىمۇ، قاراڭغۇ تۇماندا تۇرغاندىن ياخشى.

**يُلْقْدى** yulkdi سويدى، سۇرۇۋەتتى. تاش آنىڭ آذاقىن يُلْقْدى *tax anıŋ azakın yulkdi* — تاش ئۇنىڭ ئايىغىنى سۇرۇۋەتتى. ھەرقانداق بىر نەرسە بىر نەرسىنى سۇرۇۋەتسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (يُلْقار - يُلْقْماق *yulkar - yulkmak*).

**يُلْقْدى** yulkdi يۇلۇۋالدى. اُلْ آنْدىن نانىڭ يُلْقْدى — *ol andin nəŋ yulkdi* ئۇ ئۇنىڭدىن نەرسە يۇلۇۋالدى. بۇنىڭ مەنىسى «ئۇ ئۇنىڭدىن پايدىلاندى، بىر نەرسىنى قولغا كەلتۈردى» دېمەكتۇر (يُلْقار - يُلْقْماق *yulkar - yulkmak*).

## بۇ باپتىكى تۆت ھەرپلىكلەر

**يَبُرْتّى** yapurtti يوپۇرتتى، يوپۇتۇپ سوز قىلدۇردى؛ تەكشىلەتتى، تۈزلەتتى. اُلْ سُوزُكْ يَبُرْتّى — *ol sozüg yapurtti* ئۇ سوز يوپۇرتتى. بىر ئىشنى يوشۇرغۇزسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ. اُلْ يِيرِكْ يَبُرْتّى — *ol yərig yapurtti* ئۇ يەرنى يوپۇرتتى، يەنى سورەم سىلىپ تەكشىلەتتى. ھەرقانداق چىچىلغان نەرسىلەرنى يىغسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (يَبُرْتُورْ - يَبُرْتْماق *yapurtur - yapurtmak*).

يَشَرْتِي yaxartti ياشارتتى. يَغْمُرْ اُوتُغْ يَشَرْتِي — *yaqmur otuq yaxartti* ياموغۇر ئوت - چۆپلەرنى ياشارتتى (يَشَرْتُرْ - يَشَرْتماق *yaxartur - yaxartmak*).

يُغُرْتِي yuqurtti يۇغۇرتتى، يۇغۇرتقۇزدى. اُلْ آنَكَرْ اُونْ يُغُرْتِي *ol aŋar un yuqurtti* — ئۇ ئۇنىڭغا ئۇن (خېمىر) يۇغۇرتتى (يُغُرْتُرْ - يُغُرْتماق *yuqurtur - yuqurtmak*).

يُكُرْتِي yügürtti يۈگۈرتتى، يۈگرەتتى. اُلْ اَنِي يُكُرْتِي *ol anï yügürtti* — ئۇ ئۇنى يۈگۈرتتى (يُكُرْتُرْ - يُكُرْتماك *yügürtür - yügürtmək*).

## بۇ باپنىكى باشقا بىر تۈر

يَلْدْرَدِي yaldradï يالتىرىدى. كُونْ يَلْدْرَدِي — *kün yaldradï* كۈن (قۇياش) يالتىرىدى. چاقماق، ئوت ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار سەل - پەل پارلىدىسمۇ «يَلْدْرَدِي *yaldradï*» دېيىلىدۇ (يَلْدْرِيرْ - يَلْدْرِيماق *yaldrïr - yaldrïmak*).

يُلْدْرَدِي yoldradï ۋالىلدىدى، يالت - يۇلت قىلدى. قِلِجْ يُلْدْرَدِي *kiliq yoldradï* — قىلىچ يالت - يۇلت قىلدى.

ھەرقانداق بىر گوھەر ياكى مەدەن ۋالىلدىسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ. «ى-يا» ھەرپى فەتھە بىلەن كەلسە يورۇقلۇق مەنىسىنى، زەممە بىلەن كەلسە گوھەر ۋە مەدەنلەرنىڭ ۋالىلدىغانلىق مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ (يىلدىرىر - يىلدىرىماق .(*yoldrïr - yoldrïmak*

## بۇ باپتىكى مەنقۇسلار

**ئىنچ** inq خاتىرجەم، تىچ. بۇنىڭدىن ئېلىنىپ، «كۆڭۈل ئىنچمۇ — كوڭۈل خاتىرجەممۇ؟» *kəŋül inqmu* دېيىلىدۇ. ئىنچ كەند — ئىنچ كەنت. *inq kənd* قارا يۈركەنجىلىك-لەر ياشىغان شەھەرنىڭ نامى، ئۇ تەگىرىنىڭ لەنىتىگە ئۇچرىغان. بۇ شەھەر كېيىن خاراپ بولغان.

**كانچ** kənq بالا. ھەرقانداق ھايۋاننىڭ كىچىكىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ.

**كانچلىيۇ** kənqliyü بايراملاردا ياكى خانلارنىڭ زىياپەتلىرىدە بۇلاڭ-تالاڭ قىلىش ئۈچۈن، ئوتتۇز گەز ئېگىزلىكتە مۇنار شەكلىدە راسلانغان دەستۇرخان.

## بۇ باپتىكى تۇت ھەرپلىكلەر

قافغر kafoqar قافقار، زەپرەك يىپەك رەخت.

بارْلِغْ barlïq بارلىق، قولىدا بار، باي. بارْلِغْ آرْ *barlïq ər* — بارلىق ئادەم، قولىدا بار ئادەم.

اُوزْلُكْ ɵzlük ئۆزلۈك، خۇسۇسى، ئۆزىگە خاس ئات. ئادەمنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان ھەرقانداق ئەرسىسىگىمۇ مۇشۇ سۆز قوللىنىلىدۇ.

## بۇ باپتىكى پېئىللار

اِيذْتي īẓti ئەۋەتتى. اُلْ مَنكا آتْ اِيذْتي *ol maŋa at īẓti* — ئۇ ماڭا ئات ئەۋەتتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق. تَنْكْرِي يَلاوَجْ اِيذْتي *təŋri yalawaq īẓti* — تەڭرى ئەلچى ئەۋەتتى (اِيذُورْ ـ اِيذْماقْ *īẓur – īẓmak*).

بَيذْتي bəẓti ئاجىزلاشتى. اَنِكْ كُوزِي بَيذْتي *anïŋ kɵzi bəẓti* — ئۇنىڭ كۆزى ئاجىزلاشتى، خىرە كۆرىدىغان بولدى (بيذارْ ـ بيذْماكْ *bəẓər – bəẓmək*).

بُوذْتي bużti مۇزلىدى. آرْ تُمْلُغْقا بُوذْتي *ər tumluqka* —
*bużti* ئادەم سوغۇقتىن مۇزلىدى، يەنى سوغۇقتىن مۇزلاپ
تولدى (بُوذارْ ـ بُوذْماقْ *bużar - bużmak*).

تُوذْتي tożti تويدى. مَنِكْ قَرِنْ تُوذْتي *mənin karïn* —
*tożti* مېنىڭ قارنىم تويدى (تُوذارْ ـ تُوذْماقْ - *tożar*
*tożmak*). يەنە بىر شۇندە «تُوذُورْ *tożur*» دېيىلىدۇ.

تِيذْتي tïżti تىيدى، چەكلىدى. اُلْ آني آشْقا تِيذْتي *ol* —
*anï axka tïżtï* ئۇ ئۇنى ئاشتىن چەكلىدى. ھەر قانداق
چەكلىمە قويۇش ئۇچۇنمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (تِيذارْ ـ
تِيذْماقْ *tïżar - tïżmak*).

سُوذْتي sużti تۈكۈردى. آرْ سُوذْتي *ər sużti* — ئادەم
تۈكۈردى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (سُوذارْ ـ سُوذْماقْ - *sużar*
*sużmak*). ماقالىدا مۇنداق كەلگەن: كُوكْكا سُوذْسا
يُوزْكا تُشُورْ *kəkkə suzsa yüzgə tüxür* — كوككە
تۈكۈرسە يۈزگە چۈشەر. ئاسمانغا تۈكۈرسەڭ يۈزۈڭگە
چۈشەر. بۇ ماقال مەرتىۋىسى ئۆزىنىڭكىدىن چوڭ بولغان
ئادەملەر بىلەن دۈشمەنلەشكەن ئادەمگە نىسبەتەن
ئېيتىلىدۇ. چۈنكى دۈشمەنلىك ۋە ئۇنىڭ كەلتۈرىدىغان
جاپاسى خۇددى تۈكۈرۈك يۈزگە چۈشكەندەك ئۆزىگە قايتىدۇ.

سيذْتي sizti سيدى. آرْ سيذْتي ər sizti — ئادەم سىيدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (سيذار - سيذماك sizər - sizmək).

قاذْتي kazti: آرْ قاذْتي ər kazti — ئادەم شۇۋرغاندا ئولدى (قاذار - قاذْماق kazar - kazmak).

قوذْتي kozti قويدى، تاشلىدى. اُلْ ايشن قوذْتي ol ixin kozti — ئۇ ئىشنى قويدى. ھەرقانداق نەرسە تاشلانسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (قوذور - قوذْماق kozur - kozmak). شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

اُغلم سَنكا قُذُرمَن اَرْدَم اُكُتْ خُمارُو
بِلْكا اَرِكْ بُلُبْ سَنْ بَقِلْ اَنِنكْ تَبارُو

*oqlum saŋa kozurman ərdəm egüt humaru*
*bilgə ərig bulup sən bakkil aniŋ tabaru*

[ئوغلۇم ساڭا ئەدەپ - ئەخلاقنى مىراس قالدۇرىمەن،
سەن ئاقىل ئادەمنى تېپىپ، ئۇنىڭ تەرىپىگە باققىل،]

ئوغلۇم، ساڭا ئەدەپ - ئەخلاقنى مىراس قىلىپ قالدۇرىمەن: ئىلىملىك، ئەقىللىق ئادەملەرنى تېپىپ، ئۇلارغا يېقىنلاش، ئۇلاردىن پايدىلان.

**كاڏْتي** kəżti كەيدى~كىيدى. أَرْ تُونْ كاڏْتيِ ər ton — ئادەم تون كىيدى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق kəżti (كاڏارْ ـ كاڏْماكْ kəżər ـ kəżmək).

**كُوڏْتي** küzti كۈتتى. اُلْ مَنيِ كُوڏْتيِ ol məni küzti — ئۇ مېنى كۈتتى. اُلْ قُويْ كُوڏْتيِ ol koy küzti — ئۇ قوي باقتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (كُوڏارْ ـ كُوڏْماكْ küzər ـ küzmək). بۇ سوز (ئالدىنقىسى ئەمەس) ئوغۇزچە.

## توت ھەرپلىكلەر

**زانبي** zanbi قارا چېكەتكە. زانبي أَرْتْ zanbi art — زانبى ئارت. «قُجْنكارْ باشيِ koqŋar baxi — قوچقار بېشى» بىلەن «بَلاساغونْ balasaqun — بالاساغۇن» ئارىلىقىدىكى بىر داۋان.

**ساڤْجي** savqi ئەلچى. ئۇلۇغ تەڭرى ئەۋەتكەن ئەلچى، پەيغەمبەر. بۇ سوزنىڭ ئەسلى «خەۋەر، ماقال ۋە سوز» مەنىسىدىكى «ساڤ sav» سوزىدىن ئېلىنغان. پەيغەمبەر مۇشۇلارنى كىشىلەرگە يەتكۈزىدۇ.

ساۋچى savqi ئەلچى، قۇدىلار ئوتتۇرىسىدا خەت-خەۋەر
يەتكۈزىدىغان ئەلچى، ئوغۇزچە.

كارژو kərzü (تۆپەكتە ئېتىش ئۈچۈن تەييارلانغان لاي
قومۇلاق (ئىككى مەخرەج ئارىسىدىكى «ژ-z» بىلەن).

سالجى salqi ئاشپەز. بۇ سۆز ئەسلىدە شۇ مەندە بولسىمۇ،
كېيىنچە ئاشپەز پىچىقىغا «سالجى پىچاك *salqi piqək*»
دېيىلىدىغان بولغان.

جاۋلى qavli ياغاق ۋە شاپتۇل شاكاللىرى. ئوت قالاش ئۈچۈن
ئوتۇرۇق قىلىنىدۇ.

جوۋلى qovli① چويلا. ئوتماچ (چوپ) سوزۇلىدىغان چويلا.
ئۇ ھول چىۋىقلاردىن چومۇچ شەكلىدە توقۇلىدۇ.

كاۋلى kəvli كويلا، دەريا ئېغىزى. بۇ ئۈچ سۆز كەنچەكچىدۇر.

## بۇ باپتىكى باشقا بىر تۈر

ئاسۇرتغو asurtoqu چۈشكۈرتىدىغان. اسرتغو اُتْ *asurtqu ot* —

① يازما نۇسخىدا بۇ سۆزنىڭ بىرىنچى ھەرپى فەتھەلىك يېزىلغان.
بىز ئىككىنچى ھەرپىنىڭ «و-ۋاۋ» بىلەن كەلگىنىگە قاراپ،
ترانسكرىپسىيىدە بىرىنچى ھەرپنى زەممىلىك قىلىپ ئالدۇق.

چۈشكۈرتىدىغان ئوت.

**ئاغرتغو** aqartoqu بۇغداي يارمىسىدىن ياسالغان بوزىغا ئوخشاش ئىچىملىك.

**ئاسرتغق** asurtoquk ئەقىللىق، زىرەك. ئاسرتغق ئار *asurtoquk ər* — ئەقىللىق، زىرەك ئادەم.

**ئامرجكا** əmirqkə كومۇرچەك.

**قلدرغا** kalduroqa تاراقلايدىغان، شالدىرلايدىغان.

قلدرغا تون *kalduroqa ton* — تاراقلايدىغان تون. قەغەز ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش شالدىرلايدىغان، تاراقشىيدىغان نەرسىلەرگەمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ.

## بۇ باپتىكى پېئىللار

**ئارتلادى** artladi كاچاتلىدى، شاپىلاقلىدى؛ ئۇردى.

ئل ئانى ئارتلادى *ol ani artladi* — ئۇ ئۇنى كاچاتلىدى (ئارتلار - ئارتلاماق *artlar - artlamak*).

**ئرقلادى** irkladi پال سالدى، رەم باقتى. قام ئرقلادى *kam irkladi* — رەممال پال سالدى، رەممال رەم

باقتی (ارقلار - ارقلاماق *irklar - īrklamak*).

**ارگلادی** ərglədi دەسسدی. اڭ يىرك ارگلادی — *ol yərig ərglədi* ئۇ يەرلی دەسسدی. باشقىلاردىمۇ شۇنداق (اركلار - اركلاماك *ərglər - ərgləmək*). بۇ سوزنىڭ «آگلادی *əglədi*» شەكلىمۇ بار.

**اركلادی** ərklədi ئارقانلىدی، ئارقانداپ قويدی. اڭ اتىغ اركلادی — *ol atïq ərklədi* ئۇ ئاتنی ئارقانلىدی، يەنی ئاتنی ئۇزۇن ئارغامچا بىلەن (ئوتلىتىش ئۈچۈن) باغلاپ قويدی (اركلار- اركلاماك *ərklər - ərkləmək*).

**تربلادی** turpladï ئەندىزىلىدی. ار تربلادی ناڭنى — *ər turpladï nəŋni* ئادەم نەرسىنی ئەندىزىلىدی، يەنی ئادەم نەرسىنىڭ ئەندىزىسىنی، ئۆلگىسىنی ياسىدی (تربلار - تربلاماق *turplar - turplamak*).

**سرپلادی** sərplədi قوموُلاق سالدی، پال باقتی. اڭ ارنكاك بلا سرپلادی — *ol ərŋək bilə sərplədi* ئۇ بارمىغی بىلەن قومۇلاق سالدی (سرپلار - سرپلاماك *sərplər -*

sərpləmək)①.

كۈرپلادى kürplədi قاقلىدى، كاۋاپ قىلدى. ال قۇزى كۈرپلادى — ol kozi kürplədi — ئۇ قوزىنى قاقلىدى، يەنى يەردە بىر ئورەك كولاپ قوزىنى كاۋاپ قىلدى (كۈرپلار ـ كۈرپلاماك kürplər - kürpləmək)②.

سارتلادى sartladi سارت ھېساپلىدى، سودىگەر ھېساپلىدى. ال انى سارتلادى — ol ani sartladi — ئۇ ئۇنى سودىگەر ھېساپلىدى (سارتلار ـ سارتلاماق sartlar - sartlamak).

سىرتلادى sirtladi ئوردى، ياماشتى. يىپنى سىرتلادى yipni sirtladi — يىپنى ئاتنىڭ قۇيرۇغىغا ئوردى. ئادەم كىچىك بىر ۋادىدىن يۇقۇرىغا ياماشسىمۇ شۇنداق

---

① بۇ يەردىكى ھەرپ تەرتىۋى بويىچە بۇ پېئىلنىڭ ئۈچىنچى ھەرپى «ى - يا» ئەمەس، ساكىنلىق «ب - p» بولۇشى كېرەك. شۇنىڭدەك بۇ پېئىلنىڭ مەستىرى ئاۋال «ق - ķ» بىلەن يېزىلىپ، كېيىن «ك - k»گە ئۆزگەرتىلگەن. بىز بۇ پېئىلنىڭ ھەر ئۈچىلا شەكلىنى ترانسكرىپسىيىدە ئۈزەتتۇق.

② بۇ يەردىكى ھەرپ تەرتىۋى بويىچە بۇ پېئىلنىڭ ئۈچىنچى ھەرپى «ى - يا» ئەمەس، ساكىنلىق «ب - p» بولۇشى كېرەك. بىز بۇ پېئىلنىڭ ھەر ئۈچىلا شەكلىنى ترانسكرىپسىيىدە ئۈزەتتۇق.

دېيىلىدۇ (سىرتلار ـ سىرتلاماق sïrtlar ـ sïrtlamak)①.

قىرتلادى kartladi قىرتلىدى، قىرت ھېساپلىدى. ئول آرىك قىرتلادى ol ərig kartladi — ئۇ ئادەمنى قىرتلىدى، يەنى خۇيىنى قىرت ھېساپلىدى، بىرەر يارا، جاراھەتنى ساقايتىسمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (قىرتلار ـ قىرتلاماق kartlar ـ kartlamak)②.

---

① يازما نۇسخىدا بۇ پېئىلنىڭ بىرىنچى ھەرپى «س - s» ھەر ئۈچىلا شەكىلدە ئاۋال فەتھەلىك يېزىلغان بولسىمۇ، كەلگۈسى زامان شەكلى بىلەن مەستىرىدە بىر تىك سىزىق ئارقىلىق ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ كەسرە يېزىلغان. شۇنىڭدەك «ت - t» ھەرپىنىڭ ئاستىغا ئىككى چېكىت قويۇلۇپ «ى - y»غا ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنۇلغان. بىز بۇ پېئىلنى يازما نۇسخا 172 - بەت (ئۇيغۇرچە 1 - توم 446 - بەت) تىكى «تۆپە ۋە ئېدىر» مەنىسىدە كەلگەن «سىرت sïrt» سۆزىدىن ياسالغان دەپ ھېساپلاپ «sïrtlamak ،sïrtlar ،sïrtladi» دەپ ئالدۇق.

② يازما نۇسخىدا بۇ پېئىلدىكى «ق - k» ھەرپى ئۆتكەن زامان شەكلىدە ھەم فەتھەلىك، ھەم كەسرىلىك يېزىلىپ قالغان، كەلگۈسى زامانى بىلەن مەستىرىدە بولسا، فەتھەلىك يېزىلغان. بىز بۇ پېئىلنى يازما نۇسخا 172 — بەت (ئۇيغۇرچە 1 - توم 446 - بەت) تىكى «قىرت kart - يارا» سۆزىدىن ياسالغان دەپ ھېساپلاپ، ھەر ئۈچىلا شەكىلدە فەتھە بويىچە ترانسكرىپسىيە بەردۇق.

تُرْقلادي turkladi: اُلْ يِرْ تُرْقلادي *ol yər turkladi* — ئۇ يەرنىڭ بويىنى ۋە ئېنىنى ئۆلچىدى. ئاتنىڭ گەۋدىسىنى ۋە باشقا نەرسىلەرنى ئۆلچىسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (تُرْقلارْ - تُرْقلاماقْ *turklar - turklamak*).

بَرْكْلادي bərklədi ساقلىدى. اُلْ تَوارِنْ بَرْكْلادي *ol tawarin bərklədi* — ئۇ مېلىنى ساقلىدى. ئادەمنى ۋە باشقا نەرسىلەرنى سولىسا، مەرقانداق نەرسىنى ساقلىسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (بَرْكْلارْ - بَرْكْلاماكْ *bərklar - bərklamək*). بۇ سوزنىڭ ئەسلى «بَكْلادي *bəklədi*»دۇر. بۇ سوز «قورۇق سېلىنغان ۋە پۇختا ئېتىلگەن يەر» دېگەن مەنىدىكى «بَرْكْ يِيرْ *bərk yər*» دىن ئېلىنغان بولۇشى مۇمكىن.

تَرْكْلادي tərklədi ئالدىراتتى. اُلْ اِيشِغْ تَرْكْلادي *ol ixiq tərklədi* — ئۇ ئىشنى ئالدىراتتى (تَرْكْلارْ - تَرْكْلاماكْ *tərklər - tərklamək*).

تُرْكْلادي türklədi تۈرك ھېساپلىدى. اُلْ مَني تُرْكْلادي *ol məni türklədi* — ئۇ مېنى تۈرك ھېساپلىدى. بىر كىشىنى ئەجەم (ئەرەپلەردىن باشقا) ھېساپلىسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (تُرْكْلارْ - تُرْكْلاماكْ *türklar - türklamək*).

بۇ باپنىڭ بۇيرۇق شەكلى بەش ھەرپلىكتۇر. مەسىلەن: «بىركلا نانىڭنى *barkla nanni* — ئىرسىنى ساقلا» دېگەن جۈملىدىكى «بىركلا *barkla*» ۋە قومۇلاق سال مەنىسىدىكى «سىرپلا *sorpla*» دېگەنگە ئوخشاش. لېكىن بۇ سوزلەر تەلەپپۇزدا تۇت ھەرپلىكلەرگە ئوخشاپ كەتكەنلىكتىن، شۇلارنىڭ قاتارىدا بېرىلدى. چۈنكى بۇلاردىكى ئىككى ساكىنىنىڭ بىرى تەلەپپۇزدا ئېنىق ۋە ئوچۇق سېزىلمەيدۇ. شۇڭا شاگىرلار بۇنى بىر ھەرپ دەپ ھېساپلىسا بولىۋېرىدۇ. بۇنى يۇقۇرىدا بايان قىلىپ ئوتكەن ئىدىم. بۇلارنىڭ باشقا تۈرلىنىشلىرى يوقۇرىدىكى باپلاردا بايان قىلىنغان قائىدىلەرگە ئاسا-سەن بولىدۇ.

بۇ باپتىكى پېئىللار ئۈچ خىل بولىدۇ:

بىرىنچىسى: پېئىل سوزلەنگەن ئىرسە جۈملىسىدىن ھېساپلانغانلىق مەنىسىدە كېلىدۇ. مەسىلەن: «تۈركلادى *türkladi* — تۈرك ھېساپلىدى» دېگەنگە ئوخشاش.

ئىككىنچىسى: ئوتتۇرىسى ساكىنلىق بولغان ئىككى ھەرپلىك ئىسىملاردىن ياسالغان پېئىل بولىدۇ. مەسىلەن: «تەۋى قۇرتلادى *taway kurtladi* — توگىدىن قۇرۇت-لارنى ئېلىۋەتتى». باشقىلاردىمۇ شۇنداق.

ئۈچىنچىسى: يۇقۇرىدىكى مەنىلەردىن ھېچبىرى ئىپادىلەنمەي، پېئىل ئوز مەنىسىدە كېلىدۇ. مەسىلەن:

«اُلْ تَوارِنْ آلقْدي *ol tawarin alkdi* — ئۇ مېلىنى
تۈگەتتى» ۋە «آرْ يَلقْدي *ar yalkdi* — ئادەم يېلىقتى،
يەنى ئادەم مايلىق تاماقنى جىق يەپ، ئۆلگىدىن زېرىكتى»
دېگەنگە ئوخشاش.

## توت ھەرپلىكلەر

**تُلْدْرادي** tuldradi تارقالدى. تُوىْ تُلْدْرادي *toy* —
*tuldradi* توي تارقالدى، يەنى تويغا كەلگەن خەلق
تارقىلىپ كەتتى (تُلْدْرارْ - تُلْدْراماقْ *tuldrar* -
*tuldramak*).

**قَلْدِرادي** kaldradi تاراقلىدى، شالدىرلىدى. تُونْ قَلْدِرادي
*ton kaldradi* — تون شالدىرلىدى. باشقىلاردىمۇ
شۇنداق (قَلْدِرارْ - قَلْدِراماقْ *kaldrar* - *kaldramak*).

**چَلْدِرادي** qaldradi شاراقلىدى، شاراق - شۇرۇق قىلدى.
تاش چَلْدِرادي *tax qaldradi* — تاش شاراقلىدى.
باشقىلاردىمۇ شۇنداق. زەنجىر ۋە شۇلىنىڭغا ئوخشاش
نەرسىلەر يەرگە چۈشكەندە چىققان ئاۋازنىمۇ شۇنداق

دېيىلىدۇ (جَلْدِرازْ - جَلْدِراماق - qaldrar
.(qaldramak

**كُلْدُرادي** küldrədi گۈلدۈرلىدى. تاش قُدُغْ اِجْرا كُلْدُرادي — *tax kuzuq iqrə küldrədi* — تاش قۇدۇق ئىچىدە گۈلدۈرلىدى، يەنى تاش قۇدۇقتا گۈلدۈرلىدى ۋە ئۇنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى بىلدۈردى (كُلْدُرازْ - كُلْدُراماكْ *(küldrər - küldrəmək*)①.

## تەركىۋىدە «ج - q» بولغان غۇنىلىكلەر

**اُتُنْجْ** ətünq ئۆتنە، قەرز. مَنْ اَنكارْ يَرْماق اُتُنْجْ بيرْدِمْ — *mən aŋar yarmak ətünq bərdim* — مەن ئۇنىڭغا يارماق ئۆتنە بەردىم. ئوغۇزچە.

**اُتُنْجْ** utunq ئۆيات، نومۇس. اُتُنْجْ اِيشْ — *utunq ix* — ئۆيات ئىش. ئوغۇزچە.

---

① يازما نۇسخىدا بۇ ۋە بۇنىڭ ئالدىدىكى ئىككى پېئىلنىڭ ئۈچىنچى ھەرپى ھەر ئۈچىلا شەكلىدە ھەرىكىلىك يېزىلغان. بۇ يەردىكى ۋەزىننىڭ تەلىۋى بويىچە ھەر ئۈچىلا پېئىلنىڭ ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى ھەرپلىرى ساكىنلىق كېلىشى كېرەك ئىدى. شۇڭا بىز بۇ ئۈچ پېئىلنىڭ ئۈچىنچى ھەرپىنى ترانسكرىپسىيىدە ساكىنلىق ئالدۇق.

اُچنچ üqünq ئۈچىنچى — دەرىجە سان. بۇ بىر قائىدە، ئۇ مۇنداق بولىدۇ: ئوندىن تۆۋەن بولغان ساللاردا تەرتىپ جەھەتتە ئوزىدىن ئىلگىرىكى سانغا ئەگەشكەنلىك مەنىسى ئىپادىلەنمەكچى بولسا، ساننىڭ ئوزىگە «نج - *nq*» قوشۇلىدۇ: «تورتنج *tortünq* — توتىنچى»، «بېشنج *bəxinq* — بەشىنچى» دېگەنگە ئوخشاش. بۇ سوزلەرنىڭ ئەسلى «تورت *tort* — توت» ۋە «بېش *bəx* — بەش» تۆر، دېمەك، دەرىجە سان مەنىسىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، بۇ سوزلەرنىڭ ئاخىرىغا «نج - *nq*» قوشۇلغان.

ئونلۇق ساللاردىمۇ تەرتىپ سانى يۇقۇرىدىكى ئۇسۇلدا ياسىلىدۇ: «اونىنج *onunq* — ئونىنچى»، «يىگىرمنج *yigirminq* — يىگىرمىنچى» دېگەنگە ئوخشاش. چۈنكى يىگىرمىنچى ئون توققۇزنىڭ داۋامىدۇر. بۇ ئومۇمى بىر قائىدىدۇر.

آرنج əring ئېھتىمال، بولسا كېرەك، بولغاي. ال بردي آرنج

*ol bardi ərinq* — ئۇ باردى بولغاي.

اُرنج urunq پارا.

ارنج əring مولدۇق، پاياشاتلىق، راھەت - پاياشات تۇرمۇش كەچۈرۈش. بەزى شېۋىلەردە بۇ سوز ئىككى مەخرەج ئارىسىدىكى «ژ - *z*» بىلەن «ارنژ *ərinz*» دېيىلىدۇ.

آڤِنْچ avinq ئاۋۇنۇچ، كوڭۈلنىڭ بىر نەرسە بىلەن مەشغۇل بولۇپ ئوۋۇنىشى، ئارام تېپىشى.

اِكِنْچ ikinq ئىككىنچى. اِكِنچ نانْك *ikinq nəŋ* — ئىككىنچى نەرسە.

اُكُنْچ əkünq ئۆكۈنۈچ، پۇشايمان، ھەسرەت. اُلْ آنكرْ اُكُنچ قِلْدِي *ol aŋar əkünq kildi* — ئۇ ئۇنىڭغا ئۆكۈندى، پۇشايمان قىلدى.

اُكُنْچ əgünq ماختىنىش، مەدھىيە.

اِلَنْچ ilənq ئەگرى - توقاي، ئەگرى - بۈگرى. اِلَنْچ يُولْ *ilənq yol* — ئەگرى - توقاي يول، تۈز بولمىغان يول.

اِلَنْچ ilənq تاپا - تەنە. بۇزۇقلۇغى مەلۇم بولۇپ قالغان بىر ئىشتا يول كورسەتكەن كىشىنى ئەيىپلەش، تاپا تەنە قىلىش.

اُمُنْچ umunq ئۈمۈلۈش ~ ئۈمۈنۈش، ئۈمىت. اُمُنْچ تَنكْرِيكا *umunq təŋrigə* — ئۈمىت تەڭرىگە.

اِنَنْچ inanq ئىشەنچ، ئىشەنچلىك. «اِنَنْچ بَكْ *inanq bəg* — ئىشەنچلىك بەگ» دېگەن ئىبارە شۇنىڭدىن ئېلىنغان.

ئُنْج onunq ئونىنچى. ئُنْج يَرْماق onunq yarmak — ئونىنچى يارماق. باشقىلاردىمۇ شۇنداق.

## بۇ باپتىكى پېشل

يِنْجكالَنْدى yinqkələndi خوشامەت قىلدى؛ بويسۇندى؛ ھەرىسىگە ئالدى. اُل مَنكا يِنْجكالَنْدى ol maŋa — ئۇ ماڭا خوشامەت قىلدى. اُل قِيزِغ yinqkələndi يِنْجكالَنْدى ol kiziq yinqkələndi — ئۇ قىزنى ھەرىسىگە ئالدى. قُل تَنكْرِيكا يِنْجكالَنْدى kul təŋriga — بەندە تەڭرىگە بويسۇندى، يەنى بەندە yinqkələndi ئالەمنى ياراتقۇچى تەڭرىگە بويسۇنۇپ، دۇنيانى تەرك ئېتىپ، ئىبادەت قىلدى، روزا تۇتتى، نامار ئوقۇدى ۋە بويسۇندى (يِنْجكالَنُور - يِنْجكالَنْماك - yinqkələnür .(yinqkələnmək

ئىككى ساكىن بىر يەردە كېلىدىغان بولۇم تۈگىدى. بۇ سەككىز بولۇمنىڭ ئاخىرقىسىدۇر. ئالەمنى ياراتقۇچى ۋە تەربىيىلىگۈچى تەڭرىگە ئالقىشلار بولسۇن.

ھۈسەيىن ئوغلى مەھمۇت ئېيتىدۇكى: تۈركى تىللارنىڭ سۆزلۈكلىرىنى توپلاش، قائىدە ۋە ئاساسلىرىنى بايان قىلىش، پەرقلىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش، بولۇملەرگە بولۇشنى كىتابىمنىڭ بېشىدا شەرت قىلغان ئىدۇق. بۇ سۆزىمىز بەجا كەلدى، ئارزۇيىمىز ئەمەلگە ئاشتى. ئوشۇقچە، گورۇنسىز ۋە كېرەكسىز بولغانلىرىنى كىتابتىن چىقىرىپ تاشلىدىم. ئەمدى كىتاب ئۇزاق زامانلارغىچە كەڭ تارقالسۇن، ئەبەدى يادىكارلىق بولۇپ قالسۇن. كىتاۋىمىز مۇشۇ يەردە تاماملانسۇن.

تەڭرىگە ئەبەدى ئالقىشلار بولسۇن. تەڭرىنىڭ ئەلچىسىگە ۋە ئۇنىڭ ئۇرۇق - ئەۋلادلىرىغا تەڭرىنىڭ چەكسىز رەھمىتى تەگسۇن.

ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ پەقىر قۇلى ساۋالىق، ئاندىن دەمەشقلىق مۇھەممەت ئىبىن ئەبى بەكرى ئىبىن ئەبۇلفەتھ (تەڭرى ئۇنى كەچۈرسۇن) بۇ كىتابنى ئەسلى نۇسخىسىدىن كۆچۈرۈش ئىشىنى 664 - يىلى شەۋۋال ئېيىنىڭ 27 - كۈنى يەكشەنبە تاماملىدى.

مەھمۇت قەشقەرى ئوز قولى بىلەن يازغان نۇسخىنىڭ ئاخىرقى جۈملىسىنى بۇ يەردە ئوز پېتى كۆچۈرۈپ ئوتىمەن:

«كىتابنى 464 - يىلى جۇمادىيەلئەۋۋەلنىڭ باشلىرىدا يېزىشقا كىرىشكەن ئىدىم، توت قېتىم قايتا يېزىپ، تۈزىتىپ ۋە تەھرىرلەپ 466 - يىلى جۇمادىيەلئاخىرنىڭ 10 - كۈنى دۈشەنبە تۈگەتتىم».

لَاحَوْلَ وَلَاقُوَّةَ اِلَّا بِاللّٰهِ الْعَلِيِّ الْعَظِيمِ وَهُوَحَسْبُنَا وَنِعْمَ الْوَكِيلْ (پۈتۈن كۈچ - قۇۋۋەت ئۇلۇغ ۋە يۈكسەك تەڭرىگىلا خاس، تەڭرى بىزنىڭ ئىشەنچىمىز ۋە ئەڭ ياخشى ئىگىمىز).

**كىتاب تۈگىدى.**

# تۈركى تىللار دىۋانى (3)

مەھمۇت قەشقەرى

«تۈركى تىللار دىۋانى»نى نەشرگە تەييارلاش
گۇرۇپپىسى نەشرگە تەييارلىدى

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھەر ئازادلىق كوچا 306 №)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا تىزىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مىللىمېتىر، 1/32
باسما تاۋىقى: 19·25، قىستۇرما ۋارىقى: 6
1984 - يىل 1 - ئاي 1 - نەشرى
1984 - يىل 5 - ئاي 1 - بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: M17098·32
تىرازى: 1 — 10،000
باھاسى: 5.70 يۈەن

突厥语大词典（三）（维吾尔文）
麻赫穆德·喀什噶里 著
《突厥语大词典》译审小组译审

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市解放路306号）
新疆新华书店发行 新疆新华印刷厂排版
新疆新华印刷厂印刷
850×1168 毫米 32 开本 19.25 印张 6插页
1984年1月第1版 1984年5月第1次印刷
印数：1——10,000

统一书号：M17098·32 定价：5.70元

书号：M10098·32
定价：5.70元

ساڤجى savqi ئەلچى. قۇدىلار ئوتتۇرىسدا خەت-خەۋەر يەتكۈزىدىغان ئەلچى. ئوغۇزچە.

كارژو kərzü (تۆپەكتە ئېتىش ئۈچۈن تەييارلانغان) لاي قۇمۇلاق (ئىككى مەخرەج ئارىسىدىكى «ژ-z» بىلەن).

ساڵجى salqi ئاشپەز. بۇ سۆز ئەسلىدە شۇ مەنىدە بولسىمۇ، كېيىنچە ئاشپەز پىچىقىغا «ساڵجى پىچاك salqi piqək» دېيىلىدىغان بولغان.

جاڤلى qavli ياغاچ ۋە شاپتۇل شاكاللىرى. ئوت قالاش ئۈچۈن تۇتۇرۇق قىلىنىدۇ.

جَوڤلى qovli① چويلا. تۇتماچ (چوپ) سوزۇلىدىغان چويلا. ئۇ ھول چىۋىقلاردىن چومۇچ شەكلىدە توقۇلىدۇ.

كاڤلى kəvli كويلا، دەريا ئېغىزى. بۇ ئۈچ سۆز كەنچەكچىدۇر.

## بۇ باپتىكى باشقا بىر تۈر

آسرتغو asurtqu چۈشكۈرتىدىغان. اسرتغو اَت asurtqu ot —

① يازما نۇسخىدا بۇ سۆزنىڭ بىرىنچى ھەرپى فەتھەلىك يېزىلغان. بىز ئىككىنچى ھەرپىنىڭ «و-ۋاۋ» بىلەن كەلگىنىگە قاراپ، ترانسكرىپسىيىدە بىرىنچى ھەرپىنى زەممىلىك قىلىپ ئالدۇق.